BULAK



# بۇلاق

1

993








بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى
14-يىل نەشرى
ئومۇمىي 42-سان
1993

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن، قۇتلۇق قادىر.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەمتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مۇھەممەت رېھىم، مۇھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

## 1993 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

سەددى ئىسكەندەرىي ...... موللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا
مۇھەببەتنامە ...... موللا يۈنۈس (76)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىم ھاجى
نەزمىي ئوغۇزنامە ...... (98)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر
يۈسۈپ غەرىبى شېئىرلىرىدىن ...... (107)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەقىپ تۆمۈر

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

كامال خوجەندى شېئىرلىرىدىن ...... (117)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ...... (124)
...... ئىسمايىل تۆمۈرى

### مەشھۇر كلاسسىكلار

ئەل - مۇتەنەببى ...... قۇتلۇق قادىر (138)

غېرىپ - سەنەم (داستان) .............................. (139)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان
ھەركىم قىلسا يامانلىق، بولماس ئۆزىگە ئامانلىق (چۆچەك) .............. (183)
توپلاپ رەتلىگۈچى: توختاجى روزى
رىۋايەتلەر .............................. (193)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ
لەتىپىلەر .............................. (199)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
بېيىت - قوشاقلار .............................. (104)
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، مۇھەممەتتوختى ئەخمەت

* *

رەسسام: ئابلىمەت ئابلىز. تىتول مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
خەتتات: قەييۇم مۇتەللىپ. مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ليۇ پېيچىڭ.

مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: شائىرە ۋە مۇقامشۇناس ئامانىساخاننىڭ يەكەندىكى يېڭىدىن ياسالغان ھەيكىلى. (كۆرەش كۈسەن فوتوسى).

2 - بېتىدە: 1992 - يىلى 8 - ئايدا يەكەندە ئېچىلغان «12 مۇقام» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدىكى پائالىيەتلەردىن كۆرۈنۈشلەر: 1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، مائاۋىن رەئىسى قەييۇم باۋۇدۇن قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار ئامانىساخاننىڭ يېڭىدىن ياسالغان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلماقتا. 2) خەلق ئەلنەغمىچىلىرى «دولان» مۇقامىنى ئورۇنلىماقتا. 3) ئامانىساخاننىڭ ھەيكىلىنىڭ يوپۇقىنى ئېچىش ئالدىدىكى تەنتەنىلەردىن بىر كۆرۈنۈش. (ئامىنە ئابدۇرىشىت فوتوسى.)

3 - بېتىدە: 1) شائىر يۈسۈپ غەرىبى تاشپۈتۈكلىرىدىن: قومۇل خوتۇنتام ئەگىلەر غولىنىڭ شىمالىدىكى بىر تاشپۈتۈكتىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت. 2) «نەزمىي ئۇغۇزنامە» نىڭ مەتنىي نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

4 - بېتىدە: 1) ئامانىساخان قەبرىگاھى پۈتكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن رەئىس تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق يولداشلار لېنتا كەسمەكتە. 2) رەھبىرىي يولداشلار ئامانىساخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلماقتا. (ئامىنە ئابدۇرىشىت فوتوسى). 3) «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى شائىرە ئامانىساخان ھەيكىلى ئالدىدا. (نۇردۇن ئابدۇسەمەت فوتوسى).

# سەددى ئىسكەندەرىي *



موللا سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

**ئەردەشىرنىڭ ھېكايىتى. ئۇ كۈچلۈك دۈشمەنىنى قىلىچ بىلەن يوقىتىشقا ئاجىز كەلدى. لېكىن پەم - پاراسەت ۋە تىل قورالىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ مۈشكۈلاتنى ھەل قىلدى.**

پۈتكۈل شاھلار تائىپىسى ئىچىدە ئەردەشىر ناھايىتى ئەقىللىك ۋە دانىشمەن پادىشاھ ئىدى. ھەم سۆزمەن، ھەم شىجائەتلىك ئىدى. ئۇ پادىشاھ ئەردەۋان بىلەن دۈشمەنلىشىپ قالدى. ئىككى تەرەپ لەشكىرى جەڭ قىلىشقا تەييار بولدى. لېكىن ئەردەۋان قوشۇنى كۈچلۈك، ئەردەشىرنىڭ قوشۇنى بولسا ئاجىز ئىدى. ئەردەشىرنىڭ غەيرەت - شىجائىتى سەۋەبىدىن قوشۇنلىرى چېكىنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەردەۋان قوشۇنىنى يېڭىپ، ئالغا ئىلگىرىلەپمۇ كېتەلمىدى. ئەردەشىر كۆڭلىدە: «بىرەر سۇلھ يولىنى تېپىپ، خەلقىم ۋە يۇرتۇمنى بۇ ئۇرۇشنىڭ خانىۋەيرانچىلىقىدىن قۇتقۇزاي» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئەردەۋانغا كۆڭۈل قويۇپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەردەشىر قوشۇنىنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئەردەۋان ئەردەشىرنىڭ ئۆزرىخاھلىقىنى ۋە يارىشىش تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئەلقىسسە، ئەردەشىرنىڭ لەشكىرى ئىچىدە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئەردەشىرنىڭ ئوردىسى ۋە قوشۇنى ئىچىدىكى مەخپىي ئەھۋاللارنى ئەردەۋانغا يەتكۈزۈپ تۇراتتى، ئەردەشىرنىڭ قىلغان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ ھەممى-

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

سنى خەت ئارقىلىق ئەردەۋانغا توختاۋسىز هالدا يوللاپ تۇراتتى. كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق ئەردەشىرگە بىرقانچە قېتىم مەلۇمات بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەردەشىر ئۇنىڭغا چېقىلمىدى، هېچ نەرسىمۇ دېمىدى. ئەردەۋان قوشۇنى بىر كۈنلۈك يەرگىچە يېقىنلاپ كەلدى. لېكىن ئەردەشىر قىلچە پەرۋا قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ بىر مەسلىهەت كەلگەنىدى. ئۇ بارلىق دۆلەت كاتىپلىرىنى چاقىرىپ مەخپىي يىغىن ئاچتى. ئەردەشىر بارلىق ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە مۇنداق خىتاب قىلدى:

— سىلەر ئەردەۋاننىڭ شان-شەۋكىتى ۋە هەيۋەت-هەشەمىتىدىن ئانچە قورقۇپ كەتمەڭلار. قادىر تەڭرى ماڭا ناهايىتى كۆپ ئىلتىپات كۆرسىتىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشالمەن. بۇ ئەهۋالنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەي، ئەمما، هېچكىمگە ئېيتماڭلار. بۇ سىرنى مۇتلەق مەخپىي تۇتۇڭلار.

مەجلىس ئەهلىنىڭ هەممىسى بۇ ئىشنى هېچ كىشىگە ئاشكارىلىماسلىق هەققىدە ۋەدە بېرىشتى. ئەردەشىر سۆزىنى خۇشال هالدا داۋاملاشتۇردى:

— ماڭا ئەردەۋاننىڭ مەخسۇس پالۋانلىرى ۋە ئۇزدا ئەمەلدارلىرىدىن بىر نەچچىسى خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئۇلار خېتىدە: «بىزگە ئەردەۋاندىن ناهايىتى كۆپ زۇلۇم يەتتى. ئۇ بىزگە بەكمۇ ئۇۋال قىلدى. ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدۇق. بۇ ئەهۋالنى سىلەرمۇ ئاڭلىغانسىلەر. شۇڭا بىز بىرنەچچە پالۋان ۋە ساراي ئۇلۇغلىرى بىر بولۇپ بۇ خەتنى يازدۇق، مەقسىتىمىز شۇكى، تەڭرى خالىسا، ئەتە لەشكەرلەر يۈزمۇ يۈز بولۇپ سەپ تۈزگەندە، بىز بىر نەچچەيلەن ئەردەۋان قەيەردە بولسا شۇ يەردە بېشىنى كېسىپ جازاسىنى بېرىمىز. ئۇنىڭ بېشىنى ساڭا تەقدىم قىلىمىز» دەپ يېزىپتۇ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئەردەشىرنىڭ سىپاه ۋە بەگلىرى ناهايىتى خۇشال بولدى. ئەردەشىرنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بىردىنلا روهلۇق ۋە جەڭگىۋار بولۇپ كەتتى. ئەردەۋانغا خەت-خەۋەر يوللاپ تۇرىدىغان هېلىقى كىشى بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، يەنە خەت يېزىپ ئەردەۋانغا ئەۋەتتى. بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان ئەردەۋاننىڭ ئىچىگە ۋەهىمە چۈشتى. يا جەڭ قىلىشقا، ياكى ئۆزىگە قەست قىلماقچى بولغانلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا پېتىنالماي ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر ئۇنىڭ جاسارىتى سۇسلىشىپ، ئەردەشىر بىلەن سۈلهى تۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئەردەشىر ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتى بىلەن ئارزۇسىغا يەتتى.

**هېكمەت: ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «ياخشى تەدبىر ۋە مەسلىهەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى قايسى، خاتالىققا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبچۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە جاۋاب ئاڭلىغانلىقى.**

دانىشمەن ئىسكەندەر ئەرەستۇ هېكىمدىن مۇنداق سورىدى:

— ئىنسانلار يارىتىلىشتا ئوخشاش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ رايى

ياخشى تەرەپكە مايىل، يەنە بەزىسى تەرەپنىڭ
رايى خاتا تەرەپكە ئېغىپ تۇرىدۇ؟ يەنە
بەزى ئادەملەرنىڭ نىيىتى ياخشى تەرەپ-
كە مايىل بولۇپ، شۈبھىسىز پاك بولىسـ
ـمۇ، لېكىن بەزىدە خاتالىققا دۇچار بولۇپ
قالىدۇ، ئەسلىدە ھەق ئىش بولغان يەر-
دە خاتا ئىش بولماسلىقى، خاتا ئىش
بولغان يەردە ھەق ئىش بولماسلىقى كېـ
رەك ئىدىغۇ؟

— ئادەملەر يارىلىشتا ئوخشاش
بولىسىمۇ، لېكىن دانىشمەنلىك ۋە ئۆتكۈر-
لۈكتە ئوخشاش ئەمەس، — دېدى ئەرەستۇ
ھېكىم جاۋاب بېرىپ، — تەڭرىنىڭ سۈپەت-
لىرى ھەددى - ھېسابسىزدۇر. ئادەملەرنىڭ
ھەر بىرىدە بىرخىل سۈپەت نامايەندۇر.
ئادەملەردە بۇ سۈپەتلەر ئايرىم - ئايرىم
ھالەتتە ئىپادىلىنىدۇ. ئىككى سۈپەت بىر
سۈپەتكە قارىغاندا كۆپتۇر. شۇڭا بەندە-
لەرنىڭ بىرى ئەقىللىك، يەنە بىرى
ئەقىلسىز بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.
ئەقىللىك ئادەمنىڭ پەم - پاراسىتى كۆپ
ھاللاردا توغرا تەرەپكە مايىل بولىسىمۇ،

لېكىن بەزى ھاللاردا خاتا تەرەپكىمۇ
ئېغىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ ئەقىل -
پاراسىتى ھەمىشە بىرخىل ئەھۋالدا تۇر-
مايدۇ. ھەر دائىم باشقا - باشقا ھالەتلەر-
دە بولىدۇ. كىشىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى
ھەرقانچە مول بولىسىمۇ، لېكىن ئۇ غايىب
ئالەملەرنى بىلەلمەيدۇ. ئەتە يۈز بېرى-
دىغان ئىشنى بۈگۈن بىلىپ كېتەلمەيدۇ.
غايىب ئالەملەر ئەقىل - پاراسەتتىن يىراق
بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنى بىلىش ۋە پەملەش-
تە ئەقىل ئىگىلىرى ناداňلارغا قارىغاندا
ياخشىراقتۇر. بىراۋنىڭ ئەقىل - پاراسىتى
يېتەرلىك بولسا، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ياخ-
شى ئىشلار يۈزەگە چىقىدۇ. ئۇنداق
ئادەم تەڭرىنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ، يا-
مان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. كامالەت-
كە يەتكەن ئەقىل ئىگىلىرىنىڭمۇ خاتالى-
شىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ تەڭرى
تائالانىڭ كامالىتىگە دەلىلدۇر. چۈنكى
ھەقىقىي كامالەت ئىگىسى ۋە ئەبەدىي
خاتالاشمايدىغان پاراسەت ئىگىسى پەقەت
تەڭرىنىڭ ئۆزىدۇر.

خاقانىنىڭ ئىسكەندەر ئۈچۈن زىياپەتكە تەييارلىق كۆرگەنلىكى ۋە ئىسكەندەر-
نى چىن شەھىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلغانلىقى. ئۇ يەردىكى شاھانە بەزمە
ۋە ئادەتلەرنى سۈپەتلەپ، تەڭداشسىز تاشۇر ئۈستىسى بولغان قەلەمنىڭ
جاۋاھىرلارنى چاچقانلىقى، ئۇ نادىر تۆھپىلەرنىڭ خاسىيەتلىرىنى
تەرىپلەپ، يىتۈك تالانتىنىڭ گۆھەرلەرنى تۆككەنلىكى. ئۇ پىشكەش-
لەرنىڭ سان ۋە ھېسابىنى يېزىش ئۈچۈن، بۇ تونۇتۇز پەلەك
ۋاراقلىرىنىڭ قەلەمگە سەھىپە قىلىنغانلىقى، بۇ كۆڭۈلنى
شادلاندۇرغۇچى بەزمىنى شەرھلەش ئۈچۈن، سەككىز
جەننەت بېغىنىڭ ئەقىل كۆزىگە يۈزلەندۇرۇلگەنلىكى.

چىن رەسسامى بۇ نەپىس سەھىپىت
گە مۇنداق گۈزەل رەسىملەرنى سىزدى؛

ۋاقتىكى، خاقان ئاداۋەتنى مۇھەب-
بەتكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، چىن شەھە-

رىگە قايتىپ كەلدى، ئەلنىڭ كۆڭلىدىن غەم - غۇسسىنى چىقىرىۋېتىپ، شادلىق بەزمىسىگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئوردىسىغا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بارلىق دۆلەت ئەركانلىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى. ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئاندىن بۇ ۋەزىر - ۋۇزرا ۋە ئەمىر - ئۇمرالارغا مۇنداق سۆز باشلىدى:

— ئىسكەندەر بولسا پەلەكتەك ھەيۋەت - ھەشەمەتلىك پادىشاھتۇر. ئۇ يەر يۈزىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، جاھان پادىشاھلىرىنى ئۆزىگە قارام قىلدى. كۈچلۈكلەرنى باش ئەگدۈردى. پەلەكنىڭ بېشىغا سىرتماق سېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە بېقىندۇرغان كىشىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ سىرتمىقى ئىچىگە كىرگۈزدى، ئۇلارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇقەدەر ھەشەمەت بىلەن كۈچ - قۇدرەتكە ئىگە بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە بىزگە بۇنچىۋالا مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغانىدۇق. ئۇ كەلگەندىن كېيىن دۈشمەنلىشىشنى تاشلاپ، كۆڭلىنى پاك تۇتتى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مېنىڭ ھۆرمىتىمنى ساقلاپ، ماڭا ئۆزىنىڭ تەختى ئۈستىدىن ئورۇن بەردى. مېنى ئۆزىگە ئاتا بولۇشقا قوبۇل كۆرۈپ، ئۆزى ماڭا شەپقەتلىك ئوغۇل بولدى. شۇنى بىلەمسىزلەركىن، ئەگەر ئۇ جەڭ قىلغان بولسا، لەشكەرلىرىم بىلەن خەلقىمنى ھېسابسىز زىيان - زەخمەتلەرگە ئۇچراتقان بولاتتى. ئۇ مەرھەمەت يولىنى تۇتۇپ، ياخشىلىق ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قىلدى. بۇ يەرگە يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولدۇق. مەن ئۇنىڭ قىلغان بۇنداق كاتتا ئىلتىپاتلىرىدىن خىجىل بولماقتىمەن. ئۇ گەرچە مېنى ئاتا دېسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ خىزمەتكارىمەن. شۇڭا بىز ئۇنىڭغا ئوبدان خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. ھەممىڭلار بۇ ئىش ھەققىدە ئۆزۈڭلارنىڭ قانداق مەسلىھەتىڭلار بولسا بېرىڭلار.

خاقان بۇ سۆزلەرنى دېگەندىن كېيىن، يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى دۇئاغا قول ئاچتى. ئۇلار مۇنداق دېيىشتى:

— سېنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىڭگە ھەممىمىز لەشكەرلىرىمىز بىلەن بىردەك ئەمەل قىلىمىز. بارچىمىز سېنىڭ پەرمانىڭغا قاراشلىقمىز. بۇ كەلگەن مېھمان جاھان خەلقىنىڭ پادىشاھىدۇر. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىمىزنىڭ جانلىرى پىدا بولسۇن. ئۇنىڭغا ھەرقانچە ئىززەت - ئىكرام قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۆزۈڭ چىن مەملىكىتىدىكى لەشكەر ۋە سىپاھلارغا ھەر نېمە دېسەڭ سېنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ. بارچىمىز سېنىڭ پەرمانىڭنى غەنىيمەت بىلىپ ئىجرا قىلىمىز. ھەممىمىز تاپقان خەزىنە - دەپىنىلىرىمىزنى ساڭا ھەدىيە قىلىمىز. سېنىڭ بۇ ئىشىڭدىن ھېچ نەرسىمىزنى ئايىمايمىز. سەن ھىممىتىڭنى قانچە يۇقىرى قىلساڭ، بىزنىڭ ھىممىتىمىزمۇ شۇنچە يۇقىرى بولغۇسى. قاچانكى ئىككى پادىشاھ مېھىر - مۇھەببەت بىلەن بىر - بىرىگە قۇياش ھەم ئايدەك يېقىنلاشسا، بىزگە ئوخشاش زەررىچىلەرمۇ ئەلۋەتتە جىم ياتمايمىز. سەن ۋە بارلىق يەرلىك خانلار ئۆزلىرىنىڭ يۈزلىگەن خەزىنىلىرىنى سەرپ قىلساقمۇ، ئۇنى زىيادە خەرج قىلدى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ساڭا ئىسكەنە-

دەردەك كىشى مېھمان بولسا، ئۇنىڭ
ئۈچۈن يۈزلىگەن خەزىنە ۋە دەپىنىلەرمۇ
ئازلىق قىلىدۇ.
يىغىن ئەھلىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن
سۆيۈنگەن خاقان مۇنداق پەرمان قىلدى:
— ئىسكەندەرنىڭ شان - شەۋكىتىنى
كۆزدە تۇتۇپ، خەلقىمىز ئۇنىڭ لەشكەر-
لىرىگە بىر يىللىق زورۇر خىراجەتنى بەر-
سۇن. مەنمۇ ئىسكەندەرگە بىر يىللىق
خىراجەتنى ئۆز خەزىنەمدىن بېرەي دەن.
بۇ سۆزگە ھەممەيلەن جان - دىلىدىن
رازىلىق بىلدۈرۈشتى. پۈتكۈل يەرلىك خان-
لار، ۋەزىر، ئەمىرلەر، لەشكەر، سىپاھلار
ۋە ئاۋام پۇقرالار بىر - بىرىگە ماسلىشىپ،
ئۆز ئارا ياردەم قىلىشىپ، ھەممە تىرىش-
چانلىقلارنى ئىشقا سېلىپ، نەچچە كۈن
ئىچىدىلا بارلىق خىراجەتنى تەييار قىلىپ
بولدى. مال - دۇنيا ۋە خەزىنىلەر گويا
دەريادەك ئاقتى. شۇ قەدەر بىھېساب ۋە
بىباھا سوۋغات - پېشكەشلەرنى تەييار قىل-
دىكى، بۇنى كۆرۈپ دەۋراننىڭ، ياق
بەلكى ئاسماننىڭ كۆزلىرىمۇ ھەيران قال-
دى. بۇ سوۋغاتلار ئىچىدە مىڭ ئاتنى
تەييار قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يۈگۈ-
رۈشتە گوياكى بۇلۇتتەك ئىدى. كېيىك
ۋە قۇلانلارمۇ ئۇنىڭغا يېتىشەلمەيتتى.
بەلكى تاڭ شامىلىمۇ ئۇ ئاتلارنىڭ
چاڭ - توزانلىرىغا يېتىشەلمەيتتى. ئۇ
ئاتلارنىڭ سەكرەپ - چاپچىشلىرى گويا
چاقماقتەك ئىدى. بۇ ئاتلار ھەممىسى ئال-
تۇنغا چۆمۈلۈپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ
ئىگەر - توقۇملىرى، پۈتكۈل جابدۇقلىرىدىن
باشلاپ ھەتتا تاقىلىرىغىچە پۈتۈنلەي
ئالتۇندىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يوپۇقلىرىمۇ
پۈتۈنلەي ياقۇت ۋە مەرۋايىتلاردىن كۆز

قويۇپ توقۇلغان تەتىللا رەختلەردىن ئىدى.
يەنە مىڭ تۆگە تەييار قىلدى. ئۇلارنىڭ
ھەربىرى پىلدەك، ياق، بەلكى تاغدەك
بەستىلىك ئىدى. ئەمما پەرىشتىدەك مۇ-
لايىم ئىدى، ھېچ كىشىگە ئازار بەرمەيتتى.
ئۇلار يۈگۈرۈشتە بۇ پەلەكتەك تېز ۋە چەب-
دەس ئىدى. ھەربىر تۆگىنىڭ يوپۇقلىرى
جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن چىن
ماتالىرىدىن تەييار قىلىنغان، ئۇنىڭ
ئۈستىگە ئەۋرىشىمدىن پۆپۈكلەرنى باغلاپ،
ئۈنچە، ياقۇت، ھېقىق ۋە فىرۇزىلاردىن
مونچاق ئېسىلغانىدى. يەنە بۇ پىرقىراۋات-
قان پەلەكتەك چاققان ۋە تېز يۈرۈشلۈك
قېچىرلاردىن مىڭنى تاللاپ زىننەتلىدى.
ئۇلارنىڭ ئىگەر - توقۇملىرىمۇ ئالتۇندىن،
يوپۇقلىرى چىننىڭ ئېسىل ماتالىرىدىن
ئىدى. ئۇلار تەرتىپ بويىچە قاتار تىزىلىپ
تۇراتتى، ھەربىر ئات، تۆگە ۋە قېچىرغا
بىردىن كىشىنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى.
يەنە توققۇز مىڭ قۇر كىيىم تەييار قىلدى.
ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەت باھالىق ماتا-
لاردىن پۈتكەن بولۇپ، گۈزەللىكتە ھەر
بىرى گوياكى بىر گۈلشەندەك، بەلكى بىر
جەننەت گۈلزارىدەك ئىدى. قاشتېشىدىن
مىڭ تاۋاقچە بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەر
بىرى گۈزەللىك ۋە قىممەت باھالىقتا
تەڭداشسىز ئىدى. يەنە چىن مەملىكىتىنىڭ
چىنە - قاچىلىرىدىن مىڭ دانە تەييار
قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر تولۇن
ئايدەك گۈزەل ئىدى، يەنە مىڭ نەپەر
ئاي يۈزلۈك كېنىزەكنى تەييار قىلدى.
ئۇلارنىڭ ھەربىرى سۇمبۇل چاچلىق، گۈل
يۈزلۈك ئىدى، ئېغىزلىرى پىستىدەك،
كۆزلىرى نەرگىس گۈلىدەك، كىرپىكلىرى
خەنجەردەك ئىدى. ئۇلار ئېسىل لىباسلار

بىلەن قىممەت باھالىق جاۋاھىرلاردىن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ناز ـ كەرەشمىلەر بىلەن ئەلنىڭ كۆڭلىنى مەھلىيا قىلاتتى.

ئەمما، يۇقىرىقى پىشكەشلەر ۋە سوۋغا-سالاملار ئىچىدە ئىككى خىل ئاجايىپ تۆھپە بار ئىدىكى، ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىرى جەمشىد جامىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەينەك ئىدى. ئۇ پاكىزلىقتا گوياكى قۇياش ئەينىكىدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا «فەلەكى مىھرى ئايىن» (پەلەكنىڭ قۇياش ئەينىكى) دەپ ئات قويۇلغانىدى. لېكىن خەلق ئىچىدە «ئايىنەئى چىنى» (چىننىڭ ئەينىكى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئەينەكنىڭ بىر يۈزى ئايدەك، يەنە بىر يۈزى كۈندەك روشەن ئىدى. ھەرگىز قارايمايتتى ۋە كىرلەشمەيتتى. ھۆكۈمالار ئۇنى ياسىغاندا ئۇنىڭ ھەربىر يۈزىنى بىرخىل خاسىيەتكە ئىگە قىلىپ تۈزگەنىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى يۈزىنىڭ خاسىيىتى مۇنداق ئىدى: قاچانىكى پادىشاھ كىشىلەردىن سوراق ـ سوئال سورىغاندا ياكى ئىككى دەۋاگەر بىر ـ بىرىگە دەۋا قىلغاندا گۇۋاھچىغا ئېھتىياج چۈشمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئاشۇ ئەينەكنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ، ئەينەككە قاراتقۇزاتتى، ئاندىن پادىشاھ ئۇ ئەينەككە قارىسا، ئۇنىڭدا راست سۆزلىگەن كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنۈپ، يالغان سۆزلىگۈچىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. بۇ ئەينەكنىڭ ئىككىنچى يۈزىنىڭ خاسىيىتى مۇنداق ئىدى: پادىشاھ بەزمە تۈزۈپ، شاراب ئىچىشنى ئويۇشتۇرغاندا، بەزمە ئەھلى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇ ئەينەكنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە قارىسا، ئەدەب بىلەن تىنچ ئولتۇرۇپ شاراب ئىچكەنلەرنىڭ يۈزى ئەينەكتە ئىنتايىن چىرايلىق ۋە نۇرانە كۆرۈنەتتى. ئوسال مەست بولۇپ، ئەدەبسىزلىك ۋە بەتخۇيلۇق قىلغانلارنىڭ يۈزى ناھايىتى سەت ۋە بەتبەشىرە بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى بۇ خىل ھالەتتە كۆرگۈچىلەر ئۆزىنىڭ ئەيىپ ۋە بەشىرىسىنى، قىلىق ۋە ھەرىكەتلىرىنى توغرىلىۋالاتتى.

ئاجايىب تۆھپىنىڭ يەنە بىرى بىر گۈزەل كېنىزەك ئىدىكى، ئۇنىڭ زىبا ۋە چىرايلىقلىقى پۈتكۈل جاھانغا ئوت سېلىپ، جانلارنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ گۈزەلنىڭ سۈپەتلىرى مۇنۇ بېيىتلاردا سۆزلىنىدۇ. بېيىت:

يەنە لۇئبەتى بەل جەھان ئاپەتى،
جەھان ئاپەتى يوقكى، جان ئاپەتى.
خىتايى ھەسەب، بەلكى چىنى نەژاد،
جەمالىغە ھۇرۇ پەرى خانەزاد.
ئىكى پەندە ھۇسنىغە ھۇرۇ پەرى،
ۋە لېكىن قاچىپ ھەربىرى بىر سەرى.
خىتا مۈلكىدە زۇلفى غەۋغا سالىپ،
كۆزى چىندە ھەردەم ئەلالا سالىپ.
ئىكى چىنى زۇلفى نە مۇشكىن تەناپ،
ئاڭا چىن ئىچىدە سەبەب مۇشكى ناب.
قارا قاشى مۇشكىن ھىلالى كېبىپ،
ھىلال ئاندىن ئاشۇفتە ھالى كېبىپ،
ئانى چەرخ ئەيلەردە مۇشكىن ھىلال،
تامىپ نۇقتە ئىكىم، بولۇپ ئانى خال.
ئۇزارى ئۇزە ئىككى قىيغاچ كۆز،
ئۇلۇس قانىنى ئىچكەلى ئاچ كۆز.
كىم ئول ئاچىلىغ ئەيلەپ ئانى زەئىف،
ئۇزالىپ ياتىپ خەستەلەردەك نەھىف،
قۇياشدەك ئاڭا دەۋرى رۇخسار بولۇپ،
ئاغىز نۇقتەسىدىن نەمۇدار بولۇپ،

چۇ پەركار ئۇچى دەۋردىن ئەيلەپ كەشان،
پەددىد ئۇلغۇچە نۇقتە تاپماي نىشان.
زەنەخ تەۋقى لېكىن يانا نىم دەۋر،
كى ئاندىن بارى دەۋر ئەھلىغە جەۋر.
زەقەن چاھى ئول دەۋرنىڭ نۇقتەسى،
تۇشۇپ چاھ ئارا ئەھلى دەۋران بەسى.
قەدى ئىشۋە بىرلە خىرامەندە سەۋر،
خىرامەندە سەرۋى خىرامان تەزەرۋ.
چۇنان ئول تەزەرۋ ئاشكار ئەيلەبان،
بەسى بازۇ شاھىن شىكار ئەيلەبان.
باشىدىن ئاياغ ئىشۋەۋۇ خۇبلۇق،
ئاياقدىن باشى نازۇ مەھبۇبلۇق.
كېلىپ بارچەدىن تۇرفە بۇ ماجەرا،
كى ھەم بەزم ئارا چۇشتۇ ھەم رەزم ئارا.

ۋاقىتىكى، بەزمە ـ مەشرەپ تۈزۈلگەندە ئۇ كېنىزەكنىڭ ئاشىقلارنى ئۆرتىگۈچى مۇڭلۇق ناخشىلىرى جاھاننى كۆيدۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇش ناۋالىرى بىلەن خالايىقنى بىھوش قىلاتتى. مۇزىكىسى بىلەن ئەقىل ـ ئىدراكنى لال قىلاتتى. ئۇ ساز چېلىشقا باشلىسا، ناتىۋان ئاشىقلارنىڭ جان رىشتىلىرى ئۈزۈلۈشكە باشلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ناخشا ئاۋازى بىلەن، بەربەت ئاۋازىنى بىرلەشتۈرۈپ سايرىتىشقا باشلىغاندا، بۇ ئىككى ئاۋازنىڭ بىرى كىشىنىڭ جىسمىدىن جان ئالاتتى، يەنە بىرى جان بەخش ئېتەتتى. ئۇ كېنىزەك يەنە شۇ قەدەر قەھرىمان ئىدىكى، جەڭ مەيدانىغا كىرگىنىدە، مەيدانغا كىرگەن باھادىر پالۋانلارنىڭ جېنىغا قەست قىلىپ، ئۇنى ھەر تەرەپكە سۈرەتتى. ئۇنىڭ مەيداندا ئات چاپتۇرۇشلىرى زامان ئەھلىنىڭ جېنىنى ئېلىپ، جاڭگالغا تاشلايتتى. ئەگەر ئۇنىڭ دۈشمىنى يۇ پەلەكتە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بويىنغا پەم بىلەن سىرتماق سالاتتى. ئۇ قىلىچىنى ئۇيۇل تاشقا چاپسا، ئۇ تاش كېسىلىپ، ئۇ قىلىچنىڭ غىلىپىغا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقلىرى يۈزلىگەن دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتلارنىمۇ تېشىپ ئۆتەتتى. ھەتتا قاتتىق تاشنىمۇ تېشىپ ئۆتۈپ كېتەتتى. ئەگەر ئۇ نەيزىسىنى قولىغا ئالسا، زور ئەجدىھالارمۇ، خەۋپسىرەپ ئىزتىراپ بىلەن پۈكۈلۈپ قالاتتى.

ئەلقىسسە، خاقان بۇ تۆھپىلەرنى ئىسكەندەرگە ئۇچۇن تەييار قىلىپ، بىر ئاجايىپ ئالىي بەزمىگە تۇتۇش قىلدى. بەزمە ـ مەجلىس ئەسلىھەلىرىنى شۇ قەدەر ئەلا دەرىجىدە تەييار قىلدىكى، ئۇنى ئەقىل ـ ئىدراك قىياس قىلىپ بولالمايتتى. بۇ ئىشلار ئورۇندىلىپ بولغاندىن كېيىن، خاقان بىرنەچچە ئۇلۇغ ۋەزىرىنى چاقىرتىپ:

— سىلەر ئىسكەندەر ھوزۇرىغا بېرىپ، ئۇنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يەر ئۆپۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، خاقاننىڭ ئىلتىماسىنى بايان قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، دەرھال ئاتلىنىپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

خاقان ئۆز ئوردىسىدىن بىر ياغاچ مۇساپە يىراقلىقچە يوللارغا ۋە سەھرالارغىچىن ماتالىرىدىن پاياندار سالدى. ھەر ئون قەدەمدە بىر قىپتىمدىن ياقۇت ۋە جاۋاھىراتلارنى ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئەل ئارىسىغا چاچتى. يوللاردا تالاپلىنغان ئىپارلارنى تۆكتى. خالايىقنىڭ دىماغلىرى ئۇ ئىپارلاردىن خۇش پۇراقلارغا تولدى. ئۇ قاپقىلىرا ئىپار ـ ئەنبەرلەر ـ

دىن پەلەكنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ
كەتكەندەك بولدى. ئىسكەندەر ھەيۋەت-
ھەشەمەت بىلەن چىن شەھىرىگە كىردى.
بۇ قېرى پەلەكمۇ بۇ شەھەرنى كۆرۈپ
«لەم يەكۇن»① ئايىتىنى ئوقۇيتتى. بۇ شە-
ھەرنىڭ جەننەت كەبى باغ ۋە ھويلىلىرى
ئىسكەندەرنىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ
چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەيتتى. شەھەرنىڭ
بارلىق تام، ئىشىك، دەرۋازا ۋە ئۆي
تورۇسلىرىنى چىننىڭ رەسساملىك سايە-
لىرىنى يېيىپ بېزىگەن بولۇپ، بۇنداق گۈ-
زەل ۋە نازۇك رەسىملەر ۋە زىننەتلەرنى
كىشىنىڭ كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، ئەقلى
خىيال قىلىپ باقمىغانىدى. ئىسكەندەر
بۇلارنى كۆرۈپ، شادلانغان ھالدا خاقاننىڭ
دەرگاھىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دەرگاھتىن
ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ، ھەر تەرەپ-
تە ئۆزگىچە بىر ئالەمنى كۆرۈپ، تاماشا
قىلىپ ماڭدى. ئىسكەندەر مېڭىپ بىر جاي-
غا كەلگەندە ئالدىدا بۇ يېشىل پەلەكتەك
خۇش ھاۋالىق بىر باغ نامايان بولدى.
بۇ باغنىڭ ھەربىر تال گۈلى گوياكى
بىر يورۇق يۇلتۇزدەك پارلاپ تۇراتتى.
ئۇنىڭ تاملىرى ئۇستى - ئۇستىگە سەككىز
قات قىلىپ قوپۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە
دەل - دەرەخلەر سان - ساناقتىن زىيادە
ئىدى. دەرەخلەرنىڭ غولىغا ئالتۇندا ھەل
بېرىلگەن، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتىن
ئىدى. دەرەخ شاخلىرى تۆت تامدىن
ئېشىپ پەلەككە تاقاشقانىدى. ئۇنىڭ مې-
ۋىلىرى گۆھەر ۋە ياقۇتتەك پارلاپ
تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە سەۋسەن
ۋە ياسمەن گۈللىرى چىمەن - چىمەنلەرنى
ھاسىل قىلغانىدى. بىنەپشىلەر يەرلەرگە يېقى-
لىپ يېتىپ كەتكەن، ئۇنىڭ قېلىنلىقى شۇ
دەرىجىدە ئىدىكى، پۈتكۈل زېمىنغا يېشىل
چايشاپ سېلىنغاندەك ئىدى. باشقا خۇش
پۇراق گۈللەرنىڭ خىللىرى ۋە ھېسابىنى
ئېلىشقا سان ۋە ساناق يېتىشمەيتتى.
ھەممە ياق شادلىق بېغىشلىغۇچى خۇش
پۇراقلار بىلەن تولغانىدى. كۆكلەمزار ۋە
لالىزارلار كىشىگە خۇددى پۈتكۈل يەر
يۈزىگە گۈللۈك يېشىل گىلەملەر سېلىنغان
ۋە ئۇ گىلەملەرنىڭ ئۈستىگە چېچەكلەر-
دىن كۆمۈش تەڭگىلەر تۆكۈلگەندەك
تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ گۈلزارلىق باغ ئىچى-
دە بىر ئالىي ئىمارەت بار ئىدى. ئۇ
ئىمارەت يۈكسەكلىكى پەلەك قەسرىدىنمۇ
ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ راۋاقلىرىغا بۇلۇت
سايىسى چۈشمەيتتى، تاملىرى قار - يام-
غۇردىن نەم كۆرۈپ باقمىغان، گۈمبەزلى-
رىگە چاقماق شولىسى چۈشۈپ باقمىغانى-
دى، بۇ بىنانىڭ باغلىرى، تاملىرى،
راۋاقلىرىدىن باشلاپ ھەممە جايلىرى
ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن ۋە ئالتۇندىن
ھەل بېرىلگەنىدى. بىنانىڭ تېگىگە چىنى-
نىڭ چىنە خىشلىرى بىر - بىرىگە جىپى-
سلاشتۇرۇپ، گۈل چىقىرىپ تىزىلغانىدى،
بۇ چاقچۇق خىشلار بىنانىڭ تېگىدە ئاجا-
يىپ گۈزەل نەقىش سەھىپىسى ۋە ھاشى-
يەسىنى ھاسىل قىلغانىدى. بۇ خىشلار
بىلەن بېزەلگەن بىنانىڭ ئىچى خۇددى

① «لەم يەكۇن» — بۇ «يوق»، «بولمىغان» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ يەردە تەڭ-
دىشى يوق، بۇنىڭدەك گۈزەل شەھەردىن دۇنيادا ئىككىنچى بىرى يوق دېگەن مەنىدە كەلگەن. بۇ
سۆز يەنە قۇرئان ئايىتىگە ئىشارە قىلىپ ئېيتىلغان. «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986-
يىل نەشرى، 605-بەت 98-سۈرە، 1-ئايەتكە قاراڭ.

«چىن ئەيىنكى» دەك كىرسىز، پاك ئىدى.
بۇ بىنانىڭ ئىچىمۇ پۈتۈنلەي ئالتۇنىدىن
بېزەلگەن، ئىشىك ۋە پەنجىرىلىرى كۆ-
ھەردىن كۆز قويۇپ زىننەتلەنگەنىدى.
بۇ بىنانىڭ بارلىق تاملىرىغا ماھىر
رەسسام ۋە نەققاشلار سۈرەت ۋە نەقىش
سىزغان. بولۇپمۇ مانىي رەسسام بۇ رەسىم-
لەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزىنىڭ چەكسىز
تالانتىنى ئىشقا سېلىپ سىزىپ چىققانىدى.
شۇڭا بۇ يەر ئىسمى-جىسمىغا لايىق گۈ-
زەل ۋە نەپىس چىن سۈرەتخانىسىغا ئاي-
لانغان، ياق، بەلكى گۈزەللىكتە ۋە زى-
بالىقتا ئاجايىپ جەننەت قەسرىنىڭ ئۆزى-
گە ئايلانغانىدى. بۇ قەسىر ئىچىدە ئالىي
تەخت ياسالغان بولۇپ، خاقان ئىسكەن-
دەرنى ئاشۇ تەختكە تەكلىپ قىلدى.
ئىسكەندەرمۇ ئۇ تەخت ئۈستىدە خاقان
بىلەن بىللە خۇددي ئاتا بىلەن ئوغۇل-
دەك ئولتۇردى. شادلىق بەزمىسى باشلان-
دى. خاقان ھەممەيلەننى ئۆز ئورۇنلىرى-
دا ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلدى. تاجدارلار
ئورۇن ئېلىپ بولغاندىن كېيىن ۋەزىر-
ئەمىرلەر ۋە سىپاھلار ئورۇن ئېلىشتى.
ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە دانىشمەنلەر شاھ-
لارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتى. ئەفلاتۇن،
ئەرەستۇ، فەرفۇرىنۇس قاتارلىق ئۈچ
ئالىم خاقان بىلەن ئىسكەندەرنىڭ
يېنىغا ئورۇنلاشتى.

خاقان بۇ جەننەت كەبى قەسىرنىنى
ئەنە شۇنداق قۇسۇرسىز ياساپ، كەم-
كۈتىسىز ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، شاراب-
لارنى، نازۇ نېمەتلەرنى ئېلىپ كېلىشنى
بۇيرۇدى. ئۇلار چىن قەدەھلىرى بىلەن
بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلماقچى
بولۇشتى. ئاردىن دەرھال بىر شوخ چىنى
گۈزىلى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدەھ-
نى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە
ھۆرلەرمۇ قىزغىنىپ قارىشاتتى. ئۇ ياقۇت
سۈيىدەك قىپقىزىل شارابنى ئالدى بى-
لەن ئۆزى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە
بىر قەدەھ قۇيۇپ، ئۇنى ئىسكەندەرگە
كەۋسەر سۈيىنى تۇتقاندەك ئۇزاتتى.
ئىسكەندەر ئۇنى خاقان بىلەن تەكلىپ
قىلىشىپ ئىچىشتى. شادلىق قەدەھلىرى
ئۈچ-تۆت نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن،
ئەلنىڭ كۆڭلىگە ئۆزگىچە بىر ئەھۋال
يۈزلەندى. شاراب دوستلارنىڭ نېرۋىلى-
رىنى قىزىتتى. ئاردىن ئەدەب-ھايا
كۆتۈرۈلۈپ، ھەممىسى بىپەرۋا بولۇپ
كەتتى. سازەندىلەر ناخشا-مۇزىكىلىرىنى
سازلاپ، نەغمە-ناۋاغا چۈشتى. ئاي
يۈزلۈك ساقىيلار مەجلىس ئارىلاپ يۈرۈپ،
ئۆزىنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىدىن ئىپار
ھىدلىرىنى تارىتىپ قەدەھ تۇتاتتى. بۇ-
لارنى كۆرگەن ھوشيار ئادەملەر ھەرخىل
پاراڭلارنى قىلاتتى. مەستلەر بولسا،
ھاي-ھۇي دېيىشىپ، سۈرەن سالاتتى.
ئىككى بۈيۈك پادىشاھ بىر-بىرىگە ئىل-
تىجا بىلەن سۆزلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ
كۆڭلىنى ئالماقتا ئىدى. بىرى يەنە بىرى-
نىڭ ئېغىزىغا قۇلىقىنى يېقىپ سۆز ئاڭلىسا،
يەنە بىرى بىرىنىڭ ئايىغىنى تاۋاب
قىلاتتى. بۇ بىرى چىن مەملىكىتىنى
ئۇنىڭغا سوۋغات قىلسا، ئۇ بىرى پۈتكۈل يەر
يۈزىنى بۇنىڭغا ھەدىيە قىلاتتى. ئىككى
پادىشاھنىڭ بۇنداق ئىجىل ۋە يېقىن
سۆھبىتىنى مۇشۇ دەمگىچە ھېچكىم
كۆرۈپ باقمىغانىدى. خالايىقلار مەي
ئىچىپ، كەيپى كۆتۈرۈلۈپ، ھەربىرى
خىتا خانىدەك بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ

هەربىرىنىڭ ئالدىغا پەلەك داستىخىنىدەك
داستىخانلار يېيىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە
تاۋاق - تاۋاقلاردا قەنت - گېزەكلەر تى-
زىلدى. ھەممەيلەن بۇ تاتلىق - تۈرۈم-
لاردىن يەپ قانغاندىن كېيىن، ھەممەي-
لەن تائام يېيىشكە مايىل بولۇشتى.
قەنت - گېزەكلەر ئېلىۋېتىلىپ، ئاش
تارتىلدى. پۈتكۈل يەر يۈزى بۇ نازۇ
نېمەتلەرگە داستىخان بولدى. يۈز رەڭ،
يۈز قىسما تائاملار ئۈستى - ئۈستىلەپ
تىزىلدى. توققۇز مىڭ ئات ئۈچىسى
پۈتۈن پېتىچە پىشۇرۇپ ئېلىپ چىقىل-
دى. پۈتۈن پېتى پىشۇرۇلغان قوي ئۈچ-
سىنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق بولۇپ، يۈز-
مىڭدىنمۇ زىيادە ئىدى. شۇنىڭغا لايىق
ئۇششاق ئاشلارمۇ شۇ قەدەر كۆپ تارتىل-
دىكى، بۇ پەلەك يەر يۈزىدە مۇنداق
ئىشنى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. بۇ
قەدەر نۇرغۇن تائاملاردىن پۈتكۈل خا-
لايىق قانغۇدەك بەھرىمەن بولدى. ئان-
دىن چىن خاقانى تەختتىن چۈشۈپ،
ئېھتىرام بىلەن ئۆرە تۇردى. ئىسكەندەر-
مۇ تەختتىن چۈشۈپ، خاقان بىلەن
ئۆزرىخاھلىق ئېيتىشىپ تۇرغىنىدا، دۆ-
لەت ئۇلۇغلىرى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا
تۆھپە ۋە پىشكەشلەرنى ئېلىپ كىرىشكە
باشلىدى. ئۇلار بۇ سوۋغا - سالاملارنى
بايان قىلىشقا باشلىدى، خاقان
يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، پادىشاھ
ئىسكەندەرمۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، يۈ-
قىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆھپىلەر
توققۇز - توققۇزدىن قىلىپ ئېلىپ كىرىل-
دى. ئىسكەندەر بۇ سوۋغاتلارنى كۆرۈپ خا-
قانغا ھەددى - ھېسابسىز ئاپىرىن، ھەشقال-
لا ئېيتتى. ھەممە تۆھپىلەر خىل - خىلى

بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. ئىسكەندەر بۇلار
ئىچىدىن ئىككى سوۋغاتنى ئىنتايىن ياق-
تۇرۇپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى بىز يۇقىرىدا
بايان قىلىپ ئۆتكەن خوتەن گۈزىلى مەھ-
رۇ ئىدى، يەنە بىرى چىن ئەينىكى
ئىدى. خاقان بىر قولىدا چىن گۈزىلىنى،
يەنە بىر قولىدا چىن ئەينىكىنى تۇتۇپ
ئۇنى ئىسكەندەرگە ھەدىيە قىلدى. سوۋ-
غاتلار تەقدىم قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن
خاقان ئىسكەندەر بىلەن قايتىدىن تەخت
ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، چىن ئەينى-
كىنىڭ خاسىيەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇزۇن
پاراڭلاشتى. ئىسكەندەر بۇ ئەينەكنى بىر
پەس كۆرۈپ، ناھايىتى زوقلاندى، كۆپ
خۇرسەن بولدى. ئاندىن ئۇنى ھېكمەت
ئەھلىگە كۆرسىتىپ، بۇ ھەقتە ناھايىتى
كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. ئۇنى قولىدىن
چۈشۈرمەي، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ كۆر-
دى. بۇ ئىش بىلەن بولۇپ، ئاي يۈزلۈك
گۈزەل مەھرۇنى يادىغا كەلتۈرمىدى.
ئىسكەندەر ھېكمەت ئەھلى بىلەن گاھ
بۇ ئەينەكنىڭ نەچچە تۈرلۈك خاسىيىتى
ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزسە، گاھى ئۇنىڭ
تىلسىمى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى.
ۋاقتىكى، كەچ كىرىپ، قۇياش ئەي-
نىكى ئالەم كۆزىدىن پىنھان بولدى، جا-
ھان خەلقى قاراڭغۇلۇققا دۇچار بولدى.
ئىسكەندەرمۇ مەي ئىچىشنى توختاتتى.
چۈنكى شاھلارنىڭ مەست بولۇپ قېلىشى
ئىنتايىن يامان ئەھۋالدۇر. ئىسكەندەر
ئەھۋالىنى پەملەپ، ئۆز ئوردىسىغا قاي-
تىش قارارىغا كەلدى، ئۇلار زىياپەتنى
ئاخىرلاشتۇرۇپ، قايتىشقا ئاتلاندى. خا-
قانمۇ ئىسكەندەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى
ئاتا ئۆز ئوغلىنى مۇھاپىزەت قىلغاندەك

قورۇقداپ، ئۆز لەشكەرلىرى جايلاشقان ئورۇنغا يەتكۈزۈپ قويىدى. ئاندىن تاۋازۇ بىلەن خوشلىشىپ، قايتىپ كەلمەكچى بولدى. ئەمما ئىسكەندەر خاقانغا تەھسىن ۋە تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە بىر سائەت سۆھبەت ئۇيۇشتۇردى. بۇ سۆھبەتتە كاتتا زىياپەت بېرىپ، خاقاننىڭ ئىلتىپاتىغا رەھمەت ـ ھەشقاللا ئېيتتى. تۆۋەندىكىلەر ئاشۇ زىياپەت بېغىنىڭ ساقىينامىسىدۇر. ساقىينامە:

كەتۇر، ساقى، ئول كۆزگۈنى رو بەروي،
كى كافۇر تەبئ ئولغايۇ مۇشك بۇي.
دىماغىمدە چىن مۇلكى سەۋداسىدۇر،
بۇ يەڭلىغ مەي ئانىڭ مۇداۋاسىدۇر.
مۇغەننىي، ئۇلۇغ يەر ھەۋاسىنى تۈز،
نەيۇ چەڭگۇ بەربەت نەۋاسىنى تۈز.
مېنى بىر نەۋا بىرلە خۇشھال قىل،
جەھان فىكرىدىن فارىغۇل بال قىل.
نەۋائى ئىچىپ مەي، ئىشتىكىل سۇرۇد،
كى بەس بىۋەفادۇر سىپېھرى كەبۇد.
كى خاقانغە گەر جۇز جەفا قىلمادى،
سىكەندەرغە داغى ۋەفا قىلمادى.

بۇ سىددىقە ھەم تۇت ئانىكدىن نەۋا،
بۇ ئالەم ئىشىدۇر ھەمە بىۋەفا.
جەھان شاھلارىغە ۋەفا قىلمادى،
سىكەندەرغە، خاقانغە ھەم قىلمادى.
كېتۇرگىل پەياپەيكى بىخۇد ئولاي،
كى بىخۇدلۇقدىن سىكەندەر بولاي.
مۇغەننىي، نەۋا چەك چۇ خاقانى چىن،
نە رۇمى قالۇر ھىندۇ ماچىنۇ چىن.

**زىياپەت بېغىنىڭ سەرۋىدەك ئازاد كىشىلىرى ھەققىدە. ئۇلار خىزمەت كەمەرىنى غۇنچىدەك چىڭ باغلاپ، گۈلدەك ئوچۇق يۈزلىرى بىلەن سېخىيلىق داستىخانلىرىنى دائىم ئېچىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېھمانلىرى ھەيلى قاغا بولسۇن ياكى پاختەك بولسۇن ۋە ياكى بۇلبۇل بولسۇن، ھەممىسى ئۆز ھالىغا يارىشا شادلىق ۋە ناۋا تاپالايدۇ. بۇ خىل كىشىلەر ئارتۇقچە توقلۇقتىن پاك ۋە زىيادە ئىشتىھادىن يىراقتۇر.**

نېمىدېگەن ياخشى كىشىلەر ـ ھە؟ ئۇلار ھەمىشە ساخاۋەتتىن باشقا ئىش قىلمايدۇ. ئالەمنىڭ يورۇق چېھرىنى پەرۋايىغا ئالمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى بۇ زاماننىڭ مېھمىنى دەپ بىلىدۇ. شۇنداقلا بارلىق زامان ئەھلىنى ئۆزىنىڭ مېھمىنى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆلبىسىگە ھەرقانداق ئىنسان مېھمان بولۇپ كەلسە، جان ۋە دىلى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىپ، قورسىقىنى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنىڭ روزىسىنى سۇندۇرمايدۇ. بەلكى تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدەك ساخاۋەت داستىخانلىرىنى ئېچىپ، مېھماننىڭ ئالدىدا ئايدەك نانلارنى سۇندۇرىدۇ. ئۇلارغا مېھمانسىز يېگەن ھەرقانچە لەززەتلىك تائاملارمۇ زەھەردەك بىلىنىدۇ. مېھمان بىلەن يېگەن قۇرۇق نان جەننەت نېمىتىدىن زىيادىرەك كۆرۈنىدۇ.

ئۇلار مېھماننى كۆرگەن هامان ئىنتايىن
خۇش مۇئامىلە ۋە ئوچۇق چىراي بىلەن
مەرھەمەت ۋە ياخشىلىق ئادەتلىرىنى
بەجا كەلتۈرىدۇ. قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ،
گۈلدەك داستىخانلارنى يايىدۇ. مېھمان
داستىخانغا قول سۇنسا، جان ـ دىلى بى-
لەن مىننەتدار بولۇپ تۇرىدۇ، تاكى
مېھماننى تويغۇزمىغۇچە ئۆزىنى تويغۇزۇش-
نى ئويلىمايدۇ. مېھمان قول ئۇزارتمىغىچە
ئۆزى قول سالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مېھمىنى
پادىشاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن،
ھەممىسىگە ئۆزىنىڭ هالىغا يارىشا مېھمان-
دارچىلىق قائىدىسىنى ئادا قىلىدۇ. پادى-
شاھقا شېرىن تائاملارنى قويۇپ، گاداي
كەلسە قۇرۇق نان قويىدىغان ئىشنى
قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ بىرى پادىشاھ، ئۇ
بىرى گاداي بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىك-
كىلىسى تەڭرىنىڭ بەندىسىدۇر. تەڭرى
ئالدىدا ئىككىلىسى باراۋەردۇر. ئۇلۇغ
كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قارىماققا پاراكەندە
هالەتتە كۆرۈنىدۇ. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى-
مۇ ئارتۇقچە بېزەپ كەتمەيدۇ. ئۇلار
كۆڭۈل مەملىكىتىنىڭ پادىشاھلىرىدۇر.
يوشۇرۇن سىرلاردىن خەۋەرداردۇر. ئۇلار-
نىڭ ھىممىتى ئالدىدا بۇ يۈكسەك ئاسمان-
مۇ پەستۇر. ئۇنداق كىشىلەر سېزىلىسە
شاھلارمۇ ئۇلارنىڭ ئايىغىغا باش قويىدۇ.
تەڭرى ئۇلارنى شۇ قەدەر ئەزىز قىلغان
تۇرسا، پاراكەندە ئەھۋالىغا قاراپلا
خار كۆرۈشكە بولامدۇ؟ ئاقىل كىشىلەر
ئەگەر مېھماندوست بولىدىغان بولسا، ئۇ-
لارنى ھەرگىز پەس كۆرمەيدۇ. كىشىلەر-
نىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى پىنھاندۇر. ئۇلارنىڭ
قانداق كىشى ئىكەنلىكى كۆزدىن يىراق،
ئەقىلمۇ بۇنى بىلىشكە ئاجىزدۇر. ساخاۋەت
ئىگىلىرى ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ھەر
تەرەپكە كەڭ ئېچىپ، ھەممىنى تەڭ ـ بارا-
ۋەر كۆرۈشى كېرەك. قۇياشتەك ھەممە
كىشىگە ئوخشاش چىراي ئېچىشى، نۇرلى-
رىنى جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە تەڭ ۋە
بىر تەكشى چېچىشى لازىم. قۇياش مەيلى
ئالتۇن قەسىر بولسۇن ياكى ۋەيرانە خا-
رابە بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاشلا نۇر
چاچىدۇ.

ھەممەيلەنگە ئايانكى، مېھماندارچى-
لىقتا نەچچە خىل ئىللەت بار، ئۇلاردىن
بىرى شۇكى، ئەگەر بىرەر باي ۋە ئىم-
تىيازلىق كىشى سېنىڭ ئۆيۈڭگە مېھمان
بولۇپ كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئۇلارغا
ھەددىدىن زىيادە ئىسراپچىلىق قىلىسەن.
مېھماندارچىلىق بىلەن ئۆزۈڭنى كۆرسى-
تىش ۋە نام ـ شۆھرەت قازىنىشنى كۆزلەپ
بىر مېھمانغا ئون قويىنى ئۆلتۈرۈپ،
قەنت ـ گېزەك ۋە نازۇ نېمەتلەر بىلەن
قوشۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا تىزىسەن. ئۇ كىشى
بۇلارنى بەرىبىر يەپ بولالمايدۇ. سەن
بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ يالغۇز كىشىگە
يېدۈرمەكچى بولۇپ، سۆزۈڭ، كۆزۈڭ ۋە
قوللىرىڭ بىلەن ھەدەپ تەكلىپ قىلى-
سەن، زورلايسەن. تاماقنىڭ تەرىپلىرىنى
قىلىپ، ئالدىغا قويىۋېرىسەن. ئىنساپ بى-
لەن ئويلاپ باق، بۇنداق قىلىشىڭ قانداق
بولغىنى. بۇنچىۋالا كۆپ يېمەكلىك بى-
لەن داستىخان ھازىرلايدىغانغا سېنىڭ
ئۆيۈڭ شەيخ لوقماننىڭ مازىرى ئەمەس،
سەنمۇ ئۇ مازارنىڭ شەيخى ئەمەسقۇ. نېمە
ئۈچۈن تەڭرىنىڭ بەرگەن نېمىتىنى ئورۇن-
سىز ئىسراپ قىلىپ، ساراڭلاردەك بۇزۇپ

چاچىسەن؟! گەرچە تەڭرى: «كۇلۇ ۋە ئەشرەبۇ» (يەڭلار، ئىچىڭلار)① دېگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنە: «ۋەلا تەسرىفۇ» (ئىسراپ قىلماڭلار)② دەپ ئاگاھلاندۇرغان ئەمەسمۇ. ئۇ مېھمانغا يالۋۇرۇپ زەھەر يېگۈزدىغانغا، ئۇ ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان. سېنىڭ ئۇ مېھمانغا يېگۈزگەن ھەربىر لوقما تامىقىڭ ئۇنىڭغا بىر لوقما زەھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇنداق زەھەردىن ئۇ مېھمان ھېچقاچان ياخشىلىق كۆرمەيدۇ. بۇنداق زىياپەت بىر خىل شۇملۇق، بەلكى ئىنتايىن زور ئاپەتتۇر. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق مېھماندارچىلىقنى تولىمۇ يامان كۆرىدۇ. يەنە بىر ئىللەت شۇكى، ئۆيۈڭگە قاچانكى بىرەر ئاجىز ۋە زەئىپ مېھمان كەلسە، ئۇنىڭغا بىر لوقما تاماق بېرىشنىمۇ راۋا كۆرمەيسەن. ئۇ مۇساپىر ئاچلىقى ۋە ئىشتىھاسى ئۇنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا مېھماندارچىلىق يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرۈشكە رايىڭ بارمايدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىرەر ۋاخ تاماق بىلەن خۇش قىلىشنى خالىمايسەن. ھەتتا سېنىڭ بېخىللىقىڭ شۇ قەدەر چەكسىزكى، كەلگەن مۇساپىرنى قۇپقۇرۇق ياندۇرۇشتىنمۇ ئار - نومۇس قىلمايسەن. سېنىڭ بۇنداق بېخىللىقىڭ ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچقاندىنمۇ يامانراق قەبىھلىكتۇر.

مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىسى شۇكى، كەلگەن مېھمان مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، شاھ بولسۇن ياكى گاداي بولسۇن ھەممىسىگە بىرخىل خۇش مۇئامىلە قىلىش، ئىللىق چىراي بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلىش كېرەك. ئاندىن ئۇلارنى مېھمان قىلغاندا بەك ئىسراپخورلۇقمۇ قىلماسلىق. مېھمانغا بەك قاتتىق قىلماسلىقمۇ كېرەك. مېھمانغا لايىق كەلگۈدەك ھەرقانداق نېمەڭ بولسا ئۇنى ئۆز ھالىڭغا يارىشا سەرپ قىلغىن. تاپقىنىڭنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئوچۇق چىراي بىلەن كەلتۈرگىن. لېكىن مېھماندىن ھېچ نەرسە تەمە قىلمىغىن. ئىللىق، ئوچۇق چىرايىڭ بىلەن مېھماننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلغىن. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلەرنى ئېيتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەكرەمۇز - زەيفە ۋەئىن كانە كافىرەن» (سىلەرگە مېھمان بولغۇچى كىشى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت - ئىكرام قىلىڭلار) دېگەن. ھەممە مېھمانغا ئوتتۇرىچە ھالەتتە داستىخان سېلىنغىنى ئەلادۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «خەيرۇل ئۇمۇرى ئەۋسە تۇھا» (ھەرقانداق ئىشنىڭ ئوتتۇراھال بولغىنى ياخشى) دېگەن. مېھماندارچىلىقنى مۇشۇ قائىدە بويىچە تۇزسە ئۇنىڭدەك كىشىگە ئاپىرىن ئېيتسا بولىدۇ. بۇنداق كىشى ئالەمدە كەم تېپىلىدۇ. ئەگەر تېپىلغان تەقدىردە، ئۇنى جاھاننىڭ دانىشمىنى، تەڭرىنىڭ يېقىن بەندىسى دېيىشكە بولىدۇ.

①② «قۇرئان كەرىم» مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى، 155 - بەت 7 - سۈرە ئەئراف، 31 - ئايەتكە قاراڭ.

**بەھرام گورنىڭ ھېكايىتى. بەھرامنىڭ چېدىرىدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەردىن ئۈچ ئادەمنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كىرگەنلىكى. ئۇۋي ئىگىلىرىدىن بىرى ئىسراپخور، يەنە بىرى پىخسىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى تاپا - تەنە ۋە يامان كۆنگە قالغانلىقى، يەنە بىرەيلەن ئۆز ھالىغا يارىشا نورمال مېھماندارچىلىق قىلغانلىقتىن بەھرام گورنىڭ ئادالىتىدىن قارۇندەك باي بولغانلىقى.**

نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، پادىشاھ بەھرام گور بىر كۈنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىقتى. ئۇ بىر قۇلۇننى قوغلايمەن دەپ ئۆز لەشكەرلىرىدىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئۇ قوغلا - قوغلا ئاخىر بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرقانچە چېدىر ئۆيلۈك كىشى بار ئىدى. ئۇ چېدىرلارنىڭ قېشىدا بىر دەرەخ بار ئىدى، بەھرام گور ئاشۇ دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئاندىن چېدىر ئىگىلىرىدىن ئۈچ كىشىنى تېپىپ:

— مەن ھازىر سىلەرنىڭ مەھەللىگە مېھمانمەن. مەزە بولسا ئاچتىقىپ، مېنى مېھمان قىلىڭلار. مەن سىلەرنىڭ ياردىمىڭلار بىلەن قورسىقىمنى ئازراق توقلىۋالاي، — دېدى.

ئۇ چېدىر ئىگىلىرىدىن بىرى ھەددىدىن ئارتۇق بېخىل ۋە ھىممىتى پەس كىشى ئىدى. شۇڭا شاھنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئىلتىماسىغا قىلاچە پىسەنت قىلمىدى. يەنە بىرى ھەددىدىن زىيادە ئىسراپخور ۋە بۇزۇپ - چاچىدىغان كىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ كىشى شاھ بەھرامنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە قويىنى ئۆلتۈرۈپ كاتتا زىياپەتكە تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئېسىل، تائاملىرى تەييار بولۇپ بولغۇچە، ئاچلىق ئازابى شاھ بەھرامنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋەتتى. ئۇ كىشىنىڭ كاتتا نازۇ نېمەتلىرى بۇگۈن پىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىراق يەنەبىر كىشى ناھايىتى ئەقىللىك، دانىشمەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا ئەقىل - پاراسىتى يولباشچى بولدى - دە، شاھ بەھرامنى ئۆز چېدىرىغا باشلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا دەرھال بىرنەچچە نان بىلەن بىر ئاياق قېتىقنى ئەكەلدى. ئۇ كىشى شاھنى مەزەگە تەكلىپ قىلدى. شاھ بەھرام بۇ مەزەدىن قانغۇدەك يەپ، بىتاقەتلىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن قۇتۇلدى. راھەتلىنىپ ئارام ئالدى. بەھرام گور بىر پەستىن كېيىن مەزە قويغان كىشىگە ناھايىتى كۆپ ئالتۇن، كۆمۈش ۋە خەزىنە دەپىنىنى بېرىپ، ئۇنى ئەزىز ۋە مۆھتىرەم قىلدى. كۆڭلى پەس بېخىل كىشىنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بېرىپ، ئۇنى سەگىتىپ قويدى. ئورۇنسىز بۇزۇپ - چاچىدىغان ئىسراپخور كىشىگە ھەددى - ھېسابسىز تەنە ۋە كىنايىلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ بۇزۇپ - چاچقان مۈلكىنى تۆلەپ بېرىپ، قايتىپ كەتتى. سەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ئەھۋالىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بار؟ بەھرام گورنىڭ بۇ قىلغىنى ئىنتايىن توغرا ۋە ئادىل بولغان.

ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «زىياپەت داستىخىنىنى قانداق ئاچقان ياخشى، ھۆرمەت سۆپرىسىنى قانداق يايغان ئەلا؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى. دانىشمەن ھېكىمنىڭ بۇ ھەقتە توختىلىپ، ھېكمەت يېمەكلىكلىرىدىن ئىسكەندەرنى بەھرىمەن قىلغانلىقى.

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي دانىشمەنلەرنىڭ پېشۋاسى، زىياپەت ئۆتكۈزۈشنىڭ توغرا ئۇسۇلىنى سۆزلەپ بەرسەڭ. بۇ ھەقتە كۆپ كىشىلەر، نۇرغۇن مەزھەپ ۋە مىللەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى ۋە تالاش-تارتىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، ئاخىر ھەممە مەزھەپ ۋە مىللەتتە مېھماننى ھۆرمەتلەش بىر خىل ئورتاق ئادەت بولۇپ قالغان. قارىشىڭچە قانداق زىياپەت ھېكمەت قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە كەم-زىيادىلىكتىن خالىي بولغان بولىدۇ؟

ئەرەستۇ شاھقا دۇئا قىلغان ھالدا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مېھماننىڭ مەيلى يېمەكلىك بولسۇن ياكى باشقا نەرسىگە ئېھتىياجى بولسا، ئۇنى دەرھال ئۆز ھالىسىدە تەييارلاپ، خۇنغا ئېلىپ، مېھمان ئالدىغا ھازىر قىلىش شەرت. ئېلىپ كەلگەن ئۇ نەرسە بەك ئاز بولۇپمۇ قالمىسۇن، كۆپ بولۇپمۇ كەتمىسۇن.

— بۇ ئىش ناھايىتى ئاسان، — دېدى ئىسكەندەر، — بىراق بۇنداق ئاددىي قائىدە-يوسۇندىن شاھنىڭ شان-شەۋكىتىگە ئارتۇقچە نۇقسان يېتىپ قالماسمۇ؟

ئەرەستۇ سەل ئويلىۋالغاندىن كېيىن مۇنداق ھېكمەتنى بايان قىلدى:

— بۈيۈك تەڭرى سېنىڭ مەرتىۋەڭنى بارغانسېرى يۇقىرى قىلىپ، پۈتكۈل خالايىقنى ساڭا باش ئەگدۈرسۇن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، پۈتكۈل خالايىقنىڭ يېمەك-ئىچمىكىگە شاھلار مەسئۇلدۇر. ئارتۇق بېرەمدۇ، زىيادە بېرەمدۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارى. ئەمما كەم-زىيادە قىلىش ھەر ھالدا ياخشى ئەمەس. پادىشاھلار ئەگەر ئۆز شەۋكىتىنى ئاشۇرىمەن دەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، پۇقرالارنىڭ رىزقىغا زىيان سالسا، ئۇلارغا قىيىنچىلىق ۋە موھتاجلىق كەلتۈرسە، بۇ پاسىقلىقتۇر. ئەگەر خالايىققا تەقسىم بولغان رىزقىدىن ئارتۇق سەرپ قىلىپ، ئۇلار ئالدىدا شان-شەۋكىتىنى تىكلەيمەن دەپ خىيال قىلسا، ئورۇنسىز بۇزۇپ-چېچىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىنى كۆز-كۆز قىلماقچى بولسا، بۇمۇ ياخشى خىيال ئەمەس. مىڭ دىرەم پۇل خەجلەيدىغان يەرگە ئىككى مىڭ دىرەم پۇل خەجلەپ، ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى ئاشۇرماقچى بولغانلىق، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئابرويىنى يەرگە ئۇرغانلىقتۇر. شاھلار ئۆزلىرىنىڭ شان-شەۋكىتىنى ئاشۇرىمەن دېسە، پۇقرالارغا ياخشىلىق قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىك ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، خەلققە زۇلۇم

قىلماي، ئادىللىق بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. يۇقىرىلارنىڭ رىزقىمۇ مۇشۇنداق قىلغاندا كۆپىيىدۇ. زىياپەتنىڭ توغرا يولى ئەنە شۇ. كىمكى ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولغان بولسا، زىياپەتنى ئاشۇ توغرا ئۇسۇل بويىچە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەرەستۇ شۇ سۆزلەردىن، ھېكمەت بايان قىلىشنى توختاتتى، ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، بۇ ھېكمەتلەرنى قوبۇل قىلدى.

**ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۈمالار بىلەن بىرلىشىپ، پەلەكنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى ۋە ئالەمنىڭ پىنھان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشكارا ۋە روشەن قىلىش ئۈچۈن، كۈندەك يارقىن ئۇستۇرلاب ① ۋە قۇياشتەك پارقىراق ئەينەك ياساپ چىققانلىقى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى قۇياش مىسال تۆھپىدىن مەمنۇن بولۇپ، يەنە ئىككى نەپەر قۇياش يۈزلۈك گۈزەلنىڭ ۋىسالىغا مايىل بولغانلىقى. بۇ جەھەتتە توي تەييارلىقى ۋە ۋىسال تەنتەنىسىگە تۇتۇش قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئاسماندەك بارگاھىنى رەۋشەنەكنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، مېھرنازنىڭ شولىسى بىلەن پارلاتقانلىقى.**

چىن سۈرەتلىرىنىڭ مۇئەللىپى بۇ سەھىپىگە مۇنداق سۈرەتلەرنى سىزدى:

ئەلقىسسە، خاقان ئىسكەندەرگە مايىل بولۇپ قالدى. ئۇنى چىن شەھىرىگە ئۇرۇنلىشىپ، بۇ قىشنى مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىش ۋە مەي - شاراب ئىچىپ خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. ئىسكەندەرمۇ خاقاننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. كۆڭلىنى خۇشال تۇتۇپ، چىن مەملىكىتىدە قىشلاش ئۈچۈن قېپقالدى. ئۇ گاھى خاقان بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ ئوردىدا بولسا، گاھى شىكارغا چىقىپ، چىن كېيىكلىرىنى ئوۋلايتتى. بەزى نەغمە - ناۋا بىلەن شاراب بەزمىسى تۈزۈپ، مەي ئىچىپ شادلانسا، يەنە بەزىدە ھېكمەت ئەھلى بىلەن بىللە كىتاب كۆرۈپ، تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ ئۇستازلىرى بىلەن ئىلىم - ھېكمەتلەرنى مۇلاھىزە قىلاتتى. يەنە بەزى چاغلاردا خاقان سوۋغات قىلغان چىن ئەينىكىنى تاماشا قىلىپ كۆڭۈل ئاچاتتى. ئۇنى ئۆزىدىن يىراق قىلماستىن، تەخت ئۈستىدە تۇتۇپ ئولتۇراتتى. دەۋا - دەستەكلەرنى سورايدىغان چاغدا چىن ئەينىكىنى دەۋاگەرلەرگە ئوتتۇر قىلىپ تۇتاتتى. بۇ ئەينەكتە راست سۆزلىگۈچىنىڭ يۈزى ئېنىق چىقاتتى. يالغان ئېيتقان كىشىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى. ئەگەر كۆرۈنگەن تەقدىردىمۇ ئىنتايىن غۇۋا ياكى قاپقارا كۆرۈنەتتى. ئىسكەندەر بۇ خىل ئەھۋالدىن ھەيران ئىدى. ئۇنىڭ ئالىم-

① ئۇستۇرلاب — قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ئورنى ۋە ئېگىزلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

لىرىمۇ بۇ ئەينەككە ھەيران ئىدى، يەنە شاھانە بەزمە تۈزۈلگەندە يەنە شۇ ئەينەكنى ئوتتۇرىدا قويۇپ، ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرەتتى. ياخشى نىيەتلىك ۋە ئەدەبلىك كىشىلەر مەي ئىچسە، ئۇ ئەينەكتە ئۇلارنىڭ چىرايى يۈز ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئەگەر بەتنىيەت ۋە ئەدەبسىز كىشىلەر مەي ئىچىپ مەست بولسا، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئەينەكتە بەتبەشىرە بولۇپ، ياكى سوزۇنچاق، ياكى ياپىپاق، ياكى چوڭ، ياكى كىچىك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇنداق كىشىلەر بەزمىدە شەرمەندە بولۇپ قالاتتى. ئىسكەندەر بۇ خىل خاسىيەتلەرنى كۆرۈپ، بۇ چىنى ئەينەككە شۇ قەدەر مەھلىيا بولۇپ كەتتىكى، ئۇنى تىل بىلەن تەرىپلەش قىيىن ئىدى. ئۇ ھەيرانلىق بىلەن بۇ ئەينەكنىڭ خاسيەتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. قانچە پىكىر - قىياس يۈرگۈزگەنسېرى، ئۇنىڭ ھەيرانلىقى شۇنچە ئارتاتتى. بۇ ئەينەكنى چىنىنىڭ ھېكمەت ئىگىلىرى بىلىپ يېتىپ، ئەنە شۇنداق تىلسىملىق قىلىپ ياساپ چىققانىدى. بىراق ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمالىرى بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمىدى.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئىسكەندەر ئۆز كۆڭلىدە: «مېنى بۈيۈك تەڭرى شۇنچە كۆپ ئىلىم - ھېكمەتكە ئىگە قىلدى. يەنە يۈزلىگەن ھۆكۈمالار خىزمىتىمدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كامالەتكە يەتكەن ئالىم، ھەممىسى ۋايىغا يەتكەن دانا كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەلەك سىرلىرىنىڭ مۇشكۇللىرىمۇ ئاساندۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەنمۇ نېمىشقا ھېكمەت ئەھلى بىلەن بىرلىكتە بىردىر ئىش قىلالمايمەن. مەنمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، بۇ چىنى ئەينەكنى بېسىپ چۈشكۈدەك بىرەر تىلسىمنى پەيدا قىلاي» دەپ خىيال قىلدى. ئۇ ھېكمەت ئەھلىنى چاقىرتىپ بۇ ئىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ھۆكۈمالار دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەي پەلەكتەك ھەشەمەتلىك پادىشاھ، سەن بۇ ئىشقا قاچان ئەمىر قىلساڭ، بىز شۇ ھامان تۇتۇش قىلىپ، ئىلىم - ھېكمەت بىلەن تىلسىم ئىشلەپ چىقىمىز. بىزنىڭ ياسىغانلىرىمىز بۇ چىنى ئەينەكتىن ياخشىراق بولىدۇ.

شۇندىن كېيىن ھېكمەت ئىگىلىرى ئىككى جامائەت بولۇپ بۆلۈنۈپ، ئىككى ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئەفلاتۇن، سوقرات، ھۇرمۇس، بەلىناس باشچىلىقىدا ئىككى يۈز ھۆكۈما بىر تەرەپ، ئەرەستۇ، بۇقرات، ئەرشەمەند باشچىلىقىدا ئىككى يۈز ئۆلىما يەنە بىر تەرەپ بولدى. جەمئىي تۆت يۈز ئالىم كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماستىن كېڭەش - مەسلىھەت قىلىپ، بۇ ئىشقا تۇتۇشتى. ئىسكەندەرمۇ ئۇ ئىككى ئارىدا ئارام تاپماستىن ئالىملارغا مەدەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ ئىككى جامائەتتىن بىرى ئاسمان سىرلىرىنى بىلىدىغان ئالىملار ئىدى. يەنە بىرلىرى يەر يۈزىنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئىگىلىگەن دانىشمەنلەر ئىدى. شۇ بۇ ئىككى جامائەتتىن بىرى ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، پولاتتىن بىر يۇمىلاق ئەينەكنى ياساپ چىقتى. يەنە بىر جامائەت ئاسمان ھەقىقەتلىرى ۋە سىرلىرىغا تەبىقلاپ، پۈتۈن ئىستىبداتىنى

ئىشلىتىپ، مىستىن بىر دۈگىلەك ئۇست-
تۇرلابنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى. ئىسكەندەر
ھەر ئىشتا تەرەپكە ياردەم بەردى. ئۇ
ئالىملارنىڭ بەزى تەكلىپلىرىنى قوبۇل
قىلىپ، يەنە بەزى لايىھە رەد قىلىپ،
بەزى ئىشلار ھەققىدە ھەممە ئالىملار-
نىڭ پىكرىنى ئېلىپ، بەزىلىرىگە ئۆزى
مەسلىھەت بېرىپ، ئاخىر بۇ ئىشنى
ئاماللىدى.

ئەلقىسسە، ھۆكۈمالار ئىسكەندەر
ئۈزۈرىدا بۇ ئاجايىپ ئىككى نەرسىنى
تەييار قىلدى. ئۇنىڭ بىرى ئۇستۇرلاب،
يەنە بىرى ئەينەك ئىدى. ئۇلار بۇ
ئىككى مۆجىزىدىن ئالەم خەلقىنى ياخشى
تەرەپكە يېتەكلىدى. ئۇستۇرلابتىن
پەلەك ئىشلىرىنىڭ ئاسان بولىدىغان
قائىدە-قانۇنلار نامايان بولاتتى. پەلەك-
نىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە باشقا
نۇرغۇن ئەھۋاللار بۇ ئۇستۇرلابنى كۆر-
گەن كىشىگە ئېنىق مەلۇم بولاتتى.
بۇنىڭغا «ئۇستۇرلابى مەخفى نەما» (يو-
شۇرۇن سىرلارنى نامايان قىلغۇچى
ئۇستۇرلاب) دەپ ئات قويىدى. ئەينەكتە بول-
سا، يەر يۈزىنىڭ ئەھۋالاتلىرى ۋە
جاھان مەملىكەتلىرىنىڭ ھەقىقەتلىرى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا نەزەر سال-
غان كىشىگە پۈتكۈل جاھاندىكى ھەممە
ئىشلار ئايان بولاتتى. بۇنىڭغا «ئايى-
نەئى گىتىنەما» (جاھاننى كۆرسەتكۈچى
ئەينەك) دەپ ئات قويىدى.

ۋاقتىكى، قۇياش ھەمەل بۇرجىغا
كىردى. قىش كۈنلىرى ئاخىرلاشتى.
ئىسكەندەر تەختكە چىقىپ ئولتۇرۇپ،
خاقان بىلەن بەزمە تۈزدى، بارگاھ ئىچ
گە ئارزۇ نېمەتلىرىنى تولدۇرۇپ،

شاھانە سورۇن ھازىرلىدى. بۇ ۋاقىتتا
ئىسكەندەرنىڭ تەڭداشسىز دانا ئالىملىرى
ئىككى توپ بولۇپ كىردى. ئىسكەندەر
ئۇلارغا ئىززەت-ئىكرام قىلىپ، تەخت
ئالدىدا ئورۇن بەردى. ھەممەيلەن
ئورۇن ئېلىشتى. بۇ بەزمە ئالىملار بىلەن
تېخىمۇ زىننەت تاپتى. پۈتكۈل خالا-
يىق شاد-خۇراملىقتا چۆمدى. ھەممەي-
لەن ئولتۇرۇپ بىر پەس ئۆتكەندە،
مۇلازىملار ئۇستۇرلاب بىلەن ئەينەكنى
ئېلىپ كىردى. ئالىملارنىڭ ھەممىسى
ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بايان
قىلىشتى. بۇ ئىككى جامائە ھۆكۈمانىڭ
بىرىدىن پەلەك ئىشلىرى ئايان بولۇپ،
توققۇز پەلەكنىڭ ھەقىقەتلىرى ئاشكارا
بولدى. يەنە بىر جامائە ئالىملاردىن
يەر يۈزىنىڭ ئىشلىرى، يەتتە ئىقلىمنىڭ
ھەقىقەتلىرى نامايان بولدى. خاقان بۇ
ئىككى ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن،
ھەيرانلىق ئىلكىدە قېتىپ قالدى. بىر
پەستىن كېيىن ئۆزىگە كېلىپ، ئىس
كەندەرگە ئاپىرىن ئېيتقان ھالدا مۇن-
داق دېدى.

— ئەي شەۋكەتلىك پادىشاھ، سەن-
دەك ھۆكۈمرانىنى بۇ پىرقىراۋاتقان پە-
لەكمۇ كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. بۇ
جاھاندا سەنسىز تاج-تەختنىڭ كېرىكى
يوقتۇر. سېنىڭ مۇلازىملىرىڭمۇ تەڭداش-
سىز ئالىملاردىن ئىكەن. ئۇلار ئۇلۇغ
ئىشلاردا ساڭا ياردەمچى ئىكەن. ئالەمدە
ھېچكىم سېنىڭدەك قابىل ئەمەس. سېنىڭ
نامىڭ بۇ جاھاندىن ئەبەدىي ئۆچمىگەي.

ئۇ ئالىملار بۇ ئىشتا ناھايىتى
كۆپ رەنج-مۇشەققەتلەرنى تارتتى.
شۇڭا ئىسكەندەر ئۇلارنى نۇرغۇن مال

ۋە خەزىنىلەر بىلەن تارتۇقلىدى. ئان-
دىن ئۇلارغا خاقانىي چىنمۇ ھېسابسىز
ئالتۇن - كۈمۈش، لەئل - جاۋاھىرلارنى
ئىنئام قىلدى. ئالىملار ھەددى - ھېساب-
سىز كۆپ بايلىققا ئىگە بولدى.

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر بۇ ئىشلارنى
ئوڭۇشلۇق ئورۇندىدى. ئاندىن شاد-
خۇراملىق ۋە ئەيش - ئىشرەتكە مايىل
بولدى. نىكاھلىنىش قارارىغا كەلدى.
ئۇ سوقراتقا پەرمان قىلىپ:

— ئۇستۇرلابتىن مېنىڭ نىكاھ
ئەھۋالىمنى كۆرۈپباققىن، — دېدى.

سوقرات ئۇستۇرلابنى قولىغا ئېلىپ،
ياخشى نەزەر سالغانىدى. پەلەكنىڭ
گەردىشىدىن مۇنداق ئەھۋال ئايان
بولدى: ئىككى ئاي كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان
يۈكسەكلىكىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەن-
دەرنىڭ ئىقبال قۇياشى بۇ ئىككى ئاي-
غا نۇر چاچتى. بۇ ئىككى ئاينىڭ بىرى
دارانىڭ قىزى رەۋشەنەك بولۇپ، دارا
ئۇنى ئىسكەندەرگە جۈپ بولسۇن دەپ
ۋەسىيەت قىلىغانىدى. يەنە بىرى شاھ
مەللۇنىڭ قىزى مېھرىناز ئىدى. ئىس-
كەندەر ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.
ئۇستۇرلابتىن بۇ ئىككى گۈزەلنىڭ نى-
كاھى ئىسكەندەر بىلەن بولىدىغانلىقى
ئايان بولدى. ھۆكۈمالار ئىسكەندەرگە
مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

— مەرىكە تۈزۈپ، خالايىققا نازۇ
نېمەتلەرنى تارتايلى. سەن رەۋشەنەك-
نىڭ جامالىدىن كېچىلىرىڭنى نۇرلاندۇر-
غىن، مېھرىنازنىڭ ۋىسالىدىن كۆڭلۈڭنى
ئارام تاپقۇزغىن. چۈنكى بۇ جاھاندا
تەختۇ تاجغا ئىگە بولغان ھەرقانداق
كىشىنىڭ بىرەر پەرزەنتى بولمىسا بولـ-
مايدۇ. پەرزەنت بولسا شاھنىڭ بۇ ئالەم-
دىن كېتەر ۋاقتىدا قالدۇرۇپ كېتىدى-
غان ئىز باسارىدۇر. قۇياشمۇ غەربكە
غايىب بولىدىغان چاغدا، ئۆز ئورنىدا
ئاينى ئورۇن باسار قىلىپ قويۇپ كېتى-
دۇ. ئەگەر باغدىن قېرى دەرەخ يوقال-
سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئورنىدا ياش
كۆچەتلەر قېپقالسا، ئۇ باغنىڭ زىن-
نىتىگە نۇقسان يەتمەيدۇ. كۆچەت
دەرەخنىڭ ئورنىنى بېسىپ، خالايىققا
سايە ۋە مېۋە بېرىدۇ، — دېيىشتى. دا-
نىشمەنلەرنىڭ بۇ نەسىھەت ۋە مەسلى-
ھەتلىرى ئىسكەندەرگە ماقۇل كەلدى. ئۇ
دۆلەت كاتتىلىرىغا پەرمان قىلىپ:

— بۇ ئىشنىڭ تەييارلىقلىرىغا
تۇتۇش قىلىڭلار، — دېدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئەمرىگە بىنائەن
پۈتكۈل دۆلەت ئۇلۇغلىرى توي تەييار-
لىقىغا مەشغۇل بولدى. نەچچە كۈن
جىددىي تۇتۇش قىلىپ بارلىق تەييار-
لىقلارنى پۈتكۈزدى. چىن مەملىكىتىنى
شۇ قەدەر زىننەتلىدىكى، گويا جەننەت-
نىڭ ئۆزى بولدى. بۇ توي ئەسلىھەلى-
رىنى بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەك يۈز يىل
ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ يۈزدىن بىرىنى
بىلىپ بولالماس ۋە مىڭدىن بىرىنى
بايان قىلالماس ئىدى. پۈتكۈل ئەيش-
ئىشرەت ۋە راھەت - پاراغەت ئەسۋاب-
لىرىنىڭ ھەممىسىنى تەق قىلىپ، توي
ئىشلىرىنىڭ چوڭ - كىچىك لاۋازىمەتلى-
رىنى ھازىرلىدى. شادلىق ۋە خۇشاللىق
بەزمىلىرىنى باشلىدى. بۇ ئىشلار باھار
پەسلىگە توغرا كەلگەنىدى. گۈل كېلىن-
چەكلىرى زىننەتلىنىپ، بۇلبۇللار ساي-
راشقا باشلىغانىدى. ئەنە شۇنداق گۈل

پەسلىدە توي بولدى. بۇ چاغدا شەھەر-
سەھرالار، يېزا-بازارلارنىڭ ھەممىسى
گۈلشەنگە ئايلانغانىدى. ساقىينامە:

ئاياقچى، كېتۈر جامنى لەب-بەلەب،
كى توي ئول دەم ئەيىامى ئەيشۇ تەرەب.
كى بۇ سۆز ئېرۇر ئالەم ئەفرۇز ھەم،
خۇسۇسەن ئېرۇر فەسلى نەۋرۇز ھەم.

مۇغەننىي چېكىپ چەڭگى ئورنىدا چەلڭ،
نەۋا چەڭگى ھەي-ھاي، ئۆلەڭ ھاي ئۆلەڭ.
دېسەڭ سەنكى جان قولداشىم يار-يار،
مەن ئايتايكى مۇڭلۇق باشىم، يار-يار.
نەۋائىكى سەر مەنزىلىڭ چىنگەدۇر،
سۇرۇدۇڭ داغى سۆز ئارا چەڭگەدۇر.
ئايالغۇڭ نېچە يار-يار ئولغۇسى،
مېنىڭ يىغلارىم زار-زار ئولغۇسى.

## بۇلبۇلنىڭ ھېكايىتى. قاغا بۇلبۇلنىڭ خۇش ناۋاسىدىن زېرىكىپ، خۇد-دى بالاغەت ئەھلىگە كېچە ھىندىسى بىمەنە سۆزلىگەندەك تاپا-تەنە قىلدى. ئەمما ئۇ بۇلبۇلنىڭ پاساھەتلىك جاۋابىدىن ئۆزگىچە ئەھۋالنى بىلدى.

مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلىغانىدىم:
باھار كېلىپ، گۈل ئېچىلغاندا
بىر باغنىڭ ئىچىدە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى
بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇ باغدا
دائىم تۇرۇشلۇق بىر قاغا بۇلبۇلنى
ئەيىبلەپ، تاپا-تەنە قىلغىلى تۇردى:
— ھەي بىھۇدە سۆزلەيدىغان
ساراڭ، — دېدى ئۇ بۇلبۇلغا، — سېنىڭ
ھەر يىلى بۇ يەرگە كېلىپ، بىر ئاي
ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟
بۇ چىمەننى غەمكىن ۋە خامۇش ھالدا
كېزىسەن، پەقەت بىر ئايلا نالە-زار،
غەلۋە-غوۋغا قىلىسەن. سەندە بىرەر
ئىشقا سالماقلىق، مۇقىملىق دېگەن نەر-
سە بارمۇ؟ مۇشۇنداق يەڭگىلتەكلىكىڭ
ۋە تۇراقسىزلىقىڭ بىلەن چىمەن قۇش-
لىرىدىن ئۇيالمامسەن؟!
— ئەي ئەقىلسىز، — دېدى بۇلبۇل
قاغىغا جاۋاب بېرىپ، — سەن ئىشق دې-
گەننى چۈشەنمەيسەن، مېنىڭ كۆيۈپ،
ئۆرتىنىشلىرىمنى قانداقمۇ سېزەلەي-
سەن؟! باغدا ئۇن بىر ئاي گۈل يوق.
شۇڭا بۇ كۈنلەردە مېنىڭ تىرىكچىلىكىم
خۇددى سېنىڭ رەڭگىڭدەك قارا بولىدۇ،
ھەتتا غەم-غۇسسە ۋە دەرد-ئەلەم كې-
چە-كۈندۈز كەم بولمايدۇ. ئەمما باھار
شاماللىرى ئەسكەندەر، گۈل ئېچىلىپ،
جىلۋىلىنىدۇ. ئۇنىڭ جىسمى چىن
ئېپارىدەك خۇش پۇراق چېچىشقا باشلاي-
دۇ. چىمەننىڭ گۈزەل ھۆسنى ماڭا
ئىشق ئوتىنى زىيادە سالىدۇ. پەرياد-
پىغان بىلەن ناۋا قىلىشىمنىڭ سەۋەبى
مانا شۇ. چىمەندىن چوغ كەبى گۈل
كېتىپ قالغاندا مەن باغدا كىم بىلەن
ھەمراھ بولىمەن؟ ساڭا ئوخشاش كۆمۈر
بىلەنمۇ؟! ساڭا ئوخشاش قارا قوڭغۇز-
نىڭ ھاياتىغا گۈلنىڭ خۇش پۇرىقى
دەخلى قىلسا كېرەك. سەن ئاشۇ ھالى-
تىڭ بىلەن مېنىڭ ئەھۋالىمنى قاچانمۇ
چۈشىنەرسەن؟! شۇڭا ساڭا سۆزلىگىنىم

نىڭ نېمە پايدىسى، سەن بىلەن سۆزلەشمىگىنىم ياخشىراق.

بۇلبۇل ئىشىق دەردىنى يوقىرىقىدەك بايان قىلغانىدى، قاغا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرالماي قارىداپ كەتتى. قاغا بەئەينى قىش كۈنلىرىدىكى بۇلبۇلدەك جىمىپلا كەتتى.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى نېمە سەۋەبتىن باھار گۈللىرىگە شۇنچە مايىل بولىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى ۋە ئەرەستۇنىڭ ھېكمەت باھارىدىن جاۋاب شاماللىرى ئەسكەنلىكى.**

بۇ دەۋرانىنىڭ دارىسى بولغان ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— ئەي پەلەك مۇشكۇللىرىنى ئاسان قىلغۇچى ئالىم، ئىنسان بارلىق جانلىقلار ئىچىدە ئەڭ شەرەپلىكتۇر. قاچانىكى باھار مەۋسۇمى يېتىپ كەلسە، بارلىق ئادەملەر شاد-خۇراملىقتا چۆمىدۇ. كۆڭۈلنى قىش غۇنچىدەك قىلسا، باھار پەسلى گۈلدەك ئېچىلدۇرىدۇ. بۇ پەسلدە مۇنچىۋالا خۇشاللىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ خۇشاللىقنىڭ سەۋەبى نېمە؟

ئەرەستۇ بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— بۇ ھەقتە ھۆكۈمالار ناھايىتى كۆپ گەپلەرنى قىلىشقان، بۇلارنى بىربىرلەپ سۆزلىمىسەممۇ جانابىڭغا ئايان، ئادەمنىڭ تەبىئىتىنىڭ گۈلگە مايىل بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈڭ كەلسە، بايان قىلاي. ئالىملار مەۋجۇداتلارنىڭ تەبىئىتىنى تۆت قىسىمغا بۆلگەن، بۇلارنىڭ بىرى ئىسسىق، يەنە بىرى سوغۇق، بىرى ھۆل، يەنە بىرى قۇرۇق. بۇلار يەنە قۇرۇق ئىسسىق ۋە قۇرۇق سوغۇق قاتارلىق بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. تۆت پەسلمۇ يۇقىرىقى تۆت خىل تەبىئەتكە ماسلاشقاندۇر. باھار پەسلىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۇ ھاياتلىق تەبىئىتىدۇر. شۇڭا بارلىق مەۋجۇداتلار باھارنى تىلەيدۇ. قالغان ئۈچ پەسلنىڭ تەبىئىتى ئۈچ خىل سۈپەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى سەپرا، سەۋدا ۋە بەلغەم دېيىشىدۇ. بۇ ئۈچ خىل تەبىئەتنىڭ روھىيەتكە زىيىنى بار. شۇڭا باھار پەسلى ھەممە پەسلدىن يېقىملىق، ھەممە كىشى باھارغا ھېرىسمەن، بارچە خالايىق ئاشۇ گۈل پەسلى بولغان باھارغا مايىل. باھار پەسلى ھاياتلىقنى ياشنىتىدىغان بولغاچقا، ھەممە جانلىق ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ھالدا تەلپۈنىدۇ.

ئەرەستۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ جىسمىغا يېڭى روھ پەيدا بولۇپ، شادلىققا چۆمدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئۇ ئىككى پاك ئەتىرگۇلىنىڭ، ياق، بەلكى ئۇ ئىككى نازاق
باھارنىڭ ۋىسالىدىن مۇراد تاپقانلىقى، مېھرىنازنىڭ نازلىرىدىن بەتاقەت
بولۇپ گۇل پەسلىدە ئۇنىڭ گۇلدەك جامالىدىن بەھرىمەن بولغانلىقى.
مېھرىنازنىڭ رەۋشەنەككە كۈندەشلىك قىلىپ (بۇ سۆيۈملۈك نازىنىنلارنىڭ ئادىتىدۇر)، شامدەك باشتۇڭلۇق بىلەن قاتتىق - يېرىك سۆزلەپ، كېچە
خىلۋەتخانىسىنى قىزىتقانلىقى. ئىسكەندەرنىڭ ئۇ ۋىسال خىلۋەتگاھىدىن چىقىپ، چىن مەملىكىتىدىن مەغرىپ دىيارىغا قاراپ
يۈرۈش قىلغانلىقى ۋە ئۇ دىيارنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرىدىن ھەيرانۇھەس قالغانلىقى.

تارىخشۇناسلار بۇ تارىخىي ئەھۋالنى
مۇنداق ئايان قىلدى:
ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىدە ئىككى
نەپەر گۈزەل قىزنى نىكاھىغا ئالدى. ئۇ-
نىڭ بىرى رەۋشەنەك، يەنە بىرى مېھ-
رىناز ئىدى. ئىسكەندەر يىگىتلىك باھا-
رىغا قەدەم قويغان بۈيۈك پادىشاھ ئىدى.
ئۇ ھېكمەت ئىلمىدىمۇ دانا ئىدى. ئۇ ئۆزى-
نىڭ بۈيۈكلۈكى ۋە دانىشمەنلىكى بىلەن
شۇنى چوڭقۇر چۈشىنەتتىكى، بۇ ئالەمدە
ھەرقانچە كاتتا پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەن
كىشىمۇ ئاخىر تۇپراققا كىرىپ ئارام
تاپىدۇ. ھېچ كىشى بۇ ئالەمنىڭ ۋاپاس-
تى ۋە مەڭگۈلۈك پادىشاھلىقىنى كۆرۈپ باق-
مىغان. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، كۈنلەرنى
شاد - خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈشتىن باش-
قا نېمە ھالاۋەت بولسۇن؟! ئىسكەندەر
مۇشۇ ئەھۋاللارنى ئويلاپ، بىر نەچچە كۈن
شادلىق بەزمىلىرىدىن مەستخۇش بولدى.
شاندىن ئۇ ئىككى سەرۋى قامەتلىك قىز-
دىن مۇرادىغا يېتىشنى كۆزلەپ، كەچلىك
خىلۋەتگاھىدا ئارام ئېلىشنى تەلەپ قىل-
دى. ئۇ ئالدى بىلەن رەۋشەنەكنىڭ خىل-
ۋەتخانىسىدا ئورۇن تۇتتى. رەۋشەنەك بار-
لىق ھەرەم ئەھلىگە سەردار ئىدى. دائىم
ئىسكەندەر بىلەن بىر يەردە ئولتۇراتتى.
ئەمما مېھرىناز مەرتىۋە جەھەتتە ئۇنىڭ-
دىن تۆۋەن تۇراتتى. ئۇ تەختىنىڭ يېنىدا
ئولتۇرۇپ، گاھى ئىسكەندەرنىڭ پەرمانى-
نى تۇتۇپ خىزمىتىنى قىلسا، يەنە بەزى-
دە ناز - كەرەشمە بىلەن شاھنىڭ جىسمى-
غا ئوت سالاتتى. رەۋشەنەك ئىسكەندەرنى
مېھرىنازدىن دائىم كۈنلەپ، يىغا - زارە
قىلغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ، مېھرى-
ناز بىلەن ئاز ئارىلىشىپ، رەۋشەنەك بى-
لەن كۆپ بىللە بولاتتى. مېھرىنازنىڭ
ناتىۋان كۆڭلى بۇ ئىشتىن كۆپ بىئارام
بولاتتى. بىراق ئىسكەندەرنى تالىشىپ
غوۋغا قىلىشقا ھەددى ۋە ھوقۇقى يوق
ئىدى. ئىسكەندەر مېھرىنازنىڭ مېھرى-
مۇھەببىتىنى كۆڭلىدە شۇ قەدەر مەخپىي
ساقلىماقتا ئىدىكى، بۇنىڭدىن ھەتتا مېھ-
رىنازنىڭمۇ خەۋىرى يوق ئىدى. ئىسكەن-
دەرنىڭ خاراب بولغان غەمكىن جېنى ۋە
جىسمىدا مېھرىنازنىڭ ئىشق - مۇھەببىتى
چوڭقۇر يوشۇرۇنغانىدى. ئىسكەندەر رەۋ-
شەنەك بىلەن ئىككى كۈن ھەمسۆھبەت
بولسا، مېھرىناز بىلەن بىر كۈنلا بىللە

بولاتتى. بۇ ئەھۋالدىن مېھرىنازنىڭ كۆڭ-
لى رەنجىپ، نازۇك بەدىنى كېسەلمەن
بولۇپ قالغانىدى. رەۋشەنەكنىڭ كۆندەش-
لىكىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى،
شاھتىن رەنجىپ، ئەلدىن خىجىل بولۇپ
يۈرەتتى. بىر كۈنى ئىسكەندەر مېھرىناز-
نىڭ ھۇجرىسىدا بولدى. ئۇ مېھرىنازنىڭ
جامالىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزلە-
رىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— ھەي، قاچانغىچە سېنىڭ يوشۇرۇن
ئىشقىڭ بىلەن ئۆرتىنىمەن؟ قاچان-
غىچە مېھىر - مۇھەببىتىڭنى ئەلدىن يوشۇ-
رۇپ، كۆيۈپ - پىشىپ ئۆتىمەن؟! يوشۇ-
رۇن ئىشق - مۇھەببىتىڭ مېنىڭ جېنىمدىن
ئۆتتى. ئەمدى مەن ساڭا بۇ مەخپىي سىر-
لىرىمنى ئېيتمىسام بولمىدى.

ئىسكەندەر شۇ سۆزلەرنى دەپ، مېھ-
رىناز بىلەن بەزمە تۈزۈشكە تۇتۇش قىل-
دى. راھەت - پاراغەت بىلەن شاراب
ئىچىشكە تۇتۇش قىلدى. بۇ شوخ گۈزەل-
نىڭ بۇگۈنكى ئولتۇرۇشنى قىزىتىشنى
ئۆتۈندى. بىراق مېھرىنازنىڭ كۆڭلى
يوشۇرۇن دەرد - ئەلەمدىن چىگىلگەنىدى.
ئۇ كۆرۈنۈشتە ئىسكەندەرنىڭ رايىغا بې-
قىپ، تەكەللۇپ بىلەن شاھقا خىزمەت
قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قوشۇملىرى-
دىن يوشۇرۇن غەم - غۇسسە ئالامەتلىرى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئىسكەندەر قانچە تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ،
لېكىن ئۇ گۈزەلدىن خۇش خۇي مۇئامىلە ۋە
سۆزلەر كۆرۈلمىدى. شاھ قانچە ئاجىزلىق،
تۆۋەنلىك بىلەن يېلىنغانىسىرى، ئۇنىڭ-
دىن ناز ۋە پەرۋاسىزلىق ھالەتلىرى ئاش-
كارىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ قانچە باش بەر-
مىگەنسېرى، شاھنىڭ كۆڭلى شۇنچە پەيت-
شان بولماقتا ئىدى. شاھنىڭ تاقىتى تاق
بولۇپ، سەۋدايىلىق بىلەن رەسۋايى ئا-
لەم بولۇشقا يۈزلەندى، ئۇنىڭغا ئىشق
سەۋدايىلىقى چاپلاشتى. بۇ سەۋدايىلىق
ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى يەر بىلەن
يەكسان قىلدى. شۇڭا شاھقا نە ئىلىم
ھېكمەت، نە ئەقىل - ئىدراك ياردەم قى-
لالمىدى. ئاخىر ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا
مېھرىنازغا:

— ئەي نازىنىن، ماڭا مۇنچىۋالا ئا-
داۋەت قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمە
ئۈچۈن ئالدىڭدا مەن قانچە ئاجىز ۋە بى-
چارە بولغانسېرى، سەن شۇنچە دۈشمەن-
لىك قىلىسەن؟! بۇنداق قىلىدىغانغا مەن
بىچارىدىن نېمە گۇناھ ئۆتتى؟! — دېدى
ۋە ئاشىقانە ھالدا بىر نەچچە بېيىت
ئوقۇدى. بېيىت:

ۋەفاسىز جەفاكار، ئەي نازەنىن،
نەدىن بىزگە قىلدىڭ ئەيان مۇنچە كىن؟
نەدۇر ئەجزىم ئالدىدا تەۋسەنلىغىڭ،
ئاڭا كىم ئېرۇر دوستۇ دۇشمەنلىغىڭ؟
نې جۇرم ئەتتىم ئېركىن مەنى كاكسار،
نېدىنكىم قىلۇرسەن كۆڭۈلنى فىگار؟
نې خەسكىم ئوتۇڭدىن كۆيەر لاغ - لاغ،
نە ھاجەت يەنە قۇيماق ئول ئوتغە ياغ؟
چىبىنكىم ئېرۇر شەھدىڭە پاي بەند،
تاپانچە بىلەن ئاڭا نەدۇر گەزەند؟
ۋەفا ئەيلەكىلىكىم جەفاكار ئەمەن،
بۇ زۇلم ئەيلەمەككە سەزاۋار ئەمەن.
چۇمەن ئىشق يار! ئۆلگۇم، ئۆلتۇرمەگىل،
قەتىلىمغە تىغى جەفا سۈرمەگىل.
نىيازىمغە باق، ئەي سەرۋى ناز ئەيلەمە،
تەنەددى كۆپۈ لۇتق ئاز ئەيلەمە.

ئىسكەندەر يۇقىرىقىدەك بېيىتلار
بىلەن ئۆزرىخاھلىق بىلدۇرگەندىن كېـ
يىن، مېھرىناز شېرىن تىللىرىدىن شەكەر-
نى تۆكۈپ، كىنايە قىلغان ھالدا بىر-
نەچچە بېيىت ئوقۇدى. بېيىت:

كى شەھ ئەيشىنى ھەق مۇدام ئەيلەسۇن،
ئىشىن دىلبەرى بىرلە كام ئەيلەسۇن.
ئانىڭ لايىقى كەلدى دارا قىزى،
كى كۆز رەۋشەن ئەيلەر ئاياغى ئىزى.
كەنىزىكىم ئول بولسە ھىندۇ نىژاد،
نې ھىندۇ نىژاد، ئايت كەشمىرزاد.
نې لايىقكې ئانى ئەنىس ئەيلەگەي،
تەكەللۇف يۈزىدىن جەلىس ئەيلەگەي.

ئىسكەندەر بۇ تەنە ـ كىنايىلەرنى ئاڭـ
لاپ، مۇنداق نىدا قىلدى:
ــ ئەي جېنىمنىڭ ئاپىتى، تاپا ـ تەـ
نە قىلىشنى بىردەم توختاتقىن. رەھىم
قىلغىن، مېنى تولا قىينىمىغىن. ماڭا
رەۋشەنەك ھەققىدە تولا تەنە قىلما، مېنى
ئەپۇ قىلىپ، كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇتقىن،
رەۋشەنەكنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ساقـ
لاش زۆرۈر. چۈنكى ئۇ بۈيۈك پادىشاھ
ەھمەن تاجىسىنىڭ گۆھىرىدۇر، كەيقۇـ
اد ئاسمىنىدا پارلىغان يېگانە يۇلتۇزـ
دۇر. ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ناھايىتى
ۈكسەكتۇر.
مېھرىناز ئىسكەندەرنىڭ بۇ سۆزىنى
اڭلىغاندىن كېيىن، شېرىن سۆزلەر
ىلەن:
ــ ئەي يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھىنشاھى،
مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنىڭ مۇھەببەت بىلەن
ېچبىر ئالاقىسى يوق. چۈنكى ئىشق ـ
مۇھەببەتتە پادىشاھ بىلەن گادايىنىڭ پەرـ
ى يوق، ــ دېدى ـ دە، كىنايە قىلغان
الدا بىر نەچچە بېيىت ئوقۇدى. بېيىت

نەسەب بىرلە بولسە ئاڭا شاھلىق،
ھەسەب بىرلە يەتمىش ماڭا ماھلىق.
ئانىڭ تاجى كىشۋەرغە بولسە خىراج،
مېنىڭ تاجىمە باش قويار ئەھلى تاج.
ئاڭا فەخر نىسبەتتە جەمشىددىن،
ماڭا ئار ھۆسن ئىچرە خۇرشىددىن.
ئاڭا مۇلك ئەگەر بولسە فەرمان پەزىر،
ماڭا زار ئېرۇر يۈز تۈمەن مۇلكگىر.
ئەگەر ئول خىرەد بىرلە ئەفسانەدۇر،
ماڭا يۈز خىرەدمەند دىۋانەدۇر.
گەر ئول بولسە ئافاق ئېلىگە ئەزىز،
سالۇرمەن مەن ئافاق ئارا رۇستەخىز.
ئاڭا گەر ئېرۇر پىشە جان ئۆرتەمەك،
ماڭا شىيۋە بولمىش جەھان ئۆرتەمەك.
گەر ئول غەمزەدىن ئوقنى پەرران قىلۇر،
مېنىڭ كىرپىكىم تىيرى باران قىلۇر.
گەر ئول قەتل ئىشىگە قىلۇر ئېھتىمام،
مېنىڭ تىغى ئىشقىم قىلۇر قەتلى ئام.
ئاڭا گەر فۇسۇن ئەيلەمەك ۋىرد ئېرۇر،
ماڭا بارچە كەشمىر شاگىرد ئېرۇر.
ئاڭا غەمزە بولسە جەھان ساھىرى،
ماڭا بولدى گۇسالە يۈز سامىرى.
ئانىڭ شۇھرەتى گەر ئېرۇر ئام ئارا،
مېنىڭ قوزغالانىمدۇر ئىسلام ئارا.
گەر ئول خەلقنى قەتل ئېتەر دەم بەدەم،
ماڭا كەلدى تىزگۈزمەك ئايىنى ھەم.
ئانىڭ قىلسە زۇلفى يىلاننى فۇسۇن،
فۇسۇنۇم قىلۇر ئەجدىھانى زەبۇن.
ئانىڭ زۇلفى گەر چەكسە ئىمان رەگىن،
مېنىڭ تار لەئلىم چېكەر جان رەگىن.
قاچان سۇنبۇلۇم ئۇرسە گۈل ئۈزرە تاب،
ياپار يۈزگە خۇرشىد توندىن نىقاب.
قاشىم يايىنى ھەركىم ئەيلەر خەيال،
ئۇيالتدىن كۆزىگە كۆرۈنمەس ھىلال.
ئېرۇر كىرپىكىم ئوقىغە جان ھەدەف،

ىدشانە ئاتارغە مەگەر چەكتى سەف.
كۆزۈمگە قاچانكىم بولۇر ئۇيقۇ كام،
بولۇر ئالەم ئەھلىغە ئۇيقۇ ھەرام.
يۈزۈ مەردۈمەكۋار خالىم سۆزى،
دېگىل گۈل ئۈزە تۈشتى بۇلبۇل كۆزى.
چېكىلكەچ ئۇزارىم قىراغىغە نىل،
ئېرۇر تەقۋىيۇ ئەقل كۆزىگە مىل.
گەجەكدەككى زۇلغۇم ئارا تابدۇر،
كۆگۈللەرنى تارتارغە قۇلابدۇر.
لەبى لەئلىكىم جەۋھەرى جان ئېرۇر،
سۇ ئول لەئل ئارا ئابى ھەيۋان ئېرۇر.
تىشىم رىشتەسىن ژالەئى ناب دە،
دېمە ژالەكىم، دۇررى سىيراب دە.
يوق ئاغرىم بولۇپ جەۋھەرى بىبەھا،
نې پەيدا ۋۇجۇدۇ ئاڭا نې بەھا.
ئىكى لەئلىم ئەتكەچ تەكەللۇم پەدىد،
قىلىپ ئاغزىمە ئەل تەۋەھھۇم پەدىد.
ئانى خەلق يوق يەردە ئەيلەپ گۇمان،
ئەگەر بولسە ھەم ئول ھەمان يوق ھەمان.
يۈزۈمدە دېمە سىيمدىن غەبغەبى،
كى ئاي ئىچرە خۇرشىدۋەش كەۋكەبى.
نې كەۋكەبكى، نۇرى ئانىڭ بىگمران،
قۇياش بىرلە ھۇسن ئىچرە ئەيلەپ قىران.
لەبىم پىشەسى جان فەزايەندەلىق،
كۆزۈم شىيۋەسى دىلرەبايەندەلىق.
دېمە رۇھ قەددىم كۆرۈپ لال ئولۇپ،
كى رۇھۇل ـ ئەمىن داغى بىھال ئولۇپ.
خىرامىم قىلىپ رەۋزە سەرۋىنى مات،
ئاڭا ماجەرا قىلدى ئابى ھەيات.
جەمالىم قۇياشنى سالىپ تابغە،
تەنىم سىيمى تىترەتمە سىيمابغە.
بېلىم تارىن ئولكىم خەيال ئەيلەبان،
ھەمانا خەيالى مەھال ئەيلەبان.
جەمالىم بەشەر ئىچرە غەۋغا سالىپ،
مەلائىككە ھۇسنۇم ئەلالا سالىپ.

كۆرۈنگەن زەمان سۇرەتىم پەيكەرى،
خەلايىق كۆزىگە كۆرۈنمەي پەرى.
لەبىمدىن تەكەللۇمدىن ئارتۇق فۇسۇن،
فۇسۇندىن داغى ھۇسنۇ نازىم فۇزۇن.
قۇياش قوزغالىپ ھۇسنۇم ئاشۇبىدىن،
فەلەك پەست مېھرىم لەگەدكۇبىدىن.

— لېكىن، — دېدى ئۇ گۈزەل بېيت
ئوقۇشنى توختىتىپ، — تەسىرلىك سۆزلەر-
نى قىلغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟! پادى-
شاھى ئالەمگە مېنىڭ ھەسلىممۇ ئاچچىق
بىلىنىدۇ. دانىشمەنلەر: « ئازراق بەخت-
تەلەيمۇ كۆپ گۈزەللىكتىن ياخشى» دەپ
ناھايىتى توغرا ئېيتقانىكەن. شۇڭا مەن
پادىشاھىمدىن شىكايەت قىلمايمەن. پەقەت
ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكىم ۋە بىتەلەيلى-
كىمدىن ئۆكۈنۈپ، ئاھ ـ پىغان قىلىمەن،
ھەسرەت ـ نادامەت چېكىمەن.
مېھرىناز شېرىن لەۋلىرىدىن ئاشۇنـ
داق ئوتلۇق نېدا قىلغىنىدا، ئىسكەندەرنى
ئۇنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتى ئەسىر قىلى-
ۋالدى. ئۇ مېھرىنازنىڭ سۆزلىرىگە جېنىنى
پىدا قىلغۇدەك بولدى. مېھرىنازنى جېنى
ئىچىگە تارتتى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بويـ
نىغا قول سېلىپ، قوينىغا تارتتى. شىر
كېيىكنى ئوۋلىدى. بۇ ئوۋلىنىشتا كېيىكمۇ
سۆيۈندى. ئىسكەندەر بۇ خىلۋەتكە مەپـ
تۇن بولۇپ قالدى. پەرى سۈپەت مېھرىناز-
مۇ ئىسكەندەرنىڭ ئىشقىدا مەجنۇن بوا-
دى. ئىككىسى بۇ ھۇجرىدا بىر نەچچە
كۈن بىللە بولدى. ئۇ يەردە قانداق
ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچ
كىشى بىلمىدى. ئاشىقتا ۋىسال مۇيەس-
سەر بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم.
ئىسكەندەر بىر نەچچە مەزگىل ئۇ يەر-

ده راھەت - پاراغەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزدى. ئاخىر ئۇ: «ئۆمرۈم بىھۇدە زايا بولۇپ كەتمىسۇن» دەپ ئويلاپ، ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سالدى. ئىسكەندەر جاھان مەملىكەتىنى قولغا ئېلىشقا تۇتۇش قىلغاندا، مەغرىپ زېمىنى ئېلىنماي چالا قالغانىدى. ئۇ يەرنى قولغا ئېلىشنى كۆزلەپ، لەشكەرلەرگە خەير - ئېھسانلارنى قىلىپ، مائاش ۋە راسخوتلىرىنى كۆپەيتتى. ئاندىن كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، لەشكەرلىرىگە يۈرۈش قىلىش پەرمانىنى جار سالدۇردى. ھەرقانداق پادىشاھ يۇرتىنى ئاۋات، خەلقىنى باياشاد قىلسا، ئۇنىڭغا دۈشمەندىن ھېچقانداق ۋەھىمە بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆز خەلقىنى خۇشال قىلمىسا، ئۇنداق شاھنى دۈشمەن ئەمەس، بەلكى ئۆز خەلقى يوقىتىدۇ. خەلق پادىشاھتىن ساخاۋەت ۋە ياخشىلىقنى كۆزلەيدۇ. سىياسەتمۇ ئۆز لايىقىدا بولغىنى ياخشى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر شۇنداق بۈيۈك شاھىنشاھ ئىدىكى، ئۇ شاھلىقنىڭ بارلىق توغرا قائىدىلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى خەير - ئېھسانلار بىلەن خۇشال قىلغاندىن كېيىن، خاقان بىلەن خوشلاشتى. ئۇ چىن ۋە خىتا مەملىكەتلىرىنى خاقانغا قالدۇرۇپ، خاقاننى «ئاتام» دەپ چەكسىز ھۆرمەت قىلغان ھالدا ۋىدالاشتى. لەشكەرلەرنى باشلاپ چىن مەملىكەتىنىڭ سىرتىغا، يەنى مەغرىپ ئېلىگە قاراپ يۈزلەندى. خاقان ھەمراھ بولۇشنى ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەندەر ئۆزرە ئېيتىپ، قوبۇل قىلمىدى، خاقانغا بىرقانچە يوشۇرۇن سىرلارنى ئېيتىپ، ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن قايتۇردى.

ئىسكەندەر مەغرىپ زېمىنىغا بېرىش ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ جەنۇبىغا قاراپ يول ئالدى. ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگە كەلگەندە رايى ھىندىغا ناھايىتى كۆپ ئىززەت - ھۆرمەتلەرنى قىلىپ، ئۇنى ئۆز ئېلىدە قالدۇردى. رايى ھىندى ئۆز شەھرىگە قاراپ يول ئالدى. ئىسكەندەر مەغرىپ دەرياسى تەرەپكە ئات سالدى. ئۇنىڭ قوشۇنلىرى بارلىق ئاپەتلەردىن سالامەت ئۆتۈپ كەجرات مەملىكەتىگە كەلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، شور دەرياسىنىڭ كانارىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن ئارام ئالدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇ يەردىكى بارلىق كېمىلەرنى ئوردا ئالدىغا يىغىپ تەق قىلدى. ئاندىن لەشكەرلەر بىلەن كېمىگە چۈشۈپ، سۇ ئۈستىدە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. ئۇ گاھى كېمە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ يۈرسە، گاھى قۇرۇقلۇقتا دۈچ كېلىپ ئاتلىق يۈردى. شۇنداق قىلىپ زور تىرىشچانلىقلار بىلەن قوشۇنلارنى كۆزلىگەن مەنزىلگە ئېلىپ كەلدى. تەڭرىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ئۇلار مەغرىپ زېمىنى ئىچىگە كىردى. بۇ ئىقلىمنىمۇ قولغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئارغىمىقىنى مىنىپ، نۇرغۇن چوڭ شەھەرلەرنى قولغا ئالدى. بارلىق شەھەرلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئارىغا ئادەم سېلىپ، باج - خىراج بېرىشنى قوبۇل قىلىپ، پەرمانبەردار بولدى. ئىسكەندەر بۇ ئىقلىمنى قولغا كىرگۈزگەندىن كېيىن، رۇم دۆلىتىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ بۈيۈك تاغلار بىلەن ئۇچۇق دەشتلەرنى كېزىپ، ھېچ يەردە توختىماي، مەنزىلمۇ مەنزىل ماڭماقتا، خىلمۇخىل دىيارلارنى بېسىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بىراق بۇ ئىقلىمدا ئا-

جايىپ-غارايىپ نەرسىلەرگە دۇچ كېلىپ، ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن بولۇپ كېتىپ، رۇم شەھىرىگە يۇرۇش تۇسقۇنلۇققا ئۇچراشقا باشلىدى:

ئىسكەندەر بۇ يۇرۇشتە بىر دىيارغا يېتىپ كەلدى. ئۇ دىيارنىڭ باياۋانىغا كەلگەندە، پۈتكۈل دەشتىنى ئىتقا ئوخشايدىغان جانىۋارلارنىڭ قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇ جانىۋارلارنىڭ تولىلىقى چۈمۈلىدىنمۇ زىيادە ئىدى، ئۇنىڭ قول-پۇتلىرى چۈمۈلىگە ئوخشايتتى. لېكىن ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى بىر شىردىنمۇ ھەيۋەترەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئالدىدا شىر، يولۋاسلار بىر چۈمۈلىچىلىكمۇ يوق ئىدى. بۇ مەخلۇقلار ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. ئىسكەندەر تەرەپتىن كىمكى ئالغا قاراپ ئات سالسا، بۇ چۈمۈلە سۈرەتلىك جانىۋارلار ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. چۈمۈلىلەر ھۇجۇم قىلغاندا بولسا، ئىسكەندەرنىڭ ھەر كاتتا باتۇرلىرىنىمۇ يەردىن تىرىپلا ئېلىپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇ يەردىن ئۆتمەسلىك ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە پەرمان بەردى. «ھېچكىم چۈمۈلىلەر تەرەپكە ئات سالمىسۇن» دەپ جار سالدۇردى. ئاندىن ئۇ دىيارنىڭ ئادەملىرىنى يىغىپ، بۇ ھەقتە ناھايىتى كۆپ سۆھبەتلەشتى. كۆپ سوئاللارنى سورىدى.

ئۇ كىشىلەر جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ شۇنداق جايدۇركى، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغان كىشىنىڭ تېنىدە تىترەك ئولىشىدۇ. بۇ باياۋان توغرىسىغا بىر ياغاچلىق يولدۇر. مۇشۇ ئارىلىقتا بۇ چۈمۈلىلەر تۇرۇۋېلىشقان. ئۇلار بۇ يەردە ئالەمگە شورى قىيامەت سېلىشىدۇ. بۇلارنىڭ نېرىسىدا جەننەت بېغىدىنمۇ ياخشىراق بىر ۋادا بار. ئۇ يەردە بىر گۇرۇھ مەخلۇقلار جايلاشقان. بىز ئۇلاردىن داۋاملىق زار-زار قاقشاپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ئالەم ئىچىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر ئەجدىھادەك، ھەر بىرىنىڭ جىسمى بىر زور تاغدەك نامايان بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىگە يۈزلەنگەن گۇرۇھلاردۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ. ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتتە شىر-يولۋاسلاردەك كۈچتۈڭگىر مەخلۇقلارنى چۈمۈلىدەك ناتىۋان قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تىلىنى ئاڭقارغىلى بولمايدۇ. ئاڭقىرىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ دېيىدىغىنى ھاقارەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلاردىن ئون كۈنلۈك يىراقلىقتا يەنە بىر ۋادا كۆرۈنىدۇ. ئۇ ۋادىنى پەلەككە تاقاشقان ئىككى تاغ ئىككى تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ. بىر تاغ قىزىل ئالتۇندىن پۈتكەن. ئۇ قۇياشتەك يالتىراپ كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. يەنە بىر تاغ كۈمۈشتىن پۈتكەن بولۇپ، خۇددى ئايدەك نۇرلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلارنىڭ ھەربىر تېشىنىڭ باھاسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن. بىراق ئاشۇ مەخلۇقلار بۇ خەزىنىگە خۇددى ئەجدىھادەك مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇ مەخلۇقلارنىڭ ئاجايىپ بىر ئادىتى باركى، ئۇلار بىر ئۇخلىسا ئون كۈنگىچە ئويغانمايدۇ، ئويقۇلۇق ۋاقتىدا ھېچقانداق ئىشقا مەشغۇل بولمايدۇ. ئون كۈن توشقاندا يەنە ئۆز ھالىغا كېلىدۇ. شۇ ئويغانغىنىچە يەنە ئون كۈنگىچە ئۇخلىمايدۇ. دەل ئون كۈن توشقان چاغدا يەنە ئويقۇغا

كېتىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىنى بىلەلىسە، ئۇ مەخلۇقلارغا زەربە بېرەلىشىدىن ئۈمىد بار. بىراق ئۇ نېمىلەر ھېچقانداق خەۋپ - خەتەردىن قورقمايدۇ. چۈنكى ئۇلارغا مۇشۇ چۆمۈلىلەر خەۋەر يەتكۈزۈپ، مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ. ئۇ مەخلۇقلار ئاشۇ خەزىنىلەرگە كۆزەتچىلىك قىلىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۈيۈك تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ، بىر ئورۇننى تاللاپ، لەشكەرلەرنى چۈشۈردى. ئۆزى ھۆكۈمالارنى ھۇجرىغا يىغدى. ئۇلارغا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تېپىشنى مۇراجىئەت قىلدى. بىراق ئۇ ئىشلارغا كۆڭۈل قويۇپ پىكىر قىلىدىغان بولسا، تەڭرى تائالانىڭ ئاجىز بەندىلىرىنىڭ ئەقلى لال بولاتتى. بارلىق ئۆلۇما ۋە ھۆكۈمالار ئىلىم - ھېكمەت بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئىلاجىنى قىلالماي ئاجىز بولدى. ھەممەيلەن ھەيرانلىق ۋە بىچارىلىك ئىلكىدە قالدى. ساقىينامە:

كەتۈر، ساقى، ئول رۇھ سەرمايەسىن،
كى مەئدۇم ئېتەي ئەقل پىرايەسىن.
كى قول تۇتمادى ئەقلۇ ھېكمەت ماڭا،
ۋەلې قەسدى جان ئەتتى ھەيرەت ماڭا.
مۇغەننىي، غەرىبانە ئۈن چەك ھەزىن،
كى مەنزىلگە ھىم بولدى مەغرىب زەمىن.
ساچاي باشىڭ ئۈزرە زەرى مەغرىبى،
قۇياش يەرگە مەغرىبىدە ساچقان كەبى.
نەۋائى، چۇ غۇربەتدە سەن شاد بول،
ۋەتەن يادى رەنجىدىن ئازاد بول.
ئەگەر شەرقۇ غەرب ئولسە مەنزىل ماڭا،
نې غەم، كام ئەگەر بولسە ھاسىل ماڭا.

## بۇ ئىستەپ دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ يۈرۈش قىلغان بېلىقلارنىڭ ھېكايىسى.

### ئۇلار لەھەڭگە يەم بولغىنىدا ئۆزلىرىنىڭ سۇدىن ئايرىلغانلىقلىرىنى بىلىشتى.

ھېكمەت دەرياسىنىڭ غەۋۋاسى ماڭا گۆھەر مەسەللىك مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئېيتىپ بەردى:

بىر دەريادا نۇرغۇن بېلىقلار توپى بار ئىدى. ئۇلار ھەمىشە سۇ تېپىش ئۈچۈن تەشنا بولۇپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار سۇغا ئېرىشىشنىڭ ئارزۇسىدا: «سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمى قانداقتۇ؟ ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى بەكمۇ كۆرگۈمىز بار» دېيىشەتتى. ھەممە بېلىقلارنىڭ جىسمى ئاشۇ ئارزۇ - ئارمان ئوتلىرىدا كۆيەتتىيۇ، لېكىن ھېچبىرى سۇغا ئېرىشكەندەك ئەمەس ئىدى. ئاخىر بىر بېلىق ئۆتكۈنگەن ھالدا: «دېڭىز دولقۇنىدا بىر چوڭ ياشلىق لەھەڭ بار. ئۈمىدىم شۇكى، ئۇ بىزگە سۇ بار جاينى ئېيتىپ بېرىپ، بىزنىڭ مۇشكۇللىرىمىزنى ئاسان قىلغۇسى» دېدى. ھەممە بېلىقلار سۇغا يېتىش ئارزۇسىدا دېڭىز تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇلار نۇرغۇن تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق دېڭىز دولقۇنىغا يېقىنلاشتى. ئۇلار دولقۇن ئەتراپىغا يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى پىرقىراۋاتقان پەلەكتەك قاينامنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ يەردىكى دولقۇن ۋە قاينامىلارنىڭ تىك كۆتۈرۈلۈشلىرى سەۋەبىدىن، بې-

لىقلار تەرەپ-تەرەپلەرگە بېرىپ چۈشۈپ،
بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ كەتتى.
ئۇلار قورقىنىدىن تال ياپراقتەك
تىترەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا دېڭىز
قاتتىق چايقالدى. ھېلىقى لەھەڭ پەيدا
بولۇپ، بۇ يەردىكى بىر-بىردىن جۇدا
بولغان بېلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يالماپ
يۇتۇپ، قورسىقىغا يىغدى. ئۇ بېلىقلار
لەھەڭنىڭ قورسىقىغا كىرگەندىن كېيىن،
ئىلگىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ پۈتۈنلەي سۇ
ئىچىدە ئۆتكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما
ھەسرەت-نادامەت قىلغان بىلەن پايدى-
سى بولمىدى. ھەممىسى لەھەڭنىڭ قورسى-
قىدىكى ئوتقا غەرق بولۇپ، كۆيۈپ كەتتى.

شۇنى بىلگىنكى، ھەر بىر ئىنسان-
نىڭ ۋۇجۇدىدا بىر يوشۇرۇن خەزىنە
بار. سېنىڭ تەبىئىتىڭ ئۆزۈڭدىكى بۇ
خەزىنىنى بىلىشكە ئاجىزدۇر. ئۇ خە-
زىنە سەندە پىنھان ئەمەس، بەلكى سەن
ئۇ خەزىنە ئىچىدە يوقالغاندۇرسەن.
لېكىن نادانلىقىڭ تۈپەيلىدىن ئۆزۈڭنى
ئۆزۈڭ چۈشىنەلمەيسەن. سەن ھەسەتخور-
لۇق ۋە تەكەببۇرلۇق قايناملىرىدا ماكان
تۇتساڭ، يوقلۇق لەھەڭگە يەم بولىسەن.
ئۇ چاغدا بۇ ئەھۋال ئايان بولغان
تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىن ساڭا نېمە پايدا.
پەقەت ئەزەلدىنلا ئۆز تىلىكىڭ ئىچىدە
غەرق بولۇپ ئۆتكەنلىكىڭنى بىلىپ
قالىسەن، خالاس. سەن ئاجايىب-غارا-
يىباتلارغا يول تاپىمەن دەپ ئارزۇ
قىلىسەن؟! ئاگاھ بولغىنكى، ئاجايىب-
غارايىباتلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭدە.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بىلگىن-دە،
توغرا يولغا قەدەم قويغىن. ئۇنداق
قىلماي كېيىن نادامەت چەككەنىڭ
پايدىسى يوق.

**ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «ئىنسانىنىڭ ئەسلى مەقسىتى ھەقىقىي ئىدراكتىن خالىيدۇر. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە نېمە ئۈچۈن باشقا جانلىقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى.**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:
— ئىنسان پۈتكۈل مەخلۇقاتلار-
دىن شەرەپلىك ۋە ئەلادۇر. چۈنكى
ئۇنىڭ زاتى ۋۇجۇدىدا تەڭرىنىڭ سىر-
لىرى يوشۇرۇنغاندۇر. بىراق بۇ نۇردىن
ئىنسانىنىڭ كۆزى روشەنلەشمىگەن بول-
غاچقا، ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدىكى خەزىنى-
لەرنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇنى بىلمەيدۇ. شۇنداق
تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ماھىيەت جەھەتتە
ئىنسانلار يەنىلا باشقا مەخلۇقلاردىن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىنسان ئەگەر ئىزدىنىدىغان
بولسا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ تېگى-
ماھىيىتىگە يېتەلەيدۇ، — دېدى ئەرەستۇ
جاۋاب بېرىپ، — شۇڭا ئۇ باشقا مەخ-
لۇقاتلاردىن ئەزىز ۋە شەرەپلىك. ئەمما
باشقا ھايۋانلار بۇنداق سۈپەتلەردىن
خالىيدۇر. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا
يوشۇرۇنغان سىرلار پۈتكۈل جاھان
ئەھلىنىڭ بىلەلەيدىغىنىدىنمۇ كۆپرەكتۇر،
بىراق كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى
ھەققىدە بىلەلىگىنىنى بىلىدۇ، بىلەلمىگىنى

تۇغرىسىدا ئارتۇقچە ئىزدەنمەيدۇ.
ئىنسانلار گەرچە ئۆزىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ، لېكىن تاشقى دۇنيا ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ. مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىمىمۇ ئۇلارنى باشقا جانلىقلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. تەلەپكارلىق رەنج-مۇشەققەتتى ۋە ئېرىشەلمەسلىك شىددىتى ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن ئەزىز ۋە شەۋكەتلىك بولۇشىغا سەۋەب بولغان. چۈنكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرى تېپىلغۇسىز گۆھەردۇر.

**ئىسكەندەرنىڭ چۈمۈلىلەر گۇرۇھىنى ئۇۋلاش ئۈچۈن قوشۇنلىرىنى جەڭ سەپلىرىگە تىزغانلىقى. ئۇ دىۋە سۈپەت گۇرۇھنىڭ ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ قارشى تەرىپىدە سەۋدايىلاردەك سەپ تۈزگەنلىكى. بۇ گۇرۇھ ئىچىدىن بىر پالۋان سەپ ئالدىغا چىقىپ، ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ سەردارلىرىنى ئاجىز قىلغانلىقى. ئۇ چىن كېيىكىدەك گۈزەل، مەھرۇ شىردەك مەيدانغا كىرىپ، ئەجدىھا ئوۋلىغانلىقى. ئىسكەندەرنىڭ ئۇ چىن كېيىكىنى ھەرەم كېيىكى قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوۋلىغان ئولجىسىنى ياخشىلىق بىلەن يەنە قايتا ئوۋلىغانلىقى. ئۇ بېرىپ ئۆز ئوۋلىرىنى ئېلىپ مەجلىسكە كەلگەنلىكى.**

تارىخشۇناسلار بۇ تارىخنى قەغەز سەھىپىسىگە مۇنداق يازدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئاتلىرىنى ھەيدەپ چۈمۈلىلەر دەشتىگە يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئارام ئالدى. ئىسكەندەر ھۆكۈمالار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ مەخلۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئامالىنى كېڭەشتى. ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دېيىشتى:

— لەشكەرلىرىمىزنىڭ تولىلىقى سان - ساناقسىز، پالۋانلىرىمىزنىڭ سانى ھەددى - ھېسابسىزدۇر. لەشكىرىمىز بىر نەچچە روت جەڭ سەپلىرىنى تۈزۈپ، ئۇ چۈمۈلىلەر دەشتىگە چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلغاي. چۈمۈلىلەر توپى ھەرقانچە تولا بولسىمۇ، ئۇلار ھەتتا يولۋاستەك كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلغان تەقدىردىمۇ نېمىگە ئەرزىيتتى. ئاخىر شىر دېگەن شىر، چۈمۈلە دېگەن يەنىلا چۈمۈلىغۇ؟

بۇ مەسلىھەتكە بىنائەن يۈرۈش باشلاندى. ئىسكەندەر لەشكىرىنىڭ تولىلىقىدىن چۈمۈلىلەر گۇرۇھى قورقۇپ، تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كەتتى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ، دىۋە سۈپەت گۇرۇھ تەرىپىگە يۈرۈش قىلماقچى بولدى. ھۆكۈمالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تەڭرىنىڭ نۇسرەت ئاتا قىلىشىدىن ئۈمىدۋار بولدى. قوشۇن بۇ يەرگە يەتكەندە، قۇياش مەغرىبكە يۇشۇرۇندى.

جاهان قاپقارا چۈمۈلىلەر تىوپىدەك قاـ
راڭغۇ بولدى. ئىسكەندەر ۋەھىمە قىلـ
ماستىن ئۇ دەشتتە قونۇشنى قارار قىلدى.
لېكىن چۈۋۈلغان چۈمۈلىلەرنىڭ قايتىپ
كېلىپ، ئۇيىقۇدا ياتقان لەشكەرلەرگە
تالاپەت يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن بىرمۇنـ
چە ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى ئورۇنـ
لاشتۇردى.

ۋاقتىكى، تاڭ ئېتىپ، قۇياش
نامايان بولدى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنى
يىغىپ، سەپ تۈزدى. ئاندىن سۈرەن
سالغۇچىلارنى يىغىپ شۇنداق قاتتىق
چۇقان كۆتۈردىكى، پۈتكۈل ئالەمنى
قىقاس ـ چۇقان ئاۋازلىرى بىر ئالدى.
شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر يەر يۈزىنى قاپلاپ
كەتتى. بۇ دەھشەتلىك سادالاردىن
دۈشمان مەخلۇقلارغا ۋەھشەت ۋە
قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئۇلار: «بۈگۈن
قىيامەت ئاشكارا بوپتۇ» دەپ ئويلىدى.
بۇ ئىشنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن
ھەممىسى يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. ئۇ مەخـ
لۇقلار كۆردىكى، بۇنچىۋالا كۆپ لەشـ
كەر شۇ قەدەر خەتەرلىك چۈمۈلىلەر
دەشتىدىن ئۆتۈپ، بۇ يەرگە يېتىپ كەپـ
تۇ. ئۇلارنىڭ تولىلىقىدىن يەر يۈزى
كۆرۈنمەي قاپتۇ. ئۇلار پۈتكۈل تاغـ
ئېدىرلار ۋە تۈزلەڭلىكلەرنى قاپلاپ
كېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى
ئالەمنى زىلزىلىگە سېپتۇ، بۇ لەشكەرلەر-
نىڭ تۈزگەن جەڭ سەپلىرى پۈتكۈل
ئەتراپىي ئالەمدە نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ.
بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۇ مەخلۇقلارمۇ
دەرھال سەپ تۈزۈپ، جەڭگە تەييار
بولدى. بۇ مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى
دۈڭگە ئوخشاپ كېتەتتى. كەركىداندەك
كۆچلۈك، پىلدەك قامەتلىك ئىدى. ئۇلارـ
نىڭ ھەربىرى بىر ئەھرىمەن دىۋىدەك
ھەيۋەتلىك ئىدى. كۆزى كۆك، ساقالـ
لىرى سېرىق ئىدى. ھەممىسىنىڭ
ماڭلىيىدىن مۈڭگۈز ئۈنۈپ چىققانىدى.
ئۇلار قولۇن، كېيىك ۋە باشقا ھايۋانـ
لارنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشكەنىدى.
يېمەك ـ ئىچمىكىمۇ ئاشۇنداق ھايۋانلارـ
نىڭ گۆشىدىن ئىدى. ئۇلار قوللىرىدا
ئېغىر تۆۋرۈكتەك ياغاچلارنى كۆتۈرۈۋالـ
غان. بۇ ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا تۆمۈر
ئىلمەكلەر بېكىتىلگەنىدى. ئۇلار مۇشۇـ
نىڭ بىلەنلا جەڭ قىلاتتى. باشقىچە جەڭ
قىلىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا
سەپ تۈزۈپ، سىڭ نەپەر مەخلۇق ئىسـ
كەندەرنىڭ لەشكىرى ئالدىدا روبىرو
بولدى. ئۇلاردىن بىرى مەيدانغا چىقىپ،
ئۆز تىلىدا بىرنېمىلەرنى دەپ، قان
تۆكۈش ئۈچۈن پالۋان تەلەپ قىلدى.
بۇ تەرەپتىنمۇ بىر تاش بەدەنلىك تاغ
يارار پالۋان چىقىپ مەيدانغا كىردى.
بۇ پالۋان ئىسكەندەرنىڭ نۇرغۇن جەڭلەـ
رىدە دۈشمەنلەرنىڭ جەڭ سەپلىرىدىن
چاڭ چىقىرىۋەتكەن ۋە ئۇلارنىڭ چاڭـ
توزانلىرىنى پەلەككە يەتكۈزگەنىدى. ئۇـ
نىڭ جىسمىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىمۇ قارشى
تەرەپتىن مەيدانغا كىرگەن مەخلۇقنىڭ
قامىتى بىلەن باراۋەر كېلەتتى. لېكىن
نەرە تارتسا، بۇنىڭ ئاۋازى ئۇ مەخلۇقـ
نىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۆزى
پىلدەك، مىنىدىغان ئېتى بولسا كەركىـ
داندەك ئىدى. پالۋانلار ئارىسىدا ئۇنىڭ
لەقىمىنى «رەئدە»① دېيىشەتتى. چۈنكى
دائىم چاقماقتەك تاش ئارىسىدا تۇراتتى.
پىسە ئۇ ئەركەك شىردەك مەيدانغا كىرـ

① رەئدە ـ ئۇتلۇق ئوقلارنى ئاتىدىغان قورال، ئوت ئاچىدىغان قورال.

گەندە، ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىكى پالۋانمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە يېقىنلاشقان زامان، خۇددى ئىككى تاغ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندەك شىددەت بىلەن جەڭ قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەددى - ھېسابسىز زەربىلەرنى بەرمەكتە، يەنە بۇ زەربىلەرنى ئۆز ماھارەتلىرى بىلەن رەت قىلىشماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇ دىۋە سۈپەتلىك ۋەھشىي مەخلۇق ئىسكەندەرنىڭ پالۋىنىغا ئىلمەكلىك تۇۋرۇكنى سالدى. ئىلمەك مەھكەم بولغانلىقتىن بۇ پالۋاننى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈردى. قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىپ باغلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىپتىنىمۇ ئىلمەك بىلەن تۇتۇپ، دەرھال ئۆز توپىغا ئېلىپ بېرىپ پشۇردى.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ مەخلۇق يەنە ايتىپ كېلىپ، پالۋان تەلەپ قىلىپ ەرە تارتتى. بۇ تەرەپتىن يەنە بىر قورقۇمسىز پالۋان مەيدانغا كىردى. ئۇ پالۋان بېلىگە قىلىچ ئاسقان، قىيا تاشتەك ئاتقا مىنگەنىدى. ئۇ قارىماققا خۇددى تاغ ئۈستىگە مىنگەن ئەجدىھادەك كۆرۈنەتتى. باھادىرلار ئارىسىدا ئۇنىڭ لەقىمىنى «قاقىر» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ مەشرىق زېمىنىنىڭ قىرۋان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغانىدى. بۇ پالۋان ئۇ ئەھرىمەن سۈپەت ۋەھشىي مەخلۇققا قاراپ ئات سالدى. ئۇ مەخلۇق بۇ پالۋاننى كۆرۈپ ئانچە كۆزگە ئىلمىدى. دۈشمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى: گاھ ئۇ تېگىش قىلىپ بۇ يېنىپ، گاھ بۇ ھۇجۇم قىلىپ ئۇ چېكىنىپ، ۋە گاھى ئۇ قوغلاپ بۇ قېچىپ، يەنە گاھىدا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ ئۇزۇن - ئۇزۇن جەڭگى - جېدەللەرنى قىلىشتى، بىر - بىرلىرىنىڭ دەھشەتلىك زەربىلىرىنى شىددەت بىلەن رەت قىلاتتى. ئاخىر ئۇ ۋەھشىي مەخلۇق ئۇ پالۋاننىڭ كېيىمىگە ئىلمەك سېلىپ، يەرگە يىقىتتى، قولىنى مەھكەم باغلاپ، ئۆز تائىپىسىگە ئاپىرىپ تاپشۇردى. ئاندىن يەنە دەرھال قايتىپ كېلىپ، جەڭ قىلىش ئۈچۈن پالۋان تەلەپ قىلدى. بۇ تەرەپتىن يەنە بىر پالۋان جەڭ مەيدانىغا ھازىر بولدى. بىراق ئۇنىمۇ يۇقىرىقى ئىككى پالۋاننى يىقىتقاندەك يىقىتىپ، باغلاپ ئەسىر قىلىۋالدى. يەنە بىرى مەيدانغا كىردۋىدى. ئۇنىمۇ باغلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەخلۇق ئىسكەندەر قوشۇنىدىن ئون ئۈچ داڭلىق پالۋاننى باغلاپ ئېلىپ كەتتى. يەنە نۇرغۇن ئاددىتتىكى پالۋانلارمۇ ئۇنىڭ قولىغا ئەسىر چۈشتى. ھەرقانداق پالۋان مەيدانغا كىرسە، ئۇنىڭ ئۇ مەخلۇقنىڭ بويىنى ۋە قولىغا چۈشۈپ ئالدىدا ئاجىز ۋە بىچارە ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ مەخلۇق مەيدانغا چۈشۈپ، يەنە كۈچ سىنىشىشقا پالۋان چاقىردى. بۇ ئىشتىن بارلىق لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشتى. ھېچكىم مەيدانغا كىرىشكە پېتىنالمىدى. بۇ ئەھۋالدىن ئىسكەندەر تىت - تىت بولماقتا ئىدى. دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئىسكەندەرمۇ ئۆز پالۋانلىرىغا مەيدانغا چۈشۈشكە بۇيرۇق بېرەلمىدى. ئۇ ۋەھشىي دىۋە سۈپەت مەخلۇق بۇ تەرەپكە قاراپ ھەر خىل ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلماقتا ئىدى.

ئىسكەندەر بۇ يەردە لومۇستىن يېڭىلگۈ-
دەك بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەنـ
دەرنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئەندىشە
قاپلىۋالدى. «بۇ شۇمتەكلەردىن بىرى
مەيدانغا چۈشۈپ مۇنچە ئىشلارنى قىلدى.
ئەگەر ھەممىسى بىراقلا باستۇرۇپ كەلسە
قانداقمۇ قىلارمىز» دەپ ئەنسىرىمەكتە
ئىدى. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە يۈز مىڭ-
لىغان پىكىر - خىياللار كەلمەكتە ئىدى.
شۇڭا ئىسكەندەر ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ،
ئۇ مەخلۇققا سىيلىق، سىپايە سۆزلەرنى
قىلدى. لېكىن ئۇ مەخلۇق پەيلىدىن
يانماي بارغانسېرى ئەۋزەلەپ نەرە تار-
تىشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا بىر چەبدەست
پالۋان ئات ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى.
ئۇ يۈزىگە چىن ئېلىنىڭ نىقابىنى
تارتقانىدى. گويا كۆك ئاسماندىكى
قۇياشتەك كۆك تۆمۈر ئىچىگە غەرق بول-
غانىدى. ئاسماندىكى ئايدەك، يەردىكى
سىمابتەك جەۋلان قىلماقتا ئىدى. ئۇ
ئېتىغا چىن يۇپۇقىنى يېپىپ، قولىدا
يىلاندەك چىرماشقۇچى سالمىنى ئوينى-
تىپ، دۇبۇلغىسى ئۈستىگە چىنچە پۆپۈك
چىگىپ، ئات چاپتۇرۇپ، مەيداندا قان
تۆكۈش ھۈنەرلىرىنى نامايان قىلدى.
ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇ
مەخلۇققا ماراپ ئېتىلدى. لېكىن ئۇنى
ئىسكەندەر باشلىق سىپاھ ۋە لەشكەرلەر-
دىن ھېچكىم تونۇمىدى. بارلىق كىشىلەر
ئۇنىڭ ياش جېنىغا ئىچ ئاغرىتىپ،
كۆڭلىدە ئاھ ئۇرۇشتى. بۇنداق زىبا
يىگىتنىڭ دۈشمەن قولىدا ھالاك بولىدى-
غانلىقىنى ئويلاپ ھەسرەت چېكىشتى.

ئۇ «يىگىت» مەيداندا ئۆزىنىڭ قارشى
تەرىپى بىلەن شۇنداق تۇتۇشتىكى، ئات
ئايىغىدىن چىققان چاڭ - توزانلار پۈتكۈل
ئاسماننى قاپلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چەب-
دەسلىكى ۋە چاققانلىقى، جەڭ ئىشلىرى-
دىكى ماھارىتى بىلەن دۈشمان مەخ-
لۇققا قورقۇنچ سالدى. ئىلمەكلىك
تۇۋرۇكتىن ئۆزىنى يەم بىلەن ئاسراپ،
قارشى تەرەپكە ھە دەپ زەربە بېرىشكە
باشلىدى. ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە
خۇددى بۇ مەككار پەلەكتەك ھىيلە-
مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ، گاھ چاقپەلەك-
تەك چۆرگىلەپ، گاھى ئالدى - ئارقىغا
سۈرۈپ، گاھ ھۇجۇم قىلىپ، گاھ ئۆزىنى
ھىمايە قىلىپ خېلى ئۇزۇن ئېلىشتى.
قارشى تەرەپ بۇ «يىگىت»نىڭ چاققانلىقى
ۋە كۈچ - قۇدرىتىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ،
تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. «يىگىت»
ئەپچىل پۇرسەتنى تېپىپ چىرماشقۇچ
سالمىنى دۈشمەننىڭ بېشىغا
تاشلىدى. سالما بېرىپ
ئۇنى مەھكەم باغلىۋالدى. ئاندىن ئاتتىن
تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ جىسمىنى قارا
تۇپراققا ئۇرۇپ، خارۇ زار قىلغان ھالدا
ئىسكەندەر تەرەپكە قاراپ سۆرەپ، تېنىنى
ناتىۋان قىلدى. ئاتقا دەسسىتىپ، يارىلان
دۇردى. ئىسكەندەر ئالدىغا يېتىپ كەل
گەندە «يىگىت» ئېتىدىن خۇددى قاۋۇل
شىردەك سەكرەپ چۈشۈپ، تەزىم بەج
كەلتۈردى ۋە ئۇ مەخلۇقنى توپا-چاڭلا
ئارىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزۇپ ئىسكەندەر
گە تاپشۇردى. ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن ئىن
تايىن خۇشال بولۇپ، كۆڭلىنى غەم - ئەن
دىشىدىن پاك قىلدى. ئىككى تەرەپ جەڭ
قىلىشنى توختاتتى. ئىسكەندەر لەشكەر

...رىنى ئۆز ئورنىغا چۈشۈرۈپ، ئارام ئې-
...شقا ئورۇنلاشتۇردى. جەڭنىڭ چاڭ - تو-
...انلىرىدىن يۇيۇنۇپ پاك بولغاندىن كې-
...ىن كەچلىك بەزمىنى باشلىدى. ئىسكەندەر
...ەزمىگە بۇگۈنكى جەڭدە دىۋە سۈپەت
...ەخلۇقنى تۇتۇپ، زەپەر قۇچقان زىبا
«يىگىت» نى چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

ئۇ «يىگىت» ئىشىكتىن كىرىش بى-
لەنلا بارلىق سورۇن ئەھلى ئۇنىڭغا ئا-
پىرىن ۋە مەدھىيەلەرنى ئېيتىپ مۇبارەك-
لەشتى. ئىسكەندەر ئۇ «يىگىت» نىڭ بوي-
نىدىن قۇچاقلىدى. «يىگىت» ئىسكەندەر-
نىڭ ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلدى، يۈزلى-
رىنى يەردە قويۇپ، ئىتائەتمەنلەرچە تە-
زىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا
ھېسابسىز ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ
...شىدىن لەئل - جاۋاھىرلارنى چاچتى.

— ئەي ۋەھشىيلەرنى ئوۋلاپ،
دۈشمەنلەرنى ئەسىر قىلغۇچى نىقابلىق
يىگىت، — دېدى ئىسكەندەر ناھايىتى مۇ-
لايىملىق بىلەن، — يۈزۈڭنى ئېچىپ، ئۆ-
زۈڭنى ئاشكارا قىلغىن. ھەممىمىز چېھ-
رىڭنى كۆرۈشكە ئىنتىزارمىز.

«يىگىت» يۈزىدىن نىقابنى ئالغانىدى،
خۇددى يەر تېگىدىن قۇياش تۇغقاندەك
بولدى. ئىسكەندەر ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا
تونۇدى. ئۇ ئىسكەندەرگە خاقان تەقدىم
قىلغان چىن قىزى، خوتەن گۈزىلى مەھرۇ
ئىدى. خاقان ئۇنى چىن ئەينىكى بىلەن
بىللە ئىسكەندەرگە سوۋغات قىلغانىدى. خا-
قان ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل ھۆسن-
جامالىنى، مىسلىسىز يېقىملىق ئاۋازىنى،
ساز چېلىشتىكى يۈكسەك ماھارىتى ۋە
جەڭ ئىشلىرىدىكى ئاجايىپ شىجائىتىنى
ماختاپ بەرگەندە، بۇ سۆزلەر ئىسكەندەر-
نىڭ قۇلىقىغا ئانچە خۇش ياقماي بۇ گۈ-
زەل پەرىزاتقا پەرۋا قىلمىغانىدى. دەرۋەقە
ئۇ ھۆر سۈپەت قىز ھۆسن - جامالدا
تەرىپلىگەندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق
ئىدى. بىراق ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى
كارامىتىنى تېخى ھېچكىم كۆرۈپ
باقمىغانىدى.

ئۇ پەرىمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە
پۇرسەت كۈتۈپ كېلىۋاتاتتى. قاچانىكى
جەڭ بولۇپ، ئىككى قوشۇن قاتتىق
تىركەشكەندە، مەيدانغا پىداكار بولۇپ
چۈشۈپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا ھۈنەر-
ماھارەتلىرىنى ئاشكارا قىلماقچىدى.
ئۇ بۈگۈن دەل پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەن-
لىكىنى، ئىسكەندەرنىڭ قوشۇنىغا خەۋپ
يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، مەيدانغا چۈشتى-
دە، كەسكىن ئېلىشىش ئارقىلىق، دۈشمەننى
ئەسىر ئالدى. ئىسكەندەر خاقان تەقدىم
قىلغان بۇ ئاپتاپ تەلئەت پەرىگە تەگرى-
نىڭ بۇ قەدەر ئۇلۇغ خاسىيەتلەرنى ئاتا
قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ياراتقۇچىغا شۈكرى-
سانا، يارالغۇچىغا ئاپىرىن ئېيتتى.

— جامالىغا نىقابنى ياپسۇن، — دېدى
ئىسكەندەر ئۇ پەرىگە پەرمان قىلىپ، — چۈن-
كى كېچىدە قۇياش تۇغمايدۇ. بۇ يەردە
تۇرماي مېنىڭ خاس ھۇجرامغا كىرىپ
ئارام ئالسۇن.

مەھرۇ گوياكى تۈننى يورۇتقۇچى
شامدەك، ئىسكەندەرنىڭ مەخسۇس ھۇجرى-
سىدىن ئورۇن ئالدى.

ئىسكەندەر بەزمىنى قىزىتىپ، مەي
ۋە مۇزىكا ئارىلاشقان شادلىق سورۇنىنى
بەرپا قىلدى. ئۇ كەيكاۋۇس ۋە رۇستەم
قائىدىسى بويىچە زىياپەت ھازىرلاپ، مەي
ئىچىشكە باشلىدى. ئىسكەندەرنىڭ مېڭى-

لىرى شارابىنىڭ تەسىرى بىلەن قىزىشقا باشلىدى. مەي ئۇنىڭ پۈتكۈل جىسمىنى ئىلكىگە ئالدى. شۇندىن كېيىن ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ:

— بۈگۈن ئەسىرگە چۈشكەن دىۋە سۈپەت باتۇرنى بەزمىگە ھازىر قىلىڭلار! — دېدى.

ئەسىرگە چۈشكۈچى ئېلىپ كىرىلدى. ئۇنىڭدەك قەددى - قامەت ۋە ھەيۋەتلىك قىياپەت ھېچكىمدە يوق ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدەنلىرى باغلىنىپ، خارۇ زار بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەزاسىدىن غول ۋە زەنجىرلەرنى ئالدۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭغا تەخت يېنىدىن ئورۇن بەردى. ناھايىتى كۆپ تائاملارنى كەلتۈرۈپ، نازۇ نېمەتلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلدى. جاملاردا مەي كەلتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلدى. ساقىي بىر قانچە نۆۋەت يېنىش - يېنىشلاپ مەي تۇتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىسكەندەرنىڭ ئىلتىپاتىدىن چەكسىز سۆيۈندى. بۇ كەيانىي قەدەھتىن ئۇنىڭ چېھرىغا يۈز مىڭلارچە خۇرسەنلىك يۈزلەندى. ئۇ پالۋان ئىسكەندەر ھەربىر ئىلتىپات قىلغاندا بىر قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا باش قوياتتى. ئىسكەندەرمۇ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ بويىنغا ئىلتىپات سىرتمىقىنى سېلىپ، باغلىۋالدى. ئۇ پالۋان مەي ئىچىپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنداق دېدى:

— مەن ئەجدادىمدىن تارتىپ ۋەھشىيلىك بىلەن كۈن كەچۈرۈپ كەلگەن. سېنىڭ مەدھىيە - ماختاشلىرىڭنى ئادا قىلىشقا تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. بىراق ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا سۆزۈم بار. ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ، ئۇنى بايان قىلماقچىمەن.

— ھەرقانداق سۆزۈڭ ۋە ئارزۇيۇڭ بولسا، تارتىنماستىن ئېيتقىن، — دېدى ئىسكەندەر.

ئۇ ۋەھشىي پالۋان ساقىي ئۇزارتقان مەينى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئۆز مۇددىئاسىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— سەن ماڭا ناھايىتى كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتىڭ، ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە، تاكى ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە خىزمەت قىلىشقا تەييارمەن. جانابىڭدىن بىردەم ئايرىلمايمەن ۋە ساڭا زىت كېلىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. شۇنى بىلگىنكى، مەن بۇ يەردىكى مەخلۇقلارنىڭ پادىشاھىمەن. ئۇلارنى كېچە - كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىپ ئاسرايمەن. سېنىڭ لەشكەرلىرىڭنىڭ چۈمۈلىلەرنى يەڭگەنلىكى ۋە سان جەھەتتە باياۋاندىكى چۈمۈلىلەردىن نەچچە ھەسسە زىيادە ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، سەندىن قورقمىغا
زىيان - زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن دەپ
ئۆزۈم مەيدانغا چۈشۈپ، سەن كۆرگەن
ئىشلارنى سادىر قىلدىم. ئەمدى ماڭ
بەخت - سائادەت يار بولۇپ، ساڭا ئەسى
چۈشۈپتىمەن. ماڭا سىياسەت قىلمىغىنى
سورىمەستىن، بەلكى مۇنچىۋالا ئىنايەت ۋ
ياخشىلىقلارنى قىلدىڭ. ئەگەر ئىجازەت
بەرسەڭ ئوردامغا قايتىپ، ھايال ئۆتمەي
يەنە ئالدىڭغا كېلىمەن. چۈنكى خەلق
ۋە قوۋم - قېرىنداشلىرىم شۇ تاپتا ماڭ
ھازا ئېچىپ، ماتەم بىلدۈرۈۋاتقان بولۇش
مۇمكىن. ئۇلارغا سېنىڭ مەردانىلىقىڭن
ۋە سېخىيلىقىڭنى ئېيتىپ، ھەممىسىنى
خۇرسەن ۋە خاتىرجەم قىلىپ قويۇپ كېلەي

ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ
قايتىشقا ئىشارەت قىلدى. ئۇ پالۋان
يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن، ھەي-
ۋەتلىك شىردەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆز-
ىنىڭ مەنزىلىگە يۈرۈپ كەتتى. ئىسكەندەر-
نىڭ بۇ ئىشنى كۆرۈپ، سورۇندىكىلەرنىڭ
ھەممىسى بىر قىسما بولۇپ قالدى. چوڭ-
كىچىك ھەممەيلەن كۆڭلىدە بۇ ئىشقا قو-
شۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم سۆز-
لەشكە پېتىنالمىدى. ھۆكۈمالارمۇ بۇ ئىش-
تىن ئەجەبلىنىپ قېلىشتى. لېكىن ئىس-
كەندەر ئۇ خىل ئەندىشىلەرگە پەرۋا قىل-
مىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا شاد ۋە خۇ-
شال ئىدى. چۈنكى ئۇ بەخت-تەلىيى
بېشارەت بەرگەن ئىشنى قىلغانىدى. شاھ-
نىڭ بۇ ئىشىدىن بەزمە ئەھلىنىڭ ھەر-
ى بىر خىل گۇمان قىلماقتا ئىدى. ئۇ-
ر خىلمۇ خىل ئەندىشىلەر بىلەن تالاش-
ارتىش قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ پالۋان
يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەسىر ئېلىۋالغان
پالۋانلارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بىللە
ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئەسىرلەرنى ئىس-
كەندەرگە تاپشۇرۇپ، قۇلىقىنى تۇتۇپ،
يۈزىنى يەرگە قويۇپ، قۇللاردەك باش
ئېگىپ تۇردى. ئىسكەندەر بۇ ئەھۋالدىن
ھەددى-ھېسابسىز خۇشال بولدى. ئۇ
پالۋانغا ناھايىتى كۆپ ئىنئام-ئېھسانلار-
نى قىلدى. ئەسىرگە چۈشكەن پالۋانلارغا
بەزمە سورۇنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ،
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ
مۇناسىۋىتى بىلەن ئىسكەندەر بۇ پالۋانلارغا
نەزەر سالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۈ-
گۈن ئەسىرگە چۈشكەن پالۋانلارلا ئەمەس،
بەلكى ئىلگىرى دارا بىلەن بولغان ئۇرۇش-
تا تۇتۇپ كېتىلگەن بارىق بەربەرىمۇ
بار ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭ بىلەن قۇ-
چاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن ھەممە پال-
ۋانلارغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ۋىسال
شادلىقىدىن بەھرىمەن قىلدى. ھەممەيلەن
ئۇچرىشىش خۇشاللىقىدا چۇرقىرىشىپ كې-
تىشتى. بۇ ئاخشام ھەممەيلەن خۇشال-خۇ-
رام يەپ-ئىچىشىپ، ئۇخلاپ قېلىشتى.

ساقىينامە:

ئاياقچى، بۇ دەم تۇت ماڭا بىر ئاياغ،
كى ھىجراندىن ئولدى مۇشەۋۋەش دىماغ.
زەمانى بولۇپ دەفئ قايغۇ داغا،
ھەگەر سائەتى كەلگەي ئۇيقۇ داڭا،
مۇغەننىي، سورۇدى ۋىسال ئەيلە ساز،
كى ھىجراندا كۆپ تاپتى جانىم گۇداز.
ئانىڭدەككى ئول قەۋم تاپتى ۋىسال،
ماڭا ھەم نەسىپ ئەيلەگەي زۇلجەلال.
نەۋائىي، ۋىسال ئادەمى كامدۇر،
ھەياتى ئەبەد ۋەسل ئەييامدۇر.
قاچان ۋەسل تاپساڭ نەسىپ، ئاسرادەم،
ئەگەر بىردەم ئولسۇنكى، تۇت مۇغتەنەم.

**مەجنۇننىڭ ھېكايىسى. ئۇ پىراق تېغىنىڭ ئېگىزلىكى تۆپەيلىدىن ئۆزىنى**
**تاغدىن تاشلىماقچى بولدى. پىراق لەيلىنىڭ خېتى ئۇنىڭ قولىدىن،**
**خەت ئېلىپ كەلگۈچى كىشى كەمەرلىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى**
**تاشلىغىلى قويمىدى.**

مەجنۇن نەچچە مەزگىل ئىشق ۋە
پىراق ئوتىدا كۆيۈپ، پىشىپ يۈردى.
چۈنكى ئۇ لەيلىدىن ئايرىلىپ، ياردىن
يىراقتا قالغانىدى. جۇدالىق دەردلىرىدىن

ئۇنىڭ تېنى سىزىپ، ياداپ كەتتى. پىراق تېغىنىڭ ئېغىر يۈكى ئۇنىڭ ئاجىز جىسمىنى باستى. ئۇ يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يالقۇنجاپ كۆيگەنلىكى تۈپەيلىدىن بۇ غەملىك جېنىدىن تويغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھىجران ئازابىدا چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. جۇدالىق كۈلپەتلىرى ئۇنى ھالاك قىلىشقا يېقىنلاشقانىدى. مەجنۇن ئاخىر بىر كۈنى نەجد تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇ مۇشۇ تاغدىن ئۆزىنى پەسكە تاشلاش ئارقىلىق بۇ ئازابتىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىشنى جۇدالىققا ئەسىر بولغاندىن، ھىجران ئازابىدىن كۆپ ياخشى دەپ بىلدى. ئۇ قىيا ئۈستىگە كېلىپ ئۆزىنى تاشلىماقچى بولۇۋاتقاندا، بىر خەۋەرچى ئۇنىڭغا لەيلىنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ لەيلىنىڭ يازغان خېتىنى مەجنۇنغا بەردى. بۇ خەت ئۇنىڭ كۆيۈك ئازابىنى بىر ئاز پەسەيتتى. مەجنۇن ئۇ خەتنىڭ خۇشاللىقىدا ئۆز كۆڭلىنى، تاغنى ۋە قىيانىمۇ ئۇنتۇدى. ئۆزىنى تاشلىماقچى بولغانلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقاردى. ئۇ خەت مەجنۇننى ئۆلۈمدىن ساقلاپ، ئۇنىڭ جېنىنى قوغداپ قالدى. مەجنۇن شۇ خەت بىلەن نەچچە يىل كۆڭلىنى خۇشال تۇتتى. چۈنكى ئۇ خەت مەجنۇننىڭ جېنىغا باغلانغانىدى.

بىر پارچە خەت ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالىغان يەردە، ۋىسال پەيتى كىشىگە مەڭگۈلۈك ھايات بەخش ئەتسە ئەجەب ئەمەس.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «يالغۇزلۇق جەم بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ. جامائەت ئارىسىدا بولۇش بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن ھىجران ئۈستىدىن شىكايەت قىلىنىپ، ۋىسال مەدھىيىلىنىدۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى.**

ئىسكەندەر دانىشمەن ئەرەستۇدىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي ھېكىم، جەمئىيەت غوۋغاسىغا ئارىلىشىشنى دانا كىشىلەر ئانچە ياقتۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلار جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشنى بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارىدىغان سەۋەب دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئەقىل ئەلدىن يىراقراق تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقىل - ئىدراك ھىجرانغا مايىل بولىدۇ. بىراق نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى ۋىسالنى بەك ياقتۇرىدۇ؟

ئەرەستۇ چوڭقۇر ئويلىغاندىن كېيىن ئىسكەندەرگە مۇنداق ھېكمەتلەرنى بايان قىلدى:

— ئەقىل گەرچە جامائەتكە ئارىلىشىشنى مەنئى قىلسىمۇ، لېكىن ئىشق ساھەسىدە ئەقىلنىڭ ھۆكمى ئۆتمەيدۇ. چۈنكى ئەقىل ئىشقنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىشق - مۇھەببەت قايسى ئىشنى مۇۋاپىق كۆرسە، ئۇنىڭغا ئەقىل - ئىدراك توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. توسقۇنلۇق قىلغان تەقدىردىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. خالايىققا ھەممە ئىشتا ئەقىل - ئىدراك شۇ قەدەر يولباشچى بولىدۇ. ئەمما ئۇلارغا ئىشق - مۇھەببەت

غوۋغاسى چۇشسە، ئەقىل قوشۇنى ئىشق لەشـ
كىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پايىمال بولىدۇ.
ئىشق بارچە ئىشتا ھۆكۈمران ئورۇنـغا
ئۆتىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ھەمىسىگە
ئايانكى، ئىنسانغا جاندىن ئەزىزرەك نەر-
سە يوقتۇر. لېكىن ئىشق ساھەسىدە بولـ
سا ئاشىقلار جانانىنى ئۆز جېنىدىنمۇ
ئارتۇقراق ئەزىز بىلىدۇ. گەرچە جاندىن
ئايرىلىش ئۆلۈمگە ئېلىپ بارسىمۇ، لېكىن
جانانىدىن ئايرىلىش ئۆلۈمدىنمۇ يامانراق
ئازابتۇر. بەدەن جاندىن ئايرىلىدىغان
چاغدا ئۇ كىشىنىڭ جىسمى ۋە تەبىئىتىگە
ناھايىتى كۆپ مۇشەققەتلەر يۈزلىنىدۇ.
چۈنكى كىشىلەر ئۆز ھاياتىنى، جېنىنى
شۇ قەدەر سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ. ئەگەر
ئاشۇ ئادەت بويىچە بىر كىشى يەنە بى-
راۋنى ئۆز جېنى ۋە جىسمىدىنمۇ ئارتۇق-
راق سۆيسە ۋە ئەزىز بىلسە، ئۇنىڭ بى-
لەن دائىم بىللە بولۇشنى ئىستىشى
تەبىئىي. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئۆ-
لۈمدىنمۇ ئېغىرراق ئازاب دەپ بىلىشى
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

ئەرەستۇدىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئىس-
كەندەر ئۇنىڭغا قايىل بولۇپ ئاپىرىن ئېيتتى.

**ئىسكەندەرنىڭ مەغرىپ دىيارىنى ئالغاندىن كېيىن، رۇمغا قاراپ يۈرۈش قىلغىنىدا،**
**قىرۋان ناھىيىسى خەلقىنىڭ يەجۇج-مەجۇجلەرنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلغانلىقى.**
**ئىسكەندەرنىڭ بۇ بالا-قازايۇ چۇقىنى ئېتىش ئۈچۈن، سېپىل لايىھەسىنى تۈزگەنلىكى.**
**ماھىر بىناكارلار ۋە ھەندەسە (گېئومېترىيە) نى پىششىق بىلىدىغان تاشچىلارنىڭ ئوت-**
**تەك چاقناپ تۇرغۇچى ئۆلچەملەر بىلەن سېپىل ئورنىغا رەڭ تۆكۈپ بەلگە سالغان-**
**لىقى. ئاتارۇتتەك نازۇك پىكىرلىك ئۇستىلار ۋە زۇھەلكەبى ماھىر تۆمۈرچى-**
**لەرنىڭ گەج ئورنىغا ئېرىتىلگەن قەلەي- قوغۇشۇن، ئاھاك ئورنىدا سىلىقلاپ**
**يالتىرىتىلغان پولاتلارنى ئىشلىتىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىنى پەلەك**
**گۈمبىزىگە يەتكۈزگەنلىكى.**

مۇبارەك پىكىرلىك كاتىپ قەغەز كا-
پۇرى ئۈستىگە سىياھ ئىپارلىرىنى مۇنداق
تۆكتى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنى-
نىڭ ھەممىسىنى ئالدى. ئۇ ئاجايىپ دۇۋە
سۇپەت گۇرۇھنىڭ ئەسىر بولغان جانلىرىغا
ئىسكەندەرنىڭ كەڭچىلىك ۋە مەرھەمەتلىـ
رى ھىماتچى بولدى. ئۇلار ھەممىسى ئىتا-
ئەت قىلىپ، شاھىدىن پۇقرالىرىغىچە ھەم-
مىسى ئىسكەندەرگە قۇل بولۇشنى قوبۇل كۆ-
رۈپ، پەرمانبەردار بولدى. ئاندىن كې-
يىن ئىسكەندەر:

— لەشكەرلەر چۆمۈلىلەرنى ھالاك قى-
لىش ئۈچۈن سەپ تۈزۈپ، چۆمۈلە دەشتىگە
قاراپ ئاتلانسۇن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ شۇنداق
يوقاتسۇنكى، ئۇ دەشتتە چۆمۈلە تائېپىسى-
دىن بىرىمۇ تىرىك قالمىسۇن، — دەپ پەر-
مان قىلدى.

— ئەي پەلەكتەك شەۋكەتلىك پادى-
شاھ، — دېدى دىۋە سۇپەت مەخلۇقلا.

ئىلتىجا قىلىپ، — ئۇ چۈمۈلىلەر بىزنىڭ
كۆزەتچى - قاراۋۇللىرىمىزدۇر. ئۇلار بول-
مىسا بىزنىڭ ماكانىمىز خەۋپ - خەتەردىن
ئەمىن بولالمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئەھۋا-
لىمىز ئاجايىپ - غارايىپراق. بىر ئويغان-
ساق ئون كېچە - كۈندۈزگىچە ئۇخلىماي
ھەر تەرەپلەرگە بېرىپ، ھەممە ئىشلارنى
قىلىمىز. ئەمما بىر ئۇخلىساق ئون كېچە-
كۈندۈزگىچە ئويغانمايمىز. بۇنداق چاغدا
بىز ھېچ نەرسىنى سەزمەيمىز. ئۇ چۈمۈ-
لىلەر بىز ئۇيقۇغا كەتكەندە بۇ قورغانغا
كۆزەتچىلىك ۋە مۇھاپىزەتچىلىك قىلىدۇ.
مەيلى ئوك، مەيلى سول تەرىپىمىزدىن
بولسۇن ھېچقانداق مەخلۇقنى بىزگە يې-
قىن يولاتمايدۇ.
ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن
كېيىن، چۈمۈلىلەرنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپ
ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە يارماس بولدى، لېكىن
ئالتۇن، كۈمۈشتىن پۈتكەن ئىككى تاغنى
كۆرۈشكە يارماقچى بولدى. بۇ مۇددىئانى
ئۇققان دىۋە سۆپەت گۇرۇھ ئىسكەندەرگە
دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ مۇنداق دېدى:
— ئەي پادىشاھ، بۇ خىيالنى قويغىن،
ئۇ يەرگە بېرىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ
يەردىن ئۇ تاغقا بارغۇچىلىك ئۈن كۈن-
لۈك مۇساپە بار. بىز ئۇ تاغنىڭ بار يې-
رىنى بىلىمىز. ئۇنى بېرىپ كۆرەلىسەكمۇ،
لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئې-
رىشەلمەي يېنىپ كېلىمىز. بىزنىڭ ئەج-
دادلىرىمىزمۇ ئۇ يەردىن ھېچبىر مۇرادى-
نى ھاسىل قىلالماي ھەسرەت بىلەن ئا-
لەمدىن ئۆتكەنىكەن. چۈنكى ئۇ يولدا
بارغان كىشىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈز-
دىغان ھېسابسىز خەتەرلەر بار. يەتتە كۈن-
لۈك يولدا مۇتلەق سۇ تېپىلمايدۇ. ھېچ-
قانداق گىياھنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.
ئەگەر ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ ئۇ زەھەرلىك
گىياھتۇر. ئۇ يەردە ئۆتتەك قىزىق شا-
مال چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ شامالنى «بادى
سەمۇم» (ھالاكەتلىك قىزىق شامال) دەپ
ئاتىشىدۇ. بۇنداق شامال تېگىپ كەتسە
يۈز جان بولغان تەقدىردىمۇ بىرى ئامان
قالمايدۇ. يەنە قالغان ئۈچ كۈنلۈك يول
پايانسىز دەشت - باياۋاندۇر. ئۇ دەشتتى-
كى يىلان - چايانلارنىڭ ھەددى - ھېسابىنى
تەڭرى تائالادىن ئۆزگە ھېچ كىشى بىل-
مەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىككى
تاغنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ساقلايدۇ.
ھەرقانداق ئادەملەرنىڭ كۆزى ئۇ يى-
لانلارغا چۈشىدىغان بولسا، شۇ ھامان
جان بېرىدۇ. ھېچكىم بۇ ھالاكەتتىن
قۇتۇلالمايدۇ. بۇنداق بالايىئاپەتلەردىن
سالامەت ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.
ئۇلار سۆزلىرىنى مۇشۇ يەردە تۈ-
گەتتى. ئىسكەندەر ئۇ تەرەپكە بېرىشتىن
ۋاز كەچتى.
— بىزنىڭ ئۇ تەرەپكە بېرىشتىن مەق-
سىتىمىز ئالتۇن - كۈمۈش ئەمەس، بەلكى
تاماشا قىلىش ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يولى
بۇ قەدەر خەتەرلىك بولسا، ئۇ يەرگە بار-
مىغىنىمىز ياخشى، — دېدى ئىسكەندەر بۇ
تاماشىدىن يالتىيىپ.
ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن بۇ يەر-
دىكى خەلقلەرگە ناھايىتى كۆپ ئىلتى-
پاتلارنى قىلىپ، ئۇلارنى ئۆز قورغانلىرىغا
ياندۇردى. ئەمما، ھەيۋەت - ھەشەمەت
ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرنەچچە كىشىنى مۇلا-
زىم قىلىپ، ئاسراپ ئېلىپ قالدى. ئۇ-
لارنى ئۆز ئىشىكىنى ساقلاشقا قويدى.
ئەلقىسسە، ئىسكەندەر مەغرىپ زېمى-

مىنى ئېلىپ، ئاۋات قىلغانىدىن كېيىن،
يەنە شىمال تەرەپكە قاراپ يۈرۈش
قىلدى. بۇ يۈرۈشتىن مەقسەت تاغ - دەريا
ۋە چۆل - باياۋانلارنى كېزىپ، رۇم شەھە-
رىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈركىي
چىنىنىڭ پەرىسى، خوتەن كېيىكى، مەيـ
دانغا كىرگىنىدە شىر، يولۋاسلارنى ئاجىز
قىلغۇچى گۈزەل قىز مەھرۇنىڭ ئىشق -
مۇھەببىتى ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىدىن ئو-
رۇن ئالدى. ئۇ پەرىنىڭ چاچلىرى سىرت-
ماق بولۇپ ئىسكەندەرنىڭ بوينىغا چى-
گىلدى. ئىسكەندەر ئۇنى جان - جېنىدىن
ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ يول بويى
مەھرۇ بىلەن مەي ئىچىشىپ، ئۆز دىيارى
بولغان رۇمغا خۇشال - خۇرام هالدا كېتى-
ۋاتاتتى. ئىسكەندەر رۇس ۋە پەرەڭ
دىيارلىرىدىن ئۆتتى. ئۇ هېچ يەردە توخ-
تىمىدى. مەغرىپ زېمىنىنىڭ غەربىي شىما-
لىغا توغرا كېلىدىغان بىر جايدىن ئۆ-
تۈپ كېتىۋاتقىنىدا بىر جامائەت پاراكەندە
بولغان هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇلار نالە - زار
قىلغان هالدا ئۆز بېشىغا كەلگەن زۇلۇم - كۈلـ
پەتلەرنى ئىسكەندەرگە بايان قىلدى:

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئۇلار زار
زار يىغلاشقان هالدا، — جاهاننى قولۇڭـ
غا ئېلىپ، قەدىر - قىممىتىڭ پەلەككە
يېتىپتۇ. جاهان مەملىكىتىگە، ئالەم خەلـ
قىگە ئادىللىق بىلەن هۆكۈمرانلىق قىلىپ،
ئۇلارنى ئاۋات ۋە باياشات قىپسەن. بىـ
زاق مۇشۇ دىيارغا ئادالىتىڭ يەتمىدى.
بۇ يەردىكى خەلقلەرنى خۇشال قىلمىدىڭ.
بىز بىچارىلەر بۇ يەردە قاچانغىچە ئازابـ
كۈلپەت چېكىمىز؟!

ئىسكەندەرنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىـ
دى، رەھىم - شەپقەت بىلەن ئۇلارنىڭ ئەهـ
ۋالىنى سورىدى:

— بۇ مەملىكەت نېمە ئۈچۈن ۋەيران
بولدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى نېمىشقا سەر-
سان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ؟

ئۇ بىچارىلەر جاۋاب بېرىپ، مۇلـ
داق ئەرز قىلىشتى:

— بۇ يۇرتنىڭ بىر تەرىپى قىرۋان
ناھىيىسى بولۇپ، بۇ جاي مەغرىپ زېمىـ
نىغا يېقىن. مەغرىپ بىلەن بۇ يەرنىڭ
ئارىلىقىدا بىر تاغ بار. ئۇ تاغنىڭ ئارقا
تەرىپى ئاپەتلىك ماكاندۇر. ئۇ ئاپەت
دىيارىنىڭ يىراقراق تەرىپى قاراڭغۇ زۇلـ
مەتلىك جايدۇر. ئۇ زۇلمەتلىك جاينىڭ
بىر ئۇچى بۇ يەرگىچە سوزۇلغان. بۇ تاغ
بىلەن زۇلمەت دىيارىنىڭ ئارىلىقىدا بىر
دەشت بار. هەرقانىداق يولباشچى ئۇ
دەشتكە قاراپ يول يۈرۈپ باقمىغان.
چۈنكى ئۇ دوزاخ دەشتىدۇر. يەجۇج - مە-
جۇجلەر تائىپىسى شۇ يەرگە ئورۇنلاشـ
قان. ئۇلاردىن بىزگە بالايىئاپەتلەر
يېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بىز هەر تەرەپلەرگە
قاچىمىز. تەڭرى ئۇلارنى ئۆزىنىڭ قەهرى-
غەزىپىدىن ئاپىرىدە قىپتۇ. نۇرغۇنلىغان
شەھەرلەر ئۇلارنىڭ زەپتى - زۇلمىدىن
ۋەيران بولدى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدىن
ئەقىل هەيران، ئۇنى بايان قىلىشقا تىل
ئاجىز. ئۇلار تولىلىقتا هەددى - هېسابـ
سىزدۇر. سانىغىلى ساناقمۇ يېتىشمەيدۇ.
ئۇلارنىڭ چاچلىرى ئۆز بەدەنلىرىنى
يېپىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرىنىڭ بويى بىر
غېرىچ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بولسا ئون
غۇلاچ كېلىدۇ. چاچلىرى ئۇلارنىڭ بەدى-
نىگە كىيىم بوپتۇ. هەربىرىنىڭ قۇلاقـ
لىرى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆز-
لىرىنىڭ نىجىس جىسمىنى قۇلاقلىرى

بىلەن يېپىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ قول ۋە تىرناقلىرى دۆڭنىڭ قولى ۋە تىرنىقىغا ئوخشايدۇ. يىرگىنىشلىك يۈزلىرى بولسا سېرىق رەڭدە بولۇپ، يۈزىنىڭ تۈكلىرى خۇنۇك قىزىل رەڭدە، كۆزلىرى بولسا مايمۇننىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار بۇرۇنلىرىنىڭ ئىچىنى تىلى بىلەن يالاپ، شۇنىڭدىن لەززەتلىنىدۇ ۋە خۇشال بولىدۇ. بەزىدە توڭگۇزدەك ئاغزىدىن ئىككى تال ئۇزۇن ئىلمەك چىشلىرىنى چىقىرىپ يەرلەرنى تىلغايدۇ. ئۇلار تىلغىغان يەردىن تاكى قىيامەتكىچە، ھېچقانداق گىياھ ئۈنمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزى ئېگىكىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ. سۆزلىسە پۈتۈنلەي ھاقارەتلىك گەپلەرنى قىلىدۇ. مەيلى ئەركىكى بولسۇن ياكى چىشىسى بولسۇن ھەممىسىنىڭ ئەپچەكلىرى يەرگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردىكى تاغنىڭ ئىككى يۈزى شۇ قەدەر سىلىقكى، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گىياھ ئۈنمىگەن. تاغقا ھېچقانداق جانلىق ياماشسىپ چىقالمايدۇ. ئۇ ياندىن بۇ تەرەپكە ياكى بۇ ياندىن ئۇ تەرەپكە تاغ ئارقىلىق ھېچقانداق مەخلۇقات ئۆتەلمەيدۇ. بۇ تاغ كوھقاپقا تۇتاشقان بولۇپ، بۇ قاپ تاغلىرىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. شۇ تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىن بىر قىيالىق جىلغا پەيدا بولۇپ قالغان. بۇ جىلغا يەجۇج ـ مەجۇجلەرگە ئىمكان تۇغدۇرۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار يىلدا ئىككى قېتىم ئاشۇ جىلغىدىن چىقىپ، خۇددى چۈمۈلىلەر توپىدەك يامراپ، بىزنىڭ شەھەر، يېزا، تاغۇ دەشتلىرىمىزنى خاراب قىلىدۇ. ھەددى-ھېسابسىز زۇلۇم ۋە پاراكەندىچىلىكلەرنى سالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى بىلمەيمىز، ئۇلار كېلىدىغان چاغدا، يۇرتنى تاشلاپ قاچىمىز، يىراق تاغ ـ دەشتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرىمىز. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغاننى يەپ ۋەيران قىلىدۇ. مەيلى ئادەم، مەيلى مال ـ چارۋا، ئوت ـ خەسلەر بولسۇن، ھەممىسى ئۇلارنىڭ تويماس نەپسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

ئىسكەندەر ئۇلاردىن:

ــ ئۇ تائىپىلەر سىلەر تەرەپكە قاچان كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى قانداق بىلىسىلەر، قانداق قىلىپ ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن قېچىپ كېتەلەيسىلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ئۇ بىچارىلەر جاۋاب بېرىپ:

ــ ئۇ مەخلۇقلار تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ ياققا قاراپ ھۇجۇم باشلىغاندا ئۇلارنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى پۈتكۈل ئاسمانىنى قاپلايدۇ. بىز بۇنىڭغا قاراپ ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىمىز ـ دە، ھەر تەرەپكە قېچىپ كېتىمىز، ـ دېدى.

ــ ئۇ ئىش يەنە قاچان يۈز بېرەر؟ ــ دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

ــ يەنە بىر نەچچە كۈن ئۆتسىلا ئۇلار يېتىپ كېلىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا تەدبىر قوللىنىپ، ئامال قىلىشقا قىزىقىپ قالدى. ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن ئارامگاھ قىلىش ئۈچۈن ئۇ يەردىن مۇستەھكەم بىر ئورۇننى تاللاپ قويدى. ئۇ بىچارە كىشىلەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ، ئىسكەندەرگە مۇنداق ئىلتىجا قىلدى:

ــ ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ يەرگە ئورۇنلاشماڭ. ئۇ تائىپىلەرنى جاھان ئەھلىگە ئوخشاتماڭ. ئەگەر ئۇ خەۋپتىن بىرى يېتىپ كەلسە ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن، ھەتتا

مىڭلىغان لەشكەرمۇ دال بولالمايدۇ. هالـ
بۇكى، ئۇلاردىن يۈز تۈمەنمىڭ هەتتا ئۇـ
نىڭدىنمۇ ئارتۇق گۇرۇھ كېلىپ، بۇ مەمـ
لىكەتكە تولۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەل قېنىـ
نى ئىچىشكە تەشنا بولۇپ، پۈتكۈل ۋۇجۇـ
دىنى غەزەپ قاپلايدۇ. گەرچە بىز بۇ
دۇنيادا هالاۋەت كۆرۈپ باقمىغان بولـ
ساقمۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ زىيان - زەخـ
مەتكە ئۇچرىشىنى كۆرۈشنى خالىمايمىز.

— بىز ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، — دېدى
ئىسكەندەر ئۇلارغا، — لېكىن سىلەر بۇ
يەردە تۇرماي، نەرسە - كېرەكلىرىڭلارنى
دەرهال توشۇپ، هېچنەرسە قويماي ئېلىپ
كېتىڭلار. مەن بۈيۈك تەڭرىگە تەۋەككۈل
قىلىپ، ئۇ تائىپىلەرگە چارە كۆرىمەن.

ئۇلار هەممىسى بۇ يۇرتنى تاشلاپ
كۆچۈپ كېتىشتى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرى
بىلەن كۆچمەي قېپقالدى. ئىسكەندەرـ
نىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى
ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئەتراپىغا
ناهايىتى چوڭقۇر، تىك ۋە ئاغزى ئوچۇق
خەندەكلەرنى قازدى. ئىسكەندەر پەرەڭ،
رۇم، رۇس، سام ۋە باشقا جايلارغا ئادەم
ئەۋەتىپ، ئۇ يەرلەردىكى بارلىق ماهىر
ئۇستىلار، يەنى تاشچىلار، ياغاچچىلار،
مىسكەرلەر، تۆمۈرچىلەر، بىناكارلار ۋە
باشقا تۈرلۈك - تۈمەن هۈنەرۋەنلەرنى ئەسـ
ۋاب - سەرەمجانلىرى بىلەن قوشۇپ ئېلىپ
كېلىشكە بۇيرۇدى. پەرمان بويىچە پۈتـ
كۈل هۈنەرۋەنلەر ۋە ماهىر ئۇستىلار
يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئەسۋاب سايـ
مانلىرىنىمۇ يۈزمىڭ تۆگىگە يۈكلەپ
ئېلىپ كەلدى. هەممە نەرسە ئىسكەندەرـ
نىڭ كۆڭلى خالىغىنىدەك تەييار بولدى.
ئىسكەندەر ئۆزى ئاتلىنىپ، ئۇ تاغنىڭ
ئېتىكىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن ئىككى
مىڭ تاشچى ئۈستىنى تاغ ئېتىكىدىن تاش
تاختايلارنى كېسىپ تەييارلاشقا ئورۇنـ
لاشتۇردى. ئۇلار تاغ باغرىدا تاشلارنى
يونۇپ تاراشلاپ، تاش تاختاي ياساشقا
كىرىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە
سېپىل سوقۇشنىڭ پۈتكۈل ئەسلىهە ۋە
قورال - سايمانلىرى تەييار قىلىندى. بۇـ
لارنى قىياس قىلىشقا ئەقىل ئاجىزلىق
قىلاتتى.

هەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندا،
بىر قارا چاڭ - توزان پەيدا بولۇپ،
پۈتكۈل دالىنى قاپلىدى. جاهان قاپقاـ
راڭغۇ بولدى. بۇ يەجۈج - مەجۈجلەر كەلـ
گەنلىكىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئىسكەندەر
پۈتكۈل خالايىقنى ئەتراپىغا خەندەك
قېزىلغان بىخەتەر جايغا سولاپ قويدى.
لېكىن قوشۇن ئىچىدىكى جەڭگە ماهىر
پالۋانلاردىن بەش مىڭ كىشىنى ئۇ تائىـ
پىلەرگە ئارقىسىدىن هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن
تاغ باغرىدا يوشۇرۇپ قويدى. خەندەك
ئېغىزىنى ساقلاش ئۈچۈن ئون نەپەر
دىۋە سۈپەت مەغرىپلىكنى ئورۇنلاشتۇردى.

دەل شۇ چاغدا يەجۈج - مەجۈجلەر
گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ بولۇپ تاغ
ئارقىسىدىن چىقتى. ئۇلار پۈتكۈل تاغۇ
دەشتنى قاپلاپ كەتتى. شۇ چاغدا يوشۇـ
رۇپ قويۇلغان پالۋانلار ئۇلارغا هۇجۇم
قىلدى. ئۇلارنىڭ دەهشەتلىك هۇجۇمىـ
دىن زېمىن تىترەپ كەتتى. پالۋانلار بۇ
تائىپىلەرگە شۇنداق ئۇرۇلدىكى، هەددىـ
هېسابسىز تائىپىنى تىغ ئاستىدا هالاك
قىلدى. يەجۈج - مەجۈجلەر بۇ پالۋانلارـ
نىڭ غالىب كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، هەممىـ
رىنى ئۇلارغا قاراپ يۈپۈرۈلدى. گويا

دەرياغا شاۋقۇن چۇشكەندەك بولدى. ئۇ
مەخلۇقلار پۈتكۈل تاغ ۋە تۈزلەڭلىكنى
قاپلاپ كەتتى. شۇنداق دەھشەتلىك جەڭ
بولدىكى، ئۇلاردىنمۇ نۇرغۇنى هالاك بول-
دى. پالۋانلاردىنمۇ بىر مۇنچىسىنى نا-
بۇت قىلدى. لېكىن ئۇ تائىپىلەر بارغان-
سېرى قەھرى - غەزەپكە كېلىپ، قىلىچ-
تەك ئۆتتىكلەپ كەتتى. پالۋانلارنى ئات-
لىرىدىن يىقىتىپلا ئۇلارنى ئېتى بىلەن
قوشۇپ ئۇلاش - چۇلاش يەۋېتەتتى. ئۇ تا-
ئىپىلەر ئايرىپ ئولتۇرماستىن يىقىلغانلا
جانلىقنى يەيتتى، ئۆز تائىپىسىدىكىلەر
يىقىلسىمۇ ئوخشاشلا تالىشىپ يەپ تۈ-
گىتەتتى. كەچ بولدى. پالۋانلار ئاخىر
ئۇلاردىن قېچىپ، خەندەك بىلەن قورشال-
غان جاي ئىچىگە كىرىۋالدى. يەجۇج -
مەجۇجلەر پالۋانلارنى قوغلاپ خەندەك
ئېغىزىغا كەلگەندە، دىۋە سۈپەت پالۋانلار
ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. بۇ دىۋە كەبى
پالۋانلار هىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، ئۇ
تائىپىلەرنى جەڭ قىلىشتىن ۋاز كەچۈردى.
يەجۇج - مەجۇجلەر تاغ ۋە سەھرالارغا
يېپىلدى. ئۇلار خەندەك ئەتراپىنى ئاي-
لىنىپ تاڭ ئاتقۇچە غوۋغا سالدى. ئۇلار
ئېغىزلىرىدىن غالجىر ئىتتەك شالىسىنى
ئېقىتاتتى. ئۇلارنىڭ سانى يەنىلا ئىت-
نىڭ تۈكىدىنمۇ كۆپ ئىدى.

پالۋانلار ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا
يېتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.
ئىسكەندەر بۇ جەڭدە غايىپ بولغان پال-
ۋانلارغا مۇسىبەت تۇتتى. ئۇ ئۆزى قىل-
غان بۇ ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەن-
لىكىنى بىلدى. لېكىن پۇشايمان قىلغان
بىلەن ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى. ئىسكەندەر
بۇ دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئىنتايىن پەرى-
شان بولدى. ئەمما ئۇ تائىپىلەرگە تەدبىر
قوللىنىشقا هېچقانداق ئامال تاپالمىدى.

— بىر نەچچە كۈن بۇ يەردە سەۋر-
تاقەت قىلىپ تۇرايلى، — دېدى ئىسكەن-
دەر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن پەرمان چۈ-
شۈرۈپ، — قىلىدىغان ئىشنى ئالدىرىماي
ئويلىشايلى. بۇ شۇم - لەنىتى يەجۇج -
مەجۇجلەر بەلكىم بۇ يەردىن يېگۈدەك بىر
نەرسە تاپالماي، كەلگەن يولى بىلەن
ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشى مۇمكىن. شۇن-
دىن كېيىن بۇ ئىشنىڭ بىر ئىلاجىنى
قىلايلى.

ئەھۋال ئىسكەندەرنىڭ ئېيتقىنىدەك
بولدى. يەجۇج - مەجۇجلەر يېمەك - ئىچ-
مەكتىن قىسىلىپ، ھەممىسى كەلگەن يولى
بىلەن ئارقىغا ياندى. ئۇلار جىلغىغا پې-
تىشمىغان هالدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ، تاغ
ئارقىسىغا كىرىپ كەتتى. ئاۋارىچىلىك
ئەمدى ئۇ تائىپىلەرگە يۈزلەندى. زامانە
ئىسكەندەر پۇقرالىرىغا زۇلۇم سېلىشنى
ئۇنتۇدى.

ئىسكەندەر بارلىق دانىشمەنلەرنى
ئۆزىگە هەمراھ قىلىپ ئاتلاندى. ئۇستى-
لار بىلەن كېڭەش - مەسلىھەت قىلغاچ
ئۇ تاغ جىلغىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇلار
بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ
جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە هەيۋەت قەد
كېرىپ تۇرغان ئىككى تاغنى كۆردى. بۇ
تاغ خۇددى خالايىقنىڭ ئېيتقىنىدەك تىك
ۋە خەتەرلىك ئىدى. ئۇلار تاغ ئارىلاپ
مېڭىپ، بۇ جىلغىنىڭ ئەڭ تار يېرىنى
تاپتى. تاناپ سېلىپ ئۆلچەپ كۆرگەنىدى،
ئون مىڭ گەز① چىقتى. مۇنەججىملەر

① گەز ـ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ھەر بىر گەز تەخمىنەن بىر مېترغا تەڭ.

ياخشى سائەتنى تېپىپ چىقتى. ئىسكەنـ
دەر دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ سېپىلغا
كېرەكلىك ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب ـ سايـ
مانلارنى بۇ يەرگە توۋكتۈردى. ئىسكەندەر
ئىش باشلاشنىڭ ياخشى سائىتىدە سېپىل
ئورنىغا رەڭ توكۈپ، بەلگە سىپاسپ،
سېپىلنىڭ ئۈلىنى ئونجى بولۇپ ئۆز
قولى بىلەن قويۇپ بەردى. مىڭ ئو-
رۇندا دوكان راسلىنىپ، كوررەكلەرنى
بېسىپ، سېھىر ـ ھېكمەتلەر بىلەن ئىش
ئېلىپ بارماقتا. ئۇستىلار گەج ئورنىدا
ھەپتجۇش① لارنى ئېرىتىمە قىلىپ، سې-
پىل قىلماقچى بولغان يەرگە توۋكۈپ، ئو-
نىڭ ئۇستىگە تاش تاختايلارنى باسماقتا
دى. مانىيدەك ئۇستا بىناكار ئۇستازلار
شلارنى قىرى ـ قىرىغا كەلتۈرۈپ ھەپتـ
ۇش ئۇستىگە تىزاتتى. بۇ سېپىلنىڭ ئو-
زۇنلۇقى ئۈن مىڭ گەز، كەڭلىكى بەش
يۈز گەز ئىدى. سېپىل ئۇستىدە تومۇر-
دىن لاي ئېرىتىلگەن مىڭلىغان تومۇرچىـ
لەر ۋە باشقا ئۇستىلار تىنىمسىز ئىشلـ
مەكتە ئىدى. ئۇلار تاش تاختا ۋە ھەپتـ
جۇشتىن بۇ سېپىلنى شۇ قەدەر پۇختا
ياسىدىكى، بىر قىل پاتقۇدەكمۇ يوچۇق
قالدۇرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلەمچىـ
لەرنىڭ ۋە ياردەمچىلەرنىڭ ھەددى ـ ھېـ
سابى يوق ئىدى. ئۇلارنى قىياس قىلىپ
بولغىلىمۇ بولمايتتى.

نەچچە مىڭ سەنئەتكار ئۇستازنىڭ
زور تىرىشچانلىقى، جاھان خەلقىنىڭ ئالـ
تە ئايغىچە كېچە ـ كۈندۈز تىنىم تاپماي
ئىشلىشى نەتىجىسىدە بۇ «سەددى ئىسـ
كەندەرىي» (ئىسكەندەر سېپىلى) ياسـ
لىپ پۈتتى. تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە
بۇ سېپىل ئۈچ يۈز قىرى ئېگىزلىكتە
قىلىپ ياسالدى. بۇ تەرەپتىن سېپىل ئۇسـ
تىگە چىقىش ئۈچۈن، سېپىلنىڭ ئىككى
ئۇچىغا ئىككى چوڭ پەلەمپەي ياسالدى. بۇ
پەلەمپەيلەر خۇددى تاغدەك ھەيۋەتلىك
كۆرۈنەتتى. سېپىلنىڭ كۈنگۈرىلىرىنى
مىس، قەلەي، قوغۇشۇن، چويۇنلارنى
ئېرىتىپ قۇيۇپ، پۇختىلاپ ياسىدى. قا-
راۋۇللارنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن سېپىل ئۇسـ
تىدە ئىككى ئۆي ياسىدى. بۇ ئۆيىنىمۇ
پۈتۈنلەي تاش تاختايلار بىلەن تومۇر
لايلاردىن پۈتكۈزدى. يەجۇج ـ مەجۇجلەر
ئۇستىگە تاش ياغدۇرۇش ئۈچۈن سېپىل
ئۇستىگە شۇ قەدەر كۆپ ئۇيۇل تاشلارنى
توشۇدىكى، ئۇنى بايان قىلىشقا ئەقىل
ئاجىز، تىل ناقىس ئىدى. ئىسكەندەر
سېپىل ئۇستىگە قاراۋۇللۇق قىلىش ئۈچۈن
نەچچە يۈزلىگەن پالۋانلارنى تەيىنلىدى.

ۋاقتىكى، ھەممە ئىش تەييار بولدى.
ئىسكەندەر سەجدە قىلىپ، تەڭرىگە شۈكـ
رانە بەجا كەلتۈردى. دەل شۇ چاغدا
يەجۇج ـ مەجۇجلەر تاغۇ دەشتلەرنى لەرـ
زىگە سېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى.
ئۇلار كۆز ئالدىدا بۇ ھەيۋەتلىك سېپىلـ
نىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، چىشلىـ
رى بىلەن غاجىلاپ، تىرناقلىرى بىلەن
تاتىلاپ باقتى. قانچە قېرىشقان بولسىمۇ
ھېچبىر پايدىسى بولمىدى. ئۇلار ھېرىپ
ھالىدىن كەتتى. پەرمانغا بىنائەن ئىسـ
كەندەر لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ بېشىغا
تاش ياغدۇردى. ئۇلارنىڭ باشلىرى ئو-
زۇلۇپ، خۇددى: تاشتەك يەرگە توكۈلدى.

① ھەپتجۇش ــ يەتتە خىل مېتالنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن مېتال (قېـ
تىشما)، ئەبجۇش.

پەرياد - پىغانلىرى پەلەككە يەتتى. لېكىن بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلالمىدى. تىرىك قالغان تائىپىلەر ئاخىر جانلىرىنى ئېلىپ قېچىشتى. ئۇلار خۇدانىڭ بەندىلىرىگە سالغان زۇلۇملىرىنىڭ جازاسىنى كۆردى. كىشىگە زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا پەلەكتىن ئەنە شۇنداق تاش ياغسا، بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگۈلۈك ئەمەس. يەجۇج - مەجۇجلەر شۇنداق قىلىپ بىر نەچچە نۆۋەت كەلگەن بولسىمۇ ئەدىبىنى يەپ، ئاخىر بۇ تەرەپكە قاراشنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان بولۇشتى.

ئىسكەندەر يەجۇج - مەجۇجلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بۇ سېپىلنى سېلىپ پۈتكۈزدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ، سىپاھلىرى بىلەن ئۆز ۋەتىنىنى ياد ئېتىپ يولغا چىقتى. نەچچە كۈنلەپ چۆل - باياۋانلار ۋە تاغۇ دەشتلەردە سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئاخىر رۇم شەھرىگە يېتىپ كېلىپ، ئۆز تەختىدە ئورۇنلاشتى. ساقىينامە:

كەتۈر، ساقى، ئول جامى تەقۋى شىكەن،
كى كۆڭلۈمگە تۈشمىش ھەۋايى ۋەتەن.
تىلەرمەن كېزىپ رۇبئى ئەتلالنى،
دېسەم رەنجى غۇربەتدەغى ھالنى:
مۇغەننىي، چۇ تاپتىم مەقامىمدا كام،
تۈزەت كام ئىلەسىدىن داغى بىر مەقام.
قىلىپ فەھم ئول ئاھەڭگىنىڭ رەڭگىنى،
يانا تەرك ئېتەي سەير ئاھەڭگىنى.
نەۋائى، ۋەتەن بولدى مەنزىل ماڭا،
بۇ مەنزىلدىن ئەمما نې ھاسىل ماڭا.
كى ھەركىمكى بار ئېردى يارۇ قەرىن،
بولۇپدۇر ئەدەم سارى غۇربەتگۈزىن.

## پادىشاھنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن قەسرىگە ئەسىر بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بۇزۇق ئۇۋىسىدىن ئورۇن ئالغان ۋە بايقۇشتەك ئۇۋەيرانە ئىچىدىن راھەت - پاراغەت خەزىنىسىگە ئېرىشكەن بىر كەپتەرنىڭ ھېكايىتى.

مەن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغانىدىم:

بىر خەۋەرچى كەپتەر بار ئىدى. ئۇ بىر ئاشىقنىڭ خېتىنى مەشۇقىغا يەتكۈزەمەن دەپ، ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ، غۇلاچلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىنلا بىر پادىشاھ ئۇنىڭغا قىلتاق قۇرۇپ تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ قاناتلىرىنى مەجرۇھ قىلىپ، ئۆيگە سولىۋالدى. پەلەكنىڭ رەھىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇ كەپتەر بىرنەچچە يىل سولاقتا ياتتى. گەرچە ئۇنىڭ سولانغان جايى جەننەتتەك گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ كەپتەرنىڭ نەزەرىدە زىندانىدىنمۇ بەتتەررەك ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ كەپتەر پادىشاھنىڭ قەسرىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ كەتتى. ئۇ خۇشال - خۇرام ھالدا ھاۋادا پەرۋاز قىلدى. ئۆزىنىڭ دىيارىنى ئىزدەپ، تەرەپ - تەرەپلەرگە نەزەر سېلىپ، كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. نەچچە كۈنلۈك

يولنى بىردەمدىلا بېسىپ، ئۆز دىيارىغا يېتىپ كەلدى. لېكىن دەۋران زۇلمى تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ يۇرتى ئۆزگىرىپ ۋەيران بولغانىدى. كەپتەر بۇ يەرگە مىڭبىر جاپا - مۇشەققەتتە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئۆيىنى تاپالمىدى. لېكىن كەپتەر ئۇچۇشتىن قانات ياپماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ خارابىسىنى ئىزدىدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تام ئۈستىگە دانلارنى چېچىپ، ئۇ كەپتەرنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن، تالايلىغان قاپقان - تۇزاقلارنى قۇردى، ناھايىتى كۆپ تىرىشىپ باقتى. لېكىن كەپتەر ئۇلارنىڭ بىرىگىمۇ ئېلتىپات قىلمىدى. توختىماستىن قانات قېقىپ نەچچە نۆۋەت دەۋر قىلىپ ئايلىنىپ، ئۆز ئۇۋىسىنىڭ تېمىنى ئىزدىدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن ئىزدەپ، ئاخىر بۇزۇلغان ئۇۋىسىنىڭ تېمىنى تاپتى - دە، ئۇ يەرگە قونۇپ چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدى. ئۇ كەپتەرگە تونۇشلۇق بۇ ۋەيرانە ئۇۋا شاھنىڭ ناتونۇش ئالتۇن قەسىرىدىن مىڭ مەرتە ئەلادۇر. ھەققەت كۆزى بىلەن نەزەر سالىدىغان بولساڭ قۇشلار ئۈچۈن ياقۇت - مەرۋايىتلار بىلەن بېزەلگەن قەپەستىن تىكەن - چاتقاللار بىلەن ئورالغان ئۆز ئۇۋىسى ياخشىدۇر.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «كىشىلەر تەبىئىتىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە مۇرادىغا يېتىشى ۋە ئۆزى كۆنۈپ قالغان تونۇشلۇق ئورۇندا ئارام تېپىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، ئەرەستۇنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى.**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مۇنداق دەپ سورىدى:

— قەيەردە راھەت - پاراغەتلىك گۈزەل قەسىر - ئايۋانلار بولسا كىشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق تەپەككۇر قىلىپ كۆزىتىپ باقسام ئادەملەرنىڭ بۇنىڭغا خۇشى يوقكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زىندانىدەك ۋەيرانە كۈلبىسى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى شاھ قەسىرىدىن، ھەتتا جەننەت بېغىدىنمۇ ئەلا بىلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ۋە ھېكمىتىنى بايان قىلىپ باقساڭ.

— ئەرەستۇ بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— دانالار بۇ ھەقتە خىلمۇ خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىدۇ. لېكىن ئەڭ ئۆتكۈر ۋە نازۇك پىكىرلىك ھۆكۈمالار بۇ ھەقتە مۇنداق ئورتاق تونۇشقا كەلگەن: ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىگە ئادەتلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا داۋاملىق ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان خۇشال بولىدۇ. گادايلار ئۆزى ئادەتلىنىپ قالغان ۋەيرانە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنى ئارزۇ قىلىدۇ. شاھلار بولسا قەسىر - ئايۋانلارغا مايىل كېلىدۇ. بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلىشنىڭ ئورنى يوق. ھەرقانداق كىشىنىڭ تەبىئىتى بىر نەرسىنى ئادەت قىلغان بولسا، ئۇ ئادەت كۆپەيگەنسېرى ۋە كونىرىغانسېرى ئۇ كىشىنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھەرقانداق كىشىنىڭ

كۆڭلى، مىجەزى ۋە تەبىئىتى دەل ئۆز تەبىئىتىگە تارتىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ كىشىنىڭ ئىختىيارى ئەمەس، بەلكى تەڭرىنىڭ قىسمىتىدۇر. شۇڭا بىر ئورۇنغا ئادەتلىنىپ قالغان كىشى ئۇ يەردىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ يەرگە قانچە كۆنۈپ قالغان بولسا، شۇنچە ئىچكىپ كېتىدۇ. چۈنكى كىشىنىڭ تەبىئىتى شۇنداق. ئۇنىڭغا ئۆز تەبىئىتىنىڭ مايىللىقىدىن ئۆزگە چارە يوق.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن مەمنۇن بولدى.

**ئىسكەندەرنىڭ قۇياشتەك جاھانگىرلىك قىلغاندىن كېيىن، دەريالارنى**
**بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئارزۇ كېمىسىگە چىقىپ، ھەۋەس يەلكىنىنى تارتـ**
**قانلىقى. ئۇنىڭ ھۆكۈمالار بىلەن بىرلىكتە رۇم دەرياسىنىڭ ساھىلىدا**
**ئالەم مەملىكىتىنىڭ ماھىر ياغاچچىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا كېمە ياساش**
**ھەققىدە پەرمان قىلغانلىقى. ھىلال ئايدەك ئەگىم كېمىلەردىن ئۈچ**
**مىڭ دانىسى ياسىلىپ تەييار بولغاندىن كېيىن، ئۇ كېمىلەرنى**
**پالاقلار بىلەن خۇددى قاتتىق يايدىن چىققان ئوقتەك تېز**
**يۈرگۈزگەنلىكى. ئىسكەندەرنىڭ ئۇ كېمىلەردە ئولتۇرۇپ**
**سۇ سەھىپىلىرىدىكى دولقۇن خەتلىرىدىن دېڭىزلار**
**زەپەرنامىسىنى ئوقۇغانلىقى.**

بۇ دېڭىز ئىچىدىكى گۆھەر چاچقۇچى غەۋۋاس سۆز ئۈنچىلىرىنى مۇنداق ئاشكارىلىدى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر پۈتكۈل ئالەمنى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، يەنە ئۆز مەملىكىتىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. نەچچە كۈنگىچە ئۆز ۋەتىنىدە شادمان بولۇپ، ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە شاد-خۇراملىق بەزمىلىرىنى قىزىتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇياشتەك چېھرىسى بىلەن ئۆز يۇرتىنى شەرەپ بۇرجىدەك نۇرلاندۇردى. پۈتكۈل ئالەم ئەھلى شاد-خۇراملىققا ئېرىشىپ، راھەت پەيزىنى سۈردى. بولۇپمۇ رۇم خەلقى بۆلەكچە شادىمانلىق كەيپىياتىغا چۆمدى. ئۇلار بىر-بىرلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئىسكەندەر بىر مەزگىل كۆڭۈلگە ئارام بەرگۈچى گۈزەللىك بىلەن بەزمە تۈزۈپ، مەي ئىچىپ ئارام ئالدى. بىر كۈنى ئۇ كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرۇۋاتقىنىدا ئېسىگە مۇنداق خىيال كېلىپ قالدى: «قادىر ئىگەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئاتا قىلىشى بىلەن جاھانگىرلىك ھەۋىسىنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق جاھاننى قولۇمغا ئالدىم. جاھاننىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئاجايىپ-غارايىباتلىرىنى، ئاجايىپ جانىۋارلار، غارايىپ ئۆسۈملۈكلەر، قىسما-قىسما ئېسىل كان ۋە مەدەنلەر ۋە ھەرخىل-ھەر قىسما نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردۈم. تەڭرىنىڭ ئىنايىتى

بىلەن يەر يۈزىدە مەۋجۇت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى نەزەرىمدىن ئۆتكۈزۈپ، تاماشا قىلدىم. لېكىن دەريادا سەيلە قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ يەردىكى ئاجايىباتلارنى تاماشا قىلالمىدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەريا كانلىرىدا، ئاراللاردا ناھايىتى ئاجايىپ نەرسىلەر بار ئىكەن. دېڭىز تېگىدىمۇ ھەددى-ھېسابسىز مەخلۇقاتلار بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەقىل قىياس قىلىپ بولالمايدۇ. تەڭرى جاھاننى ماڭا تەۋە قىلدى. ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى ماڭا مۇيەسسەر قىلدى. پۈتكۈل جاھاننى ماڭا مەملىكەت قىلىپ، مېنى ئۇنىڭغا پادىشاھ قىلدى. ماڭا ھەممە ئىشتا ئىقتىدار بەردى. شۇنداق تۇرۇپ مەن ئۆز مەملىكىتىمدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى، قانداق ئاجايىباتلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقمىسام، مېنىڭ غەپلەت دەرياسىغا غەرق بولغان باشقا كىشىلەردىن نېمە پەرقىم بولسۇن؟ شۇڭا مەن بۇ يەر يۈزىدىكى قۇرۇقلۇق ۋە دەريالارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشۇم كېرەك. ئەگەر بەخت-دۆلەت ماڭا يار بەرسە سەپەرگە چىقىپ، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ھەممىدىن خەۋەردار بولىمەن. خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياردىمى بىلەن قۇرۇقلۇقنى ساياھەت قىلدىم. ئەمدى ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىشى بىلەن سۇ ئۈستىدە سەيلە قىلىمەن.»

ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە يۇقىرىقىدەك ھەۋەس پەيدا بولغاندىن كېيىن، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن زادىلا يوقالمىدى. بۇ ئارزۇ-ھەۋەس ئۇنى بارغانسېرى ئىلكىگە ئېلىۋالدى. ئىسكەندەر بارا-بارا بۇ ھەۋەسنىڭ مەستانىسى بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا ئىسكەندەر دانىشمەنلەرنى ۋە باشقا دۆلەت كاتتىلىرىنى يىغىپ، بەزمە تۈزدى. ئاندىن بەزمە ئەھلىگە كۆڭلىدىكى بارلىق ئوي-خىياللىرىنى ئاشكارا بايان قىلدى. بەزمە ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ دەريا سەپىرىگە ھەۋەس قىلغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار ئارىسىدىن بىرەيلەن بۇنى مەنئى قىلىپ سۆزلىگەندى. ئىسكەندەر ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا رەت قىلدى. شۇڭا دانىشمەنلەر بۇ ئىشتا ئاجىز بولۇپ، رازىلىق بېرىشتىن باشقا ھېچقانداق چارە تاپالمىدى. ھەممەيلەن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— تەڭرى كۆڭلۈڭگە بۇ ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى سېلىپتۇ. ساڭا ئۆزى پاسىبان بولۇپ، بۇ سەپەردە سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزگەي، — دېيىشتى.

ھەممەيلەن ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ، دەريا سەپىرىگە ماقۇل بولدى. ئىسكەندەر ئۇلاردىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ بارلىق ياغاچچى ئۇستىلارنى يىغىپ، كېرەكلىك ئەسلىھەلەرنى تەييارلاپ، ئۈچ مىڭ كېمە ياساپ چىقىشقا پەرمان چۈشۈردى. بۇ كېمىدىن مىڭىنى ئىسكەندەر بىلەن ئۇنىڭ خاس ياردەمچىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ھەرەم خادىملىرى ئۈچۈن، يەنە مىڭ كېمىنى دۆلەت ئەركانلىرى ئۈچۈن، سەككىز يۈز كېمىنى باتۇر پالۋانلار ئۈچۈن تەييارلاش بەلگىلەندى. ئىككى يۈز كېمىنى بولسا بازار قىلىشقا مۇۋاپىق قىلىپ ياساش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ھەرەم خادىملىرى ۋە خاس ياردەمچىلىرى ئۈچۈن ياسالغان مىڭ كېمە ئىچىدىن يۈز

كېمىنى ناھايىتى چوڭ قىلىپ ياساش، ئۇ-
لارنىڭ ھەربىرىنى بىر شەھەردەك قىلىپ
لايىھىلەش تاپشۇرۇلدى. شەھەر سىيا-
قىدا قىلىپ ياسالغان چوڭ جاھازدىكى
كېمىلەرنىڭ ھەر قانداق كىشىلەرنىڭ ھا-
جىتىنى راۋا قىلالايدىغان بولۇشى، ئۇ
كېمىلەرنىڭ ھەربىردە مەھەللىلەر، كوچى-
لار، چاسۇلار، بازارلار، ھويلا - ئارام-
لار، سارايلار، مەدرىسلەر، مەسچىتلەر ۋە
باشقا لازىملىق ئورۇنلار بار بولۇشى بەل-
گىلەندى. يەنە ئۈچ يۈز كېمە تەييارلاش،
ئۇنىڭ ھەر بىرىگە مىڭ كىشىلىكتىن قو-
شۇن، ئات - ئۇلاغلىرى، ئوزۇق - تولۇك-
لىرى ۋە قورال - جابدۇقلىرى بىلەن ئو-
رۇنلاشتۇرۇش، ئۇ كېمىلەرگە سەككىز
يىلغىچە يەتكۇدەك يەم - خەشەك ۋە كې-
رەكلىك ئەسلىھەلەرنى قاچىلاش بۇي-
رۇلدى. تاسادىپىي قورۇقلۇقتا يۈرۈشكە
دۇچ كېلىپ قالغاندا ئىشلىتىش ئۈچۈن،
يەنە ئىككى يۈز كېمە تەييارلاپ ئۇنىڭغا
زاپاس ئات - ئۇلاغلارنى قاچىلاش ئۇقتۇ-
رۇلدى. سۇ ئۈستىدە تاڭ شامىلىدەك تېز
ماڭغىلى بولىدىغان كىچىك قولۋاقتىن
يۈزنى ياساش، ھەيۋەت - ھەشەمەت ئۈ-
چۈن ۋە زاپاس ئېلىپ مېڭىش ئۈچۈن
زىننەتلىك كېمىدىن ئىككى مىڭنى ياساش
بۇيرۇلدى. ئىسكەندەر بۇ ئورۇنلاشتۇرۇش-
لىرىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پۈتكۈل
جاھان خەلقى ئۇنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ،
ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. نەچچە مىڭ نەپەر
تەڭداشسىز ماھىر ياغاچچىلار ياغاچ كې-
سىشكە تۇتۇش قىلدى. يەنە نەچچە مىڭ-
لىغان كىشىلەر كېرەكلىك ماتېرىيال-
لارنى ئىش ئورنىغا توشۇماقتا ئىدى. بۇ
ئىشنى ئىشلەيدىغان جاي رۇم دەرياسى-
نىڭ ساھىلىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. كا-
مالەتكە يەتكەن ئۇستىلاردىن 10 — 15
مىڭچە كىشى يەنە شۇنچىلىك كۆپ شا-
گىرتلىرى بىلەن بارلىق كۈچ - قۇۋۋىتى
ۋە ھۈنەر - كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ،
كېچە - كۈندۈز دېمەي تىرىشىپ ئىشلىدى.
يەنە ئۈچ مىڭ كىشى ئىش ئۈستىدە تۇ-
رۇپ ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىشلەمچىلەر
بۇ ساھىلدا شۇ قەدەر كۈچلۈك شاۋقۇن -
سۈرەنلەرنى پەيدا قىلدىكى، گويا رۇم
دەرياسىغا كەلكۈن كېلىپ، شىددەتلىك
قاينام ھاسىل قىلغاندەك بولدى. كىشى-
لەر شۇ تەرىقىدە 10 يىل ئىشلىدى. ئا-
خىرى 3 مىڭ كېمە ۋە باشقا زاپاس
كېمىلەر پۈتۈپ دەرياغا كىردى. بەلگى-
لىمە بويىچە كېمىگە نەچچە يىللىق يول
راسخوتلىرىنى قاچىلاپ، ھەركىم نېمىنى
خالىسا، شۇنى قالدۇرماستىن كېمىگە
ئېلىپ چىقىپ، جايلاشتۇردى. ئاندىن
ھەممەيلەن ئۆز كېمىسىدە بەلگىلەنگەن
ئورۇنلىرىغا كىرىپ ئولتۇردى. كېمىلەر
ئاجايىپ كۆركەم قىلىپ بېزەلدى.

ئىسكەندەر دەريا كەبى، ياق، بەلكى
يۈكسەك ئاسماندەك ھەرىكەتلىنىپ ئورۇ-
دىدىن چىقتى. ئۇ مەملىكەت ئەھلى بىلەن
خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ كەمتەرلىكى ۋە قىز-
غىنلىقى بىلەن ئۇلارنى خۇشال قىلدى.
ئاندىن قېپقالغان ھەرەم ئەھلى بىلەن
خوشلىشىپ، دەريا ساھىلىغا قاراپ ئات-
لاندى. ئۇ ئېتىنى تېز ماڭدۇرۇپ، رۇم
دەريا ساھىلىغا كەلگەندە تىزگىنىنى تار-
تىپ توختىدى. شۇ چاغدا ھۆكۈمالار
ئۇستۇرلابنى ئېلىپ، سەپەرگە چىقىشنىڭ
ياخشى سائىتىنى كۆرۈپ بېكىتتى. ياخ-
شى سائەت يېتىپ كېلىشكە يەنە ئازراق

ۋاقىت بار ئىدى. شۇڭا ھەممەيلەن يولغا چىقماي كۈتۈپ تۇردى. ئىسكەندەر ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرگە قاراپ مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئەي خالايىق، ھەممىڭلار مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغان ئىدىڭلار. بۈگۈن سىلەردىن ئايرىلىپ، يىراققا سەپەر قىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولماقتا. گەرچە مەن ھازىر سىلەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرسامۇ، لېكىن مەن ھەممىڭلاردىن مىڭ مەرتە رازى. تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ سەپەرگە مېڭىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىلەردىن كۈتىدىغىنىم مېنىڭ دېگەن سۆزلىرىمنى ئېسىڭلاردا تۇتۇپ، شۇ بويىچە ئىش قىلىڭلار. ھەر بىرىڭلارنى ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ياكى بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن ۋە ياكى يۇرت ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا تەيىنلىگەن بولسام، دائىم شۇنىڭ بىلەن بولۇڭلار. ئۇنىڭدىن تاشقىرىغا چىقماڭلار. مېنىڭ تاپشۇرۇقلىرىمنى كۆڭلۈڭلەردە مەھكەم ساقلاپ، ياخشى ئۆتۈڭلار، سالامەت بولۇڭلار. بىزنى پات-پات دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرۇڭلار. ھەممىڭلار بۇ خىزمەتنى ئۇنۇتماڭلار!

ئىسكەندەرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ پۈتكۈل خالايىقلارنىڭ پەرياد-پىغانلىرى پەلەككە يەتتى، كۆز ياشلىرى يۈزلىرىگە دەريادەك ئاقتى. ئۇلار دۇئا قىلغان ھالدا ۋىدالىشىپ مۇنداق نىدا قىلىشتى:

— ھەر يەردە بولساڭ سالامەت بولغىن، قەيەرگە بارساڭ تەڭرى ساڭا يار بولۇپ، شاد-خۇرام بولغايسەن. بۇندىن باشقا ئاق-كۆك دېيىشكە بىزنىڭ ھەددىمىز يوق. ئەمدى بىزنىڭ سەندىن ئايرىلغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن غەم يېمەكتىن باشقا ئىشىمىز بولماس. تاكى جان تەندە بولسىلا، سېنىڭ ئەمرىڭدىن تاشقىرىغا چىقمايمىز. بىز ساڭا دۇئادىن ئۆزگە ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمىز.

دەل شۇ چاغدا ياخشى سائەت يېتىپ كەلدى، ئىسكەندەر ئۇستۇرلابقا قاراپ بۇنى بىلدى-دە، دەرھال كېمىگە كىرىپ جايلاشتى. خالايىقنىڭ كۆز ياشلىرى باھار بۇلۇتىدىن چۈشكەن يامغۇردەك تۆكۈلدى. كېمىلەر تولۇپ، ھەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، كېمىلەرگە يۈرۈش بۇيرۇقى بېرىلدى. دەريا ھەرىكەتكە كەلدى. سۇ ئۈستىدە شۇنداق كاتتا بىر شەھەرىستان نامايان بولدىكى، بۇنداق ئەھۋالنى زېمىن ۋە زامان كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىسكەندەر شۇ تەرىقىدە يۈرۈش باشلىغىنىدا دەريانىڭ كۆكسى يېرىلىپ، پارە-پارە بولدى. كېمىلەر سۇنىڭ كۆكرىكىنى يېرىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ مېھمان دەريا ۋە دېڭىزغا كىرگىنىدە، دەريا ۋە دېڭىزمۇ مېھماندارچىلىققا تۇتۇش قىلدى، بارلىق سەدەپ، گۆھەر، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرىنى ئاشكارىلاپ، بۇ مېھمانغا چاچقۇ قىلدى. ھەممە بايلىقلارنى ئىسكەندەرگە پەيدا قىلدى. بىراۋنىڭ ئەگەر مۇشۇنداق مېھمىنى بولسا، ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ساقىينامە:

ئاياقچى، كەتۈر جامى مەي دۇر مىسال،
كى بەھر ئىچرە دۇر شاھى دەريا نەۋال.
ماڭا تۇتكى، چۇن نۇش ئەيلەي تەرەب،
كى دەريا كەبى بولمىشەم خۇشك لەب.

مۇغەللنىي، تەرانە تۆزەت رىختە،
ھەزىن رۆدىگە لەھنى ئامىختە.
كى ئەشكىمنى تۆككەي دۆرى نابدەك،
بۇيۇرغاي ماڭا چەرخى گىردابدەك.

نەۋائى، تەلەب قىل تەرىقى فەنا،
كى سۇ ئۆزرەدۇر دەھر ئۆيىگە بەنا.
كۆڭۈلنى بۇ ئۆي بىرلە شاد ئەيلەمە،
ھۇباب ئۆيىگە ئىئتىماد ئەيلەمە.

ئىسكەندەرنىڭ ھۆكۇمالاردىن دەريا - دېڭىزلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سورىغانلىقى. سۇقراتنىڭ بۇ يۇملاق يەرنىڭ سەھىپىسىدە سۇنىڭ قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى شەرھىلىگەنلىكى. دېڭىز ئەتراپىدا شاۋقۇن - سۈرەن سالغۇچى، ياق، بەلكى قانخورلۇق قىلغۇچى، يەتتە زەڭگەر ئاسماندەك كۆپكۆك يەتتە بۈيۈك دېڭىزنى ئايرىم - ئايرىم بايان قىلغانلىقى ۋە بىر بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئون ئىككى مىڭ ئارالنى سۆزلەپ ئۆتكەنلىكى. سۇقراتنىڭ دېڭىز ۋە سۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سۆزلەش ئارقىلىق ئەلنى ھەيران قالدۇرغانلىقى ۋە دەريالارنىڭ ماجىرالىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئاھالىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى خۇددى دەرياغا ئوخشاش قاندۇرغانلىقى.

ئىسكەندەر دەرياغا كىرگەن كۈنى ھېكمەت ئەھلىنى يىغىپ، مەجلىس ھازىرلىدى. بۇ مەجلىستە ئىسكەندەر بارلىق ھۆكۇمالارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، خۇشال قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا:

— دەريالارنىڭ ئەھۋالىنى، دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ يەر يۈزىدە قانداق ئورۇن تۇتقانلىقىنى بايان قىلىپ بېقىڭلار،— دېدى.

— سۇقرات بايان قىلسۇن،— دېيىشتى ھۆكۇمالار،— چۈنكى ئۇ ھېكمەت ئەھلىنىڭ ئۇستازى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىلىم - ھېكمەتتىن پۈتكەندۇر.

ئىسكەندەر سۇقراتقا ئىلتىماس قىلىپ، بۇ سوئالنى ئۇنىڭدىن سورىدى.

— قۇدرەتلىك تەڭرى يەرنىڭ جىسمىنى يۇملاق شەكلىدە قىلىپ ياراتقان،— دېدى سۇقرات سۆز باشلاپ،— لېكىن بۇ يۇملاق جىسىم سۇ ئىچىگە يوشۇرۇنغان. ئۇنىڭ ئۇچۇق قالغان قىسمىنى «جاھان» دەپ ئاتىشىدۇ. ئاۋاتلاشقان ئاشۇ قۇرۇقلۇق ۋە تاغۇ دەشتىنى «رۇبئى مەسكۇن» (يەرنىڭ تۆتتىن بىرى) دەپ ئاتايمىز. بۇ قۇرۇقلۇقنى «مۇھىيت دېڭىزى» ناملىق بۈيۈك سۇ قورشاپ تۇرىدۇ. سۇ ئىچىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇقلۇقلار يەتتە ئىقلىمدۇر. بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەربىرىنى يەنە ھەر تەرەپتىن بۈيۈك دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ يەلەكتەك بۈيۈك ۋە چەكسىز دېڭىزنىڭ ئەتراپلىرىدا يەنە يەتتە چوڭ دېڭىز بار. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارغا ھەر

تەرەپتىن قىستاپ كىرگەن بولۇپ، ئۇلار ئاۋات يەرلەردىن تارتىپ تاكى تاغۇ دەشتلەرگە قەدەر سوزۇلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك دېڭىزلاردىن ئون ئالتىسى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باشقا-باشقا ئىسمى بار. بۇ دېڭىزلاردىن باشقا يەنە يەر يۈزىدە يۈزدىن ئارتۇقراق دەريالار بار. خالايىق بۇ دەريالاردىن پايدىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. كوھەك دەرياسى، ھىرات دەرياسى، نىل دەرياسى، فىرات دەرياسى قاتارلىقلار ئەنە شۇ دەريالاردىندۇر. بۇ دەريالاردىن ئالەم ئاۋاتلىشىپ، خالايىق باياشات بولغاندۇر. بۇ دەريالارنىڭ مەنبەسى بولسا تاغ جەزىرىلەردىكى بۇلاقلاردۇر. ئۇلار ئاخىرى دېڭىزلارغا قۇيۇلىدۇ. يەتتە چوڭ دېڭىزدىن كۆپلىگەن شەھەرلەر ۋە قۇرۇقلۇق-ئاراللار ئاۋاتلاشقان. بۇ دېڭىزلار قۇرۇقلۇقلارنى بىر-بىردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. ئۇلاردىن بىرى رۇم ۋە پەرەڭ دېڭىزىدۇر. سەن ھازىر مۇشۇ دېڭىزدا ئۈزۈۋاتقان لەھەڭنىڭ ئۈزىسەن. بۇ دېڭىزدىن ئالتە يۈزچە شەھەر، قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللار ئاۋاتلاشقان. ئىككىنچىسى، مەغرىب دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرق ۋە شىمال تەرەپلىرى ئاۋاتلاشقان. ئاراللىرى مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئەتراپىنى سۇ ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈچىنچىسى، زەڭگى ۋە ھەبەش دېڭىزى. ئۇنىڭ چوڭراق ئاراللىرى بىر مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئاشىدۇ. بۇ ئاراللارنىڭ كىچىكلىرى ھەددى ھېسابسىز كۆپ. تۆتىنچىسى ھىندى دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئاۋات ئارىلى بار. قۇلزۇم دەرياسى بىلەن ئۇممان دەرياسى بۇ دېڭىزنىڭ ئادەتتىكى بىر شاخاپچىسىدۇر. بەشىنچىسى چىن دېڭىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاراللىرى ئىنتايىن كۆپ. بىرمىڭ يەتتە يۈز ئارال ئۇ دېڭىزدا خۇددى كۆز قارىچۇقىدەك ئورۇنلاشقان. بۇ ئاراللارنىڭ ھەممىسى ئاۋاتتۇر. ئالتىنچىسى دەۋلەك دېڭىزىدۇر. ئۇنىڭ شەھەر ۋە ئاراللىرى ئىككى مىڭغا يېقىنلىشىدۇ. بۇ ئاراللار ناھايىتى ئاۋاتلاشقان بولۇپ، تۈمەن مىڭلىغان كېمىلەر ئەتراپىدا ئۈزۈپ يۈرىدۇر. يەتتىنچىسى، بولسا مەشرىق دېڭىزىدۇ. قۇياش ئالدى بىلەن ئاشۇ دېڭىزنى يورۇتىدۇ. ئۇنىڭمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى بار. بۇ ئاراللار جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئەتراپىدا. ئون ئالتە كىچىك دېڭىزنى ۋە دەريالارنى تەپسىلىي دەپ بولۇش قىيىن. خەزەر دېڭىزى ئاشۇ كىچىك دېڭىزلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭغىمۇ نۇرغۇن ئاراللىرى ۋە ھېسابسىز ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلىرى بار. بۇ چوڭ-كىچىك دېڭىزلارنىڭ مەنبەسى «مۇھىت دېڭىزى» ناملىق ئاشۇ بۈيۈك دېڭىزدۇر. يۇقىرىقى دېڭىزلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بۈيۈك دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ بۈيۈك دېڭىزنىڭ شاۋقۇن سادادىسى ئالەمنى قاپلىغاندۇر. ئۇ شۇ قەدەر چەكسىز ۋە چوڭقۇركى، ئۇنىڭ ئىچىگە يەتتە قات ئاسمان چۈشكەن تەقدىردىمۇ چۆكۈپ كېتىدۇ. مۇھىت دېڭىزى ئەنە شۇنداق چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئارالنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بىراق بۇ دېڭىزدا غايەت چوڭ جانىۋارلار ياشايدۇ. ئۇ جانىۋارلارنى تەسۋىرلەشكە ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەن بۇ يەردە دەريا ۋە دېڭىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىچ-تېشىدىن قىسقىچىلا

بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئەگەر ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئازۇ قىلغۇچىلار بولسا، شۇ جايلارغا بېرىپ سەيلە قىلىپ باقسا، ئەھۋال ئايان بولىدۇ.

ئىسكەندەر بۇلارنى ئاڭلاپ، سۇقراتقا ھېسابسىز ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ، ئالدى بىلەن يەتتە چوڭ دېڭىزغا، ئاندىن كېيىن «مۇھىيت دېڭىزى» غا يۈرۈش قىلىپ، سەيلە قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئادەمنىڭ ھىممىتى ئاشقانسېرى ئۇنىڭ ھىممىتىدىن كۆرە غەپلىتى بەكرەك ئاشىدۇ. ئۆلۈم ھېچقانچە ئامان بەرمەستىن ئادەمنىڭ مېڭىسىدىن تۇتۇپ چىقىرىدىغان تۇرسا، ئارزۇ - ئارمان ئوتلىرىنى مۇنچىۋالا تۇتاشتۇرۇشنىڭ نېمە پايدىسى بولار؟!

**مەشرىقتە خەزىنىگە ئېرىشكەن بىر ئادەمنىڭ ھېكايىتى. ئۇ كىشى مەغرىپ خەزىنىسى ھەققىدىكى ئۇچۇر خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، قۇياشقا ئوخشاش بېشىچىلاپ مېڭىپ، مەغرىپكە باردى. ئەمما ئۇ مەغرىپ خەزىنىسىنى تېپىش بىلەنلا مەغرىپ قۇياشىدەك كۆز يۇمدى.**

بىر كىشى مەشرىقتە بىر خەزىنىنى تاپتى. ئۇ خەزىنە پۈتۈنلەي قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلار بىلەن تولغانىدى. خەزىنىنىڭ ئىشىكىگە: «بۇ خەزىنىنى تاپقان كىشى مەغرىب دىيارىغا بارسا، پالان يەردە بۇنىڭدىنمۇ كاتتىراق بىر خەزىنە بار. ئۇنىمۇ تېپىۋالسۇن.» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئۇ خام تەمە كىشى بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ھەر ئىككىلا خەزىنىگە ئىگە بولاي» دەپ ئويلاپ، بۇ يەردىكى خەزىنىنى ئۆز جايىدا يوشۇرۇپ قويدى - دە، ھىممەت كەمىرىنى بېلىگە باغلاپ، مەغرىب تەرەپكە يول ئالدى. نەچچە يىل دەشت - باياۋانلارنى كېزىپ، تاغ - داۋانلاردىن ئېشىپ، دەريا - دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ، يۈزمىڭلارچە بالا - قازا ۋە جەۋر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىر ئىزدىگەن يەرگە يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ خەزىنىنى تېپىش بىلەنلا ئەجىلى توشۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ بىچارە يا بۇ خەزىنىدىن بەھرىمەن بولالمىدى، ياكى ئۇ خەزىنىدىن پايدىلىنالمىدى. ئۆمرى بويى تالاي جاپا - مۇشەققەتنى چېكىپ، ئاخىرى جېنىدىن ئايرىلدى.

شۇنى بىلگىنكى، دەريا ۋە قۇرۇقلۇقلارنى بويسۇندۇرغان كىشى پادىشاھ ئەمەس، بەلكى تەڭرى بەرگەن نېسىۋىسىگە ئېرىشكەن كىشى پادىشاھتۇر. كىمكى بۇ مەنىنى چۈشىنىپ يەتەلمىسە، شۇ كىشى ئەقىللىق ۋە بەختىيار كىشىدۇر.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ سۇقراتتىن: «بۇ يەر - ماكان زېمىنى پۈتۈنلەي سۇ ئوراپ تۇرۇشىدا قانداق سىر - ھېكمەت باركىن؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى. سۇقراتنىڭ جاۋاب بەرگەنلىكى**

ئىسكەندەر سۇقراتتىن مۇنداق سوئال سورىدى:

— ئەي بۈيۈك دانىشمەن، شۇنى بايان قىلغىنكى، پۈتۈن يەر يۈزىنى سۇ

قورشاپ تۇرغان بولسا بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ نېمىشقا ئۇ سۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى بېسىپ كەتمىدى. نېمە ئۈچۈن «رۇبئى مەسكۇن» دېگەن ئىبارەت بۇ تۆت‍تىن بىر قىسىم يەرگە كەلگەندە سۇ ئاز كېلىپ قالدى؟ مۇھىت دېڭىزدىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان يەتتە چوڭ دېڭىز نېمە ئۈچۈن زېمىن يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىۋالال‍مايدۇ؟ بۇنىڭدا قانداق سىر-ھېكمەت بار؟

— ئەي دېڭىز بىلەن تەڭداش پادىشاھ،— دېدى سۇقرات جاۋاب بېرىپ،— ھۆكۈمالار ئالدىدا شۇ نەرسە ئايانكى، يەر تۇپتۈز ۋە ياپىلاق بولماستىن، بەلكى ئېگىز - پەس ۋە يۇمىلاقتۇر. سۇ بولسا چوڭقۇر يەرگىلا مايىلدۇر. ئەگەر يامغۇر سەۋەبىدىن سەل كەلسە، هامان ئۇ سەل ئېگىزدىن پەس يەرلەرگە قاراپ ئاقىدۇ. ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا دېڭىز سۈيىمۇ ئېگىز يەرلەرگە چىقمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلارنىڭ سۈيى يەر يۈزىنى پۈتۈنلەي بېسىپ كەتمەيدۇ. بەزى ھۆكۈمالارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تەڭرىنىڭ ھېكمىتىدۇر. تەڭرى زېمىننى دېڭىز ئىچىدە خۇددى ئەينەك ئىچىدە ئادەمنىڭ ئەكسىنى ساقلىغاندەك ساقلىدى. تەڭرىنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھەممە ئىش ئاساندۇر. تەڭرى ئالەمنى ياراتقاندا يەر يۈزىنى ئىنسانلار ئۈچۈن پائالىيەت مەيدانى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا يەر يۈزىگە سۇ دەخلى قىلالمايدۇ. ئەزەل ھېكمىتىنىڭ ھۆكمىگە ھېچ نەرسە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ. تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە ئەقىل ھەيراندۇر. بۇ ھەقتە سۆزلەشكە تىل ئاجىزدۇر.

ئىسكەندەر بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولۇپ، سۇقراتقا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئىسكەندەرنىڭ يەتتە دېڭىز بىلەن ئون ئىككى مىڭ ئارال شەھەرلىرىنى بويسۇندۇرغانلىقى. ئاندىن ئۆزى ئەتراپىنى پەرگار① دەك ئايلىنىپ چىققان ئاشۇ مۇھىت دېڭىزنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىغا قاراپ يۈرۈش قىلغانلىقى. بۇ يەردە ياغاچ ئات (كېمە) لارنىڭ دېڭىز بورىنى ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرى، ئۇ دېڭىزدا نامايان بولغان سۇ باياۋىنىنىڭ ساماۋى ھالەتلىرى، دېڭىز دەشتىدە دولقۇنلاردىن ھاسىل بولغان ھېسابسىز تاغ-ئېدىرلىقلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنۈشلىرى ۋە دېڭىز ئىنتىقۇلىرى توپ-يەلىدىن بۇ يولدا تاش ياغقاندەك ئالامەتلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ بايانى. ئىسكەندەرنىڭ مۇھىت دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە يەتكەنلىكى. ئاندىن بۇ پەلەك چاقىنىڭ ئايلاندۇرۇشى تۇپەيلىدىن ئىسكەندەرنىڭ تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكى.

ھېكمەت گۆھەرلىرىنى چاچقۇچى قا ياشلىدى:

غەۋۋاس بۇ دېڭىزدا مۇنداق سەيلە قىلىش ۋاقتىكى، سۇقرات دەريا - دېڭىزلار

① پەرگار — چەمبەر سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب، پەرگار، سىركۇل.

ۋە ئاراللارنىڭ كەيپىياتىنى شەرھىلەپ ئۆتتى. ئىسكەندەر دېڭىز ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ دېڭىزلارغا بىر-بىرلەپ سەپەر قىلىش نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئاندىن سۇقراتقا:

— سېنىڭ سۆزلىرىڭدىن بىز دېڭىز ۋە دەريالارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلدۇق. ئەمدى بىزنىڭ ساڭا ئىلتىماسىمىز شۇكى، سەن بىزگە بۇ سەپەر جەريانىدا يولباشچى بولغىن. بىز پۈتكۈل لەشكەرلەر ۋە كېمىچىلەر بىلەن بىللە ساڭا ئىتائەت قىلىمىز. قەيەرگە باشلىساڭ، ساڭا ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارىمىز، — دېدى.

سۇقرات بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ يولباشچى بولدى. ھەممە خالايىق ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇ كېمىچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلدى. بارلىق سەپەر ئەھلى سۇقراتنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلدى. سۇقرات بولسا ئىلياس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلاتتى. ئۇلار كېمىلەرنى ھەيدەپ دېڭىزغا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاراللارنى ئىشغال قىلىشقا باشلىدى. قايسى ئارالنى ئالغۇسى كەلسە شۇنى قولىغا كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى كۆردى.

دېڭىز ئەتراپىنى ئۆلچەپ بىلىش ئۈچۈن، بىرنەچچە كېمىنى قىرغاق بويلاپ مېڭىشقا ئورۇنلاشتۇردى. بەزى ھۆكۈمالارنى دېڭىز قىرغىقىدىكى قۇرۇقلۇقلار بىلەن يۈرۈپ، يوللارغا تاناپ تارتىپ، دېڭىز يولىنىڭ مۇساپىسىنى تېپىشقا بەلگىلىدى. ئۇلار دېڭىز قىرغىقى ۋە قواتۇقلىرىدىكى تاغ-باياۋانلارنى كېزىپ، ئۆلچەشكە كىرىشتى.

دېڭىز ئىچىدىكى ئۆلچەش ئىشلىرىمۇ جىددىي باشلىنىپ كەتتى. ھۆكۈمالار بىرنەچچە كېمىنىڭ ئىچىگە ئون ئىككى مىڭ قىرى ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچىلارنى قاچىلىغانىدى. ئارغامچا قاچىلانغان كېمە بىر ئورۇندا لەڭگەر قۇرۇپ توختاپ تۇراتتى. ئۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى يەنە بىر كېمىگە چېگىپ، ئۇ كېمىنى ئالغا قاراپ ھەيدەيتتى. ئارقىدا توختاپ تۇرغان كېمىدىكى ئارغامچا تۈگىگەندە، ئالدىدا كەتكەن كېمە توختاپ، ئۆز ئورنىدا لەڭگەر سېلىپ تۇراتتى. ئاندىن ئارقىدا لەڭگەر سالغان كېمە يولغا چىقاتتى. ئۇ كېمىمۇ ئالدىدا توختىغان كېمىدىن ئۆتۈپ ئون ئىككى مىڭ قىرى ئۇزۇنلۇقتىكى ئارغامچا تۈگىگىچە ئالغا قاراپ ماڭاتتى، ئارغامچا تۈگىگەن ھامان توختاپ لەڭگەر سالاتتى، ئارقىدىكىسى يولغا چىقاتتى. ئاشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈمالار دېڭىز يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئاراللار بىلەن ئاراللارنىڭ ئارىلىقىدىكى مۇساپىلارنى ئۆلچەپ، ئېرىشكەن ھېساباتلارنى خاتىرىلەپ ماڭدى. يەنە بەزى ھۆكۈمالار دېڭىزنىڭ توغرىسىغا ئارغامچا تۇتۇپ، ئۇنىڭ كەڭلىكىنى ئۆلچەپ خاتىرىلەپ ماڭدى. بۇ خاتىرىلەرگە ئاساسەن ھېسابدانلار ھەربىر دېڭىزنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى ۋە دېڭىز يۈزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىنى ھېسابلاپ چىقىشتى. ئىسكەندەر ھەربىر ئارالنى ئېلىپ بولغىچە ھۆكۈما ۋە ھېسابدانلار ئۇ دېڭىز ۋە ئارالنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك مۇساپىلىرىنى ئۆلچەپ، ھېساباتلىرىنى چىقىرىپ خاتىرىلەپ، تەق قىلىپ تۇراتتى. بۇ خاتى-

رىنى ئىسكەندەرگە كۆرسەتكەندىن كېيىن،
خەت قىلىپ يېزىپ، رۇمدىن ئېلىپ كەلـ
گەن كەپتەرلەرنىڭ ئايىغىغا چىگىپ قويۇپ
بېرەتتى. ئۇ كەپتەرلەر ھاۋاغا كۆتۈرۈ-
لۈش بىلەنلا رۇم تەرەپكە قاراپ پەرۋاز
قىلىپ، رۇم ئەھلىگە خەۋەر يەتكۈزەتتى.
ئىسكەندەر شۇ تەقلىتتە يۈرۈپ،
يەتتە دېڭىزنى كېزىپ چىقتى. ھېسابسىز
جەزىرە - ئاراللار ۋە ئاجايىب - غارايىباتـ
لارنى كۆردى. ئون ئىككى مىڭ ئارالنى ئىشغالـ
لىيىتىگە ئېلىپ، ئۆزىگە تەۋە قىلدى.
غەيرەت - شىجائەت بىلەن نۇرغۇن غەلىبىـ
لەرنى قولغا كەلتۈردى. ئارغامچا بىلەن
ئۆلچەشلەرمۇ تاماملىنىپ، بارلىق دېڭىزـ
لارنىڭ ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك مۇساپىلىرى،
ئومۇمىي كۆلىمى، ياخشى - يامان تەرەپـ
لىرىدىن خەۋەردار بولدى. ئاندىن بۇ
ئەھۋاللارنى خەتكە يېزىپ، كەپتەرلەر
ئارقىلىق يەنە رۇم ئەھلىگە ئەۋەتتى.
بۇ يەتتە چوڭ دېڭىز بۈيۈك مۇھىت
دېڭىزنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقانىدى. ئىسـ
كەندەر بۇ دېڭىزلارنى كېزىش ئارقىلىق
مۇھىت دېڭىزنىڭ ئەتراپىنى بىر نۆۋەت
ئايلىنىپ چىقتى. ئاندىن پەرەڭ دېڭىزىـ
دىكى بىر ئارالغا كېلىپ ئورۇنلاشتى.
بۇ ئىشلارغا جەمئىي ئون ئىككى يىل ۋاقىت
كەتتى. بۇ ئارالغا كېلىپ چۈشكەندىن
كېيىن، ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى قە-
ۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇلار «سەپەر
قىلىش توگەپ، بۇ يەرگە ئورۇنلاشقان
ئوخشايمىز» دەپ ئويلاپ قالغانىدى.
ئىسكەندەر سۇقراتنى چاقىرتىپ:
— يەتتە دېڭىزنىڭ مۇساپە ۋە كۆ-
لىمى خاتىرىلەنگەن ھېسابات قەغەزلىرىـ
نى كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

ئۇ قەغەزلەر مەخسۇس بىر كېمىگە
قاچىلانغان بولۇپ، ئۇ كېمە مۇشۇ ئارالـ
دىكى قەغەزلەر بىلەن لىق تولغانىدى.
سۇقرات: «ئاستىغا بېسىلغان قەغەزلەرگە
سۇ ئۆتۈپ قېلىپ، خەتلىرى بۇزۇلغان
بولسا، قانداق جاۋاب بېرەرمەن» دەپ
ۋەھىمىگە چۈشتى. لېكىن ساندۇقلارنى
ئېچىپ قارىغانىدى. قەغەزلەرگە نەم ئۆتـ
مەي، سالامەت تۇرۇپتۇ. ئىسكەندەرنىڭ
پەرمانىغا بىنائەن، ھېساباتچىلار بۇ قە-
غەزلەردىكى سانلارنى ھېسابلاپ، يەتتە
دېڭىزنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى ۋە ئۇزۇنلۇق
كەڭلىك مۇساپىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى
ئاندىن بۇ ھېسابنى توغرىلاپ، ئىسكەنـ
دەرگە مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر بۇ
ھېسابلارنى كۆرۈپ، دېڭىز يۈزىدىكى
يوللارنىڭ ھېساباتىنى بىلدى. ئاندىن
ئۆز قولى بىلەن بۇ سانلارنى قوشۇپ،
ئېلىپ، كۆپەيتىپ كۆرۈپ، بۇ يەتتە
دېڭىزدىن ھەربىرىنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭـ
لىك مۇساپىسىنىڭ نەچچە گەز،
نەچچە غېرىچ ئىكەنلىكىگە قەدەر
ئىنىچكە ھېسابلاپ چىقتى. يەتتە چوڭ
دېڭىز بۈيۈك مۇھىت دېڭىزىدىن ھاسىل
بولغان ۋە بۇ بۈيۈك دېڭىزنىڭ ئەتراـ
پىغا جايلاشقانىدى. شۇڭا ئىسكەندەر بۇ
يەتتە چوڭ دېڭىزنىڭ مۇساپىسىنى ھېسابـ
لاش ئارقىلىق، «ئۇلۇغ دېڭىز» دەپ ئاتىـ
لىدىغان بۇ مۇھىت دېڭىزنىڭ ئەتراپىنى
كېچە - كۈندۈز توختىماي سەپەر قىلسا،
توققۇز يىل يەتتە ئايدا ئايلىنىپ بولغىلى
بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىقتى، ئەگەر
ئۇنىڭ بىر تەرىپىدىن يەنە بىر تەرىپىگە
قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئۇدۇللاپ ماڭسا، ئۈچ
يىل نەچچە ئايدا قارشى تەرەپكە ئۆتـ

كىلى بولمىغانلىقىنى بىلدى. مۇھىيت
دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈن
ئىككى يىل، قايتىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ
ئوخشاشلا ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىـ
قىنى ھېسابلاپ چىقتى. ئاندىن كېمىچىـ
لەرگە مۇھىت دېڭىزىنىڭ مەركىزىي نۇقـ
تىسىغا بېرىش ئۈچۈن تۆت يىللىق
ئوزۇق - تۈلۈك ۋە باشقا يول راسخوتى
تەييارلاشنى بۇيرۇدى. ئىسكەندەر بۇ
ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن بارلىق دانىشمەنلەر، لەشكەرلەر
ۋە باشقا چوڭ - كىچىك ھەمراھلىرىنىڭ
ھەممىسىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق نۇ-
تۇق سۆزلىدى:

— ماڭا بىر تالاي پىشمىغان خىـ
ياللار ۋە ئارزۇ - ئىستەكلەر پەيدا بولـ
دى. بۇنى كىشىلەر «ھەۋەس» دەپ
ئاتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەۋەس ئەمەس،
تەڭرىنىڭ تەقدىرىدۇر. مەن تەدبىر بىلەن
بۇ تەقدىرگە چارە قىلالماي، خالايىقنىڭ
جاپا چېكىشىگە سەۋەبچى بولدۇم. سىلەر
مېنى دەپ نۇرغۇن ئېغىر رەنج - مۇشەقـ
قەتلەرنى تارتتىڭلار. قارىسام ھېرىپ،
سەپەر قىلىشقا ماغدۇرۇڭلار قالمىغاندەك
قىلىدۇ. ئەگەر بۇ سەپەرگە رايىڭلار يوق
بولسا، بۇنىڭدىن رەنجىمەيمەن. چۈنكى
سىلەرنىڭ پىكرىڭلار ئورۇنلۇق. لېكىن
مېنىڭ ئون ئۈچ يىل دېڭىز ۋە ئاراللاردا
سەپەر قىلىشتىن مەقسىتىم ئاشۇ مۇھىيت
دېڭىزىنى سەيلە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.
بۇ ئارزۇيۇم ئازراقمۇ پەسەيگىنى يوق.
ھازىرغا قەدەر يەتتە چوڭ دېڭىزنى كېـ
زىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن ئاراللارنى ئىشغال
قىلدىم. بۇنداق قىلىشتىكى مۇددىئايىم
دېڭىزلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان مۇـ
ھىيت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ،
ئۇنىڭ مەركىزىنى كۆرۈپ بېقىش ئىدى.
ئەگەر تەڭرى يار بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت
ئاتا قىلسا، يەنە تۆت يىل كېمىدە ئولـ
تۇرۇپ، بۇ نىيىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرـ
غايمەن. ئىككى يىلدا بېرىپ، ئىككى
يىلدا قايتىپ كېلىمەن. ئۇ يەردىكى
ئىشلار ماڭىمۇ ئايان ئەمەس، چۈنكى
ھېچكىم غايىبنى بىلەلمەيدۇ. ماڭا بەختـ
دۆلەت يار بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ
سەپەرگە چىقماسلىققا ئامالىم يوق. بىلىـ
مەن ھېچكىمنىڭ بۇنداق خەتەرلىك سەـ
پەرگە ئاتلانغۇسى يوق. سىلەر بۇ سەپەرـ
دە مەن بىلەن بىللە بارمىز دەپ ئويـ
لىماڭلار. مەن سىلەرنى بۇنىڭغا زورلىمايـ
مەن، مەن باشقىلارنى بۇنداق ئۆلۈم
خەۋپىگە قانداقمۇ تەكلىپ قىلالمايمەن.
ھەممىڭلار مەندىن رازى بولۇپ، ئۆز ۋەتىـ
نىڭلەرگە قايتىڭلار.

بۇ خىتابنى ئاڭلاپ، خالايىق تەۋـ
رەپ كەتتى. ئۇلار نالە - پەرياد چەككەن
ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

— ئەي پادىشاھ، بۇ خەلق نېمە
گۇناھ قىلدى؟ نېمىشقا ئۇلارنى خىزمىـ
تىڭدىن مەھرۇم قىلىسەن؟! ساڭا خىزمەت
قىلىشتا ھەرقانچە نالايىق بولساقمۇ، ياخـ
شى بولساقمۇ، يامان بولساقمۇ بەربىر
يەنىلا بىز سېنىڭ قۇل - چاكارلىرىڭ
ئەمەسمۇ؟! ھەممىمىز مەيلى شادلىقتا
بولسۇن ياكى غەم قايغۇدا، خەۋپ - خەـ
تەردە بولسۇن داۋاملىق سېنىڭ خىزمىـ
تىڭدە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. جېنىـ
مىزغا ئەجەل يەتكەن تەقدىردىمۇ، تېنىمىز
سېنىڭ دەرگاھىڭنىڭ تۇپىسىغا ئايلىنىپ
كېتىشىنى تىلەيتتۇق. بۈگۈن بىزنى قايسى

كۈنامىمىز ئۈچۈن خىزمىتىڭدىن ھەيدە-
مەكچى بولدۇڭ؟! بىزنى قوغلىمىغىن،
سەن قەيەرگە بارساڭ بىزمۇ شۇ يەرگە
بارىمىز. سەن نەدە بولساڭ بىزمۇ شۇ
يەردە تۇرىمىز. ئۆلسەك، تىرىلسەك بىللە
بولىمىز. سەندىن ئايرىلىشقىنىمىزدىن
كۆرە بىزگە ئۆلۈم ياخشىراقتۇر.

ئىسكەندەر بۇ خەلقىنىڭ ئۆزىگە
ھەقىقەتەن سادىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ،
ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلارنى كۆرسەتتى.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ مۇنداق
دېدى:

— تەڭرى ھەممىڭلارنىڭ ئىشىنى
روناق تاپقۇزسۇن. بارلىق ئاشكارا ۋە
يوشۇرۇن مۇرادىڭلارغا يەتكۈزسۇن. مې-
نىڭ سىلەرگە بۇنداق تەكلىپنى بېرىشىم-
دىكى مەقسىتىم، بۇ مۇشەققەتلىك سە-
پەر ئالدىدا سىلەرنىڭ ماڭا قانداق مۇئا-
مىلىدە بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىش
ئىدى. سۆزۈڭلاردىن سادىقلىقىڭلار ۋە
ئىخلاسىڭلار ئايان بولدى. كۆڭلۈمدىكى
ۋەھىمىلەرمۇ كۆتۈرۈلدى. بۇ ئىخلاسىڭ-
لار ئۈچۈن ئۇلۇغ تەڭرى سىلەرگە يار
بولۇپ، ھەممىڭلارنى ئالەمنىڭ ھاۋادىسات-
لىرىدىن ئامان قىلسۇن.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
ھەممە خالايىق خۇشال - خۇرام بولۇشتى،
ئىسكەندەرگە دۇئا - تىلەكلەرنى ئادا -
قىلىپ، ساداقەتمەنلىك يوسۇنلىرىنى
بەجا كەلتۈردى.

ئىسكەندەر ئۇبدان ئويلىغاندىن
كېيىن، ئىككى مىڭ كېمىنى خەلقلىرى
بىلەن ئايرىپ چىقتى. ئۇ خەلقلەرنى
ھېسابسىز ئىنئام - ئېھسانلار بىلەن خۇ-
شال قىلدى. ئاندىن ئۇلارغا:

— سىلەرگە تەڭرى مەدەتكار بو-
لۇپ، ئامان - ئېسەن قىلسۇن. سىلەر
ھەممىڭلار دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ، رۇم
ئەھلىگە مېنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىمنى
خەۋەر قىلىڭلار. يەتتە چوڭ دېڭىزنىڭ
خەزىنە - دەپىنىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ،
ئون ئىككى مىڭ ئارالنى بويسۇندۇرغانلىقىمىز-
نى، ئاندىن پۈتكۈل خالايىق بىلەن بۇ
يەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىمىزنى سۆزلەپ
بېرىڭلار. ئەمدى مېنىڭ بۈيۈك مۇھىت
دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە كىرمەكچى بولۇۋات-
قانلىقىمنى ئېيتىڭلار. «پادىشاھىمىزنىڭ
مەقسىتى ئەسلىدە يۇرت ئېلىش، ئارال-
لارنى ئىشغال قىلىش بولماستىن، بەلكى
مۇھىت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كۆرۈپ
بېقىش ئىكەن. شۇڭا بىزنى قايتۇردى»
دەڭلار،— دەپ، بىرمۇنچە سۆزلەرنى
تاپىلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى رۇم
مەملىكىتىگە ئۇزاتتى.

ئىسكەندەر قېپقالغان مىڭ كېمە
ئىچىدىن يەنە يەتتەيۈز كېمىنى خەلقى بىلەن
ئايرىپ چىقتى. ئۇلارغا مۇنداق پەرمان
قىلدى:

— سىلەر تۆت يىلغىچە مۇشۇ يەر-
دە ساقلاپ تۇرۇپ، مېنى كۈتۈڭلار. قاي-
تىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئەگەر ئاغرىپ،
ياكى زەئىپلىشىپ قايتساق، سالامەتلىكى-
مىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يارىلىنىپ
قايتساق تېڭىش ئۈچۈن رۇمدىن دورا-
دەرمەك ۋە ماتالارنى كەلتۈرۈپ تەييار-
لاپ قويۇڭلار. قايتىپ كەلگەندە سىلەر-
نىڭ دورا ۋە تېڭىقلىرىڭلار بىلەن شىپا
تېپىپ، شاد - خۇرام ھالدا ۋەتەنگە قايت-
تارمىز. ئەگەر بۇ مەككار پەلەك باشقىچە
ئويۇن ئوينىسا، مەن دېڭىزدا غەرق بو-

لۇپ، لەھەڭلەرگە يەم بولۇشۇم مۇمكىن. سىلەر مەن ۋەدە قىلغان ۋاقىتتا قايتىپ كېلەلمىسەم، يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ بېقىپ، ئاندىن مەندىن ئۈمىدنى ئۈزۈڭلار، مېنىڭدىن رازى بولۇپ، دۇئادا ياد ئېتىپ، ۋەتەنگە قايتىڭلار.

ئىسكەندەر قېپقالغان ئۈچ يۈز كېمىگە لازىملىق نەرسىلەرنى قاچىلىدى. ھۆكۈمالارنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلغاندىن باشقا يەنە نەچچە مىڭ كىشىنى تاللاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۇ ئىلىملىرىگە ماھىر تەڭداشسىز كېمىچى ۋە دېڭىزچى غەۋۋاسلاردىن ئىدى، ئۇلار ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىزمىتىگە ئىنتايىن لايىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بولمىسا، ئىسكەندەر دېڭىزدا ھېچقانداق ئىشقا قەدەم قويالمايتتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇ خىزمىتىنى جان-دىلى بىلەن قوبۇل قىلىپ، كېمىگە كىرىشتى. قالغانلار زار-زار يىغلاشقان ھالدا ئارالدا قېپقېلىشتى.

ئىسكەندەر بۇ ئۈچ يۈز كېمىنى ئېلىپ، بۈيۈك مۇھىيت دېڭىزىنىڭ مەركىزىگە يۈرۈش قىلدى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز توختىماي، تۈزۈكرەك ئۇخلىماي، تۈزۈكرەك غىزالانماي، داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئۇلار ماڭغانسېرى پۈتكۈل قۇرۇقلۇق ۋە ئاراللاردىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئەتراپتا سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. پۈتكۈل ئەتراپتا سۇنىڭ قىرغىقى بىلەن ئاسماننىڭ قىرغىقى بىرلىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇددى ئاسماندا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىشتى. قۇياشمۇ سۇدىن چىقىپ، يەنە سۇغا كىرىپ كېتەتتى. قۇياش سۇنىڭ ئىچىگە كىرگەندە، ئۇنىڭ مەشرىققە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقى خۇددى سۇ ئىچىدىكى گۆھەردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياشنىڭ سۇ ئىچىدىكى كۆرۈنۈشى خۇددى پانۇس ئىچىدە يېنىپ تۇرغان شامغا ئوخشايتتى. ئۇ دېڭىز ئاستىغا چۆككەندە، دېڭىز ئىچىنى يورۇتۇپ، تۈمەنمىڭلىغان جانلىقلار ئاشكارا نامايان بولاتتى. بۇ تۈمەنمىڭلىغان جانۋارلارنىڭ كۆزلىرى قۇياش نۇرى بىلەن قوشۇلۇپ چاقناپ، دېڭىز ئىچىگە نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرى بەئەينى كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. ئۇ جانۋارلار تەرەپ-تەرەپتىن كېمىلەرگە نەزەر تاشلىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شولىلىرى كېمىلەرگە چۈشەتتى. خالايىق بۇ شولىلار تۈپەيلىدىن كېمىلەرگە ئوت كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەشتى. بىراق كېمىلەرنى سۇ قاپلاپ تۇرغاچقا، ئوت كېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ئۇ جانۋارلار شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك جىسمى بىلەن كېمىلەرگە تاشلىناتتىكى، ئۇلارنىڭ ۋەھىمىسىدىن خالايىقنىڭ يۈرەك-باغرى سۇ بولۇشقا باشلىدى. بۇ جانۋارلار ھەر تەرەپكە ماڭسا، دېڭىزدا دولقۇنلارنى پەيدا قىلاتتى. ئۇ دولقۇنلار كېمە ئەھلىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ سالاتتى. ئۇلار يۈزمىڭلىغان ئاپەتلەرگە دۇچار بولدى، قۇياش چىققۇچە ئۇلارنىڭ جانلىرى ئېغىزلىرىدىن يۈزمىڭ قېتىم چىقىپ، يۈزمىڭ قېتىم كىرىدى. قۇياش چىققاندا بولسا، ئۇ جانۋارلار كۆزگە كۆرۈنمەيتتى. لېكىن قايناملاردا كېمىچىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىيىنلىشاتتى. ئۇلار قاينام ئىچىدە يول-نىشانلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، سەرگەردان بولاتتى.

مۇساپىرلارنىڭ يولىدا بۇنداق قايناملار پەيدا بولسا، ئۇلارنىڭ هالى هالاكەتتىن بۆلەك نېمە بولماقچىدى. كېمىلەر قايناملارنىڭ ئەتراپىدا خۇددى تال ياپرىقىدەك پىرقىراپ يۈرەتتى. قايناملارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى قۇياش يۇسۇپىنەۋ يۇتۇپ كەتكۈدەك چوڭلۇقتىكى تېگى يوق قۇدۇقلار هاسىل بولغانىدى. سۇ ئىچىدە هاسىل بولغان بۇ قۇدۇقلاردا سۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قىرغاق تاملىرى پۈتۈنلەي سۇدىن پۈتكەنىدى. كېمىلەر ئۇ قايناملارنىڭ بىرىدىن قۇتۇلسا، يەنە بىرىگە دۈچ كېلەتتى.

بۇ ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغا، دېڭىزدا بوران چىقىپ، يەنە ئاجايىپ-غارايىپ ئاپەتلەر نامايان بولدى. بوراننىڭ شىددىتىدىن سۇ ئۈستىدە دەهشەتلىك دولقۇنلار پەيدا بولدى. دولقۇنلار گاه پەلەككە يەتسە، گاه سۇنىڭ تېگىگىچە پەسلەپ، پۈتكۈل ئالەمنى لەرزىگە سالاتتى. دولقۇنلار بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ھىنگىشىپ كېلەتتى. بۇ دولقۇنلاردىن سۇ يۈزىدە بەئەينى تاغ-تىزمىلىرىدەك ئىگىز-پەس چوققا ۋە جىلغىلار پەيدا بولاتتى. بوراندا دېڭىز دەهشەتلىك چايقالغانلىقتىن، دېڭىز جانىۋارلىرى مەيلى بېلىق، مەيلى تاشپاقا، مەيلى لەهەڭ بولسۇن هەممىسى سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ كېمىلىرى دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە گاه ئەرشىئەلاغا چىقىپ، پەلەك ئۆكۈزى ۋە بېلىقىغا① ئۇرۇلسا، گاه تەهتەسساراغا چۈشۈپ، يەر تېگىدىكى ئۆكۈز بىلەن بېلىققا② سوقۇلاتتى. كېمە ئەهلى گاه ئۆلۈپ، گاه تىرىلەتتى. ئۇلار ئاشۇ دەهشەتلىك سۇدا تىرىكلىكتىن قوللىرىنى يۇيماقتا ئىدى. كېمىلەر دېڭىز يۈزىدە خۇددى ياغاچ ئاتلاردەك ئۇياق بۇياققا چېپىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار دولقۇن سەل پەسەيگەندە بىرى مەغرىپتىن، بىرى مەشرىقتىن كېلىپ بىر-بىرلىرى بىلەن تېپىشاتتى. بۇ مۇساپىرلار بىر-بىرى بىلەن تېپىشقاندا، ئەلەملىك پىغان چېكىپ، دەردلىك كۆز ياشلىرىدىن دېڭىزغا ئۈنچىلەرنى تۆكەتتى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە گاه ئاستا، گاهى تېز مېڭىپ، بىر يىل توققۇز ئاي ئۆتكەندە مۇهيىت دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرگە كەلگەندە ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە غايىبتىن: «ئەي بىهۇدە ئىشلارنى قىلغان ئىنسان، نەچچە يىل يول يۈرۈپ، سەپەر قىلىپ، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، يەتمەكچى بولغان يېرىڭگە مانا ئاخىر يېتىپ كەلدىڭ» دېگەن ئىلهام پەيدا بولدى. ئۇ سۇقراتنى چاقىردى. سۇقراتنىڭ كۆڭلىگىمۇ

① ئۆكۈز (سەۋر) ۋە بېلىق (هۇت) — كونا ئاسترونومىيە قارىشى بويىچە، ئەڭ ئېگىز ئاسمان بوشلۇقىدىكى 12 بۇرۇجنىڭ ئىككىنچى ۋە ئون ئىككىنچىسىنىڭ نامى. 12 بۇرۇجنىڭ ئىككىنچىسىدىكى يۇلتۇزلار توركۆمىنىڭ شەكلى ھۆكۈزگە، ئون ئىككىنچىسىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ شەكلى بېلىققا ئوخشىغاچقا، ئاشۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ يەردە ئاشۇ يۇلتۇزلار كۆزدە تۇتۇلغان.

② قەدىمدە كىشىلەر: «زېمىننى بىر ئۆكۈز كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۆكۈزنى بولسا بىر بېلىق كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دەپ قارىغان. بۇ يەردە ئاشۇ ئۆكۈز بىلەن بېلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىلىياس ئەلەيھىسسالامدىن شۇنداق ئىلھام
يەتكەنىدى. سۇقرات بۇنى ئىسكەندەرگە
مەلۇم قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.
ئىككىيلەن كۆڭلىدىكىنى دېيىشتى. بۇ
ئىشتا شەك - شۈبھە قالمىدى. ئىسكەندەر-
نىڭ كۆڭلىگە ھەممە ئىش ئايان بولدى
ئىسكەندەر باشلىق ھەممەيلەن خۇرسەن
بولۇشتى. ئۇلار كېمىلەرنى بىر جايغا
يىغىپ، لەڭگەر سېلىپ، توختىدى. كېمى-
لەرنىڭ يەلكەنلىرىنى چۈشۈرۈشتى.
ئاندىن ئىسكەندەر خالايىققا:
— سىلەر بۇ يەردە خۇشال - خۇرام
هالدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن دېڭىزنىڭ
تېگىگە چۈشۈپ كۆرۈپ چىقىمەن. مېنىڭ
نەچچە يىلدىن بېرى كۆزدە تۇتقان
ئارزۇيۇم مۇھىيت دېڭىزىنىڭ تېگىنى
كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمدى ئاشۇ
مۇرادىمغا يەتمەكچىمەن، — دېدى.
لېكىن بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەر
خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇلار بىر - بىرىگە
ئوخشىمايدۇ.
ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىي بۇ ۋەقە
ھەققىدە مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ھۆكۈ-
مالار شىشىدىن ناھايىتى چوڭ ساندۇق
ياسىدى. ئىسكەندەر ئۇ شىشە ساندۇقنىڭ
ئىچىگە كىردى. ھۆكۈمالار ئۇ ساندۇقنىڭ
ئېغىزىنى مۇرەككەپ دورىلار بىلەن
مۇستەھكەم ئەتتى. ئاندىن ئارغامچىنىڭ
بىر ئۇچىنى ئۇ ئەينەك ساندۇققا باغلاپ،
بىر ئۇچىنى ھۆكۈمالار تۇتۇپ تۇردى.
بۇ ئىشلار پۈتكەندە ئۇلار تەڭرىگە تەۋەك-
كۇل قىلىپ، شىشە ساندۇقنى كېمىدىن
چۈشۈرۈپ، دېڭىزغا سالدى. ئىسكەندەر
شىشە ساندۇقنىڭ ئىچىدە دېڭىزنىڭ
تەكتىگە چۆكتى. ئۇ سۇ تېگىدە نەچچە
ئايغىچە يۈرۈپ، دېڭىزنىڭ ھەممە ئەھۋا-
لىنى تاماشا قىلدى، سۇ تېگىدىكى ھەممە
نەرسىنى كۆردى. يۈز كۈندىن ئارتۇقراق
ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمالار
ئارغامچىنى تارتىپ، ساندۇقنى
چىقىرىۋالدى.
ئەمما ئەھۋال بۇ رىۋايەتتىكىدەك
بولۇشى ناتايىن. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
ئىسكەندەرنىڭ سۇدىن سالامەت چىقىشى
ئەقىلگە سىغمايدۇ.
بۇ ھەقتە يەنە بىر رىۋايەتمۇ بار.
رىۋايەتچىلەر بۇ رىۋايەتنى ئىختىراپ
قىلىدۇ. ماڭمۇ مۇشۇ رىۋايەت ئىشەنچ-
لىكتەك سېزىلىدۇ. بۇ رىۋايەت
تۆۋەندىكىچە:
تارىخچىلار ئۆز رىۋايەتلىرىدە
ئىسكەندەرنى ھەم پەيغەمبەر ھەم ئەۋلىيا
دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ۋەقەسىنى مۇنداق
بايان قىلىدۇ:
ۋاقتىكى، ئىسكەندەر دېڭىزغا كىرىپ،
سەپەر قىلىش جەريانىدا ھەددى ھېساب-
سىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى چەكتى؛ بۇ
رىيازەتلەر ئارقىلىق ئۇنىڭ تېنى پاك
بولدى، كۆڭلىدە تەڭرىنىلا ئويلىدى.
سەپەر سۈلۈكلىرى تامام بولغانلىقتىن،
ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىمۇ كامالەتكە
يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەۋلىيالىق مەرتى-
ۋىسىگە يېتىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى
پەيغەمبەرلىك نۇرلىرى يورۇتتى. ئاشۇ
ئەۋلىيالىق شولىسى ۋە ئەنبىيالىق چىرى-
غىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، نەگە
قارىسا جىمىي نەرسىنى كۆرەلەيدىغان
بولىدى. پۈتكۈل يوشۇرۇن سىرلار
ئۇنىڭغا ئاشكارا بولىدى.
دېڭىزدىكى ۋە قۇرۇقلۇقتىكى مەۋجۇت

بولغان بارلىق جانلىق، جانسىز مەۋجۇداتلار ۋە پۈتكۈل ئىنسانلار ئۇنىڭغا سۇدا ئايان بولدى. يەنە ئۇ سۇنىڭ ئىچىدە شۇقەدەر ھەيۋەتلىك زور مەخلۇقلارنى كۆردىكى، ناۋادا ئۇلاردىن بىرەرسى قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالسا، ئۇنى كۆرۈپ قورقۇنچتىن پۈتكۈل ئىنسانىيەت ھالاك بولغان بولاتتى. ئۇ يەردىكى بېلىقلار شۇقەدەر زور ئىدىكى، ئۇلار ناھايىتى تېز ماڭسا، ئۇلارنىڭ تېنى بىر ئۇرۇندىن بىر ئايدا ئاران ئۆتۈپ بولالايتتى. ئەنە شۇنداق چوڭ بېلىقلاردىن بىر كۈندە نەچچىنى يەۋېتىدىغان لەھەڭلەرمۇ بار ئىدى. بۇ دېڭىزنىڭ تاشپاقا ۋە قىسقۇچپاقلىرىمۇ ئاشۇ بېلىقلاردەك چوڭ ۋە ھەيۋەتلىك ئىدى.

ئىسكەندەر ئارزۇ قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردى. بەلكى ئارزۇسىدىن يۈز ھەسسە كۆپ نەرسىلەرنى كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلدى. ئەنبىيالىق ئىلھاملىرىدىن خەۋەر تاپتى. پۈتكۈل سۇ ۋە قۇرۇقلۇققا پادىشاھ بولۇپ، ئۆزى ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى بىلىپ يەتتى. ئۇ كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىنى ھەمراھلىرىغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ خالايىق ئىسكەندەرنىڭ ئېرىشكەن ئىستىقبال - ۋە مەرتىۋىسىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى غالىب پادىشاھ، ئەۋلىيا، پەيغەمبەر ۋە بۈيۈك ئالىم، دانىشمەن ھۆكۈما دەپ تونۇدى.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەرنىڭ مۇرادى ھاسىل بولغاندىن كېيىن، شاد - خۇرام بولۇپ، قايتىشقا پەرمان قىلدى. كېمىلەر يەلكەنلىرىنى چىقىرىپ قوزغالدى. ئۇلار شۇ قەدەر تېز ماڭدىكى، بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئۇلارنىڭ سۈرئىتىگە يېتىشەلمەيتتى. ئۇلار ئىككى يىللىق يولنى بىر يىلدا بېسىپ، يەتتە يۈز كېمىدىكى خەلق ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئارالغا كەلدى. ئارالدىكى خالايىق ئىسكەندەر بىلەن كۆرۈشۈپ، شاد - خۇراملىققا چۆمدى. ئىسكەندەر بۇ ئارالدا بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئەتىسى پۈتكۈل خالايىق بىلەن بىرگە رۇمغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار دېڭىزدا يۈرىدىغان يولنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر يەردىن قىرغاققا چىقىپ، قۇرۇقلۇق سەپىرىنى باشلىدى. لېكىن ئىسكەندەرنىڭ جىسمى بىتاب بولۇپ، مىجەزىدە ساغلاملىقنىڭ ئورنىنى كېسەللىك ئالامەتلىرى ئىگىلىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، خالايىقنى ئۆز دىنىغا دەۋەت قىلدى. ئاندىن مەملىكەتنىڭ قانۇن-قائىدىلىرىنى تۈزدى، ئاندىن قېپقالغان زۆرۈر ئىشلاردىن بىرى بولغان تائىپىلەر شاھىنى بويسۇندۇرۇش ئىشىنى ئورۇندىدى. بۇ پادىشاھلىق يەتتەيۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، مەملىكىتى ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى. ئۇلارمۇ ئاخىرى ئىسكەندەرگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلدى.

ئىسكەندەر ئاغرىقچان بولسىمۇ، توختىماي يول يۈردى. كېچە - كۈندۈز ئارام ئالمىدى، ھېچ يەردە توختىمىدى. ئۇنىڭ ئەمدىكى ئارزۇسى ئۆز ۋەتىنى رۇمغا تېزرەك قايتىۋېلىش ئىدى. ئۇ بىر چۆلدە ھەمراھلىرى بىلەن كېتىۋاتاتتى. ھاۋا بارغانسېرى قىزىشقا باشلىدى. قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ھېچ ھالى قالمىدى. يۈرۈشكە زادىلا ماجالى يەتمىدى. ئۇ زەئىپلىكتىن جىددىت مىنجاپ تىترەك تۇتۇلاشقان ھالدا قىزدىق قۇم

ئۇستىگە چۈشتى. ئۇ ئۆزىنى يەلپۈشكە
بۇيرۇدى. ھەمراھلار ئۇنى يەلپۈدى.
لېكىن كېسەلنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن
قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى. سىپاھلاردىن
بىرى ئۆزىنىڭ ساۋۇتىنى يېشىپ، يەرگە
سالدى - دە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىسكەندەر-
نى ياتقۇزدى. سىپاھلارنىڭ يەنە بىرىدە
ئالتۇندىن ياسالغان قالقان بار ئىدى. ئۇ
سىپاھ ئالتۇن قالقىنىنى ئىسكەندەرنىڭ
ئۇستىگە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا سايە سالدى:
ئىسكەندەر قارىسا يەر تۆمۈرگە، ئاسمان
ئالتۇنغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ
ئىقبالىنى پال كىتابلىرىدىن كۆرگەنىدى.
ئۇ كىتابلاردىن ئۆز ھاياتىنىڭ تۈگىگەن
مەزگىلىدە يەر تۆمۈرگە، ئاسمان ئالتۇنغا
ئايلىنىدىغانلىقىنى ئوقۇغانىدى. ئىسكەن-
دەر ئۆزىنىڭ تېگىدىكى تۆمۈردىن
ياسالغان ساۋۇت، ئۇستىدە تۇرغان ئالتۇن
قالقانى كۆرگەندىن كېيىن، ئاشۇ پال
ھۆكمىنى يادىغا ئالدى. بۇ ۋەقەدىن
ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلىپ،
كۆزلىرىدىن قايغۇلۇق ياشلىرىنى تۆكتى.
بۈگۈن ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى
ھېس قىلىپ، جاندىن ئۈمىدىنى ئۈزدى.

ساقىينامە:

كەتۇر، ساقىيا، بادەۋۇ قويى نىزادە،
تولا تۇت ماڭا ساغەرى ئەلۋىدادە.
دەمى مۇغتەنەم ئاڭلا مەيخانەنى،
كى تولدۇرغۇسى چەرخ پەيمانەنى.
مۇغەننىي، چېكىپ نەغمە، قىل بىزنى شاد،
كېرەك بولسا ئول نەغمەئى خەيرىياد.
ئەگەر مۇڭلۇغ ئىستەر ئېسەڭ ئاندا بەيت،
نەۋائىنىڭ ئاشۇفتە نەزمىدىن ئەيت.
نەۋائى تاپىپ ساقىئى ماھۋەش،
يانىدا ئانىڭ مۇترىبى نەغمەكەش.
بولۇپ مەستۇ ياد ئەتمە ئاگاھلىق،
ئەگەر ئىستەر ئېرسەڭ دەمى شادلىق.

جاھان بەزمىسىنىڭ ساقىيلىرى شۇ قەدەر ھاياسىزكى، ئۇلار ئۆمۈر پىيالىسىگە
ئۆلۈم زەھىرىنى قۇيۇشتا غاپىل بىلەن ھوشيارنى ئايرىپ ئولتۇرمايدۇ.
ھايات بېغىنىڭ باغۋەنلىرى شۇ دەرىجىدە ۋاپاسىزدۇركى، ئۇلار تىرىكلىك
شاخلىرىنى ئەجەل تىغى بىلەن كېسىشتە پادىشاھ بىلەن گادايىنى
پەرق ئەتمەيدۇ. بۇ بىۋاسا ئالەمدىن ئىبارەت چاڭ - توزاندىن
ئېتەك سىلكىشكە ئىشارەت ۋە بۇ ھالاكەت گىردابىدىن قول
ئۈزۈشكە بىشارەتتۇر.

ئەي كۆڭۈل بۇ جاھان تۇراقسىزدۇر،
ئۇنىڭدىن ۋاپا كېلەرمىكىن دەپ تەمە
قىلما. بۇ جاھان بىر چوڭ كېسەكتىنلا
ئىبارەت، ئۇ كېسەكتىن ئېتىكىڭنى يىراق
تارتقىن. جاھاندىن ئىبارەت بۇ كېسەكنى
چوڭقۇر دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ
تۆتتىن ئۈچ قىسمى دېڭىزغا غەرق بولغان،
تۆتتىن بىر قىسمىلا سۇ سىرتىدا كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ. سەن لايغا بۇلغانمىسۇن دېسەڭ
سۇ ئىچىدىكى پالچىقتىن ئېتىكىڭنى
تارتقىن. كۆڭلۈمنى كىر باسمىسۇن
دېسەڭ، سۇ سىرتىدىكى چاڭ - توزاندىن

يىراق تۇرغىن. بۇ پالچىق بىلەن توزانـ
دىن تېز قاچقىن. چۈنكى ئۇنىڭ پاتقىقىغا
پېتىپ قالغان كىشى زادىلا قۇتۇلالمايدۇ.
شاھ بەھراممۇ ئاشۇ پاتقاققا پېتىپ كەتـ
كەنىدى، تاكى قىيامەتكىچە ئۇ پاتقاقتىن
چىقالمايدۇ. كەيخۇسرەۋمۇ ئاشۇ توزان
ئىچىدە غايىب بولغانىدى. ئۇنى ھېچ
كىشى ئىزدەپ تاپالمىدى. ھەرقانداق
بىر پادىشاھ جاھان مەملىكەتلىرىنى
ئېلىپ، كانلار، دېڭىزلار ۋە خەزىنىلەرنى
بويسۇندۇرغان بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە جاھان
ئۇلارنى دەردكە مۇپتىلا قىلدى، بەخش
ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىۋېلىپ،
ھالاك قىلدى.

ئىسكەندەرمۇ شاھلارنىڭ شاھى ئىدى،
ئالىم ئىدى، ئەۋلىيا ئىدى ھەم پەيغەمبەر
ئىدى، ئۇ قايسى ئىشقا قولىنى سۇنسا،
ئۇنى قولىغا كەلتۈرەتتى، قايـ
سى ئىقلىمغا لەشكەر تارتسا،
زەپەر قۇچاتتى، دۈشمەنلىرىنىڭ كۆلىنى
كۆككە سورۇپ، مۇرادىغا يېتەتتى. ئۇنىڭ
قىلغان ئىشلىرىنى كەيۇمەرس زامانىدىن
تاكى ھازىرغىچە ھېچقانداق پادىشاھ
قىلىپ باقمىغانىدى. ھېچكىمگە مۇيەسسەر
بولمايدىغان ئىشلار ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى،
بۇ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ يەتتە
ئىقلىمنى ئىشغال قىلىپ، پۈتكۈل
قۇرۇقلۇقتا ئات ئويىنىتىپ، جاھاندا ئۆز
دەۋرانىنى سۈرۈپ ئۆتتى. سەپەرگە
چىقىپ يەتتە چوڭ دېڭىزنى، بىر بۈيۈك
دېڭىزنى ئايلىنىپ، ئۇ يەرنىڭ بايلىق
خەزىنىلىرىنى قولىغا چۈشۈردى. 12 مىڭ
ئارالنى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىگە تەۋە
قىلدى. يەئنە يەجۈج ـ مەجۈجلەرنىڭ
يولىغا سېپىل سوقتۇردى، ئۇ سېپىلنى

تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ،
يەنە تېخى پەلەك ۋە زېمىننىڭ سىرلىرى
نامايان بولىدىغان ئۇستۇرلاب ۋە جاھانـ
نەما ياساتتى. ئىلىم تەھسىل قىلىپ
جاھان مەملىكىتىدە ئىچىلمىغان
نۇرغۇن تىلسىملارنى ئاچتى،
كۆپلىگەن يېڭى تىلسىملارنى ۋۇجۇدقا
كەلتۈردى. يەنە نۇرغۇن دانىشمەن ھۆـ
كۈمالارنى ئۆزىگە يېقىن دوست قىلدى.
ئۇ ئالىملارنىڭ ئالدىدا پەلەك مۈشكۈللىـ
رىمۇ ئاسان بولاتتى. ئالەمدە
ئۇنىڭ شاھلىق قۇدرىتى تەڭداشسىز
ئىدى، ئىلىم ـ مەرىپەتتە، ئەۋلىيالىق
ۋە پەيغەمبەرلىك جەھەتتىمۇ ئۈستۈن
مەرتىۋىگە ئېرىشكەنىدى. ھېچقانداق
ئادەمگە نېسىپ بولمايدىغان بۇ ئىشلار
ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولغانىدى. لېكىن ئاقىـ
ۋەت يەنە بۇ جاھان ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلـ
ماي، جاپا قىلدى. ئۇنىڭ نازۇك تېنىنى
ئەجەل ئۇيقۇسى بىلەن ئاجىز قىلىپ،
قارا تۇپراق ئۈستىگە تاشلىدى. بۇ مەكـ
كار پەلەك ئۇنى ئۆز ۋەتىنىدىن، ئانىسى
ۋە پەرزەنتلىرىدىن جۇدا قىلىپ، دەشت
ۋە دېڭىزلاردا سەرسان قىلدى. ئۇ قايـ
تىدىغان چاغدا كۆڭلىگە ئىزتىراپ ۋە
ئىشتىياق پەيدا بولۇپ، جۇدا بولغان قاـ
ياشلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن شۇ قەدەر تېز
ماڭدى. لېكىن يېقىنلاپ كېلىپ مۇرادىـ
غا يېتىدىغان چاغدا ئۆلۈم ئوتى ئۇنىڭ
جېنىغا ھارارەت سالدى. تەقدىر ئۇنىڭغا
دۈشمەنلىك قىلىپ، خۇددى بېلىقنى قىـ
زىق قۇمغا تاشلىغاندەك ئىش قىلدى.
ئۇنىڭ بېشىدا ئىنىزداش قاياشلىرى يوق
ئىدى. باياۋان ئىچىدە خەستە جېنى قاتـ

تىق قىينالماقتا ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ يۈز تۈمەن دەردلىرىگە بىرمۇ داۋا تېپىلمىدى. بۇ ئىشلارغا ئەقىل ھەيراندۇر. جاھان ئىشلىرىغا ئارتۇقچە ھەۋەس قىلغۇچىلارغا بۇ ئەپسانە مەڭگۈلۈك ئاچچىق ساۋاق، ئەبەدىي ئىبرەتتۇر.

**لوقماننىڭ ھېكايىتى. ئۇ جاھاننىڭ تەئەللۇقاتىدىن قول ئۈزۈپ،**
**بىر ۋەيرانە جايدا خەزىنىگە ئوخشاش ماكان تۇتتى.**
**يەنە مىڭ يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغىمۇ پەلەك**
**ئەجدىھاسىدىن ھادىسە يەتتى.**

ئاڭلىشىمچە، لوقمان ھېكىم ئۆز دەۋرىدە ياقا پۈچقاقتىكى بىر ۋەيرانە جايدا ماكان تۇتقانىدى. ئۇ بەئەينى خەزىنىگە ئوخشاش ۋەيرانە ئىچىدە ئورۇنلىشىپ، جاھاننىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنىڭ رەنجى-ئەلىمىنى تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ جىسمىغا ئۇ بۇزۇق ۋەيرانە دال بولالمايتتى. ئۇنىڭ مىڭ ياشقا كىرگەن چېغىدا، بىر ئادەم ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى:

— ئەي ھېكىم، — دېدى ئۇ ئادەم لوقمانغا، — سەن بۇ قەدەر دانىشمەنلىكىڭ بىلەن ئالەمنى يورۇتقان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن جاھاننىڭ راھەت-پاراغىتىگە نائىل بولمايسەن؟ نېمىشقا ئوبدانراق جايدا تۇرماي، بۇخارابە ئىچىدە ماكان تۇتۇسەن؟

لوقمان ھېكىم ئۇ كىشىگە جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ ۋەيرانىدە نەچچە يىللاردىن بېرى ھوقۇشتەك ياشاپ كېلىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن مەقسىتىم بىھۇدە ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، زىيان تارتىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. مەن غەم ۋە ھەسرەتكە قالماي دەپ بۇ ئالەمگە كۆڭۈل بەرمىدىم ۋە مۇشۇ ۋەيرانە ئورۇنغا ماكانلاشتىم. ھالبۇكى، پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كېتىدىغان چېغىمدا بۇ ۋەيرانىمۇ مېنىڭدىن ئېشىپ قالىدۇ. يوقلۇق سەپىرىگە قەدەم قويغىنىمدا، ھەتتا مۇشۇ بۇزۇق كەپىمۇ ماڭا ئارتۇقلۇق قىلىدۇ. كىمكى بۇ جاھاندىن ئۆزىنى يىراق تۇتسا، ئۇنىڭ رەنجۇ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلىدۇ.

**بىر كىشىنىڭ لوقماندىن: «ساڭا بۇنچىۋالا بىلىمنى كىم**
**ئۆگەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرسەڭ» دېگەن مەزمۇندا سوئال**
**سورىغانلىقى. لوقماننىڭ نادان كىشىلەرنى ئىشارەت**
**قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىش**
**كۆرگەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى.**

بىر كىشى لوقماندىن:

— زاماندا شلىرىڭدىن ھېچقايسىسى بىلىم ۋە دانىشمەنلىكتە ساڭا يەتمەيدىغان تۇرسا، ئەجەبا سەن بۇنچىۋالا ئىلىم-

مەرىپەتنى كىمدىن تەلىم ئېلىپ ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سورىدى.

لوقمان ھېكىم مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مەن بۇ بىلىم-ھېكمەتلەرنى دانىشمەنلەرگە شاگىرت بولۇش ئارقىلىق ئۆگەنمىدىم. مېنىڭ ئۆگەنگەن بىلىمىمگە نادان كىشىلەر ئۇستاز بولغان. نادانلار قانداق يامان ئىشنى قىلسا، مەن ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلدىم. يامانلىقتىن قېچىپ، ياخشى ئىشلارغا يېقىن بولدۇم. جاھان ئەھلىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى نادانلىقتىن ئىبارەت. كىمكى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتسا، ئۇ كىشى ئىلىم-ھېكمەت ساھەسىگە كىرگەن بولىدۇ. شۇڭا دانالار جاھاندىن قول ئۈزۈشنى ئەلا بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. كىمكى خارابات خەزىنىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ئۆز قەسرىنى ۋەيران قىلسا، بۇ بەخت-سائادەتنىڭ بېشارىتىدۇر. جاھاندىن قول ئۈزۈش پادىشاھلىقنىڭ شەرتىدۇر. چۈنكى كۆرۈنۈشتىكى خارابلىقتىن روھىي جەھەتتىكى، ياق، بەلكى ماھىيەت جەھەتتىكى ئاۋاتلىق ھاسىل بولىدۇ.

ئىسكەندەرنىڭ ئۆلۈم ئازابىدىن تال چىقىدەك تولغىنىۋاتقانلىقى ۋە ئۆزىگە ھازا تۇتماسلىق ھەققىدە ئانىسىغا خەت يازغانلىقى. ئاندىن كېيىن تەقدىر ئىسكەندەرنىڭ ھاياتلىق خېتىنى ئېلىپ، كۆزلىرىگە سۈرتكەنلىكى. خالايىق ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈرۈپ، ئىسكەندەرىيەگە كەلتۈرگەنلىكى. ئانىسى خەتنى تاپشۇرۇۋې-لىپ، تاۋۇت ئالدىغا چىققىنىدا، ئوغلىنىڭ خۇددى بوۋاقلىق مەزگىلىدە ئۇخلاش ئۈچۈن بۆشۈك ئىچىدە ياتقاندەك بۇ تاۋۇت بۆشۈكى ئىچىدە يېتىپ، مەڭگۈ-لۈك ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى. ئانىنىڭ يەر كۆكسىنى خۇددى ئۆز كۆكسىنى يارغاندەك يېرىپ، ئوغلىنى تۇپراققا تاپشۇرغانلىقى*.

تارىخشۇناسلار بۇ ماتەملىك داستاننى مۇنداق ئاخىرلاشتۇردى:

ۋاقىتكى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئۆمۈر قۇياشىنىڭ زاۋاللىققا يەتكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ دۇنيادىن كېتىدىغان، جاھاننى، ياق، بەلكى جاننى تەرك ئېتىدىغان ۋاقتى كەلگەنلىكىنى بىلدى. دەۋرانىنىڭ بۇ داراسى ئەجەل جامىدىن ئۆلۈم زەھرىنى ئىچىۋاتقان مۇشۇ ئېغىر كۈندە، ئۆزىنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بېقىپ، چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشقان ئانىسىنى يادىغا ئالدى. ئانىسى يادىغا كېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى. ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ،

* قول يازمىنىڭ ئاخىرىدىن بىر نەچچە ۋاراق يوقالغان. بۇ بىر ماۋزۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانى ئاساسىدا تولۇقلاپ ئىشلەندى.

خالايىقتا قاراپ، خۇددى ئەجەل شۇڭقارىغىـ
نىدەك سوغۇق بىر ئاھ چەكتى. ئاندىـن
ئانىسىغا خەت يېزىپ، قەغەز يۈزىنى قارا
قىلىش ئارقىلىق ئۆز ۋەسىيەتلىرىنى بايان
قىلىش ئۈچۈن، كاتىپ، قەغەز ۋە قەلەم
كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

سەھىپىلەرگە گۆھەرلەرنى چاچقۇچى،
قەلىمى چاققان بىر كاتىپ بۇ دەردلىك سەھىپىـ
نى ئېچىپ، قەلەمنى تەييارلىدى. ئۇنىڭغا
ئىسكەندەر ئۆز ھېكمەتلىرىنى بايـان
قىلدى. كاتىپ قالدۇرماستىن يېزىشقا
باشلىدى. خەت مۇنداق باشلاندى:

«بۇ خەت بولسا پۈتۈنلەي دەردلىك
سەھىپىلەردىن ئىبارەتتۇر. تەڭرى بەدەن
ئىچىگە جان جەۋھىرىنى سالغۇچى ۋە
ئۆزى بەرگىنىنى يەنە قايتۇرۇپ ئالغۇچىـ
دۇر. ئۇ دېڭىزدا يوقالغانلارنىڭمۇ
يولباشچىسى، چۆل - باياۋانلاردا ئۆلگەنلەر-
نىڭمۇ ھىمايىچىسىدۇر. ئۇ گادايلىقنى
پادىشاھلىقتىن ئەزىز قىلغان. جاھان
شاھلىرى بولسا ئۇنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس
پۈچەك يارماقتۇر. تەڭرىنىڭ تەقدىرىدىن
خەۋەر تاپقاندا ئەمەل ۋە مەنسەپنىڭ
ھەشەمەتلىرى ھېچ نېمىگە ئەسقاتمايدۇ.
ئۇنىڭ ھەربىر قازا ۋە تەقدىرىگە نۇرغۇن
ھېكمەتلەر يوشۇرۇنغان. ئۇنى ئەقىل ھەر
قانچە پىكىر قىلسىمۇ بىلىپ بولالمايدۇ.
تەڭرىنىڭ ئۆزىلا چەكسىز ئۇلۇغلۇق
ئىگىسىدۇر. ئۇنىڭ ھەم باشلىنىشى يوق-
تۇر، ھەم ئاخىرى يوقتۇر. مەن تەڭرىنىڭ
ھەمدۇسانالىرىنى مۇشۇنچىلىك بايان
قىلدىم، ئەمدى ۋەسىيىتىمنى باشلاي:
مەندەك ئەجەل قوشۇنى ئىلكىدە ئاجىز
بولغان بىچارە ناتىۋاننىڭ بۇ بۇزۇلغان
تېنىمنىڭ جېنى ھەم ۋۇجۇدۇم گۆھىرى-
نىڭ كېنى بولغان سەن ئانامغا دەيدى-
غانلىرىم تۆۋەندىكىچە:

مەن سېنىڭدىن ئايرىلىپ، يىراق
يەرلەردە يۈرۈپ، سېنى جۇدالىق دەردى
ۋە پۇرقەت ئازابىدا قويدۇم. بېشىمغا
بىھۇدە خىياللار كىرىۋېلىپ، مېنىڭ
ھۈنىرىم جاھاننى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبا-
رەت، دەپ قارىدىم. لېكىن قىلغانلىرىمنىڭ
ھەممىسى خام خىيال ئىكەن. چۈنكى
كۆڭلۈم ھەۋەس شارابلىرىنى ئىچىش بىلەن
مەست بولۇپ قالغانىكەن. مېڭەمگە ھوش
ۋە ئەقىل پەيدا بولغاندا، پۇرسەت
ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئىسسىت، سەن ئۈچۈن ئوغۇل
بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلالمىساممۇ،
ساڭا قۇللۇق بەجا كەلتۈرۈپ ئۆتسەمچۇ!
كاشكى، سېنىڭ بوسۇغاڭدىكى تۇپراق
بولۇپ، مۇشۇنىڭ ئۆرنى پادىشاھلىق
دەپ بىلگەن بولسامچۇ! مانا ئەمدى
مېنىڭ ئۇ ئارمانلىرىمنى ئىشقا ئاشۇرۇ-
شۇمغا پەلەك ھەسەتخورلۇق قىلىپ، تەقدىر
يول بەرمەيۋاتىدۇ. بۇ خىجالەتچىلىك
ئۈچۈن ئەمدى ئۆلەر ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى
ئۆلتۈرۈۋالغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئەگەر
سېنىڭ رازىلىقىڭ مەن بىچارىنىڭ كۆڭ-
لىگە تەسكىن بەرمىسە، مېنىڭدەك
ناتىۋاننىڭ ھالىغا ۋاي! يۈز قېتىملاپ
ۋاي! مەن گەرچە سېنىڭ ئەمىر - پەرما-
نىڭنى تۇتالمىغان بولساممۇ، لېكىن سەن
مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلمىغايسەن:
بۇ ئىختىيارىم قولۇڭغا تەگكەندە مېنىڭ ھەممە
ئەھۋالىم ساڭا ئايان بولىدۇ. بۇ چاغدا
سېنىڭ ھاياتىڭغا ھايا جان چۈشۈپ،
جىسمىڭ پارە - پارە بولغىدەك ھالەتكە
يېتىشى مۇمكىن. بىراق سەن جاھان
ئەھلى ئىچىدىكى بىر ئەقىللىق ئانا

شۇنداقلا خەلقىم ئالدىدا مېنىڭ ۋەسىيەتىمنى ئادا قىلىدىغان بىردىنبىر كىشى. شۇڭا تەقدىر ماڭا ھەرقانداق قىسمەتنى يازسا، ئۇنىڭغا سەنمۇ ماڭا ئوخشاش رازى بولساڭ. كۆڭۈل رىشتىڭنى مەندىن ئۈزۈپ، تەڭرىگە باغلىساڭ. كاچات ئۇرۇش بىلەن يۈزلىرىڭنى ئىپاردەك قارا قىلمىساڭ ۋە بۇ ئىپار ئۈستىگە ئاپئاق چاچلىرىڭنى كاپۇردەك چۇۋۇمىساڭ. مەن ئۈچۈن ماتەم ئاھاڭلىرىڭنى توۋلاش بىلەن جاھاننى ماتەم تونىدە قارا قىلمىساڭ. قۇياشتەك ئىچىڭنى ھارارەتكە تولدۇرۇپ، ياقاڭنى سۆبھىدەك يىرتمىساڭ. قۇياش گويا نۇر رىشتىلىرىنى چاچقىنىغا ئوخشاش ئاپئاق چاچلىرىڭنى سارغايغان يۈزلىرىڭگە چۇۋۇمىساڭ. باشقىلاردەك، يەنى ئوغۇل ماتىمى تۇتقان باشقا ئانىلاردەك يۈزلىرىڭنى تاتىلاپ، يارا قىلمىساڭ. ئەگەر سەۋر قىلىشقا تاقىتىڭ، تاقەت قىلىشقا قۇۋۋىتىڭ يەتمىسە، سەن تەييارلىق قىلىپ بىر چوڭ مەرىكە تۈزگىن. ئۇ مەرىكىگە ھېسابسىز كۆپ لەززەتلىك تائاملارنى تەييارلا. ئاندىن پۈتكۈل ئەتراپقا جاي سالدۇرۇپ، ھەممە كىشىنى ئاۋۇنىڭغا تەكلىپ قىلغىن. ئۇلار يىغىلغاندا داستىخانغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاندىن مۇلازىملارغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئاش تارتىشنى بۇيرۇغىن. ھەممەيلەننىڭ ئالدىغا ئاش تارتىپ بولغاندا، سەن جاكارچىغا تاپشۇرغىن. ئۇ جاكارچى: «بۇ دۇنيادىن ئىبارەت ئەسكى گۈمبەز ئىچىدە ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن-يورۇقلىرى ئۆلمىگەن كىشى بولسا، ئاشۇ كىشى بۇ ئاشلاردىن يېسۇن»، دەپ جاكارلىسۇن. شۇندىن كېيىن سەن داستىخىنىڭغا قاراپ باق. بىرەر ئادەم ئاتامغا قول سۇنامدۇ-يوق. ئەگەر بىرەر ئادەم ئاشقا قول ئۇزاتالىسا، سەنمۇ مېنىڭ ماتىمىمنى تۇتۇپ ئازاب چەككىن. ئەگەر ئۇ تائاملارغا ھېچكىم قول ئۇزارتمىسا ۋە ئۇنى يېمىسە، بۇنىڭدىن جاھاندا يېقىنلىرى ئۆلۈپ تۇپراققا كىرمىگەن بىرمۇ ئادەمنىڭ يوقلۇقى مەلۇم بولىدۇ. ھاياتنىڭ قائىدىسى شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، بۇ ئىشتىن ئۆزۈڭگە تەسەللى تاپقىن. مېنىڭ ماتىمىم دەردىدىن قۇتۇلۇپ، پۈتكۈل ئالەم ئەھلى بىلەن ھەمدەرد بولغىن. سەن ھەر قانچە بەختىيار ۋە يول باشچى بولساڭمۇ لېكىن يەنىلا باشقىلارغا ئوخشاشلا تەڭرىنىڭ بەندىسەن. شۇڭا ئۆزۈڭنى بارچە خالايىق بىلەن ئوخشاش بىلگەيسەن. ھەق رىزاسى ئۈچۈن تىرىشقايسەن. مەن خاھى ياخشى بولاي، خاھى يامان، بەربىر بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتىم. ئەجەل ماڭا ئامان بەرمىدى. گەرچە مەقسەت گۆھىرىنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن ئەمدى پۇشايمان قىلغىنىم بىلەن پايدىسى يوق. ساڭا بىر نەچچە كۈنلۈك پۇرسەت بولسىلا، ھەقنى ئۇنۇتما. تائەت بىلەن بولغان مۇبارەك ۋاقىتلىرىڭدا بۇ ئۆلگەن غېرىب ئوغلۇڭنى ياد قىلغىن، دۇئا بىلەن روھىمنى شاد قىلغىن.»

ئىسكەندەر پۈتكۈل مەقسەتلىرىنى سۆزلەپ تۈگەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاراق ئىچىگە يېزىلدى. ئاندىن ئۇنى قاتلاپ ئورىغاندىن كېيىن، ھەمراھلىرىغا بېرىپ، كۆڭۈل تىلەكلىرىنى مۇنداق بايان قىلدى:

— كېچە-كۈندۈز توختىماي مېڭىپ،

بۇ مەكتۇپنى ئانامغا يەتكۈزۈڭلار. ئەمدى مېنىڭ قۇياشىمنى ئىپاردەك قاپقارا بۇلۇت قاپلايدۇ. ئاپتىپىم ئۆچىدۇ. سىلەر مېنىڭ بېشىمدا ئىزتىراپقا چۈشمەڭلار. ھازا ـ ماتىمىمنى تۇتىمىز دەپ جاھاننى خاراب قىلماڭلار. جەسىتىمنى تاۋۇتقا سېلىپ، كېچە ـ كۈندۈز دېمەستىن تېز ئىلگىرىلەڭلار. بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، جەسىتىمنى ئىسكەندەرىيەگە ئېلىپ بېرىڭلار. تىرىك ۋاقتىمدا ئۇ يەر ماڭا ۋەتەن بولغانىدى. ئۆلۈكۈمگىمۇ شۇ جاي دەپنىگاھ بولسۇن. مېنى تاۋۇتقا سالغان ۋاقتىڭلاردا چوقۇم بىر قولۇمنى تاۋۇتنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويۇڭلار. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەيرەت كۆزلىرى بىلەن، ياق، بەلكى ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالسۇن. قولۇمنىڭ بۇ پەنجىلىرى ۋە قاتار تىزىلىپ تۇرغان بارماقلىرى جاھاندىن ۋە جاھان ئەھلىدىن ئۈزۈلدى. مەن گەرچە بۇ قوللىرىمغا پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ھەم بارلىق دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلارنىڭ بايلىقلىرىنى كىرگۈزگەن بولساممۇ، لېكىن ئەجەلنىڭ قوللىرى ئۆلۈم سەپىرىنىڭ ناغرىسىنى چالغاندا، بۇ جاھاندىن قوللىرىم خۇددى چىنار شېخىغا ئوخشاش قۇپقۇرۇق ھالدا كەتتىم. ھېچنەرسىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم. شۇڭا ئالەم ئەھلى مېنىڭ قولۇمنى كۆرۈپ ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئالەمنىڭ بايلىقلىرىغا ئارتۇقچە ھېرىسمەن بولمىسۇن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش بىلەنلا كۆز يۇمدى. ئۇ پانىي ئالەمنى ئىشغال قىلغانىدى. ئەمدى باقىي ئالەمنى ئېلىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى.

ئۇنىڭ روھى يەردىن كۆككە قاراپ سەپەر قىلدى. ماتەمدىن يەر ۋە كۆك ئاستىن ـ ئۈستۈن بولدى. ئۆلۈم شېۋىرغانلىرى جاھاننى كېزىپ، ئالەم يۈزىنى قارا تۇپراق بىلەن قاپقاراڭغۇ قىلدى. بۇ شاھانە دەرەخنىڭ بېشى ئېگىلدى. تاج يەرگە چۈشتى، تەخت يۈز پارە بولدى. ئۈزۈكمۇ ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ يۈزلىرىنى يۇنۇپ، بۇدۇر ـ چوقۇر قىلىۋەتتى. سوغۇق شامال بارلىق ھېكمەت كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرىنى يىرتىپ ئۇچۇرۇپ كەتتى. كىشىلەرگە پەقەت ساۋات چىقىرىش تاختىسىلا قېپقالدى. پۈتكۈل ھېكمەت ئەھلى خۇددى كىتابقا ئوخشاش قارا كىيىم كىيدى، ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئوخشاش قارا سىياھ ئىچىگە چۆمدى. يەر ۋە پەلەك ماتەم دەستىدىن چايقىلىپ كەتتى. لېكىن ئارىدىن يەنە بىرمۇنچە كىشىلەر شاھنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى يادىغا ئېلىپ، خالايىققا سەۋر قىلىش ھەققىدە ئاجىزانە خىتاب قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇلار ئاھ ـ پىغان چېكىشنى قويۇپ، ئىسكەندەرنى ئۆز ۋەسىيىتىدە ئېيتىلغاندەك تەرتىپ بىلەن تاۋۇتقا سالدى. تاۋۇتنى بولسا مەپىگە سېلىپ، شاھ دېگەن مەنزىلگە قاراپ راۋان بولدى.

ئىسكەندەرنىڭ خېتىنى ئېلىپ ئالدىن يولغا چىققان كىشى ئۇ خەتنى شاھنىڭ ئانىسىغا يەتكۈزدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ مېڭىسىدىن ئەقلى ـ ھوشى چىقىپ كەتتى. ئۇ گوياكى بىر جانسىز جىسىمغا ئوخشاپ قالدى. بۇ ماتەم ۋە غەمدىن ئانا ئۆز كۆكسىنى يىرىپ، ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولدى. ئەمما خەتنىڭ مەزمۇنىغا

قاراپ ئۆزىنىڭ غەمكىن جېنىغا تەسەللى بەردى. ئىسكەندەرنىڭ يازغان خېتى بويىچە ئىش تۇتۇشنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. لېكىن يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ۋەسىيەتنىمۇ بېشىدا توختىتالمىدى. ئۇ ئاھ ئوتلىرى بىلەن جاھاننى، ياق، بەلكى توققۇز قات ئاسماننى كۆيدۈرمەكچى بولاتتى. بىراق يەنە ئوغلىنىڭ سۆزلىرى ئېسىگە چۈشۈپ، پىغان زەھىرىنى ئىچىگە يۇتاتتى. بۇ دەرد ئوتىدا يۇشۇرۇن ئۆرتىنەتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئوتلىرىدا جاھان ئۆرتىنەتتى. جىسمىدىكى تومۇرلار ۋە توقۇلمىلارنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ، قۇرۇغان سۆڭەكلىرىمۇ كۆل بولۇشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا خالايىق ئىسكەندەرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل تاغۇ باياۋانلارنى ماتەمدارلار قاپلىدى. كىشىلەر ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى يەلكىلىرىدە قويۇپ، ھەر بىر قەدەم يولغا جانلىرىنى پىدا قىلغان ھالدا كەلمەكتە ئىدى. ئانا بۇ ئەھۋالنى بىلىپ، يۈرەك بۇلۇتىدىن چاقماقتەك ئوتلۇق بىر ئاھ چەكتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، بېلىنى باغلاپ، قوللىرىغا ھاسا تۇتقان ھالدا، يولغا چىقتى. ئانا بۇ ئالەمنىڭ ئىچىنى داغلاپ، دەردمەنلەرچە قەدەم ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئانىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى كۆرۈپ، ئاسمانمۇ ئۇياتتىن بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئانا يىراقتىن ئوغلىنىڭ تاۋۇتىنى كۆرۈپ، پەلەكنىڭ قىلدىغان جاپالىرىنى قىلىپ، بۇ ھاياتلىق ئۈمىدىنى ئاخىرى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى بىلدى. خالايىق پەلەكتىن بۇ خىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى كۆرۈپ، شۇنداق سۈرەن سېلىشتىكى، پەرىشتىلەرمۇ بۇ ئىشقا ھاياجانلانماي تۇرالمىدى.

ئانا تاۋۇت يېنىغا يەتكەندىن كېيىن، دەردمەنلەرچە ئاۋاز بىلەن مۇنداق خىتاب قىلدى:

— ئەي ئەزىز مېھمىنىم، خۇش كەلدىڭ، كەلگەن قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن. مەن قىرىغان كېنىزەكنىڭ جېنى يولۇڭدا پىدا بولسۇن. بۇ ئالەم سارىيى ساڭا لايىق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزنى غۇربەتتە قويۇپ كېتىپ قالدىڭمۇ؟ بۇ دۇنيادىن ئىبارەت قارا تۇپراق سەندەك پاك نۇرغا قانداقمۇ لايىقىدا ماكان بولالىسۇن؟! شۇڭا سەن ئۇ ئالەم بېغىنىڭ بوستانىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ، پەرىشتىلەرنىڭ قەسىرلىرىنى يورۇتتۇڭ. ئەقىل ـ ئىدراك سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى مۇۋاپىق تاپىدۇ. ساڭا مۇشۇ ئىش بىلەن شادلىق ھاسىل بولغان بولسا، بۇ خۇشاللىقىڭغا بىزنىڭ رازى بولۇشىمىز زۆرۈر. بىراق ماڭا بۇ پەلەكتىن ۋە بىھايا دۇنيادىن شۇ قەدەر زۇلۇم يەتتىكى، سېنىڭدىن بۇرۇن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ، ساڭا جەننەت ئىچىدە ئورۇن ياساشقا مۇيەسسەر بولالمىدىم. تەقدىر شۇ قەدەر ئاجايىپ ئويۇن ئوينىدىكى، قۇياش غايىب بولۇپ، يەنە قېرى پەلەك قېپقالدى. بۇنداق بولارنى خىيال قىلغان بولسام، دەرد ـ ئەلەم مېنى بۇرۇنلا ھالاك قىلغان بولاتتى. بۇنداق ئىشنى چۈشۈمدە كۆرگەن بولسام، شۇ ھامان يۈرىكىم يېرىلغان بولاتتى. تەقدىر ئىلكىدىن بۇ ئىش تۈيۈقسىز جېنىمغا تاقالدى. بۇ بالا ـ قازا سېلى توساتتىنلا جىسمىمغا يۈزلەندى. ئەگەر ئاشكارا

ماتەمىمنى تۇتالىغان بولسامۇ بۇنچىۋالا ئازاب چەكمەس ئىدىم. ئاق چاچلىرىمنى چۇۋۇپ، گاھ ھۇشۇمغا كېلىپ، گاھى ھۇشسىز بولۇپ، يۈزلىرىمنى تىرناپ، بۇ زەپىرانزارغا لالە گۈللەرنى ئېچىلدۇرغان بولسام. ياقىلىرىمنى يىرتىپ، قارا كىگىز كىيىپ ماتىمىمنى قىلسام. ھازا ئېچىپ، نالە پەريادلىرىمنى پەلەككە يەتكۈزسەم، تاۋۇتۇڭ ئالدىدا جان بېرىپ، زەئىپ جىسمىمنى تېنىڭ ئۈستىگە تاشلىسام. شۇ ئارقىلىق بۇ پەلەك زۇلمىدىن خالىي بولۇپ، سەن بىلەن بىللە كەتكەن بولسام ئىدى. مېنىڭ غەم مېھنەتلىرىم ۋە دەرد ـ ئەلەملىرىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، سېنىڭ ماتىمىڭنى تۇتۇپ ھازا ئاچالمىدىم. بۇ جاننى بېرىپ، سېنىڭ ئارقاڭدىن بارالمىدىم. چۈنكى ماڭا سەندىن بۇرۇن خېتىڭ يېتىپ كەلدى. ئۇ خەتتە قانداق ئىشلارنى ئىلتىماس قىلغان بولساڭ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىش زۆرۈر ئىدى. گەرچە چەكسىز ئازابلىنىۋاتقان بولسامۇ لېكىن سۆزۈڭنى ئاڭلىماسقا ھەددىم يوق. چۈنكى، بۇ خەتتە يېزىلغىنى خاقانىنىڭ ياكى قەيسەرنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەرنىڭ سۆزى. ئاھ، تېنىم قۇتسىدىكى پاك گۆھەر قېنى؟! سۇ ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ شاھى ئىسكەندەر قېنى؟!

ئانىنىڭ بۇ پىغانلىرىدىن خالايىق ئىنچىكە ھاياجان چۈشتى. ئۇلار ئاھۇ ـ ئەپغان چېكىشكەن ھالدا شاھنى مەڭگۈلۈك ئارامگاھىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ تەنتى دەپ-

ىنگاھىغا يەتكۈزدى، ياق، بەلكى، روھىنى تەڭگە يەتكۈزدى. قارا تۇپراقنىڭ باغرىنى يېرىپ، ئىسكەندەردىن ئىبارەت بۇ قۇياشنى شۇ تۇپراق ئىچىگە يوشۇردى. بۇ كونا پەلەك قۇياشنىڭمۇ قارا تۇپراققا پېتىشى بىر ئادەتتۇر. شۇڭا ئىسكەندەرنىڭ نۇرلۇق جىسمىنى قارا تۇپراققا كۆمۈپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى يۈز تۈمەنلەرچە زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن ياساپ چىقتى. ئۇ قەبرىگە پەلەك ئەتلىسىنى يوپۇق قىلدى. كىشىلەر نەچچە كۈنگىچە نالە ـ پىغان قىلىپ، شاۋقۇن سۈرەن ـ سېلىشتى. لېكىن بۇ دەردكە ھېچبىر داۋا تاپالمىدى. قانچە نالە ـ پەرياد چېكىشكەن بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر ھەممەيلەن قازانىڭ ھۆكمىگە سەۋر قىلىپ، كۆڭۈللىرىنى توختىتىپ، خۇشاللىق ئادەتلىرىنى داۋام ئەتكۈزدى. ساقىينامە:

ئاياقچى، ئىچىم كەلدى غەمدىن بەتەڭ،
كەتۈرگىل تولا ساغەرى لالەرەڭ.
كى چۈن بولسا ئانى سۇمۇرمەك ماڭا،
ئىش ئولغاي ھەم ئول دەم ئۆگۈرمەك ماڭا.
مۇغەننىي، كەلۇنەۋھە ئاھەڭگى تۈز،
بۇزۇغ كۆڭلىمىزنى يانا داغى بۇز.
كى ھەم ماتەمى كەلدى، ھەم غەمزەدە.
فىراق ئىچرە بىزنى بۇ ماتەمكەدە.
نەۋائى جەھاندىن ۋەفا ئىستەمە،
تۇتۇپ بىنەۋالىغ، نەۋا ئىستەمە.
بىراۋغە جەھاندىن يېتىشمەس ئەنا،
كىنم ئول تۇتىشە ئايىنى فەقرۇ فەنا.

# مۇھەببەتنامە*

مەۋلا يۈنۈس

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى

زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى يەتتىنچى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، مۇراد ھۇسۇلىدا جىددىي جەھدى تەمام ۋە سەئيى ئىھتىمام كۆرگۈزگەنى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئاندىن قاچىپ ۋە نىجات قاپۇغلارىنى ئاچىپ بارى ئىسمەت قۇۋۋەتى بىرلە مەكرى فەرىب ۋە ھەۋايى ناشەكىب رىشتەلەرىنى ئۈزگەنى ۋە زۇلەيخا ھەسرەت ۋە نەدامەتدىن غەم - مېھنەت غەرقابىدا فەرياد - فىغان قىلغانى ۋە تۈزگەنى.

بۇ سىرنى فاش ئېتىپ ئول ساھىبى راز،
چىقاردى پەردەدىن بۇ نەۋئى ئاۋاز.
چۇ يەتتىنجىغە ئول دەم يەتتى نەۋبەت،
زۇلەيخا قىلدى فەريادى ئەجابەت:
«كى ئەي يۇسۇف قاراغىم قىل قەدەمگاھ،
زەمى تەشرىف كەلتۇر بۇ ھەرەمگاھ».
چۇ مەنزىل قىلدى ئول خۇررەم ھەرەمنى،
بۇ ئۆيگە يەتكۈزۈپ فەررۇخ قەدەمنى.
ئاڭا ھەم ئۇردى يەھكەم قۇفلى ئاھەن،
ھىسارى بولدى بۇ خۇررەم نىشىمەن:
بۇ خىلۋەت خانەدە يوق ھېچ ئەغيار،
ئەمەس بەدخاھلار ئاندىن خەبەردار.
ۋە ئاندا ئاشنا ئۈممىدىغە راھ،
نە كىمسە بولغاي ئاندىن زەررە ئاگاھ.
ئىكەۋدىن تاش كىشىۋ ھېچ خەس يوق،

ھەراسى شىھنەئى ۋەھمى ئەسەس يوق.
ئانىڭ رۇخسارى ئېردى زىۋەرى ناز،
مۇنىڭ كۆڭلى نەۋائى شەۋق پەرداز.
ھەۋەسىنىڭ ئەرسەئى مەيدانى كەڭرۇ،
تەمەننىڭ جانىدا ئوتلار ئەلەڭگۇ.
زۇلەيخا جانۇ كۆڭلى مەستى جانان،
تۇتۇپ جانانى ئىلكىدە خىرامان.
سەرىر ئالىغە تا يەتكۈردى ئانى،
چۇشىرىن نۇكتە بىرلە خۇش زەبانى.
سەرىر ئۈستىگە دەرھال ئۆزنى تاشلاپ،
دېدى جانانىغە كۆز ياشىنى باشلاپ:
«كى ئەي گۇل رۇخ ماڭا قىل بىر نىگاھى،
جەمالىڭدىكىم بۇ رەڭ تابەندە ماھى.
ئەگەر كۈن بۇ سىفەت رەۋشەن جەبىندۇر،
جەمالىم خىرمەنىدىن خۇشە چىندۇر.»

* بېشى ئۆتكەن سانىدا.

بۇ يەگىلىغ زاھىر ئەيلەپ دەرد بىسيار،
كۆڭۈل شەۋقىن قىلىپ يۈسۈفغە ئىزھار.
ۋەلى يۈسۈف كۆتەرمەي يۈقارى باش،
سالىپ چۈن فىتنە ۋەھىمدىن قويى باش.
قاراپ ئاستىن چۈ كۆردى ھەيئەتىنى،
ئۆزى بىرلە زىلەيخا سۈرەتىنى.
ھەزىرى دىبەدىن بىستەر سالىنغلىق،
كەنارى بوش بىر - بىردىن ئالىنغلىق.
بۇ سۈرەتدىن رەۋان ئالدى نەزەرنى،
نەزەرگاھ ئەيلەدى جايى دىگەرنى.
دەر ئۇلسۇن گەر نەزەردە خاھى دىۋار،
بۇ ھەم جۈفت ئىردى ئىككى ماھ رۇخسار.
يۈزىنى ئاسمانغە قىلدى فىلھال،
تەماشا قىلدى سەقف ئۈستۈن بۇ مىنۋال.
چۈ ئاندىن مەيلى تاپتى كۆڭلىگە راھ،
زىلەيخانىڭ يۈزىگە باقتى ناگاھ.
زىلەيخا تازە ئۈمىد ئۇلدى ئاندىن،
كى تا تاپقاي ھەيات ئۇل جانى جاندىن.
فىغانۇ نالە بىرلە يىغلادى زار،
تۆكەرگە تۈردى كۆزدىن ئەشكى خۇنبار:
«كى، ئەي خۇدكام، كامىمنى رەۋا قىل،
ۋىسالىڭ بىرلە دەردىمغە دەۋا قىل.
مەن ئۇل تەشنە دىھان، سەن ئابى ھەيۋان،
سەن ئۇل رۇھى رەۋان، مەن جىسمى بىجان.
فىراقىڭ ئىچرە مەن، ئەي گەنجى ناياب،
كى بولغاي جىسمى بىجان، تەشنە بىئاب.
سىنىڭ داغىڭدا ئۆرتەندى مەھۇ سال،
سىنىڭ شەۋقىڭدا مەن رەنجۇرۇ بەدھال.
ماڭا مۇندىن فۇزۇنراق سالماغىل تاب،
بۇ يەگىلىغ قىلمە ئەمدى بىخورۇ خاب.
بەھەققى ئىزەدى بىمىسلۇ مانەند،
كىم ئۇلدۇر بارچە ئالەمغە خۇداۋەند.
بەھەققى ئۇل خۇداۋەندى مۇقەددىر،
جەمالىڭىم ساڭا بەرمىش جەھانگىر.
بەھەققى ئارەزى گۈل - گۈل جەمالىڭ،

چۇ ئالەمگىر ھۆسنى بەركەمالىڭ.
چۇ نۇرىكىم يۈزۈڭدىن تابىشى بار،
كىم ئاندىن ئاينىڭ ئاھۇ نالىشى بار.
قاشىڭ ياسى بىلە قەددىڭ نىھالى،
نىھالى خۇب رەفتارىڭ كەمالى.
بۇ ئەگمە قاشلارىڭ مىھرابىدىن ھەم،
كەمەندى كاكۇلۇڭ قۇللابىدىن ھەم.
ئۇل ئىككى نەرگىسى جادۇيى خۇنخار،
بۇ دىبا پۇش سەرۋى كەبكى رەفتار.
ئۇشۇل موكىم مىيانىم دەرسەن ئانى،
ھەم ئۇل سىركىم دىھانىم دەرسەن ئانى.
گۈلى رۇخسارىڭ ئۈستۈن خالى مۇشكىن،
لەبى نۇشىنى شەككەر، خەندى شىرىن.
بەھەققى ئاھىمۇ سوزى فىراقىم،
كۆزۈم ياشىنى دەردى ئىشتىياقىم.
كۆڭۈل ھىرمانىكىم باشىم ئۈزە تاغ،
كىم ئاندىن جان گىرىفتارى تۈمەن داغ.
ماڭا بۇ ئىشقىڭ ئىستىلاسى ھەققى،
جەمالىڭ نازۇ ئىستىغناسى ھەققى.
قىل ئاخىر ھالى زارىمغە تەرەھھۇم،
بۇ يەگىلىغ قويمە ئەمدى زارۇ مەھرۇم.
ساڭا كۆپ ھاجەتىم، ھاجەت رەۋا بول،
ساڭا بار مۇشكىلىم، مۇشكىل كۇشا بول.
كى ئۆمردۇركى سەندىن جاندا يۈز داغ،
باشىم ئۈستۈن ھۇجۇمىكىم قارا تاغ.
كۆڭۈل داغىغە ھەردەم مەرھەمىم بول،
سوراپ ھالىم زەمانى ھەمدەمىم بول.
كۆڭۈل باغىغە بەرگىل ئەمدى رەۋنەق،
رەۋا كۆرمە خەراب ئەتمەكنى مۇتلەق،
فىراقىڭ قەھتىدىن بەس ناتەۋانمەن.
ۋىسالىڭدىن تىلەرمەن قۇۋتى جان مەن.
سەن ئۇل خۇرما تەرۇ مەن سىككەئى شىر،
بۇ دەم خوندا قويارنى قىلمە تەقسىر.
بۇ شىردىن خۇرما بىرلە قۇۋتى جان بەر،
بىرۇردىن جان بۇ قەھت ئىچرە ئەمان بەر.

جەۋاب ئايدىكى يۇسۇف: «ئەي پەرىزاد،
سەن ئولساڭ گەر پەرىدىن يوقتۇرۇر ياد.
مېنى بۇ ئىشىدا [سەن كۆپ] قىلماغىل تەڭ،
كى ئىسمەت شىشەسىغە ئۇرماغىل سەڭ.
گۇنەھدىن قىلماغىل ئالۇدە دامەن،
ھەۋەسدىن ئوتغە سالمە جان ئىلە تەن.
ئوشۇل بىچۇنكى ئانىڭدۇر ھەمەچۇن،
ئەبەس سۇنئىدىن ئانىڭ ھېچ بىرۇن.
كى جۇدى بەھرىدىن گەردۇن ھۇبابى،
چۇ نۇرى بەرقىدىن خۇرشىد تابى.
ئانىڭ ھەققى بۇ غەمدىن قىلغىل ئازاد،
بېرىپ ئازادلىق قىل خاتىرىم شاد.
بەھەققى پاكلارىكىم بۇدى زادىم،
بولاردىندۇر مېنىڭ ئەسلى نىژادىم.
مېنىڭدۇر گەۋھەرىم رەۋشەن بۇلاردىن،
مېنىڭدۇر ئەختەرىم رەخشان بۇلاردىن.
شەھا، يىغساڭ ئەگەر مەندىن بۇكۇن قول،
بۇ تەڭلىكدىن ئەگەر بەرسەڭ ماڭا يول.
كۆرەرسەن مەندىن ئاخىر كامكارى،
تۇرۇپ خىزمەتدە چەندان ھەقگۇزارى.
تاپارسەن لەئلى نۇشىنىمدىن ئارام،
بۇ دىلكەش قامەتىمدىن ئاقىبەت كام.
مۇرادىڭ ھاسىلىغە قىلمە تەئجىل،
شىتاب ئەتمەك ھۇسۇلىنى زىيان بىل.
بەسا سۇرئەتكى باردۇر نامۇبارەك،
قىلىپدۇر دەيرى نىكۇ ھەق تەبارەك.
نى خۇش فەرخۇندەئى دەيىر ئول خۇش فەنجام،
بۇ سۇرئەتدىنكى تا فەرخۇندە فەرجام.»
دېدي: «ھەرگىز بولۇرمۇ تەشنەغە تاب،
كى قويغاي تاڭلاغە نۇش ئەتمەكىن ئاب.
لەبىمغە كەلدى بۇ كۇن شەۋقدىن جان،
بۇ كۇن تا كېچە سەبر ئەتمەك نە ئىمكان.
قاچان تاقەت ماڭا بولغاي پەدىدار،
كى ۋەقتىم مايىل ئۆتكەرگەيمەن، ئەي يار.
نى مايىلدۇر ساڭا بىنامەيمەن، ئەي دوست.
ماڭا ھەرگىز ياۋۇق كەلمەيمەن، ئەي دوست.»
دېدى: «مانىئ ئىكى، ئەي شوخ بىباك،
ھەياتىم خىلئەتىنى ئەيلەگەي چاك.
خىجالەتدۇر زەھى روزى قىيامەت،
زىناكار ئەلگە چۇن تۇشكەي ئەزامەت.
جەفاكەش ئەل جەزاسىن بەرگەي ئول كۇن،
ماڭا سەردەفتەر ئولماق بولغاي ئول كۇن.»
زەلەيخا دېدى: «دۇشمەندىن يېمە غەم،
تەرەب بەزمىدە چۇن بولغايمۇ ھەمدەم.
ئاڭا بەرگەيمۇ ئانداغ جان سىتان جام،
كى ياتقاي تا قىيامەت مەستۇ ناكام،
بەس، ئايتۇرسەن خۇدايىم رەھمەتى ئام،
كەرەم ئول ئاسىيلارغە ئەيلەر ئىنئام.
مېنىڭدۇر گەۋھەرى تەر يۈز خەزىنە،
كى بۇ خىلۋەت سەرادا ئول دەفىنە.
گۇناھىڭغە فىدا قىلغايمەن ئانى،
كى تا بولغاي خۇداغە ئۇزرىخانى.»
دېدى: «ھەرگىز پىسەند ئېرمەس بۇ نىيەت،
كى مەندىن يەتكەي ئازارى مۇزەررەت.
خۇسۇسەن ئول ئەزىزى نىك ئەندىش،
مېنى قىلدى ساڭا ياخشى سىپارىش.
خۇدايىم زۇلجەلال بىر باردۇر ئول،
قاچان رىشۋەت بىلە ئامۇرزى كار ئول.
بېرۇر جان، مۇزد ئالماس ھېچ كىشىدىن،
قاچان رىشۋەت ئالۇر ئامۇرزىشىدىن.»
زەلەيخا ئايدى: «ئەي شاھى جەۋان بەخت،
ساڭا بولغاي مۇيەسسەر تاج ئىلە تەخت.
بەلا ئوقىغە جانىمدۇر نىشانە،
قىلۇرسەن بۇ سىفەت تاكەي بەھانە.
بەھانە مەكرۇ كەج رەفتارلىقدۇر،
بەھانە نى تەرىقى يارلىقدۇر.
مەئازەللاھ، يۈرۈپ راھى كەج ئىلە،
ئىشتكەيمەن يەنە سەندىن بۇ ھىيلە.
ماڭا تاقەت يوق ئەمدى كىلىم بەرگىل،
بۇ كامىمدىن دەمى ئارام بەرگىل.

قىلۇرسەن تابەكەي سۆزنى مۇكەررەر،
مۇرادىم بولمايىن سەندىن مۇيەسسەر،
بۇ كۈن سۆز بىرلە ئاخىر بولدى بەرباد،
مۇرادىمغە يېتىپ مەن بولمادىم شاد.
دېمە سۆز بىھۇدە ئۆتكەرمە ئەۋقات،
شىتاب ئەتكىلكى فىتتەئىخىر ئافات.
ماڭا تۇشتى قامىشدەك ئوتتۇ ئاتەش،
ساڭا ھەر لەھزە بۇ ئوتدىن كۆڭۈل خەش.
قاچان سۇد ئەيلەگەي بۇ ئاتەشۇ دۇد،
تەرەھھۇمدىن سۇ سەپسەڭ ئول زەمان سۇد.
بۇ ئوتدىن دۇد يەڭلىغ مەندە تابى،
كېلىپ بۇ ئوتغە ئۇرغىل ھەردەم ئابى.»
زىلەيخا يەتكۇرۇپ پايانىغە راز،
بەھانە قىلدى يۇسۇف يانە ئاغاز.
زىلەيخا ئايدى: «ئەي ئەبرى ئىبارەت،
كى قىلدىڭ سۆز بىلە ۋەقتىمنى غارەت.
سۆزۈمنى قىلماغىل رەد ئەمدى مۇتلەق،
ئۆزۈمنى ئۆلتۇرۇرمەن خۇنى ناھەق.
سالىپ بوينۇمغە ئىشرەت ئىلكىنى رۇست،
كېسەرمەن بولماسا خەنجەر بىلە چۇست.
مېنىڭ بوينۇمغە گەر سالماس ئېسەڭ قول،
سېنىڭ بوينۇڭغە خۇندۇر، باخەبەر بول.
ئۇرۇپ خەنجەر چۇ سەۋسەن ئۆز تېنىمنى،
قىلۇرمەن قان چۇ گۇل پىراھەنىمنى.
قويۇپ تەندە جۇدالىق داغ جاندىن،
قۇتۇلغايمەن بەھانەڭدىن مەن ئاندىن.
مېنى كۆرسە ئەزىز ئىلكىڭدە مەقتۇل،
سېنى ھەم ئۆلتۇرۇرگە بولسە مەشغۇل.
چۇ ئۆلگەندىن كېيىن جانانەئى خاك؛
ساڭا ۋاسىل بولۇر جانى ھەۋەسناك.»
بۇ سۆزنى ئايتىپ ئالدى خەنجەرى تىز،
كى بىستەر ئاستىدىن بىر تىغى خۇنرىز.
تېنى تاب ئىچرە جاندىن خەستە جانى،
سۇدەك يەتكۇردېيۇ ھەلقىمغە ئانى.
چۇ يۇسۇف كۆردى ئانى سەكرەدى چۇست،

بارىپ ئىلكىنى مەھكەم تۇتتىلار رۇست.
كى بىردەم تۇتغىل ئارام، ئەي زىلەيخا،
ئۆزۈڭنى قىلمە ناكام، ئەي زىلەيخا.
بولۇرمۇ بۇ سىفەت تۇندى شەرەرلىق،
بۇ يەڭلىغ ھەم بولۇرمۇ شورۇ شەرلىق.
تىلەر بولساڭ ئەگەر جانىڭغە ئارام،
ۋىسالىڭدىن ئالۇر بولساڭ ئەگەركام.»
زىلەيخا خۇبلۇق ئەۋجىدە ماھى،
كۆرۇپ يۇسۇفدىن ئانداغ نىكخاھى.
تۇشۇپ كۆڭلىگە ئايىنىڭ بۇ گۇمانى،
مۇرادىغە بۇ دەم يەتكۇرگەي ئانى.
قولىدىن يەرگە تاشلاپ ئاتتى خەنجەر،
قىلۇرغە سۇلە سالدى تەرھى دىگەر.
لەبىن نۇشىن دەھانىدىن قىلدى پۇرشەھد،
قىلىپ تەۋقى كەمەر ساقۇ ھەردىر مەھد.
ھەدەف جانىن قىلىپ ناۋەكلەرىغە،
سەدەف نازۇك تەنىغە، گەۋھەرىغە.
ۋەلى يۇسۇف ھەدەفدىن ناۋەك ئاسراپ،
سەدەفدىن گەۋھەرىن ھەم بىشەك ئاسراپ.
كۆڭۈل مەيل ئەتتى قويماق دۇرغە ئالماس،
ۋەلى مەئسۇملۇق ھۇكمى تۇتۇپ پاس.
زىلەيخادا تەقازا، گەرمى يۇسۇف،
قىلىپ ھەر لەھزە تەئخىرۇ تەۋەققۇف.
ئىنزارىغە سۇنۇپ قول قىلدى تەئخىر،
چېكتىپ ئىككى يازىلسە ئەقدەدىن بىر.
بۇ ئەسنا ئىردى، باقتى، كۆردى ناگاھ،
كى ئۆي گەنجىدە زەررىن سەرزى دىبا.
دېدى: «ئول پەردەغە نې بائىس، ئەي جان،
كىم ئولتۇرمىش سەھابى ئىچرە پىنھان؟»
دېدى: «ئول بارگەھ مەنىڭ بەندەدۇرمەن،
كى رەسمى بەندەلەردەك تابىنۇرمەن.
تېنى ئالتۇن، كۆزى گەۋھەر سەنەم بار،
ئىچى پۇر تولدۇرۇغلۇق مۇشكى تاتار.
ئاڭا مەن ھەر زەمانىكىم باش ئۇرارمەن،
كى ئىقۇللۇق باشىنى يەرگە قويارمەن.

قىلىپمەن پەردە ئىچرە جايگاھى،
ماڭا تا بولماغاي ئانىدىن نىگاھى.
قاراپ بىزلەرگە تەئسىف ئۇرماغاي ئول،
بۇ ئىشكىم مەن قىلۇرمەن كۆرمەگەي ئول.
بۇ ئىشدا مەن بۇ كۈن گۇمراھى بىراھ،
مەنى گۇمراھدىن ئول بولماي ئاگاھ.»
ئىشىتتى يۇسۇف ئول سۆز، قىلدى فەرياد:
«كى ۋاۋەيلاكى نەقدىم بولدى بەرباد.
ساڭا بولغاي ئۈلۈكلەر كۆزىدىن شەرم،
بۇ جانسىزلاردىن ئولغاي سەندە ئازەرم.
مەن ئاندىنكىم ئىرۇر داناۋۇ بىينا،
نىچۈك ۋەھم ئەتمەي ئول ھەييى تەۋانا.»
مۇنى دەپ سەسكەنىپ تولغاندى بىسيار،
قوپۇپ غەفلەتدىن ئۆزنى قىلدى بىيدار.
ئەلىف ـ لام ھەم ئەلىفنىڭ شاخىدىندۇر،
كۆمۈش مىقرازدىن چۇن شەمئى كافۇر.
قاچىپ ئاندىن يۈگۈردى راست چۇن تىر،
يېتىشكەنچە ئىشىك ئاچىلدى بىر ـ بىر.
يېتىپ كەلگەنسارى بىر ـ بىر شىتابان،
ئۇچرۇپ چۇن قۇفل بىر يان، پەررەبىريان.
نې ئاندا ئاچقۇسى نې ئاچقۇچى بار،
دېگىل يوقتۇر مەگەر بىر قاچقۇچى بار.
ئىشارەت قىلماق ئاندىن، ئەييۇھەنناس،
كەلىندى ئېردى قوفل ئاچماقغە ئالماس.
زىلەيخا ھەم يۈگۈردى ئارقەدىن چۇست،
يېتىپ دەرگاھى ئاخىردا تۇتۇپ رۇست.
ئالىپ يانىماققە مەھكەم تارتىپ ئانى،
تۇتۇپ چۇن ئارقەدىن يىرتىپ ياقانى.
چۇ يۇسۇف چىقتى ساچراپ چۇستۇ چالاك،
قولىدىن غۇنچە يەڭلىغ پىرەھەن چاك.
زىلەيخا سىينەسىدىن چاك ئەتتى ناچار،
ئۆزىن تۇفراغ ئارا تاشلاپ بەيەكبار.
خۇرۇشى جاندىن ئەيلەپ كۆڭلى ناشاد،
كى بۇ ناشادلىقدىن قىلدى فەرياد:
«كى ۋاۋەيلا، نېتەيكىم بۇ قارا بەخت،
قولۇمدىن ئىلتتى ئەۋۋەل نازەنىن رەخت.
دەرىغ، ئول سەيدكىم چاك ئەتتى دامىم،
دەرىغ، ئول شەھدكىم تەلخ ئەتتى كامىم.
ئەزىمەت قىلدى بىر كۈن ئەنكەبۇتى،
ئۆزىگە قىلغاي ئول تەھسىل قۇتى.
كۆرۈپ ئول ناگەھان شەھبازى بىداد،
تۇرۇپدۇر شاھلار قەيدىدىن ئازاد.
ئالىپ ئەترافىنى تار ئەيلەدى چەند،
كى پەررۇ بالىنى تا قىلغاي ئول بەند.
زەمانى تاردىن ئەتتى ئاندا دەركار،
لۇئابى بىرلە دامى قىلدى ئىزھار.
ئۇچۇپ شەھبازكىم تۇتتى كەنارە،
قىلىپ ئول تارلارنى پارە ـ پارە.
چۇ مەن ئول ئەنكەبۇتى زارۇ مەھجۇر،
مۇرادۇر مەقسۇدىدىن دۇرۇ رەنجۇر.
رەگۇ جانىم ئۆزۈك ئول پارە تارى،
كى ئۈمىد ئولمايىن مۇرغى شىكارى.
مەن ئول تارى ئۆزۈلگەن زار ھەر بار،
قولۇمدا قالماي ئىللا بىر ئۆزۈك تار.»

**ئوي ئالدىدا ئەزىز مىسرى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامغە مۇلاقات بولۇپ هال سورغانى ۋە زىلەيخا بىرلە ئىككەۋ ئاراسىدا بولغان ۋاقىئەنى پىنھان تۇتقانى ۋە زىلەيخا بەدگۇمانلىق بىرلە ئول رازنى فاش قىلغانى.**

يازىلمىش سەفھەلەردە بۇ فەسانە،
كى ئۈيدىن چىقتى چۇن يۇسۇف رەۋانە،
ئەزىز ئالىغە ئۇچراپ بۇ زەمانى،
گورۇھى خاس بىرلە ناگەھانى،

فەرىشانلىق مۇڭلۇق ھالىدا كۆردى،
كى بۇ ئاشۇفتەلىكدىن ھال سوردى.
جەۋاب ئايدى يوق ئاندا خەيردىن تاش،
نې تۇھمەت ئېردى ئول سۆزدە نې سىر فاش.
تۇتۇپ ئىلكىنى مېھرۇ شەفقەت ئەيلەپ،
ئالىپ كىردى ئەزىز ئۆيىگە چىرلاپ.
ئەزىز بىرلە زۇلەيخا كۆردى ئانى،
ئەزىزغە ئايدى دەپ قىلدى گۇمانى.
بەناگەھ بۇ گۇماندىن قىلدى ئاۋاز،
نىقاب ئالدى، ئاچىلدى چېھرەئى راز:
«كى نېدۇر، ئەي ئەزىز، ئانىڭ جەزاسى،
ساڭاۋۇ ئەھلىڭە بولماي ئىباسى،
ئەيالىڭغە يامان ئەندىشە بولماي،
ئۆيۈڭدە ئول خيانەت پىشە بولماي.»
دېدىكىم: «راست ئايغىل ئەي پەرىزاد،
بۇ كەج ئەندىشەنى كىم قىلدى بۇنياد؟»
دېدى: «بۇ بەندەئى غەيرىنى ھەمراز
ئېتىپ، فەرزەند ئېتىپ قىلدىڭ سەرئەفراز.
بۇ خىلۋەتدە مەن ئەيلەپ خابى راھەت،
ياتىپ ئېردىم تاپىپ غەمدىن فەراغەت.
كېلىپدۇر دوزدلاردەك گۇلشەنىمغە،
قىلىپدۇر قەسد بۇ گۇل مىزەنىمغە.
خەيالى ئول مەن ئاندىن ئولماي ئاگاھ،
گۇلىستانىمغە ناگەھ تاپقاي ئول راھ.
كى بولماي باغبان ئىزنىغە مۇھتاج،
قىلىپ سۇنبۇلنى غارەت، گۇلنى تاراج.
ئۇزاتتى قول ماڭا ئول ناخىرەدمەند،
ۋىسالىم گەنجىدىن تاتاچقاي ئول بەند.
مەن ئولدۇم ئۇيقۇدىن ئول ۋەقت بىدار،
كى بۇ بىخۇدلۇغۇمدىن داغى ھۇشيار.
مەن ئويغاندىم ئىسە بولدى ھەراسان،
قاتىمدىن ئول زەمان بولدى گۇرىزان.
ئىشىككە يۈزلەنىپ شەرمەندەلىكدىن،
قاچارغە ئوغرادى تەرسەندەلىكدىن:
يۈگۈردۇم ئارقەسىدىن چۇستۇ چالاك،

قابۇغدىن ئىچكەرى يەتتىم غەزەبناك.
تۇتۇپ، تارتىپ غەزەبدىن دامەنىنى،
بۇ رەڭ چاك ئەيلەدىم پىراھەنىنى.
ئاچىپ ئاغزىن بۇ كۆڭلەك چاكىنى كۆر،
مېنىڭ قەۋلىم بەيانىن رەۋشەن ئايتۇر.
بۇ يەڭلىغ بىئەدەبلىك قىلدى نادان.
قىل ئانى نەچچە كۈن مەھبۇسى زىندان.
ۋەيا نازۇك تېنىنى قىل ئەلەمناك،
سالىپ بەندى، قىلىپ كۆڭلىنى غەمناك.
نەچە كۈن قوي ئانى بۇ دەردى سەرغە،
كى بولغاي ئىبرەتى تا ئۆزگەلەرغە.»
ئەزىز ئىشتىپ زۇلەيخادىن بۇ ئەقۋال،
ئۆزىنى تاپتى تۇرفە مۇزتەرىب ھال.
شەرەر سالدى ئىچىگە سورى غەيرەت،
تىلىنى قىلدى شەمشىرى مەلامەت.
دېدى يۇسۇفغە چۇن: «بولدۇم گۇھەرسەنج،
سېنى ھەققىڭدە بەردىم يۈزتۈمەن گەنج.
ئوقۇپ فەرزەند، بىلدىم نۇرى دىيدە،
سېنى قىلدىم بارىدىن بەرگۈزىدە.
بەقەدر ئىمكان بولاي مەن قەدرىدانىڭ،
بەغايەت ئەيلەدىم ئالىي مەكانىڭ.
زۇلەيخانى ساڭا قىلدىم ھەۋادار،
كەنىزلەرنى ھەمە قىلدىم پەرەستار.
ساڭا بارچە غۇلامى ھەلقە دەرگۇش،
چۇ خادىمدەك سەفاكىشۇ ۋەفا كۇش.
ئۆز ئەمۋالىمغە بەردىم ئىختىيارىڭ،
سېنىڭ بولدى نە قىلساڭ كارۇ بارىڭ.
سېنى مەن خاھى غايىپ، خاھى ھازىر،
ھېچ ئىشدە قىلمادىم رەنجۇرى خاتىر.
نې ئايىنى نە كىش ئېردىكى قىلدىڭ،
مەئازەللاھ، نە ئىش ئېردىكى قىلدىڭ.
كۆرۈپ ئېھسان، قىلىپ كۇفرانى نېئمەت،

بولۇرمۇ مۇنچە ھەم تۇغيان بەغايەت.
بۇدۇرمۇ ھەرگىز ئاخىر ھەق گۇزارى،
بولۇرمۇ ھېچ مۇنداغ كارۇ بارى.
خەيال ئەتكەنچە كۆردۈك ئۆز قۇلۇمنى،
تۇزۇم يەپ ھەم ئۇشاتتىڭ تۇزلۇقۇمنى.»
ئەزىزنى كۆردى چۇن يۇسۇف غەزەبناك،
بۇ غەمدىن بولدى كۆڭلى كۆپ ئەلەمناك.
ئىشتتى چۇن بۇ قەۋلى نامۇبارەك،
بەسى تولغاندى ئۇت تابىدا قىلدەك.
دېدى: «مەن بىگۇنەھدۇرمەن، ئەزىزا،
ۋا كۆرمە ماڭا مۇنداغ سىتىزا.
زىلەيخانىڭ سۆزىنىڭ يوق فۇرۇغى،
چىراغى بىفۇرۇغىنىڭ دۇرۇغى.
خاتۇن چەپ ياندىن ئولغان ئافەرىدە،
كىشى چەپنى كۆرەرمۇ راستىدە.
بىلۇر ھەركىم تانۇر بولسە چەپۇ راست،
كى چەپدىن راست قىلماس ھېچكىم خاست.
مېنىڭ فىكرىمدە يۇزمىڭ ھىيلە ئەيلەر،
كى بولغاي مەقسەدى مەندىن مۇيەسسەر
قىلىپ ھەردەم فەرىبۇ مەكر ئىزھار،
ئۆزىگە ئىندەر ئۇل تەكرار - تەكرار.
ۋەلې ھەرگىز ئاڭا مەن ئاچمادىم كۆز،
ۋىسالى خانىغە مەن قويمادىم يۈز.
غەرەزدىن قىلمادىم ھەرگىز نىگاھى،
بۇ سۆز سىدقىغە ھەق سادىق گۇۋاھى
ماڭا نې ھەدكى قىلغايمەن جىنايەت،
ھەرىمىڭدە قويۇپ پايى خىيانەت.
يامان ئۇل بەندىكىم كۆرمەي خۇداۋەند،
خۇداۋەند ئۇرنىن ئالغاي ناخىرەدمەند.
غەرىبلىقدىن ئىندى سىنەمدە داغى،
ئالىپ ئېردىمكى بىر كۇنجى فەراغى.
زىلەيخادىن كىشىلەر كەلدى بۇ ھال،
قاتىغە كەلدىمۇ ئەندىشەدىن لال.
ئوقۇپ شىرىن فۇسۇنلار قىلدى گۇمراھ،
بۇ ھىلۇەتگاھىغە ئالىپ كىردى ناگاھ.

ھەۋايى نەفس ئېتىپ مەندىن تەقازا،
كۆڭۈل مەقسۇدىنى قىلادى، تەمەننا.
بۇ ئىشىغە ئانچە ئىلھاج ئەتتى ئىزھار،
قەرارۇ سەبر مەندىن كەتتى ناچار.
قاچىپ ئاندىن شىتاب ئەيلەپ يۇگۇردۇم،
ئىشىككە ئالدىم ئۆزنى مۇندا تۇردۇم.
خەلاس ئولماققە چۇن سەئيي ئەتتىم ئاخىر،
ئىزاھىلە بۇ يەرگە يەتتىم ئاخىر.
تۇتۇپ تارتىپ ئۇچامدىن دامەنىمنى،
بۇ رەڭ چاك ئەيلەدى پىراھەنىمنى.
يوق ئېردى ھېچ ئىش مۇندىن زىيادە،
غۇبار ئىش بولمادى ھەرگىز ئارادە.
ساڭا گەر بولماسە بۇ نۇكتە باۋەر،
نە قىلساڭ قىل، تۇرۇپدۇرمەن بەرابەر.»
زىلەيخا ئاڭلادى بۇ ماجەرانى،
ئارىغ ياد ئەيلەدى قادىر خۇدانى.
بەس ئاندىن ياد ئېتىپ سەۋگەندى بىسيار،
پەياپەي قىلدى سەۋگەندىنى تەكرار.
ئىچىپ سەۋگەند بۇ نەۋئى ئۇل دەمادەم،
كى فەرقى شاھ مىسرى تاجىدىن ھەم.
ئەزىز ئىقبالىغە ھەم ئىززۇ جاھى،
دەۋامى دەۋلەتى ئەركانى شاھى.
بەلى ھەر دەئۋەئىكىم بولسە ئۇل بەند،
تانۇقسىزلار گۇۋاھى بولدى سەۋگەند.
قىلۇر سەۋگەندى بىسيار ئاشكارا،
دۇرۇغ ئەندىشەلىك ئەيلەر مەدارا.
ئىچىپ سەۋگەند ئاندىن يىغلادى زار،
«كى يۇسۇف فىتنە ئەنگىز ئېردى غەددار.
بۇرۇن ئۇل فىتنە ئۇتىن ئەيلەدى تىز.
ئۇل ئېردى بىۋەفاۋۇ فىتنە ئەنگىز.»
بەلى خاتۇن فەرىبۇ مەكر چاغى،
ئەگەر ياندۇرسە يالغاندىن چەراغى.
چەراغىنىڭ ياغى يوق ئەشكدىن تاش،
قىلىپ رەۋغەن پەراغىغە تۆكەر ياش.

چەراغى يانسە بۇ ياغدىن بەناگاھ،
جەھالىتكە ئۇت سالۇر تا ماھىدىن-ماھ.
ئەزىز ئۇل زارىيۇ سەۋگەند ئىشىتتى،
يەقىن بىلدى سۆزىنى راست ئايىتتى.
ئانىڭ كۆڭلىدە قالماي راستجويلۇق،
ئىشارەت قىلدى سەرھەڭگىگە تاچۇست،
ئانىڭ جانىغە ئۇرغا زەخمەئى-رۇست،
قىلۇرغە تۇردى ئاخىر سەخت رويلۇق.
قويۇپ جانىغە غەمدىن رەنجۇ مىھنەت،
يورۇلغاي لەۋھىدىن ئاياتى رەھمەت.
ئانى چەندانكى قىلغاي بەندى زىندان،
كى بولغاي ئاشكار ئۇل سىررى پىنھان.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى سەرھەڭلەر زىندان ئەترافىگە كىشاكەش قىلغانى ۋە تىفلى شير خارەنىڭ پاكلىقىغە گۇۋاھلىق بەرگەنى

تۇتۇپ يۇسۇفنى مەھكەم مەردى سەرھەڭ،
كى زىندان مىھنەتىغە قىلدى ئاھەڭ.
بۇ غەمدىن بولدى يۇسۇف كۆڭلى نالان،
يۈزىنى ئاسمانغە قىلدى پىنھان:
«كى ئەي دانايى ھەر رازى نىھانى،
مۇسەللەمدۇر ساڭا بۇ رازدانى.
سېنىڭ ئالىڭدا سىدقۇ كىزب مۇمتاز،
كىم ئەيلەر كەشف سەندىن ئۆزگە بۇ راز.
چۇ بەردىڭ سىدق نۇرىدىن خەيالى،
باشىمغە سالمە تۇھمەتدىن بەلايى.
مېنىڭ بۇ دەئۋىمە ئۆتكەر گۇۋاھى،
كى بولغاي راستلىق رەۋشەن چۇماھى.»
ئاتىپ ئۇق ھىممەتى كىشۋەر گۇشايى،
ھەدەفغە تەگدى بۇ تيرى دۇئايى.
بار ئېردى قاشىدا بىر بىبى خاتۇن،
زىلەيخاغە قاياش ئېردى بۇ خاتۇن.
ئۈچ ئايلىق گۇدەكى بار ئېردى تەييار،
تۇتۇغلۇق جاندەك ئاغۇشىدا ھەر بار.
تىلىدا ھەرف ئىدى سەۋسەن كەبى گۇم،
بەيانى لەۋھىدىن ھەم نۇتقى مەئدۇم.
خىتاب ئەيلەپ بۇ گۇدەك قىلدى فەرياد:
«شىتاب ئەتمە، ئۇقۇبەت قىلمە، بۇنياد.
ئەمەس يۇسۇف ئۇقۇبەتغە سەزاۋار،
ئاڭا بول مەرھەمەت بىرلە ھەۋادار.»
تەئەججۇبدىن ئەزىز ئەيلەپ تەبەسسۇم،
ئاڭا قىلدى ئەدەب بىرلە تەكەللۇم:
«ھەنۇز، ئەي لەبلەرىڭ ئالايىشى شير،
ساڭا بەرگەي خۇدايىڭ ھۇسنى تەقرير.
دېگىل رەۋشەن بۇ ئۇت ياندۇرغۇچى كىم؟
شەرافەت فەردەسىن كۆيدۇرگۇچى كىم؟»
دېدى: «غەمماز ئەمەسمەن، ئەي قارىنداش،
كى قىلماسمەن كىشى ئەسرارىنى فاش.
يۈزى غەممازلىقدىن مۇشكى قارە،
قىلۇر يۈز پەردەدىن بۇي ئاشكارە.
قاراپ كۆر تازە گۇل ۋەقتى بەھار ئۇل.
خۇشۇ خەندان ئېرۇرچۇن پەردەدە ئول.
ۋەلې غەمماز ئەمەسمەن، بىلگىل ئانى،
كى ئايتۇرمەن ساڭا رازى نىھانى.
بارىپ قىل يۇسۇف ئەھۋالىن نەزارە،
بە يەكلىغ بولمىش ئانىڭ ئېگنى پارە.
ئەگەر ئالىدە بولسە پىرەھەن چاك،
زىلەيخادۇر بۇ ئىشدا دامەنى پاك.
چىقار يۇسۇف سۆزى يالغانغە مۇتلەق،
يوق ئانىڭ دەئۋىسىغە ھېچ رەۋنەق.
بەناگەھ ئارقەدىن چاك ئولسە كۆڭلەك،
خىيانەتدىن دېگىل ئۇل پاك بىشەك.

نېكىم ئايتۇر زىلەيخا يالغان ئۇلدۇر،
بۇ ئىشدا راست يولدىن قالغان ئۇلدۇر.»
ئەزىز ئول تىغلىدىن ئىشتىپ بۇ فەننى،
مەلامەت قىلدى ئول مەككارە زەننى:
«كى ئەي مەككارە زەن بۇكەيد سەندىن،
ئۇشۇل ئازادەغە بۇقەيد سەندىن.
بۇ نې مەكرىكى، سەندىن بولدى زاھىر،
يامان ئىشكىم ئۆزۈڭگە قىلدىڭ ئاخىر.
نېچۈك نامۇسۇ نەڭگۇ بۇ نە كىردار،
ئۆزۈڭ بولدۇڭ غۇلامىڭغە گىرىفتار.
سەند ئەتتىڭ ئۆزۈڭگە ناپسەند ئىش،
ۋلۇرمۇ جۇرم سەندىن ئۆزگە كاھىش.
ئەرەنلەر كۆڭلى خاتۇن مەكرىدىن داغ،
خاتۇنلار مەكرىدۇر گويا ئۇلۇغ تاغ.
خاتۇن مەكرى ئەزىزلەرنى قىلۇر خار،
خاتۇنلار مەكرىغە دانا گىرىفتار.
چۇمەكر ئەتمەسۇن ھېچكىمنى ئاجىز،
جەھاندا بولماسۇن مەككارە ھەرگىز.
ۋەتەن ئەمدى تەھى دىۋار قىلغىل،
خىجالەت بىرلە ئىستىغفار قىلغىل.
يىغىيۇزارى تۇزسىنەڭنى قىل چاك،
بۇ ناخۇش ھەرفىدىن نامىڭنى قىل پاك.
سەن، ئەي يۇسۇف، تىلىڭنى ئاسرا زىنھار،
كىشىگە ئايماغىل ھەرگىز بۇ ئەسرار.
فۇزۇنراق مۇندىن ئولمە سۆزدە چالاك،
كى رەۋشەن بولدى، سەن بۇ جۇرمدىن پاك.
بۇ سىردىن ئۇرمە دەم گەرئەھلى ھۇشى،
زىھى خۇش پەردەدەردىن پەردە پۇشى.»
مۇنى دەپ تاشقارى بولدى رەۋانە،
كى خۇشخۇيلۇق بىلە بولدى فەسانە.
تەھەممۇل دىلكەشۇ ئەمما نې چەندان،
شەكىبايى خۇشۇ ئەمما نې خەندان.
قىلىقنى قىلسە بولماس ھەر كىشىگە،
رىزا كۆپ بەرمەگىل خاتۇن ئىشىگە.
چۇ ئەر خاتۇندىن ئەكسەر تارتىبان بار،
يېتەر دەييۇسلۇقغە ئاخىرى كار.
خاتۇنلار كارۇ بارىغە شەكىبا،
قىلۇر غەيرەت بۇزىگە رەخنە پەيدا.

**مىسر خاتۇنلارى زىلەيخا ھالىدىن ئاگاھ بولۇپ مەلامەت مەيداندا تەئنە تەكاۋەرىن سۇرگەنى ۋە ئىشقۇ غەيرەت تىغى بىرلە ۋە خىيانەت قەزائى بولارنىڭ قواى ۋە تىلى كېسىلگەنى.**

ئېرۇر ئىشق ئافەتى كويى سەلامەت،
خۇشا رەسۋالىغى گەنجى مەلامەت.
بولۇر تازە مۇھەببەتدىن غەمى ئىشق،
بەلەند ئاۋازە ئاندىن ھەمدەمى ئىشق.
سەلامەت ئىشق دىۋارىغە رەخنە،
مەلامەت ئىشق بازارىغە شىھنە.
مەلامەت ئىشق زەڭگارىغە سەيقەل،
مەلامەت ئىشقىنىڭ ئەشكالىغە ھەل.
مەلامەت ئىشق ئېلىگە بىگەرانە،
ئېرۇر گاھىلغە مىسلى تازىيانە.
قەدەم ئاھىستە قويسە مەركەبى راھ،
رەۋاندۇر تازىيانە بولسە ھەمراھ.
زىلەيخاغە ئاچىلدى بۇ كۆلى راز،
ئانىڭ تەئنىدە ئالەم بۇلبۇل ئاۋاز.
خاتۇنلار مىسر ئىچىدە بولدى ئاگاھ.
مەلامەت باشلادىلار ئانچە دىلخاھ.
پەيىگە تۇشتىلەر ئىستەپ يامانىن،
ئۇزاتتىلار ھەمە تەئنى زەبانىن:
«زىلەيخا ئەيلەمىش ئۆزىنى رەسۋا،
بولۇپ ئىبرانى قۇلغە مەستۇ شەيدا.

دىلۇ جانىمدە ئاداغ جا تۇتۇپتۇر،
دىنۇ دانىشدىن ئىلكىن پاك يۇپتۇر.
ئەجەب كۆراھلىق كەلمىش ئاڭا پىش،
ئۆزىنىڭ بەندەسىگە بەندە بولمىش.
ئەجەبراق ئول غۇلام ئاندىن كۆرىنزان،
ئاڭا دەمساز بولماقدىن ھەراسان.
نې گاھى بىر نىگاھى ئەيلەمىش ئول،
نې يولدا بىر قەدەم ھەمراھ ئىمىش ئول.
نەيەرگە ئول بارۇر، تۇرماق ئاڭا ئىش،
نەيەردە تۇرسە ئول، يۇرمەككە خاھىش.
قاچان بۇرقەئ ئاچىپ كۆرگۆزسە رۇخسار،
بۇ مىڭگاندىن قىلىپ كۆزىگە مىسمار.
غەمىكىم ئول قىلۇر بۇ شادۇ خۇررەم،
قابۇغكىم ئول ئاچار، قىلمىش بۇ مەھكەم.
زىلەيخا سىغمامىش كۆڭلىگە زاھىر،
بۇ جانىبدىن ئاڭا يوق مەيل خاتىر.
ئەگەر ئول دىلبەرى ئىبرانى ماھى،
بىزىلىڭ سۇھبەتدە بولسە گاھ ـ گاھى.
قاچان مۇندىن كېيىن تەنھالىق ئىستەر،
بۇ سۇھبەتنىڭ خۇمارى بىخۇد ئەيلەر.
بۇ سۇھبەت گەر ئاڭا دەستى رەس ئېردى،
قەدەم ناكاملىقغە قويماس ئېردى.
ئەگەر تۇشسە بىزىلىڭ سارى گۆزارى،
ئۆزىدە قالماس ئېردى ئىختىيارى.
ئانىڭدىن بىزگەۋۇ، بىزدىن ئاڭا كام،
بولۇپ ئېردى ھەمىشە ئەيشۇ ئارام.
ئېرۇر مەقبۇللۇق چۇن بەختىيارى،
قەبۇلى خاتىر ئېرمەس ئىختىيارى.
بەسا زىيبا رۇخۇ نىكۇ شەمايىل،
ئانىڭ سارى ئەمەس ئەل كۆڭلى مايىل.
بەسا لولۋەشۇ شىرىن كەرەشمە،
تۆكەر ئەل كۆڭلىدىن قان چەشمە ـ چەشمە.»
زىلەيخا ئىشتىپ ئول ئەفسانەلەرنى،
قىلۇرغە ئاجىز ئول جانانىلەرنى.
بۇيۇردى چەشن تا كىم قىلدىلار ساز،
بۇ خاتۇنلارغە چۇن بەردىلەر ئاۋاز.
نە چەشن بەلكى بەزمى خۇسرەۋانە،
كى تۇرلۇك نازۇ ـ نېئمەت بىگىرانە.
شەرابى ساف رەڭگا رەڭگۇ شىرىن،
سەفايى بادەلەر ھەم نۇر ئايىن.
باۇردىن جاملاركىم پۇر شەكەررىز،
گۇلابۇ مۇشك بىرلە ئەتر ئامىز.
چۇ ئالتۇن خانلار ئاندا مىھرى ئەنۋەر،
كۇمۇشدىن كاسەلەر مىھرى مۇنەۋۋەر.
بىرى بۇ ئايۇ كۇندىن مەتلەئى نۇر،
چۇ خانۇ كاسەلەرنىڭ مەۋزىئىدۇر.
ھەمە خۇش بۇي تۇئەم ئول كاسەئى خان،
تەئامى قۇۋتى جىسمى قۇۋۋەتى جان.
بۇلاردا خوردەنى ئەنۋائى ئەلۋان،
موسەممەن مۇرغىيۇ تا ماھى بىريان.
بىرىپ جىلۋە قىلۇرغە خۇبلار دام،
شەكەر لەبدىنۇ تىشدىن مەغزى بادام.
چۇ كاسە ـ كاسە ھەلۋالاركى رەڭگىن،
بىنايى چەشن ئېردى جۇملە شىرىن.
ئانىڭ سەھنىغە ئەيلەپ فەرش ۋافى،
تۇمەنىمدىڭ خىشتلاركىم قەند سافى.
ھەمە شىرىن دەھانۇ لەب شەكەر خا،
لەبىدە يوق ئىدى لۇزىنەغە جا.
ئاغىزغە تۇشسە گەر لۇزىنە ناگاھ،
ھەمە بىتەئىملىقدىن ئەيلەپ ئاگاھ.
ھەمە تەر مىۋەلەركىم سافۇ ناياب،
سەبەدلەر توشقارىغلىق كۇھى پۇرئاب.
قىلۇرمۇ ھېچ نازۇك بىين تەسەۋۋۇر،
سۇدىن بۇنەۋئى چىنقغايكىم سەبەد پۇر.
كەنىزە بەندەلەر ھەريان فەراۋان،
ھەمە خىزمەتدە تاۋۇسى خىرامان.
پەرىۋەشلەر ھەمە مەجلىس قۇرۇغلۇق،
كى زەركەش مەسنەد ئۇستۇن ئولتۇرۇغلۇق.
يىبدىلەر ئانچە كىم بايىستە ئېردى،
قىلىپ ھەر ئىشكىم ئول شايىستە ئېردى.

چۇ خان ئالدىلارۇ دەستۇرخان ھەم،
زىلەيخا شۇكر گويان شادۇ خۇررەم.
چۇ نازۇك تەبئ ئېردى نازۇك ئەندىش،
بۇ خاتۇنلارغە قىلدى ھىيلەئى پېش.
بۇ ھەر بىرگە كەمالى لۇتف ئېردى،
تۇرەنجۇ كىزلىكى ئىلكىگە بەردى.
بۇلارنىڭ بىر قولىدا كىزلىكى تىز،
بىر ئىلكىدە تۇرەنجى شاد ئەنگىز.
تورەنجىكىم رەڭى سەفرائى فاقىئ،
بارى سەفرايىغە دارۇيۇ ناقىئ.
بۇلارغە ئايدىكىم: «ئەي نازەنىنلەر،
كى بەزمى ھۇسن ئارا بالا نىشىنلەر.
مېنى ھەردەم قىلۇر ئەھلى سەلامەت،
غۇلامى ئىبرى ئىشقىدىن مەلامەت.
نېدۇر سىزدىن ماڭا بۇ تەئنە ھەر بار،
بۇ ئىبرىنىڭ ئەمەس ئىشقى ماڭا يار.
يۈزىدىن قىلساڭىز كۆزلەرنى پۇر نۇر،
مېنى تۇتقايسىز ئاندىن جۇملە مەئزۇر.
ئىجازەت بولسە ئانى ھازىر ئەيلەي،
ئانىڭ دىيدارىدىن خۇش خاتىر ئەيلەي.»
دېدىلار: «ئاندىن ئۆزگە ئارزۇ يوق،
ئانىڭدىن باشقە بىزگە گۇفتىگۇ يوق.
ئاڭا بىز ھەم دىلۇجان بىرلە ئۇششاق،
يۈزىن كۆرمەي ئانىڭ ۋەسلىغە مۇشتاق.
بۇيۇرغىل تاكىم ئول چىقسە خىرامان،
جەمالى بىرلە قىلسۇن بىزگە خەندان.
تۇرەنجىكىم ئىلىكدە بىزگە پەيدا،
ئېرۇر سەفرايىغە دارۇيى سەفرا.
ئانىڭسىز رىزە قىلماغلىق ئەمەس خۇب،
ئەمەس ئانسىز يېمەك ھېچكىمگە مەرغۇب.»
يىبەردى دايەنى ئول دەم زىلەيخا:
«قەدەم كەلتۇر ماڭا، ئەي سەرۋى رەئنا.
قەدەم كەلتۇر، ساڭا باشىم قەدەمگاھ،
ئاياغىڭغە يىقىلغۇمدۇرمەن، ئەي شاھ.
كۆڭۇل غەمخانەسىدۇر تەكيەگاھىڭ،
كېلىپ كۆر كۆزلەرىمدۇر فەرشى راھىڭ.»
يانىپ يۇسۇپ قاشىدىن دايە ناكام،
مۇيەسسەر بولمادى كەلمەك بۇ ھەڭگام.
بۇ سۆزلەردىن ئاڭا قىلماي ئەسەر ھېچ،
بۇ ئەفسۇن بولماي ئاخىر كارگەر ھېچ.
ئۆزى باردى زىلەيخا چۇستۇ چالاك،
كىم ئانى كەلتۇرۇرگە كۆپ ھەۋەسناك.
بارىپ يۇسۇفغە بۇدەم بولدى ھەمراز،
مەقامى يۇسۇف ئېردى مەسنەدى ناز.
قىلىپ زارى دېدى: «ئەي نۇرى دىيدە،
دەۋايى دەرد داغى غەم رەسىدە.
مېنى ئەۋۋەل قىلىپ ئۇممىدۋارىڭ،
بولۇپ نەۋمىدلىق ئاخىر قەرارىڭ.
ئەمەس ھاسىل تەمەننا سەندىن ئاخىر،
كى مەن خەلق ئىچرە رەسۋا سەندىن ئاخىر.
ئەسەر قىلماس مېنىڭ بۇ ھالى زارىم،
قاشىڭدا يوق مېنىڭ [ھېچ] ئېئتىبارىم.
بولۇپ ئەل تەئنەسىغە مەن سەزاۋار،
سېنىڭ ئالىڭدا داغى بۇ سىفەت خار.
يېتەر بۇ خارىيۇ بىئېئتىبارى،
فۇزۇن ئەتمە ئاڭا بۇ شەرمسارى.
بۇ خاتۇنلارنى كۆر مەجلىس قۇرۇپدۇر،
سېنى كۆرمەككە مۇشتاق ئولتۇرۇپدۇر.
لەبىڭدىن خەستە كۆڭلۇمدىن نەمەكخار،
نەمەك ئىزى لەبىڭنىڭ دەئبى ھەر بار.
ۋەفادارىڭ مەنۇ مەھۋ ئەيلە شەكنى،
نىگارا، ئاسراغىل ھەققى نەمەكنى.»
بۇ ئەفسۇنلاردىن ئاخىر بولدى قايىل،
چىقارغە كۆڭلى يۇسۇف بولدى مايىل.
ئانىڭ ئارايىشىغە قوپتى چۇن باد،
كى ياشىل ھۇللەدىن چۇن سەرۋى ئازاد.
سالىندۇردى چۇ گىيسۇيى مۇئەنبەر،
چۇ ھۇللە ئۈزرە مىسلى ئەنبەرى تەر.
سەن ئايتۇرسەنكى بىر مۇشكىنە مارى،
ئۆزۈلمىشدۇر بارىپ بىر سەبزەزارى.

بىلىكىم ئىردى نازۇك قىلىغە ھەمسەر،
ئاگا زەررىن كەمەردىن بەردى زىيۋەر.
بۇ چەندان كەۋھەرى لەئلى گەران سەلك،
بۇ نازۇك بەل ئەجەبكىم بولمادى تەلك.
قويۇپ تاجى مۇرەسسەئ پۇر جەۋاھىر،
كى ھەر جەۋھەردە يۇزمىلك لۇتفى زاھىر.
ئۆتۇك چۇن لەئلۇ كەۋھەردىن ئىدى پۇر،
دەۋالى ئىردى ئانىلق رىشتەئى دۇر.
رىداسى ھۇللەدىن ئەيلەپ ھەمايىل،
كى ھەر تارىغە سەد جان بەندى جەدۋىل.
قولىغە بەردى زەررىن ئافتابە،
كەنىزلەر ھەم ھەمە زەركەش ئەسابە.
بىرى ئىلكىدە تەشتى نۇقرەئى خام،
چۇ سايە ئەركەشىكلىك كام بەركام.
كۆرەر بولسە ئانى ھەركىم بۇ مىنۋال،
بىرىب جان بىخۇد ئولغاي ئىردى فىلھال.
فۇزۇن مۇندىن دىيالماسمەنكىھەد يوق،
نې دىبسەم ۋەسفىن ئانىلق ھەددىن ئارتۇق.
بۇ خىلۋەت خانىدىن ئول گەنجى پىنھان،
چىقىپ كەلدى چۇ تاۋۇسى خىرامان.
خىرامان سەرۋ چىقتى خۇبۇ رەفتار،
سۇرەيىيا چۇن ئاچىلغان تازە گۇلزار.
كۆرۈپ خاتۇنلار ئول گۇلزارى جەننەت،
گۇلى دىيدار ئۇزدى بىنىھايەت.
بۇ بىر كۆرمەكدىن ئولدى بارچە بىھۇش،
زىمامى ئىختىيار ئولدى فەرامۇش.
بۇ زىيبا شەكلىدىن چۇن بولدى ھەيران،
ھەمە ھەسرەتدىن ئولدى جىسمى بىجان.
چۇ كۆرمەك بىرلە ئانى بارچە رەئنا،
تۇرەنجدىن توغراماق بولدى تەمەننا.
ئىلىكدىن ئىمتىياز ئەتمەي تۇرەنجدىن،
كىسەرگە تۇردى بىخۇدلۇقدا ئىلىكنى.
قەلەم ئەيلەپ بىرى ئىلىكنى بىخاست،
ۋەفا ھەرفىنى يازدى كۆكلىگە راست.
قەلەمغە تىغ چۇن ھەرلەھزە چۆكتى،

كى ھەربىر بەندىدىن شىنگەرف تۆكتى.
بىرى سىيمىن كەفىنىلق خىفچەسىدە،
قىلىپ ھەريان قىزىل جەدۋەل كەشىدە.
رەۋان بىر جەدۋەلىدىن سەيل يەكسان،
قەدەم بىرۇن قويۇپ ئۆز ھەددىدىن قان.
كۆرۈپ خاتۇنلار ئانى قىلدى فەرياد:
«بەشەر جىنسى ئەمەس» دەپ «بۇ پەرىزاد.
ئەمەس ئادەم كەبى خاكى سەرىشتە،
فەلەكدىن ئىنگەن ئول قۇدسى فەرىشتە.»
زىلەيخا ئايدى: «بۇدۇر ئول يىگانە،
مەن ئاندىن سەرزەنىشلەرغە نىشانە.
ماڭا سىزلەردىن ئىردى تەئنە ھەربار،
بۇ تەئنە - سەرزەنىشدىن جانىم ئەفگار.
كى بۇ نازۇك بەدەن ئىشقىدىن ئىردى،
كۆڭۈل بۇلبۇل بۇگۇل شەۋقىدىن ئىردى.
بۇ ھۇسنۇ بۇ كەمال ئەتكەن گىرىفتار،
بۇ شەكلۇ بۇ كەمال ئەتكەن مىنى زار.
بۇدۇركىم مەن دېدىم جان بىرلە جانان،
دېدىم ئانى مۇرادۇ مەقسەدى جان.
ۋەلى ئول قىلمادى ھەرگىز نىگاھى،
ئۇمىدىم ھاسىل ئەتمەي ھېچ گاھى.
چۇمۇندىن سوگرا بۇ ئىبرى دىلئارام،
مىنىلك كامىم بىلە گەر قويماسە گام.
سۆزۈم بولسە قەبولۇ بولسە خۇد راي،
قىلۇرمەن ئەمدى زىندان كۇنجىنى جاي.
بولۇر زىنداندا چەندان خارۇ زار ئول،
تەمامى ئۇمرىدە مىھنەتگۇزار ئول.
كى سەركەش رەنجى زىنداندىن بولۇر نەرم،
چۇ ياخشى خۇي ئىلە كۆكلى بولۇر گەرم.
قاچان ئول ۋەھشى قۇش بولغاي ساڭا رام،
قەفەسدە نەچچە كۇن تا ئالماي ئارام.»
قولىن كەسكەن گۇرۇھى نازەنىنلەر،
كى ئەقلۇ ھۇشدىن ئازغان مەھ جەبىنلەر.
بولۇپ چۇن ئىشق تىغىدىن ئەلەمناك،
بۇ يەردىن قوپماي-ئۇق جان بەردىلەر پاك.

گۇرۇھى ئەقلدىن بىگانە بولدى،
كى يۇسۇف ئىشقىدىن دىۋانە بولدى.
ھۇشىغە كەلدى بەئزى ئاخىرى كار،
ۋە لېكىن ئىشق دەردىغە گىرىفتار.
زىلەيخاۋار مەستى جامى يۇسۇف،
شىكارى زار بەندى دامى يۇسۇف.

خۇمى پۇر مەي كېلىپ مەخمۇرى مەستى،
بىرى تاشلاپ ھەمە پىندارى ھەستى.
خۇمى پۇر مەي كېلىپ يۇسۇف جەمالى،
ئالىپ ھەركىم نەسىب ئۆز قەدرى ھالى.
جەمالىغە فىدا ئەيلەپ بىرى جان،
خەيالىدىن بىرىسى لالۇ ھەيران.

**مىسر خاتۇنلارى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى كۆرۈپ، زىلەيخانى مەئزۇر تۇتقانى ۋە يۇسۇفنى زىلەيخاغە ئىتىقياد قىلۇرغە دەلالەت قىلغانى ۋە زىندان مېھنەتىغە سەياسەت قىلغانى.**

مەتائىگىم ئېرور جويانى بىسيار،
بولۇر ئەفزۇن ئاڭا مەيلى خەرىدار.
چۇ ئاشىق بولسە گەر مەدھۇش بارى،
ئانىڭ ئىشقىدىن ئۆزگە يوق شەرارى.
ئۆزىدەك يانە بىرنى كۆرسە غەمكەش،
باشىدىن ئۆرلەگەي سەۋدايى ئاتەش.
چۇ يۇسۇفدىن بۇلاركىم لال بولدى،
جەمالىغە گۇۋاھى ھال بولدى.
زىلەيخا ھالەتى بولدى دىگەر گۇن،
بولۇپ يۇسۇفغە كۆڭلى مەيلى ئەفزۇن.
دېدى: «ئەي خۇبلار، مۇنداق پەرىزاد،
كۆرۈپ ياخۇد ئىشىتكەن بارمىدۇر ياد.
كۆرۈپ چۇن ئانى، ئەي مەھلەر، بەناگاھ،
كىم ئۆزنى قىلدىڭىزلار دەستى كوتاھ.
ئالىپ چۇن ئىشق تىغىنى رەۋانە،
ئىلىكنى كەستىڭىزلەر بىخۇدانە.
ئانىڭ ئىشقىدا گەر مەئزۇر ئېرۇرمەن،
مەلامەت ۋەجھىدىن گەر دۇر ئېرۇرمەن.
كېلىنىڭ ئىنساف ۋەجھىدىن بولۇپ يار،
ماڭا بۇ ئىشدا بولغايسىز مەدەدكار.»
مۇھەببەت چەڭگىنى ئەيلەپ بۇلار ساز،
نەۋائى مەئزۇرەت قىلدىلار ئاغاز:
«چۇ يۇسۇف ھاكىمى ئىقلىمى جاندۇر،
ئانىڭ ھۇكمى بۇ ئىقلىمغە رەۋاندۇر.

كۆرۈپ دىداردىدىن بىر لەمئەئى فاش،
كىم ئۇل جان بەرمەگەي بولسۇن ئەگار تاش.
ساڭا گەر شەۋقىدىن رەنجۇرى ھالى،
ئانىڭ ئۆزرىغە سۇھبەتدۇر جەمالى.
فەلەك ئۇستىدە يوقدۇر كىمسە پەيدا،
كۆرۈپ تا بولماغاي ئىشقىدا شەيدا.
سېنىڭ بۇ ئىشقىڭە يوقدۇر مەلامەت،
بۇ سەۋدادىن ساڭا يوق ھېچ ئەزامەت.
فەلەك چەۋرۇلدى ئالەم ھەددىدىن ئارتۇق،
قاچان كۆردى بۇرەڭ شايستە مەئشۇق.
تاش ئولسۇن مېھرىبانلىقدىن ساڭا بەزم،
كى بۇ نامېھرىبانلىقدىن تۇتۇپ شەرم.»
باقىپ يۇسۇفغە ئاندىن قىلدىلار پەند،
نەسىھەت بابىدا سۆز قىلدىلار چەند.
دېدىلەر بارچە: «ئەي مەھبۇبى جانى،
مۇرادى جانىيۇ مەتلۇب جەھانى.
بۇ باغ ئىچرە گۇلى يوق ھېچ بىخار،
گۇلى بىخار سەندەك يوقتۇر، ئەي يار.
بۇ بەھر ئىچرە فەلەك ئۇققۇز سەدەفدۇر،
ۋۇجۇدۇڭ تۇرت گەۋھەرغە شەرەفدۇر.
كۆپ ئەتمە، سەرۋى نازا، سەر بەلەندى،
بۇ يەڭلىغ ھەم بولۇرمۇ خۇد پىسەندى.
قەدەم قوي پايەئى ئەئلادىن ئەندەك،
ئەزىز ئەتسۇن سېنى تەڭرى تەبارەك.

زىلەيخاكىم يولۇڭدا بولدى تۇفراق،
قەدەمگاھىڭ بولۇرغە زارۇ مۇشتاق.
نېكىم بولغاي ساڭا، ئەي پاك دامەن،
بۇ يولدا ئەيلەسەڭ گەر خاك دامەن.
بۇ ھاجەت دەفئىدە سۇھبەت رەھا قىل،
نې ھاجەتكىم تىلەر ئانى رەۋا قىل.
نىيازى كۆپ نېدۇر دەرددىن فۇزۇن بار،
قىل ئاخىر ۋەھم، ئەي سەرۋى سەر ئەفراز.
ئەگەر مۇھتاج قىلسە ھاجەت ئىزھار،
ئانى رەد قىلمە نېكىم ھاجەتى بار.
زىلەيخا خىزمەتىكىم، ئەي لەبى نۇش،
ھۇقۇقىدىن خىزمەتىن قىلمە فەرامۇش.
كى بولماي غەيرى سەركەشلىك ساڭا ئىش،
بۇ سەركەشلىكدە بولغاي داغى رەنجىش.
جەمالىڭ مېھرىنى يۇپ كۆڭلىدىن پاك،
سۇنۇپ دەستى جەفا، قىلغاي ئەلەمناك.
ھەزەر قىل، دوستى جانى بولسە ناچار،
قىلۇر ناچارلىقدىن دوستىنى خار.
چۇ باشدىن ئۆتسە گەر خەيلى خەتەرمەند،
ئالۇر مادەر ئاياغ ئاستىغە فەرزەند.
ساڭا كۆرمەي مۇناسىب كۇنجى زىندان،
سەياسەتگاھى سەركەش جايى نادان.
مىسالى گورى زالىم تىيرەۋۇ تەڭ،
تىرىك جان قاچقاي ئاندىن نەچچە فەرسەڭ.
تەمام ئەل باغرى بۇ تەڭلىكدە قاندۇر،
ئۆلۇمغە لايىق ئۇلغانغە مەكاندۇر.
ۋەبانىڭ مايەسى ئانىڭ ھەۋاسى،
بەلانىڭ مەزرەئى سەھنى فەزاسى.
خەيال ئەتمەيدۇر ئاندا ئادەمىزاد،
نى رەۋشەنلىك شىكافى نې رەھى باز.
قابۇغ مەھكەم سالىغلىق قۇفلى نەۋمىد،
مەھال ئاندا نىشانى سۇبھى ئۇممىد.
قاراڭغۇ نېچەكىم تا رۇزەئى قىير،
ئانىڭ لەئلۇ مەتائى غولۇ زەنجىر.
بارى ئالىدا غەمدىن سۇفرەئى خان،
كىم ئاندىن دەردۇ ھەسرەتدىن سۇۋۇ نان.
ھەمە غەم نۇشىدىن مەجلىس قۇرۇغلۇق،
تىرىكلىكدىن تويۇپ سىير ئولتۇرۇغلۇق.
مۇنەككىل ئاندا نەچچە سەخت رويى،
مۇجاۋىر ئاندا چەندان تەلخ گويى.
ئەل ئازارىغە دائىم چىھر پۇر چىن،
بۇ ھەر چىندىن كىرىھ ئالەمغە تەھسىن.
جەھان ئىچرە بۇلاردىن ئوت تۇتاشىپ،
كى دۇدىدىن قاراڭغۇ ھەددىن ئاشىپ.
نېچۇك شايىستە بۇ مېھنەت سەرايى،
ۋەتەن تۇتقاي سىېنىڭدەك دىلرەبايى.
رەۋا كۆرمە ئۆزۈڭگە بۇ جەفانى،
يەتۇر مەقسۇدىغە ئەلبەتتە ئانى.
خەتى ئەمرىغە باش قوي، ئەيلە تەسلىم،
يۇغىل جان سەفھەسىدىن نۇقتەئى بىيم.
ساڭا ئانىڭدىن ئولسە گەر مەلالى،
كىم ئانداغ ياقماسە ئانىڭ جەمالى.
كۆڭۈل فارىغ قىلىپ بول بىزگە دەمساز،
نىھانى ھەمدەم ئولغىل بىزگە ھەمراز.
كى بىز ھەرقايىسىمىزنىڭ يوق نەزىرى،
جەمالى ئەۋجىدە ماھى مۇنىرى.
ئاچار بولساق لەبى لەئلى شەكەر خا،
ئاخىر ئاچماس خىجالەتدىن زىلەيخا.»
چۇ يۇسۇف كۆردى بۇ جەمئى فۇسۇنگەر،
زىلەيخا كامىغە بۇ جۇملە ياۋەر.
بارىنى دىن ئىشىدا كۆردى گۇمراھ،
نې ئايىنى خىرەددىن زەررە ئاگاھ.
بۇ سۆزلەردىن بولۇپ ئاشۇفتەئى لال،
بۇلاردىن يۈز ئۆگۈردى مۇزتەرىب ھال.
دۇئاغە قول سۇنۇپ قىلدى مۇناجات:
«كى ئەي ھاجەت بىرەرسەن ئەھلى ھاجات.
ھىجابىڭ ئىسمەت ئەھلىنىڭ پەناھى،
بارى ئەل سىررىغە دانا كەماھى.
پەناھىڭ ئافەت ئەھلىنىڭ ھىسارى،
ئىرادەڭ جۇملە بارۇ-يوقغە بارى.

ئەجەب دەرماندەمەن بىسيار مەغلۇب،
ماڭا زىندان بۇلار دىيدارىدىن خۇب.
خۇشا زىنداندا يۈز يىل مىھنەتۇ غەم،
بۇلار دىيدارىنى كۆرگۈنچە ھەر دەم.
كىشىكىم بولسە نا مەھرەم نىگاھ ئول،
كۆڭۈل لەۋھى يۈزىن ئەيلەر سىياھ ئول.
كۆڭۈلنى بۇ نەزەر زەخمى قىلۇر ئول،
كى قۇربەت بارگاھىدىن قىلۇر دۇر.
خۇدايا بۇ زەنۇ مەككارەلەرنى،
ضرەد كويىدىن ئول ئاۋارەلەرنى.

چۇ ھەريان سالماساڭ مەندىن جۇدالىق،
بىرۇر بولساڭ ماڭا بۇ مۇبتەلالىق.
مەنى بىچارەغە تەگدۇر بەسى جاي،
بۇلاردىندۇر ماڭا يۈز ھەسرەتۇ ۋاي.»
بولۇپ زىندان چۇ يۇسۇف ئىقتىزاسى،
ئانى زىنداندا بەند ئەتتى دۇئاسى.
ئەگەر فەزلىدىن ئولسە ئافىيەتخاھ،
فەزا زىندانىغە كىرگۈزمەس ئىدى راھ.
قۇتۇلغاي ئىردى بۇ مەكر ئافەتىدىن،
كۆڭۈل فارىغ بۇ زىندان مىھنەتىدىن.

**مىسر خاتۇنلارى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى زىندانغە ئىبەرەككە ئەگىز قىلغانى ۋە زلەيخا بۇ مەسلەھەتنى مەئقۇلغە ئالىپ فەرمان بەجا كەلتۈرگەنى.**

بۇ ئەفسۇنگەرلەر ئانداغ ئەيلەپ ئەفسۇن،
بەسى مەكرۇ فۇسۇنكىم ھەددىن ئەفزۇن.
ۋەلى يۇسۇفكىم ئول مەئسۇم ئىدى پاك،
فۇسۇن جەمئىدىن ئولماي ئىسمەتى چاك.
يامان مەكرۇ فۇسۇندىن ھىچ بەرھەم،
بۇرۇنقىدىن تەقى ھەم ئولدى مەھكەم.
بۇ خاتۇنلار بولۇپ خەففاشى خۇرشىد،
ۋىسالنى نۇرىدىن چۇن بولدى نەۋمىد.
زلەيخانى ھەمە قىلدىلار ئەگىز،
ئانى زىندان سارىغە قىلدىلار تىز.
دىدىلەر بارچە: «ئەي مەسكىنى مەزلۇم،
كى سەندەك مۇستەھىقى قايدا مەھرۇم.
ئەگەر يۇسۇف كەبى يوق ھۇرزادى،
يوق ئانىڭ ۋەسلىدىن ھەرگىز مۇرادى.
نەسىھەت دادىنى بەردۈك فەراۋان،
ئىرىكلىكدىن ھەم ئەتتۈك تىلىنى سەۋھان.
بۇ سەۋھان قىلمايىن فۇلادغە كار،
تۇرۇپدۇر سەخت رويى ئەيلەپ ئىزھار.
قىزىتغىل ئەمدى زىندان كۇررەسىن گەرم،

مەگەركىم بولغاي ئاندىن ئاھەنىن نەرم.
ئىرىپ چۇن ئوتدىن ئولدى نەرم فۇلاد،
ئانى ئۆز خاھىشىدەك ئەيلەر ئۇستاد.
قىزىپ نەرم ئولماقى گەر بولدى مۇشكىل،
ساۋۇق ئاھەننى ئۇرماقدىن نە ھاسىل.»
بۇ جادۇلار تىلىدىن بولدى زىندان،
زلەيخاغە ئۇمىدى ۋەسلى جانان.
خەيال ئەيلەپ ئۆزىگە ئەيشۇ راھەت،
رەۋا يۇسۇفغە كۆردى رەنجۇ مىھنەت.
يوق ئىرسە ئىشق ئارا ئاشىق كەمالى،
يوق ئۆز مەقسۇدىدىن ئۆزگە خەيالى.
ئۆزىگە بارىنى ئەيلەپ تىفەيلى،
قىلۇر بىر ئىشكىم ئولغاي كۆڭلى مەيلى.
تىلەپ بۇيى گۇلۇ گۇلزارى مەئشۇق،
قىلۇر يۈز جان ئىلە ئازارى مەئشۇق.
ئەزىز بىرلە ئىكەۋ بىر تۈن زلەيخا.
تۇتۇپ خىلۋەت، بۇ سىرنى قىلدى ئىفشا:
«كى بۇ دەم مىسر خەلقى ئىچرە بەد نام،
بەسى رەسۋايى خاسى بەندەئى ئام.

بۇ سۆزدە چۇڭ كىچىك بارچە مۇۋافىق،
كى مەن بولدۇم ئاڭا جان بىرلە ئاشىق.
ئانىڭ تىيرى شىكارى خەستە جانىم،
كى تۇپراق ئىچرە جىسمى ناتەۋانىم.
قىلىپ جانىمغە ئوق ئانداغ سىتىزە،
باشاق ئۈستۈن باشاقلار رىزە - رىزە.
تەھى ئىشقىدىن ئىرمەس تەندە مويى،
يۈزۈمدە قالمادى ھىچ ئابرۇيى.
ئانىڭ ئىشقى مەيىدىن مەستى مەد ھۇش،
بولۇپمەن بىخۇدۇ ئۆزدىن فەراموش.
خەيالىم بۇ گۇمان دەفئىغە ھەر بار،
يىبەرگەيمەن ئانى زىندانغە ناچار.
ھەمە كو دەر بەدەر چەۋرۇلتۇپ ئانى،
مۇنادى قىلدۇرۇپكىم ھەر زەمانى.
بۇدۇر ئول بىئەدەپ قۇلنىڭ جەزاسى،
فەراشى خاجە بولغاي مۇددەئاسى.
ئانىڭ قەھرىدىن ئەتمەي ھىچ پەرۋا،
بىساتىغە قويار پايى تەمەننا.
مىنى ئەل كۆرسە بۇ يەڭلىغ غەزەبناك،
كۆڭۈل ناخۇش گۇماندىن ئەيلەگەي پاك.»
پەسەند ئولدى ئەزىزغە چۇن بۇ گۇفتار،
بۇ فىكرىدىن داغى شاد ئولدى بىسيار.
دىدى: «مەن كۆپ تەفەككۇر پىشە قىلدىم،
بۇ مەئنىدە بەسى ئەندىشە قىلدىم.
سەن ئايغان سۆزدىن ئۆزراق تاپمادىم فىكر،
بەجادۇر ھەر نىكىم سەن ئەيلەدىڭ زىكر.
نىكىم ئىلكىڭدە ئەمدى ئىختىيارىڭ،
يوق ئەتكىل ئۆزلۈكۈڭدىن بۇ غۇبارىڭ.»
بۇ رۇخسەتنى ئىشىتتىكىم زىلەيخا،
نەچە سۆز ئەيلەدى يۇسۇفغە ئىلقا:
«كى ئەي مەقسۇدى جان، كۆڭلۈمگە ئارام،
جەھاندا سەندىن ئۆزگە يوق ماڭا كام.
ئەزىز ئىمدادى بىرلە، ئەي نىگارىم،
نى قىلسام ئۆز قولۇمدا ئىختىيارىم.
ساڭا خاھ ئەيلەدىم زىندانىنى مەسكەن،
ۋەياگەردۇن ئۆزە ئەيلەپ نىشىمەن.
نى قىلسام ئىختىيارۇ قۇدرەتىم بار،
ئىرۇرسەن زىرى فەرمانىمدا ناچار.
باش ئىندۇرگىلىكى تاكەي سەركەش ئولغۇڭ.
خۇش ئولغىل تا قاچانغە نا خەش ئولغۇڭ.
كەل، ئەمدى تاشلاغىل ناسازۋارى،
قەدەم كەلتۈر مەقامى كار سازى.
چىقارغىل بۇ ئىكى دۇشۋارلىقدىن،
مىنى غەمدىن، ئۆزۈڭنى خارلىقدىن.
ماڭا كامىم بىرىپ، ئالغىل داغى كام،
چىقارغىل ھەم ئۇلۇغلۇق ئەۋجىغە نام.
ۋەگەرنە رەنجۇ مىھنەت داغى كۆپدۇر،
ساڭا زىندان جەزا بەرمەك تۇرۇپدۇر.
مىنىڭ بەزمىمدە بولساڭ شادۇ خەندان،
خۇش ئاندىنكىم ماڭا تەڭ كۇنجى زىندان.»
تىل ئاچتىيۇ يۇسۇف قىلدى خىتابى،
كى سەن بىلگەن كەبى بەردى جەۋابى.
جەۋابىدىن زىلەيخا كۆپ پەرىشان
بولۇپ، سەرھەڭلەرگە قىلدى فەرمان.
كى ئالدىلار باشىدىن تاجى زەررىن،
خەشىن كىيدۇردىلەر ئىگنىگە پەشمىن.
تۆمۈردىن قىلدى بەندى سائىدى سىيم،
سالىپ بويىنىغە ئانىڭ تەۋقى تەسلىم.
ئىشەككە مىندۇرۇپ ئىيسادەك ئانى،
بۇ خەرنى كوي بەكوي ھەيدەپ رەۋانى.
مۇنادىگەر مۇنادى قىچقىرىپ فاش:
«كى ھەر سەركەش غۇلامى شوخۇ بىباش.
كىم ئول ھۆرمەت ياقاسىن ئەيلەگەي چاك،
قەدەم قويغاي فەراشى شەھغە بىباك.
جەزاسى بۇكى مانەندى سىتەمكار،
بۇ يەڭلىغ ھەيدەمەك زىندان سارى زار.»
ۋەلى جەمئى قىلىپ ھەريان تەماشا،
دەر ئىردىلەركى: «ھاشا، سۇمە ھاشا.
بۇ ياخشىدىن بولۇرمۇ مۇنچە بەدكار،
بۇ رەڭ دىلدارمۇ بولغاي بۇ رەڭ زار.

فەرىشتەدۇركى بۇ پاكى سىرىشتە،
قىلۇرمۇ كارى شەيتان ھېچ فەرىشتە.
يامان خۇيدىن يىراقدۇر كۆپ ئىكۇ روي،
نە ياخشى نۇكتە دەپدۇر ئول ئىكۇ گوي.
كى ھەركىم بولسە ئالەم خۇبرويى،
يۈزىدىن ياخشىراقدۇر ياخشى خۇيى.
يامان سۇرەت كىبىلىپ كىمنىڭ سىرىشتى،
يامانراقدۇر يۈزىدىن خۇيى زىشتى.
ياماندىن كەلمەي ئانداغكىم ئىكۇيى،
ئىكۇرودىن ھەم ئولماس زىشت خۇيى.»
ۋە ھەيئەت بىرلە يەتكۈردىلەر ئانى،
كى زىندانبانغە تاپشۇردىلەر ئانى.
كىرىپ زىندانغە چۇن خۇرشىدى تابان،
كى جانسىز تەنغە كىردى گويىيا جان.
بۇ زىندان ئىچرە ئېردى كۆپ گىرىفتار،
ھەمە فەرياد قىلدىلار بەيەكبار.
بۇ مېھنەتخانە ئىچرە تۇشتى جۇشى،
غەرىۋى چىقتى ئەلدىن پۈر خۇرۇشى.
يىغىلدىلار قەدەمگاھىغە بىر-بىر،
قىلىپ زەنجىر كۆپۈ ئەھلى زەنجىر.
ئىلىكدە بەندەلەر قەيدى ئىرادەت،
بويۇندا غوللارى تەۋقى سەئادەت.
مۇبەددەل شادلىقغە بارچە ئەندۇھ،
پەرىگاھ ئولدى زىندانغە ھەمە كۇھ.
نې يەرگە يەتسە بىر ھۇرى سىرىشتى،
ئەگەر دەۋزەخ ئىبسە بولغاي بىھىشتى.
قەدەم كەلتۇرسە گۇل رۇخسارى مەھبۇب،
ئەگەر گۇلخەندۇر ئول، گۇلزار ئېرۇرخۇب.

چۇ زىندان تاپتى بۇ جۇنبىشدىن ئارام،
زىلەيخا بەردى زىندانبانغە پەيغام:
«كى مۇندىن سوڭرە ئانى قىلمە رەنجۇر،
غولۇ زەنجىردىن ئەتكىل جىسمىدىن دۇر.
ئاڭا رەنجۇ ئەلەمنى كۆرمە جائىز،
غۇبارى كۆڭلىگە يەتكۈزمە ھەرگىز.
تەنى سىمىنىغە پەشمىنەدۇر ئار،
قەدىغە ھۇللەئى زەركەش سەزاۋار.
ئاڭا بىر ھۇجرەئى زىيبا جۇدا قىل،
ئايىرىپ ئۆزگەلەردىن ئاندا جا قىل.
دەرۇ دىۋارىنى قىلغىل مۇئەتتەر،
رەۋاقۇ مەنزىلىنى قىل مۇنەۋۋەر.
قىلىپ سۇندۇسدىن ئانىڭ مۇنىشىنى،
سىتەبرەقدىن بىساتى دىلكەشىنى.»
قىلىپ يۇسۇپ بۇ ئۆيىنى مەنزىلى خاس،
سالىپ قۇللۇق بىساتىن ياندى ئىخلاس.
بولۇپ زاكىر نېچۇككىم ئېردى ئادەت،
قىلىپ بۇ ئۆيىنى مېھرابى ئىبادەت.
مەقامى زىكردە ئولتۇردى شاد ئول،
قۇتولدى مەكردىن، تاپتى مۇراد ئول.
ئانىڭ شۇكرىكىم، ئول تاپتى قەرارى،
خاتۇنلار ئافەتىدىن رەستىكارى.
غەنىمەت بىلدى بۇ مېھرابى تائەت،
كى مەردانە قىلىپ سەبرى قەنائەت.
كىشىگە تۇشمەسۇن ھەرگىز بەلايى،
كىم ئاندىن بولماغاي بۇيى ئەتايى.
ئەسىرىكىم بەلادىندۇر ھەراسان،
قىلۇر بۇيى ئەتا دۇشۋارىن ئاسان.

**زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى زىندانغە بۇيرۇغاندىن پۇشەيمان بولۇپ، نالە-زارى تۇزگەنى ۋە ئانىڭ مۇفارىقەتى داغىدىن بىئارامىلىق كۆرگۈزگەنى.**

جەھان بىر كۆھنە كاخى غەفلەت ئاباد،
ئەجەب غافىلدۇر ئاندا ئادەمىزاد.

ئاڭا ئادەت ھەمىشە ناسىپاسى،
قاچاندۇر دەئىب ئاڭا نېئمەت شۇناسى.

ئەگەر ئېيتمەتدە ئۆمرى ئۆتسە خۇررەم،
بىلىنمەس قەدرى تا ئاشىدىن يېمەي غەم.
بەسا ئاشىق قىلۇر ھىجرانغە جۈرئەت،
ھەۋەس ئەيلەركى كۆرگەي روزى فۇرقەت.
بۇ پىندار ئىلەكىم مەئشۇقىدىن سىير،
مەلۇلى ۋەسلۇ سۆھبەت ئېچرە دىلگىر.
فەلەك ھىجراندىن ئوت ياندۇرسە ناگەھ،
كۆيۈپ ئۆرتەنسە بولغاي ئاندا ئاگەھ.
چۇ زىندان ئەھلىغە بۇ سەھنى زىندان،
بۇ گۇل رۇخسارىدىن بولدى گۇلىستان.
بار ئېردى تاكىم ئول سەرۋى يېگانە،
زىلەيخاغە گۇلىستان ئېردى خانە.
گۇلىستاندىن چۇ ئول سەرۋ ئولدى خالي،
گۇلىستانىغە يەتتى تىيرە ھالى.
زىلەيخاغە گۇلىستان ئېردى زىندان،
چۇ زىندان ئەھلىغە زىندان گۇلىستان.
بۇ زىنداندىن زىلەيخاغە تومەن غەم،
بىرى مىڭ بولدى ھىجران مۇشكىلى ھەم.
بەتەر مۇندىن بولۇرمۇ ھېچ مۇشكىل،
نىگارىن كۆرمەگەي ئۇششاقى بىدىل.
نېچۈك ئاسايىش ئالغاي باغى گۇلزار،
گۇلى گۇلشەن كېتىپ، قالغاي ھەمە خار.
بۇنىشى خارى گۇلزار ئېچرە بىگۇل،
ئېرور ئول خاسەئى ئازارى بۇلبۇل.
چۇ خالي كۆردى گۇلدىن گۇلشەنىنى،
چۇ غۇنچە چاك ئېتىپ پىراھەنىنى.
كۆزى غەمدىن قارارىپ جانى غەمناك،
نې تاڭ گەر ئاشىق ئەتسە كۆكسىنى چاك.
يول ئاچماق كۆكسىدىن بولمىش زەرۇرى،
چىقىپ غەم كىرگەي ئاندىن تاسۇرۇرى.
بۇ غەم مەككارىدىن رۇخسار گۇلىنى،
ئۈزۈپ گاھى مۇئەنبەر سۈنبۈلىنى.
چۇ روبى موي ئىدى ئاندىن نىشانى،
بۇ رەڭ جان كەندەلىك ئەيلەپ زەمانى.
غەۋ ھەسرەتدىن ئۇردى كۆكسىگە تاش،
كى ھىجران جەڭگىگە تەبل ئۇردى چۇن فاش.
ئەگەرچە خۇبلار خەيلىغە ئول شاھ،
شىكەست ئولدى ئاڭا كۆپ ئەيلەدى راھ.
ساچىپ باشىغە ھەر لەھزە ئاۋۇچ خاك،
تۆكۈپ ھەسرەت كۆزىدىن ئەشكى غەمناك.
بۇ ئابۇ خاكدىن بۇ نەۋئ ئېتىپ گىل،
كى بەند ئەتكەي غەمىدىن رەخنەئى دىل.
ۋەلې ھىجراندىن ئولغاي رەخنەئى جان،
ئەمەس بۇ گىل بىلە بەند ئەتمەك ئاسان.
تىشىدىن خەستە ئەيلەپ لەئلۇ ئۈنناب،
ئەقىق نې، ناب نې، چۈن دۇررى سىيراب.
مەگەركىم مەقسەدى تۇرغۇزغاي ئول خۇن،
تۆكەر ئېردى كۆڭلىنىڭ جۇشى بىرۇن.
قىلىپ گۇلگۇن يۈزىن مانەندە نىلى،
چۇ نىلۇفەر پەياپەي زەخمى سىيلى.
يازىپ خۇنىن رەقەم جاندىن يۈزىغە،
ئۇرۇپ ھەسرەت قولىن ھەردەم تىزىغە:
«بۇ ئىشكىم مەن قىلىپمەن، كىم قىلىپدۇر،
بۇ زەھرىكىم ئىچىپمەن، كىم ئىچىپدۇر،
بۇ مىھنەتخانىدا ئەھلى مۇھەببەت،
ئۆزىگە قىلمادى مەندەك خىسارەت.
كۆزۈمنى ئۆز ئىلىكىم بىرلە ئويدۇم،
قەدەم بۇ كورلۇقىدىن جوغە قويدۇم.
كۆزۈمنى كور قىلدىم راھ ئىچىدە،
ئۆزۈمنى تاشلادىم مەن چاھ ئىچىدە؛

ئۇچامغه تاڭدىم ئاخىر كوھى غەمىنى،
بۇ تاغ ئاستىن ئۇشاتتىم مەن ئۇچامنى.
جىگەرنى قان قىلىپمەن روزگارى،
قولۇمغه كەلتۈرۈپ زىيبا نىگارى.
فەلەكدىن ئاقىبەت ئازۇردە جانمەن،
قولۇمدىن بەرگەن ئاخىر رايىگانمەن.
كۆڭۈل ئەۋۋارە، جانىم پارە - پارە،
قىلاي ئەمدى ئۆزۈمگە مەن نې چارە.»
بۇ نەۋئ ئەيلەپ ھەمىشە ئاھى جان سوز،
ملۇر ئېردى شەبى ئەندۇھىنى روز.
ېكمەدىن ئالىه بۇيى كاھى - گاھى،
ئانىڭ بۇيىدا تارتىپ جاندىن ئاھى.
ئالىپ ھەردەم ئانىڭ پىراھەنىنى،
كى سۈرمىش ئېردى چۇن نازۇك تېنىنى.
مۇئەتتەر ئەيلەبان گۇلدەك دىماغى،
تاپىپ تەسكىن ئانىڭدىن جانى داغى.
گەھى سۇرتۇپ يۈزىگە زار يىغلاپ،
ئۆپۈپ ھەسرەتدىن ئول بىسيار يىغلاپ.
يېڭى سارى سۇنۇپ چۇن ئىلكىنى گاھ،
قانى ئاخىر ئىلىكلەپ ئالغان ئول ماھ.
ئالىپ كۆز مەردۇمىغه ئانى چۇن نۇر،
تۆكۈپ يادىدا ئانىڭ گەۋھەرۇ دۇر.
مەھال ئېردى ئۇمىدى پايى بوسى،
ئۆپۈپ دامانى ئەيلەپ خاكى بوسى.
كۆرۈپ چۇن فەرقىدىن تاجىنى ھالى،
غۇبارىن ئارتىپ ئۆزگە بولدى ھالى.
كى بۇ ھەمراز ئول فەرقى ھۇمايۇن،
ئاياقىغه باشىنى قويدى گەردۇن.
كەمەر نازۇك بەلىدىن بەردى چۇن ياد،
كۆرۈپ قۇللۇقدا ئانداغ بەردى كىم داد.
خەيالى ئەيلەپ ئول ئاھۇنى بۇ دەم،
كەمەندى ئەيلەدى بويىنىغه مەھكەم،
قاچىپ گەھ ھۇللەسىنى يىغلابان زار،

تۆكەر ئېردى كۆزىدىن ئەشكى خۇنبار.
بۇ ئېردى دائىمىن ئەشكى نىيازى،
چۇ ئەشكى لەئلىدىن ئەيلەپ تىرازى.
ئىكى نەئلىنىنى گاھى كۆرۈپ جۇفت،
ئۆپۈپ ئانى، بۇ ئۆپمەكنى بىلىپ مۇفت.
ئاڭا جۇفت ئولماغىن ئەيلەپ خەيالى،
تۈشۈپ بىجۇفتلۇقدىن تۇرفه ھالى.
باشىغه پەنجە - پەنجە ساچتى تۇفراق،
بولۇپ بۇ تاقلىقدىن تاقەتى تاق.
بولۇپ دىلبەندى ئانىڭ ھەر دەۋالى،
بېرىپ كۆز قانى بىرلە رەڭكى ئالى.
غەمى تازە بولۇپ بۇ نەۋئى ھەردەم،
بۇ ھەر بىردىن جۇداگانه يېتىپ غەم.
چۇ بىلمەي ۋەسل ئىچرە قەدرى دىيدار،
جۇدالىق داغىغه بولدى گىرىفتار.
پۇشەيمان ئولدى ئەمما قىلمادى سۇد،
كۆرۈنمەي سەبردىن تاش ھىچ بىھبۇد.
ۋەلى سەبر ئول پەرىدىن قايدا ئىمكان،
قاچان مېھرىن چىقارماق جاندىن ئاسان.
جۇدالىقدىن ھەلاكى ئاشىقى زار،
خۇسۇس ئولغايكى بۇ دۇر سۇھبەتى يار.
ئاراغه تۈشكەن ئولسه ئەقدى سۇھبەت،
ئەزابى جاۋىدانه داغى فۇرقەت.
ۋەگەر بولماي ئارادە ئاشنالىق،
قاتىغ ئەمما بۇ نەۋئ ئېرمەس جۇدالىق.
بۇ كۆن باشىغه تۈشتى تۇرفه ھالى،
بۇ تەڭلىكدىن ئاشىپ ھەددىن مەلالى.
ئۇرۇپ ھەردەم دەرۇ دىۋارىغه باش،
گەھى خەنجەر ئۇرۇپ كۆكسىگه گەھ تاش.
چىقىپ قەسر ئۆگزەسىگە پاسىبانۋار،
كىم ئۆزنى تاشلاغاي ئاندىن نىگۇنسار.
تەناب ئەيلەر ئىدى گىيسۇيى شەب رەڭ،
نەفەسىنىڭ يولىنى ئاندىن قىلىپ تەڭ.

زەمانە جەۋرىدىن ئىستەپ خەلاسى،
زەمى زەھر ئىيردى ئانىڭ جامى خاسى.
ئەدەم كاشانەسىن ئەيلەپ تەمەننا،
ئۆلۈم ئەسبابىنى ئەيلەپ مۇھەييا.
ئاياغىغە ئۆپۈپ ھەرلەھزە دايە،
دۇئا ئەيلەر ئىدى بىھەددۇ غايە:
«كى جانانىدىن مۇرەتتەب بولسۇ كامىڭ،
بۇ لەئلىدىن لەبالەب بولسۇ جامىڭ.
جۇدالىقدىن تاپىپ ئانداغ رەھايى،
خەيالىڭ كەچمەگەي ھەرگىز جۇدايى.
ئۆزۈڭگە كەل، زەمانى ھاسىل ئەت ھۇش،
كى ئۆزدىن بولماغىل ھەرگىز فەرامۇش.
مىنىڭ كۆڭلۈمنى غەمدىن ئەيلەدىڭ خۇن،
مىنى قويمە بۇ يەڭلىغ زارۇ مەھزۇن.
كىم ئەيلەپدۇركى، سەن قىلدىڭ بۇ ئىشنى،
پەسەند ئەتمەس كىشى مۇنداغ رەۋىشنى.
ئىشىت مەندىنكى، مەن بۇ ئىشتا دانا،
بۇ ئىش تەدبىردۇ سەبرۇ شكىبا.
يەگىللىكدىن ئۆزۈڭنى ئۇتغە سالدىڭ،
دەۋاسىز دەردنى جانىڭغە ئالدىڭ.
كەل ئەمدى سەبر ئەبرىدىن تۆكۈپ ئاب،
ساۋۇتغىل لەھزە - لەھزە بۇ تەبۇ تاب،
خۇدايىڭ فەزلىغە ئەيلەپ تەۋەككۇل،
تەكەللۇف بىرلە قىل سەبرۇ تەھەممۇل.
چۇ مىھنەت سەرسەرىدىن تۇتسە ئالەم،
يىرىڭدىن خەس كەبى قوزغالماي ھەردەم.
بۇدۇركىم ياخشىراق سەبرۇ قەرار ئۇل،
قەرارۇ سەبردە كوھى ۋىقار ئۇل.
سەبۇرى شادلىق سەرمايەسىدۇر،
سەبۇرى روزى بىھلىق پايەسىدۇر.
نىھالى سەبر بەرگەي مىۋەلىق شاد،
شكىبادىن چۇ قەئرى دەۋلەت ئاباد.
سەدەفدە سەبردىن باران بولۇر دۇر،
بولۇر كان سەبر ئىلە ھەم لەئلىدىن پۇر.
تەھەممۇل قىلدى دانە خۇشە بولدى،
كىم ئاندىن ياخشىلارغە تۇشە بولدى.
رەھىمدە سەبر بىرلە قەترەئى سۇ،
ئۇن ئايدا بولغاي ئۇل مەھبۇبۇ مەھرۇ.»
زىلەيخا بىقەرار ئىيردىيۇ ناكام،
كى تاپتى دايە گۇفتارىدىن ئارام.
بۇ غەمدىن ئىيردى جانى دىل رەمىدە،
بولۇپ دايە سۆزىدىن ئارەمىدە.
ياقاسى ئىيردى تا دامانىغە چاك،
تەھەممۇل قىلدى ئەمما كۆڭلى غەمناك.
ۋەلى سەبرىكى ئالغاي ئاشىقى زار،
نەسىھەتگويلار پەندىدە ناچار.
چۇ ناسىھ بولسە گۇفتارىدا خامۇش،
قىلۇر ئۇل ھىرفەنى ئاشىق فەرامۇش.

## يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ مۇفارەقەتىدە زىلەيخا بىتاقەت بولۇپ، دايە بىرلە بىرتۇن زىندانىغە بارىپ يۇسۇف جەمالىن مۇشاھىدە قىلغانى.

ئۇشۇل دەم يۇسۇفى خۇرشىدى تابان،
بولۇپ زىندانى مەغرىب ئىچرە پىنھان.
يىغىشتۇردى جەھاندىن تابىشى نۇر،
زىلەيخائى فەلەكدىن بولدى مەشھۇر.
زىلەيخائى فەلەك چىھر گەيلەدى گۇم،
تۆكۈپ يۇسۇف غەمىدىن ئەشكى ئەنجۇم.
زىلەيخا غەمدىن ئىيردى زارۇ نالان،
شەفەق گۇن ئەشكىدىن ھەردەم تۆكۈپ قان.
شەفەقنى قىلدى ئەشكىدىن جىگەرخۇن،
جىگەرگۇن ئەتتى خۇن دامانى گەردۇن.

فىغاندىن ھەردەم ئەيلەپ ئاھى جان سوز،
تۆكۈپ قان كۆزلەرى ئەبرى ھەمە روز.
ئېرۇر ئەندۇھۇ ھەسرەت روزى ئاشىق،
بولۇر ئەفزۇن تۈن ئۇلسە سوزى ئاشىق.
قارا ھىجراندىن ئۇلغاي روزگارى،
فۇزۇنراق قىيرگۇندىن شامى تارى.
يېتىپ غەمدىن كۈنىگە يۈز قارالىق،
تۈنى رەنجۇ ئەلەمغە مۇبتەلالىق،
ئېرۇر شەب ھامىلە چۇن تۇغسە ھەردەم،
تۇغار ئاشىقغە دەردۇ مېھنەتۇ غەم.
چىقارسە بەچەداندىن بەچە بىرۇن،
ئوت ئورنىدا دىلۇ جاندىن ئىچەرخۇن.
سانادىن بەچە بەرخۇردار بولدى،
ۋەلې مۇنداغ قاچان خۇنخار بولدى،
زىلەيخاغە يوق ئېردى سەبرۇ ئارام،
يۇتۇپ ھىجران غەمدىن خۇنى ناكام.
قالىپ دىلداردىن بۇ نەۋئى مەھجۇر،
نې مەھتاب ئېردى تۈن، نې ئۆيدە نۇر.
ئەمەس جانان يۈزى گەر پەرتەۋ ئەفكەن،
تۈمەن مەشئەلدىن ئولماس خانە رەۋشەن.
كۆڭۈل ئەندۇھىدىن يوق كۆزدە ئۇيقۇ،
دەر ئېردى كۆزلەرىدىن قان تۆكۈپ بۇ:
«نېدۇر بىلمەمكى يۇسۇف ھالى بۇ تۈن،
كىم ئېركىن خىزمەتى پامالى بۇ تۈن؟
كىمى ئاستىغە بىستەر سالمىش ئېركىن،
كىمى باشىغە بالىش قىلمىش ئېركىن؟
چەراغى قەسرىنى ياندۇرغۇچى كىم،
تەرەب جامى بىلە قاندۇرغۇچى كىم؟
كىمى يەزگەي نىتاقى زەر فىشانى،
ئۇيۇر چاغ كىم ئىكىن ئەفسانە خانى؟
بولۇپ چۇن مۇرغى ئول مەنزىل ئاگا دام،
بۇ بەندى دامغە بولدىمىكىن رام؟
ھەۋايى سازۋار ئېركىنمۇ يا يوق،
غىزاسى خۇشگۇۋار ئېركىنمۇ يا يوق؟

بۇرۇنقىدەك گۇلىمۇ تازەمۇ تەر،
مۇسەلسەلمۇ ئىكىن زۇلفى مۇئەنبەر؟
گۇلىغە ئول ھەۋادىن يەتتى نۇقسان،
ۋەيا خۇد سۇنبۇلى تابى پەرىشان؟
ۋەيا خۇد غۇنچە غەمدىن بولدى دىل تەڭ،
ۋەيا گۇلدەك تەرەبدىن خەندە ئاھەڭ؟»
دەر ئېردى بۇ سىفەت ئەيلەپ تەكەللۇم،
چېكىپ ياس ئۆتتى تۈندىن بۇ تەرەننۇم.
نې تاقەت ئېردى شەۋقىدىن نې تابى،
كۆڭۈلدە سەبر جۇئىيۇ نې ئابى.
تۇشۇب كۆڭلىگە غەمدىن شۇئلەئى تىز،
كۆزى پۇرخۇن دېدى: «ئەي دايە بەرخىز.
بارىپ زىندان سارى بۇدەم تەماشا
قىلىپ پىنھان، تۇتۇپ بىر گۇشەدە جا.
كى كۆرگەيمىز مەھى زىندانىمىزنى،
قىدا يولىدا ئەيلەپ جانىمىزنى.
بارىپ بىر گۇشەئىدە ئولتۇرالى،
مەھى زىندانىمىز ھالىن سورالى.
چۇ زىندان بولسە جايى گۇلئۇزارى،
نې زىندان بەلكى خۇررەم نەۋ بەھارى.
بۇ گۇل رۇخ بەزمگاھى بولسە زىندان،
دېمە زىندان، دېگىل سەن باغۇ بوستان.
چەمەندىن ئاچىلۇر ئۇششاق كۆڭلى،
بۇ زىنداندىن مەنى مۇشتاق كۆڭلى.
رەۋان ئولدى بۇ سەرۋى ناز، دايە
ئەرىشىپ ئارقەدىن مانەندى سايە.
يېتىپ زىندانغە ئول ماھى سەب ئەفرۇز،
كۆڭۈل شەۋقى ئوتىدىن جانى پۇرسوز.
بارىپ ئول ماھ بۇ يەڭلىغ شىتابان،
تىلەپ كەلتۇردى زىندانبانىنى پىنھان،
ئىشارەت قىلدى، ئاچتى شاھى رەھنى،
يىراقدىن كۆرگۇزۇپ تابەندە مەھنى.
يىراقدىن كۆردىيۇ قىلدى تەماشا،
زىھى سەججادە قۇرمىش جەننەت ئاسا.

بۇ سەججادە ئۇزە شاد ئولتۇرۇپدۇر،
چۇ رەخشان ئافتابى غەرقەئى نۇر.
گەھى قەددىنى ئەيلەپ راست چۇن شەمئ،
مۇنەۋۋەر ئەلئەتىدىن مەجلىسى جەمئ.
ئېگىپ گەھ قامەتىنى چۇن مەھى نەۋ،
مۇسەللاغە سالىپ ھەر لەھزە پەرتەۋ.
قويۇپ باشىن كۆتەرمەي گاھ يەردىن،
گۇلى تەر شاخىدەك بادى سەھەردىن.
چۇ گاھى كۆرگۇزۇپ تەرھى تەۋەززۇئ،
سالىپ باش ئولتۇرۇپ، ئەيلەپ تەزەررۇئ.
ياۋۇق ئولتۇردى بارىپ بىخۇدانە،
قاراڭغۇ گۇشەئىدە ئول يىگانە.
كۆڭۈلدىن زارى، جاندىن نالە ئەيلەپ،
سۇمەننى نەرگىسىدىن لالە ئەيلەپ.
گەھى دۇردىن قىلىپ لەئلىنى خەستە،
رۇتەبنى نەخلدىن ئەيلەپ شىكەستە.
شەفەقگۇن ئەشكۇ چەشمى خۇن فىشاندىن،
دەر ئېردى فاش ئېتىپ رازى نىھاندىن:
«كى ئەي ھۇسن ئەھلىنىڭ چەشمى چەراغى،
تەمامى خۇبلارنىڭ دەردۇ داغى.
بارى كۆڭلىدە سەندىن كارى مۇشكىل،
مۇرادۇ خاتىرى ئۇششاقى بىدىل.
جانىمغە شۇئلەئى شەرق ئۇردى ئىشقىڭ.
ۋۇجۇدۇم ھاسىلىن كۆيدۇردى ئىشقىڭ.
قانى بۇ داغىمە ۋەسلىڭدىن ئابى،
دەمى پەست ئەيلەگەي بۇ شۇئلە تابى.
جەفا تىغىدىن ئەتتىڭ كۆكرەكىم چاك،
سېنى زۇلم ئىچرە كۆردۇم تۇرفە بىباك.
ماڭا ھىچ رەھمەتىڭ يوق، ئەي سىتەمكار،
ھېنى قىلدىڭ بۇ يەڭلىغ خەستەۋۇ زار.
ماڭا رەھم ئەيلە مەرھۇمۇڭدۇرۇرمەن،
بەسى مەزلۇمۇ مەھرۇمۇڭدۇرۇرمەن.
يېتەر سەندىن ماڭا ھەر لەھزە يۈز غەم،
غەمىڭدىن تاش ماڭا يوق ھىچ ھەمدەم.
مېنى ئەي كاش تۇغماس بولسە مادەر،
ماڭا بۇ ھالى زارىم قايدا باۋەر.
مېنى چۇن تۇغدى مادەر، كاش دايە،
ئىچ ئېردى سالماسە باشىمغە سايە.
ۋەيا سۇت بەرمەيىن ئەيلەپ ماڭا قەھر،
غىزا شىير ئورنىدا بەرگەي ئىدى زەھر.»
بۇ نەۋئ ئۆز ھالىنى ئايتىپ تەمام ئول
ۋەلى يۇسۇف ئۆز ئەھۋالىغە مەشغۇل.
زىلەيخادە بۇدۇر سوز ئىلەۋۇ ئاھ،
ۋەلى يۇسۇف سەرى مۇي بولماي ئاگاھ.
تۈن ئاخىر بولدى چۇن مەردى سەھەرخىز،
زىلەيخايى فەلەك بولدى گۇھەررىز.
تۆكۈپ چۇن گەۋھەرى ئەشكىن بەيەكبار،
قۇۋاندى زەئفەراندەك چېھرەسى زار.
مۇئەززىن باشلادى ئاۋازە يا ھەي،
غەرىۋى كۇسى شاھى ھەم پەيا پەي.
ئىت ئەيلەپ ھەلقۇمىغە ھەلقەئى دەم،
دەمىنى قىلدى ئىچ، فەريادىنى كەم.
خۇرۇس ئۇيقۇدىن ئولدى گەردەن ئەفراز،
قىلىپ نالىنى ساز ئولدى پۇر ئاۋاز.
زىلەيخا قوپتى، ياندى چۇستۇ ناچار،
كەنىزۋار ئىستەيىن ئۆپتىيۇ بىسيار.
بۇ رەڭ ھەر تۈن مەھى زىندانى بىرلە،
بولۇپ خىلۋەتنىشىن جانانى بىرلە.
بۇ نەۋئ ئېردى ئاڭا ئىش نەچچە مۇددەت،
قىلىپ ھەر تۈن كېلىش - بارىشنى ئادەت.
غىزايى رۇھ ئىدى بۇ راھ پۇيى،
يوق ئېردى ئاندىن ئۆزگە جۇستىجۇيى.
كىشى بوستانىغە قىلماي مەيل جەندان،
كىم ئول بىندىلغە ئېردى مەيلى زىندان.
بەلى زىندانى بولسە كىمسە يارى،
بولۇرمۇ ھىچ ئانىڭ ئانسىز قەرارى.
(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# نەزمىي ئوغۇزنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن ھۇشۇر

## «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى ھەققىدە

ئۇيغۇرلار داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ئىگە بىر مىللەت. ئۇلار ياراتقان داستانلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر، ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن بولغان ئۇرۇشلار، تارىخىي شەخسلەر، قەھرىمانلار ئەكس ئەتتۈرۈلسە، بەزىلىرىدە دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ بۇرچى، ئەخلاقىي سۈپىتى، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر، پەندى-نەسىھەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ خەلقنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. يەنە بەزىلىرىدە مۇھەببەت ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، خوتۇن-قىزلىرىمىزنىڭ فېئوداللىق كۆز قاراشلارغا قارشى ئېلىپ بارغان قەھرىمانانە ئىش-ئىزلىرى نامايان قىلىنىدۇ. بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەن ئەدىپلىرىمىزنىڭ پائالىيەتلىرى، ئىجاد قىلغان ئەمگەكلىرى قاچان؟ قايسى ئۇسلۇبتا؟ قايسى خىل يېزىق ۋە تىلدا يېزىلغانلىقلىرى ھەققىدە ئىنچىكە، ئەتراپلىق تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى ھەمدە داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا، داستاننىڭ ئاساسىي قەھرىمانى بولغان ئوغۇزنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ چوڭ بولۇپ، دۆلەت ئەربابى بولغانلىقى، نۇرغۇن قېتىم ئۇرۇشلارغا ئۆزى قاتنىشىپ ياكى رەھبەرلىك قىلىپ، كۆپ يەرلەرنى بويسۇندۇرغانلىقى ھەققىدىكى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق ئىش-پائالىيەتلىرى سۆزلەنسە، بۆرىنىڭ يول باشلىغانلىقى ۋە دەرەخ، ئورمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار توتېمىزم بىلەن شامان دىنىنىڭ تەسىرلىرىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ھازىرچە «ئوغۇزنامە» داستانى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچىلارنىڭ، بۇ داستاندا سۆزلەنگەن ۋەقەلىكنىڭ دەۋرى مەسىلىسىدىكى پىكىرلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنىمۇ كېيىنگە قالدۇرىمىز. «ئوغۇزنامە» يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك قەھرىمانلىق ئاساسىي تېما قىلىنغان داستان بولۇپ، بۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەقەلىكنىڭ قايسى زاماندا يۈز بەرگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ يازما شەكلىگە كەلگەن ۋاقتى XIII ئەسىر دەپ قارىلىدۇ ۋە بۇنىڭ مىسالى قىلىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، تۇرپاندىن تېپىلغان نۇسخىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ نۇسخىدىن باشقا

ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تەراكىمە» ناملىق ئەسىرىدە، پىرسىيىلىك
تارىخشۇناس رەشىدىددىننىڭ «جامىئۇت-تەۋارىخ» ناملىق كىتابىدا، يازىچىزادە ئالىنىڭ
«تارىخىي ئالى سەلجۇقىيە» ناملىق كىتابىدا، خەلق ئامىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان
«دەدە قورقۇت (ئانا قورقۇت)» داستانىدا ئوغۇزخان ھەققىدىكى رىۋايەتلەر خاتىرىلەن-
گەن. يەنە بىر قىسىم تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ پىكرىدىن قارىغىنىمىزدا «تارىخى رەشىدى»
ۋە «رەۋزەتۇس - سەفا» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ «ئوغۇزنامە» داستانى خاتىرىلەنگەن
ئىكەن. بۇلاردىن بۇ داستاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىن تارتىپ تاكى رۇم ئېلىگىچە قەدەر
بولغان كەڭ رايونغا تارقالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھازىرچە بىزگە مەلۇم
بولغان «ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ ۋارىيانتلىرى ئاساسەن نەسرى شەكىل بىلەن يېزىلغان
(قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» داستانىدا ئازراق نەزمىي شەكىلمۇ
ئارىلاشقان). ئۇنىڭدىن باشقا ئىپادە قىلغان دەۋر شارائىتلىرىدىمۇ ئوخشىماسلىقلار
بار. مەسىلەن، تۇرپاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە»
ۋە «دەدە قورقۇت» كىتابىدا توتېمىزىمنىڭ ۋە قىسمەن شامانىزمنىڭ تەسىرلىرى ئەكس
ئەتتۇرۇلگەن بولسا «شەجەرەئى تەراكىمە» ۋە «جامىئۇت-تەۋارىخ»... قاتارلىق كىتاب-
لاردا پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى تەسىرلىرى سىڭدۈرۈلگەن ھەمدە ئوغۇزخاننى تەقۋادار
مۇسۇلمان قىلىپ سۈرەتلىگەن. تۆۋەندە كىتابخانلىرىمىزغا سۇنماقچى بولغان «ئوغۇز-
نامە داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى» دىمۇ ئوغۇزخاننى تۇغۇلۇشىدىنلا تەقۋادار مۇسۇل-
مان ئىدى دەپ سۈرەتلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تېكىستنىڭ 3 - بېيىتتىدىن 10 - بېيى-
تىغىچە قاراڭ.

«ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى» دا ئوغۇزنى تۇغۇلۇپلا ئاتىسى ئېتىقاد
قىلىپ كېلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلماي، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دېيىلگەن
مەزمۇن سەل مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ئۇ-
نىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ «قاراخان» دېيىلىدىغانلىقى، ئوغۇزنىڭ مۇسۇلمان بولغانلى-
قىنى بىلگەن ئاتىسىنىڭ ئوغۇزغا قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى، نەتىجىدە ئوغۇز ئاتى-
سىنى ئۆلتۈرۈپ خانلىق تەختكە چىققانلىقى، مىلادى 870—1211 - يىللىرى ھۆكۈم
سۈرگەن، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنى ھەمدە ئىس-
لام دىنىنى تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئەسلىتىدۇ.

«ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمى نۇسخىسى» «تۈركىيات مەجمۇئەسى» نىڭ XVIII
تومىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بۇنى كەمال ئەراسلان نەشرگە تەييارلىغان. «ئۇزۇن
كۆۋرۈك» نۇسخىسى دېيىلگەن بۇ نۇسخا ئەدىپ ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇلھە
قايىق»ناملىق دىداكتىك داستانى بىلەن بىرگە تۈپلەنگەنىكەن. ھۈسەيىن نامىق ئور-
خۇن بۇ نۇسخىنىڭ تىلىنى «ئەتەبەتۇلھە قايىق»بىلەن ئوخشاش دېگەن. كەمال ئەراسلان
بۇ ئەسەرنىڭ بەزى تىل خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ «كلاسسىك چاغاتاي يېزىق تىلىنىڭ
دەسلەپكى ۋاقىتلىرى بولغان XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ياكى XIV ئەسىرنىڭ باشلىرى

رىغا توغرا كېلىدىغان شەرق تۈركچىسى (ئۇيغۇرچە) بىلەن يېزىلغان» دېگەن پىكىرلى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«ئوغۇزنامە داستانىنىڭ نەزمىي نۇسخىسى» ئىككى مىسرالىق، ئاخىرقى بوغۇمى قاپىيىداش، 104 بېيىت، 208 مىسرادىن تۈزۈلگەن بولۇپ، تۆت ۋاراق، سەككىز بەت كېلىدۇ. ھەربىر بېتىدە 13 بېيىت 26 مىسرا بار.

## تېكىست

قاراخان ئۇلۇسنى تۈزەتتى بىلىپ،
خۇدانى ئۇنۇتۇپ يامان ئىش قىلىپ.

ئىزى① رۇزى② قىلدى بىر ئوغلان ئاڭا،
نەكىم قىسسەلەرنى ئايايىن③ ساڭا.

تۇغۇپ④ ئۈچ كۈن ئۆتتى ئەمۈگ⑤ ئەممەدى،
ئاناسىنىڭ ھەرگىز سۈدى تاممادى.

ئاناسى قاتىغ قازغۇ⑥ ئوغلى ئۈچۈن،
بېرىپ ئەمچەك ئانا نى قىلسۇن كۈچۈن⑦.

تۈشىندە كۆرەر ئوغلى ئايتۇر ئاڭا:
«ئەشىتسەڭ ئانام بىر سۆزۈم بار ساڭا.

سەن ئول تەڭرىغە بۈت⑧، ئىمانغا ئۈلان⑨،
قوي ئول باتىل ئىشنى، بۇ يانغا ئۈلان.

ئەگەر مۇنداغ ئەتسەڭ ئەمەرمەن سېنى،
يوق ئەرسە ئۆلەرمەن، نېتەرسەن مېنى.»

ئاناسى ئەشىتتى بۇ سۆزنى تۇرۇپ،
شۈكۈر قىلدى ھەققە يۈزىنى سۈرۈپ.

چىنى بىرلە بۈتتى ياراتقانغا ئول،
بۇ ئىشدىن تۈزىۈندى⑩ نى خوش توغرى يول.

ئەمە باشلادى ئول ئوغۇل سۈت تىلەپ،
ئاناسى ئەمۈزدى باشىنى سىلەپ.

بىر ئىل⑪ كەچتى⑫ ئوغلان ئۇلۇغ بولدى خۇش.
ئاناسى سۆزىندىن قىلۇر ئىردى جۇش.

ئاتاسى قارا خان سەۋە⑬ باشلادى،
كۆپ ئىلنىڭ⑭ ئىچىندە ئانى قاشلادى.

ئايۇز بىر كۈن ئەرتە⑮ ئوغۇل ئاتىنى⑯،
دېمەدۈك تىيەلىك⑰ مۇنىڭ زاتىنى.

مەشۋەرەت⑱ قىلالىڭ ئۆزىگە بۇرۇن⑲،
ئۆرەكجانى⑳ يوقتۇر مۇنۇڭ تەگ يۇرۇن㉑.

مەنىڭ ئۇرغۇم㉒ ئىچرە مۇنىڭ تەگ كىشى،
يوق ئىردى ㉓ بۇ بولغاي خالايىق باشى.

نكىم ئاش تارتتى بازچەيىدىلەر بوغۇز㉔،
ئوغۇل ئۆز ئاتىنى ئاتادى ئوغۇز.

ئەشتكەن(25) بۇ سۆزى بارى تاڭلادى(26)،
ئوغۇزنۇڭ ئىشىنى قاموغ(27) تاڭلادى.

يۈزى كۆركلۈگ(28) ئەردى قىلىقى سىلىغ،
كۆڭۈلى مەسىرانىگ سۆزى خۇب يىلىغ.

ئاتىمچى باھادۇر يۈرەكلىگ ئۆزى،
ئۇياتلىغ مۇسۇلمان چىنىقتۇر سۆزى.

بۇ ئىش بىرلە ئاۋغا مۇدام(29) ئاتلا نۇر،
كىم ئۆز دىنى ئىچرە قاتىغ قاتلانۇر(30).

ئاتاسى قاراخان ئوغۇزنۇڭ ئۈچۈن،
ئىنىسى قىزىنى كۆچۈردى كۈچۈن.

ئۇلۇغ تويلار ئەتتى ئۇلۇس تويلادى،
ئوغۇز ئۆز خاتۇنى بىلە تويلادى.

«ئالۇر جۇفتىگە كىم مىنى سەن تىبسەڭ،
سەۋەرمەن سىنى خوش مۇسۇلمان
ئىبسەڭ(31).»

خاتۇنى بۇ سۆزنى قابۇل قىلمادى،
ئوغۇز ھەم كۆزىگە ئانى ئىلمادى.

سىلىندۇ(32) خاتۇن تەگ ئەۋىندە تۇرۇر،
ئوغۇز كىرسە چىقسا ئانى كۆپ ئۇرۇر.

ئاتاسى قارا خان كۆرۈپ بىلدى چىن،
ئىنىسى قىزىغا ئوغۇز قىلدى قىن(33).

يانا بىر ئىنىسى بۆكۈز خان(34) قىزىن،
ئايتتى ئوغۇزغا قىل ئەمدى گۈزىن(35).

ئانى تاقى ئالدى ئوغۇز سەۋمەدى،
ئاياقدىن كۆزىنى ئانىڭ ئاچمادى.

ئايۇر: «بىر ئىزىغا چىنوق(36) بۆتە سەن،
سەۋەيىن سىنى خوش جانىم بىرلە مەن.

يوق ئەرسە مۇنۇڭ تەگ بىل ئاي تۇرغۇڭ
ئۇش(37)،
ئاقىبەتتە بولغۇڭ سەن ئۇش مەندە بوش.»

قىز ئايتۇر ئۇلۇغ سۆز: «بۇ سۆز سۆزلەمە،
ئاتاڭ دىنىنى تۇت ئۆگۈن(38) كۆزلەمە.

ھارۇرمەن قارا خان قاتىندا(39) تۇرۇپ،
يۈكۈنۈپ ئايۇرمەن يۈزۈمنى ئۇرۇپ.

ئوغۇز چىقتى سىزدىن ئۇتۇپ ئۆزگە دىن،
تىبيۇرمەن» تىبدى كۆر بۇ قاموق(40)
بەدىن(41).

ئوغۇز تىندى ئارتۇق ئاغىز ئاچمادى،
ئۆزىن يىغدى ئۆزگە سۆزىن ساچمادى.

ئىكى قىزنى ئۆزگە كۆزۈن كۆرمەز ئولە
بولارنىڭ قاتىغا ياۋۇق(42) تۇرماز ئول.

ئاتاسى قارا خان بۇ ئىشنى بىلىپ،
ئوغۇزقا ئايىتتى ئاھەستە(43) كەلىپ.

يانا بىر ئىنىسى قىزىن ئال تىبدى،
مۇۋافىق توشۇرگەي ئانى بىر ئىزى.

قولا(44) بىردى ئانى ئوغۇزغا ئۆزى،
ياراشۇر بۇ قىزغا ئوغۇزنىڭ سۆزى.

ئوغۇز بىر كۈن ئاۋدىن كەلۇردە كۆرەر،

ئاتاغلىقى(45) قىزنى تانىر ھەم سورار،

ئايىتتى: «سەن ئەمدى مېنىڭ سەن ئۈزۈك،
ئايايىن ساڭا مەن بىلەيىن سۆزۈك.

ئەگەر بىر تىپ(46) ئانى بۇتەر ئەرسەسەن،
يانۇت(47) ياخشىلىقلار ئۆكۈش(48) قىلغامەن.»
بۇ سۆزنى ئەشىتتى قىز ئايتۇر رەۋان:
سەن ئايغاننى ئايتاي تۇرۇپ مەن ھەمان.

نې ئايساڭ ئايايىن ئايىت ئايتايىن،
بۇ شىركۇ(49) نىفاقدىن(50) چىنوق قايتايىن(51).

ئۇشال(52) ئەگرى بىردۇر بۇتەرمەن ئاڭا،
يانا نې دېمەكچى ئايۇ بەر ماڭا.»

مۇنۇڭ تەگ تېدى قىز ئىمان كەلتۇرۇپ،
ئوغۇز سەۋدى قىزنى سۆزىگە بۇتۇپ.

نېچە يىل مۇنۇڭ تەگ تىرىگلىك قىلۇر،
كىم ئول ئەگرىسىنى تانىر ھەم بىلۇر.

ئۇش ئاندىن سوڭ ئاۋغا مۇدام ئاتلانۇر،
نۆكەرلەرى بىرلە يۈرىپ قۇش سالۇر.

قاراخان ئەۋىندە ياراشتۇردى توي،
ئۆكۈش قىسراق ئۆلدى ساقىشسىز(53) بۇ قوي.

كەلىنلەرى ئەۋگە كەتۇردى بارىپ،
يانا ياخشىلىقنىڭ ئۇرۇغىن ئارىپ.

ئاغىرلادى تويدا بۇلارنى تەلىم،
ئۆزى قىلىقى كۆركلۈگ سەلىم دىل ـ ھەلىم.

كەلىنلەرگە ئايدى: «سىلەرگە مەنىڭ،
سۆزۈم بار ئايايىن سىلەر ھەم بىلىڭ.

سىز ئىكى كەلىننىڭ يۈزى كۆركلۈگ ئۈز،
بىرىڭىز قەبىھراق، يوق ئول يۈزدە ئۈز(54).

نېدىن(55) سىز ئىكەۋنى ئوغۇز سەۋمەدى،
بۇ كۆركسۈز(56) كەلىننى ئۇرۇپ قاۋمادى؟(57)

يانا ئارتۇقى ئۇش سەۋەرى بۇدۇر،
نېدىن سىزنى سەۋمەز سەبەبى نېدۇر؟

ئايىتىڭ بىلەيىن سۆزۈڭۈز بارىن،
دەۋاسىن قىلايىن بۇ كۈندە يارىن(58).

بۇ ئىككى كەلىنى ئەشىتتى بۇ سۆز،
يانا تاپتى فۇرسەت ئۇلۇغ ئاچتى كۆز.

«بىز ئىكەۋگە ئايدى مۇسلىمان بولۇڭ،
بىز ئايدۇق جەۋابىن ئۇنۇتما يولۇڭ.

ئۆز ئاتاڭ دىنىنى قويارسەن نە ـ چۈن؟
يانا بىرنى يول تېپ ئايۇرسەن كوچۈن.

بىز ئۇش خان دىنىنى قويا بىرمەدۇك.
ئوغۇزنۇڭ دىنىغا ئۇيۇپ كىرمەدۇك.

ئۇشال بىرىمىزنى مۇسلىمان قىلىپ،

سەۋەر بىزنى سەۋمەز كۆزىدىن سالىپ[59].»

ئايىتتى نەكىم سۆزلەردىن بارچەسىن،
ئۇشاتتى[60] ئوغۇزنۇڭ كۆڭۈل سىرچەسىن[61].

قاراخان ئەشىتتى بۇلارنىڭ سۆزىن،
قاتىغ قادغۇ[62] بولدى كۆيۈردى[63] ئۆزىن.

ئايۇر: «ئۇشبۇ ئىشكە نەدۇر چارەمىز،
يامان يولغا كىرمىش جىگەر - پارەمىز؟»

ئىنىلەر بىرىلە نەكىم بېگلەرىن[64]،
ئۇلۇغدىن كىچىككە قامۇغ يىگلەرىن[65].

يىغىپ ئۆز قاتىدا بۇلارغا ئايۇر،
كەلىنلەر دېمىشى سۆزىنى ئايۇر.

بۇلار بارچە تاڭلاپ تەئەججۇب قىلىپ،
ئوغۇزنۇڭ ئىشىنى ھەقىقەت بىلىپ.

ئايۇر خانغا: «ئەركىلىگ سىز ئول سىز
بىلىڭ،
نې كىم قىلساڭىز راست ئۆزۈڭۈز قىلىڭ.»

خان ئايتۇر: «ئوغۇزغا ئۆلۈم ھەق تۇرۇر،
بىزىڭ دىنىنى قويدى ئۆڭگۈندە يۈرۈر.»

ئوغۇز ئۆلمەكىگە بەجىد[66] بولدىلار،
ئىجازەت تىلەپ دەستۇرى قولدىلار،

يانا خان قاتىدىن چىقىپ بىر بولۇپ،
ئوغۇز قادغۇسىدىن كۆڭۈللەر تولۇپ.

بىرى بىرىگە سۆز قاتىشتى بۇلار،
بۇ خاندىن ئوغۇزنۇڭ قانىنى يۇلار[67].

دېسە بولماس ئىشىدۇر ئوغۇزنىڭ ئىشى،
بۇ ئىشلەر ئىچىندە ئۆلەر كۆپ كىشى.

بۇ سۆز بىرلە بارچە چەرىگ يىغدىلار،
ئوغۇزنۇڭ كىلۇر يولىنە چىقتىلار.

يانا ئول ئوغۇزنۇڭ سەۋەر خاتۇنى،
بار ئېردى قاتىندا قارى ئاتۇنى[68].

سۆز ئىدىپ ئوغۇزقا يىبەردى ئانى:
«كىم ئىكى خاتۇنۇڭ ئوتاردى سېنى.

ئاتاڭغا ئايىتتى نەكىم سىزنى پاك[69]،
ئول ئىكى يامانىنىڭ ئاغزىنغا خاك[70].

ھازىر بول ئىشىڭگە زىيان تەگمەسۇن،
قاراخان بارىپتۇر سېنى يەگمەسۇن.»

بۇ سۆزنى تەگۈردى[71] ئوغۇزغا كىشى،
بىدىندىن كۆپ ئارتۇق مۇسلمان تىشى.

ئوغۇز بىلدى ئىشلەر تامامىن ئۆزى،
نۆكەرلەرى بىرلە بىرۇقتۇر[72] سۆزى.

نۆكەرلەرگە ئايدى: «ئىزىن بىرۇ بار،
بىزە يارىچىدۇر[73] كۆڭۈل قىلما تار.»

بۇ سۆز بىرلە بارچا بەجىد بولدىلار،
ئۇرۇش دەستۇرىنى تۇرۇپ قولدىلار.

ئاتاسى قاراخان چەرىگ بىرلە بات[74]،
يەتىپ كەلدى كۆردى ئوغۇزقا مەدات.

چىقىبان ئوغۇزقا تاپۇندى[75] ئۆزى،
جىگەر - پاراسىنغا راھىم - سىز كۆزى.

ئوغۇزقا ياراتقان يارى بەردى كۆر[76]،
ئاتاسى كۆزىنىكىم ـ ئوق قىلدى كور[77].

بىر ئوق زەخمى بىرلە قاراخان كۆزى،
جەھەننەمقە باردى قالىپ بۇ سۆزى.

خان ئۆلدى چەرىگى قامۇغ قاچتىلەر،
قامۇغ[78] شەربەتىنى كۆپى ئىچتىلەر.

مۇراد بەردى تەڭرى ئوغۇزقا ئۇلۇغ،
ئوڭا بىتتى بارچە ئۇلۇس ئىل قامۇغ.

قاراخان ئىنىلەرى قاچتى يىراق،
فىراق ھەسرەتىندە ساچار[79] قان قاراق[80].

خىتاي يانا قىرقىز ئەل ئاندىن تۇرۇر،
كۆر ئىبلىس بۇلارغا بىرىپتۇر غۇرۇر.

يانا ئۆزگە ئەلنى ئوغۇز باشلادى،
نىكىم باتىل ئىشنى كەيىن تاشلادى.

ئۆزى بىلگەن ئەلنى مۇسلمان قىلىپ،
ئىبادەت قىلۇر ئۆز ئىزىنى بىلىپ.

كىم ئول بىرگە بولغان نۆكەلەرىڭگە،
بىرىپ تەشرىف[81] ئارتۇق سۆكەللەرىڭگە[82].

سۆكەللەر تىكەن ئول يارالىغ[83] تۇرۇر،
ئۆرۈش ئىچرە مۇنلار كۆر ئارسلان
تۇرۇر.

بۇلار ھەر بىرىنىگە ئوغۇز ئات بىرۇر،
خالاچ قاڭلى قارلۇق بۇ قىپچاق ئىرۇر.

باشى ئۇيغۇر ئەردى يىغاچ ئەر[84] بىلە،
بۇلارنىڭ بارىندا يوق ئەردى كىلە[85].

بۇلار بارچالارى ئوغۇزقا ئۇيۇپ،
ئانى تىپ تۇرۇرلار ئۇگۈننى قويۇپ.

بۇلار بارچەسىنى يىغىپ توپلادى،
بۇلار بارىسىنغا[86] ئۆزەر سۆيلەدى.

كۆمۈش ئالتۇن ئات قوي تۆكەدى[87]
ئۇلۇش[88]،
چۇ[89] تەھسىندىن[90] ئۆزگە يوق ئەردى
يۇلۇش[91].

مۇسلمانغا تابىئ چۇ بولغان كىشى،
ئاخىر ۋاقتىدا بولغاي گۆزىنلەر باشى.

بۇلار ھەر بىرىنىڭ بىدر يارانى بار،
يامان كۆندە بولدى بىرى بىرگە يار.

ۋەلي[92] سۆز كۆپ ئەلگەئۇزاتماي تېدۇك،
كۆپىن قويدۇق ئەمدى ئازىن سۆزلەدۇك.

ئوغۇز بىلگەن ئەلنى ئۇيەتتى[93] بارىن،
كىم ئاندىن كەچىپتۇر[94] يانا كۆپ
قارىن[95].

ئىراقۇ خوراسان بۇ رۇمۇ فەرەڭ،
مىسىر شام دۆۋەلىنى[96] ئالدى بەجەڭ[97].

يانا ھىندۇ زەڭگى..................
سجىستانۇ كابۇل.....................

## ئىزاھاتلار

① ئىزى — ئىدى، ئىگە، تەڭرى.
② رۇزى — نىسىۋە، قىسمەت.
③ ئايىماق — ئېيتماق، سۆزلىمەك، دېمەك.
④ تۇغماق — تۇغۇلماق.
⑤ ئەمۇگ — ئەمچەك.
⑥ قازغۇ — قايغۇ، غەم.
⑦ كۇچۇن — كۈچ بىلەن.
⑧ بۇت، بۇتمەك — ئىشەنمەك، ئىمان ئېيتماق.
⑨ ئۇلانماق — كەلمەك.
⑩ تۇيۇنماق — ھېس قىلماق، تۇيماق.
⑪ ئىل — يىل.
⑫ كەچتى، كەچمەك — ئۆتتى، ئۆتمەك.
⑬ سەۋمەك — ياخشى كۆرمەك. سۆيمەك.
⑭ ئەل — خەلق، ئەل.
⑮ ئەرتە — ئەتىگەن، سەھەر.
⑯ ئات — ئىسىم، ئات، نام.
⑰ تېپەلدك، تېمەك — دېمەك، ئېيتماق، سۆزلىمەك.
⑱ مەشۇەرەت — كۆرۈشمەك، مەسلىھەتلەمەك.
⑲ بۇرۇن — ئالدىن، ئالدى بىلەن.
⑳ ئۇرەكجانى — يۈرەك، جان، يۈرەك ۋەجانىنىڭ.
㉑ يۇرۇن — پارچە، پارە.
㉒ ئۇرغۇم، ئۇرۇغ — جەمەتىم، جەمەت.
㉓ ئېردى — ئىدى.
㉔ بوغۇز — بوغۇز، يېمەك - ئىچمەك، غىزا، تاماق.
㉕ ئەشتمەك — ئاڭلىماق.
㉖ تاڭلاماق — تاڭ قالماق، ھەيران قالماق.
㉗ قامۇغ — ھەممە، بارلىق، پۈتۈن، بارچە.
㉘ كۆركلوگ — گۈزەل، مەنزىرىلىك، كۆركەم، چىرايلىق.
㉙ مۇدام — دائىم، داۋاملىق.
㉚ قاتلانماق — تىرىشماق، تىرىشچانلىق كۆرسەتمەك، كۈچ چىقارماق، غەيرەت قىلماق، تىركەشمەك.
㉛ ئېسەڭ — بولساڭ.
㉜ سىلىندۇ — مەنىسى ئېنىق ئەمەس.
㉝ قىن — جازا، ئازاب.
㉞ بۆكۈزخان — ئادەم ئىسمى.
㉟ گۆزدىن — تاللىماق، ياخشى كۆرمەك.
㊱ چىنوق — ھەقىقەتەن، ئەمەلىيەت، راستىنلا.
㊲ ئۇش — بىر نەرسىنى كۆرسەتكەندە ياكى بىر نەرسىگە ئىشارەت قىلغاندا قوللىنىلىدىغان قوشۇمچە.
㊳ ئۆگۈن — باشقا.
㊴ قاتىندا — ھۇزۇرىدا.
㊵ قامۇق — قامۇغ بىلەن ئوخشاش.
㊶ بەددىن — دىنسىز.
㊷ ياۋۇن — يېقىن.
㊸ ئاھەستە — ئاستا.
㊹ قولماق — ئىستىمەك، تىلىمەك.
㊺ ئاتاغلىق — نىشانلىق.
㊻ تېپ — دەپ.
㊼ يانۇت — بەدەل، جاۋاب.
㊽ ئۆكۈش — كۆپ، جىق.
㊾ شىرىك—شېرىك، يەنى تەڭرىگە يەنەباشقىلارنى شېرىك دەپ بىلىش، كۆپخۇدالىق
㊿ نىفاق— 1) بىرلىككە كەلمىگەن بۆلگۈنچىلىك، ئىتتىپاقسىزلىق. 2) ئىككى يۈزلىمىلىك.
51 قايتماق — ۋاز كەچمەك.
52 ئۇشال — ئۇ.
53 ساقىشسىز — ھېسابسىز.

54 ئۈز — ئۈيغۇنلۇق، مۇناسىپلىق، ئۈزلۈق.
55 نېدىن — نېمە دەپ، نېمە ئۈچۈن.
56 كۆرۈكسىز — كۆرۈمسىز، سەت.
57 قاۋماق — قوغلىماق.
58 يارىن — ئەتە، تاڭلا.
59 سالماق — يىراقلاشتۇرماق، ئۇچۇرماق، ئۇچۇرۇۋەتمەك.
60 ئۇشاتماق — ئۇشتۇماق، سۇندۇرماق، پارچىلىماق.
61 سىرچە — ئەينەك.
62 قادغۇ — قايغۇ.
63 كۆيۈرمەك — كۆيدۈرمەك.
64 بېگ — بەگ.
65 يىگ — ياخشى، ئەۋزەل.
66 بەجىد — جىددىي، قارار.
67 يۇلماق — تىلىمەك.
68 ئاتۇن — خوتۇن.
69 پاك — پاكىز، ساپ. بۇ بېيىتتىكى مەنىسى: «تولۇغ بىلەن، بىرىنمۇ قالدۇرماي، ھەممىنى» دېگەندىن ئىبارەت.
70 خاك — تۇپراق.
71 تەگۈرمەك — يەتكۈزمەك.
72 بىروق — بىر، ئەينى، ئوخشاش.
73 يار، يارىچى — يار، يۆلەك، ياردەمچى.
74 بات — تېز، چاپسان، دەرھال.
75 تاپۇنماق — قارشىلاشماق.
76 كۆر — بۇيرۇق پېئىل، كۆرگىن، قارىغىن.
77 كور — كور، قارىغۇ.
78 تاموغ — جەھەننەم.
79 ساچماق — چاچماق.
80 قاراق — كۆز، كۆز قارىچۇقى.
81 تەشرىف — 1) مەرھەمەت. 2) شەرەپلەندۇرۇش، شەرەپ قازاندۇرۇش.
82 سۆكەل — كېسەل، دەرمانسىز، ئاجىز، چارىسىز.
83 يارالىغ — پايدىلىق، يارامىلىق.
84 يىغاچ خائەرس — ئىسىم، يەنى «ئاغاچەرى».
85 كىلە — ئۆلچەم.
86 بارىسىنغا — ھەممىسىگە.
87 تۆگە — تۈگىمەك، ئاخىرلاشماق، تاماملانماق، پۈتمەك.
88 ئۆلۈش — پاي، پارچە، بۆلۈم، قىسىم، بۆلەك، نېسىۋە.
89 چۇ — چۈنكى.
90 تەھسىن — تەقدىر.
91 يۈلۈش — تەقسىم.
92 ۋەلې — لېكىن.
93 ئۆيەتمەق — تەربىيىلىمەك.
94 كەچمەك — چىقماق.
95 قاردىن — نەسىل.
96 دۆۋەل — دۆلەت، دۆلەتلەر.
97 بەجەك — جەكسىز، ئۈرۈشسىز، ئۇرۇش قىلمايلا.



# يۇسۇپ غەرىبى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرەقىپ تۆمۈر

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

شائىر يۇسۇپ (تەيجى) ئىبنى جۇبەير ئىبنى پەتەنۇش غەرىبى 1864 - يىلى قۇمۇل ناھىيەسىنىڭ «شەرىچى①» يېزىسىدا، سۇنغان بىر بەگ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى جۇبەير بەگ مۇھەممەت بېشىرۋاڭ دەۋرىدىكى پەتەنۇش تەيجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئىدى. پەتەنۇش تەيجى مۇھەممەت بېشىرۋاڭ تەرىپىدىن «پۇقرانى ۋاڭغا قارشى قۇتراتتى، پۇقرانىڭ ۋاڭغا قارشى ھەرىكەتلىرىنى قوللىدى...» دەپ ئەيىبلىنىپ بېيجىڭ خانلىقىغا دوكلات يوللانغان، خانلىقنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئائىلى — لەيلىخان، ئوتتۇرانچى ئوغلى — مۇجىر قاتارلىق ئۈچەيلەن بارىكۆل ناھىيەسىدە قەتلى قىلىنىپ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنغان بىر ئادەم ئىدى.

غەرىبىنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق ھاياتى جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن ۋە شۇ يىللاردا قۇمۇلدا يۈز بەرگەن «دايۇەنشۇەي»، «شويۇەنشۇەي» يېغىلىقلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. مۇشۇ يېغىلىقلار دەستىدىن يۇرتتىن ئايرىلىپ ياقا يۇرتلاردا غېرىبلىق ۋە مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتىپ، نامراتلىقنىڭ ئاچچىق ئەلىمىنى ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىدە بىۋاسىتە ھېس قىلغانىدى. ئالەم تىنجىپ يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، شاھ مەخسۇت ۋاڭ غەرىبىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئوغلى — ئىسھاق بەگنى ۋە بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئوغلى — ھىدايى بەگنى ئايرىم - ئايرىم جازالاپ، نومغا سۈرگۈن قىلغان. كەينى - كەينىدىن بولۇۋاتقان بۇ بىر قاتار ئىجتىمائىي ئەمەلىي سەۋەبلەر غەرىبىدە ۋاڭلىق تۈزۈمگە قارىتا بەلگىلىك نارازىلىق، خەلققە نىسبەتەن ھېسداشلىق ھەم مايىللىق پەيدا قىلغانىدى.

غەرىبى ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ قۇمۇل مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. ئۇ چاغاتاي يېزىقىنى تېزلا ئۆگىنىۋالغان. ئاندىن ئەرەبچە يېزىقنى ۋە ئەرەب - پارس تىلىنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭدىمۇ تېزلا كۆزگە كۆرۈنگەن. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن خەنزۇچە تىل - يېزىقنى ئۆگىنىپ ئوقۇش، سۆزلەش ھەم ئاڭلاشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان

① شەرىچى — شەھەر ئىچى.

دەرىجىگە يەتكەن. غەرىبى خەت ـ ساۋادىنى چىقىرىۋېلىپ، ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەپ ئەلىشىر
نەۋائى، شەيخ سەئدى، خوجا ھاپىز شىرازى قاتارلىق ئۇلۇغ ئەدىب، مۇتەپەككۇرلار-
نىڭ ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇغان. «مەتلەئۇل - ئۇلۇم مەجمەئۇل-
فۇنۇن»، «قابۇسنامە»، «پەند ـ نەسىھەت» قاتارلىق ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئىدىم-
مەرىپەت تەرغىب قىلىنغان كىتابلارنى قايتا ـ قايتا سۆيۈپ ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ بىر
قىسىم ئىلغار نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوبۇل قىلغان؛ ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان، قەلبىنى
يورۇتقان جۈملە ۋە مىسرالارنى ئەستايىدىل يادقا ئالغان. غەرىبى يەنە خەتتاتلىق،
ماتېماتىكا، خىمىيە، جۇغراپىيە ئىلىملىرىنىمۇ ئۆزلۈكىدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن. شائىرنىڭ
ئۆيىدە دۇنيانىڭ مەمۇرىي خەرىتىسى ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ مەمۇرىي ۋە يەر شەكلى خەرىتىلىرى
ئىمدا ئېسىقلىق تۇراتتى؛ بۇ خەرىتىلەر خەنزۇچە يېزىقتا بولۇپ، شائىر ئۇلاردىن
ھالال پايدىلىنالايتتى...

يۈسۈپ غەرىبى ياشلىق مەزگىلىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا يوسول①، كېيىنچە
مىراقۇل②، ئاندىن مەلۇمچى③، 49 ياشلىرىدا تەيجى④ بولىدۇ. ئۇ، تەيجىلىكتا ئۈستۈ-
رۈلگەندىن كېيىن شائىر ھاپىزھاجى، موللاسىدىق، موللازىپەر قاتارلىق قۇمۇلنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدا ئۈچ تارتىپ چىققان 12 نەپەر دىنىي زىيالىينى ئوردىغا چاقىرتىپ ھەر
بىرىنى بىر چاپانلىقتىن رەخت، بەش كۈرىدىن بۇغداي، بىردىن قوي بىلەن
مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈرگەن. 1916 - يىللىرى قۇمۇلدىكى ئەڭ ئالدىنقى خەتتات —
ئىبراھىم خەلىپىنى ئۇستاز قىلىپ، ئوردا يېنىدىن مەخسۇس بىر ئېغىز ئۆي ئاجرىتىپ،
ھەممە راسخوتىنى ئوردىدىن بېرىپ، ئۈچ يىللىق خەتتاتلار يېتىشتۈرۈش سىنىپى
ئېچىپ ساۋاتلىق ياشلاردىن 20 نەپەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇلار
قۇمۇلنىڭ خەتتاتلىق ۋە ئىلىم - مەرىپەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى تايانچ
كۆچلەردىن بولۇپ قالغان. شائىر ئۆزىمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى
خەتتاتلىرىدىن بولۇپ يېتىشكەنىدى. مەشھۇر ئۆلىما سەدەنشا قازى: «يۈسۈپ تەيجى
ۋەك خەتنى گۈلدەكلا يازىدىغان كىشى، ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇسا، ئۆزىلا ئوقۇلۇپ
تۇرىدۇ...» دېسە، ئۇستا خەتتات ھەم تارىخچى — ئەلىشاھ بەگ: «يۈسۈپ تەيجى
خەتكە ناھايىتى ئۇستا، ئۇ، خەتنى مەندىنمۇ چىرايلىق يازىدۇ...» دەپ تەرىپلىگەن.
قىسقىسى، غەرىبى ئىلىم - مەرىپەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر خەلقپەرۋەر بىر ئادەم بولۇپ
ئۆسۈپ يېتىلگەنىدى.

شائىر غەرىبى ئوتتۇرا ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىمۇ
قىزىقىپ ئۆگەنگەن. بولۇپمۇ 19 - ئەسىر تىبابەت ئىلمىدە داڭق چىقارغان مۇھەممەت
ئەكبەر ئەرزانىنىڭ، جاھان دورىگەرلىك قامۇسى، دەپ ئېتىراپ قىلىنغان «قارابادىن
كەبىرى»، «قارابادىن قادىرىيە» قاتارلىق تىب قامۇسلىرىنى، يەنە «شىپائىل قۇلۇپ» («قەلبلەر
شىپالىقى») «دەستۇرىل ئىلاج» (ئىلاج دەستۇرى») قاتارلىق شەرق تىبابەتچىلىكىگە ئائىت تىب

①②③④ بۇلار ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەل - مەنسەپ ناملىرى.

كىتابلىرىنى ئۆزلۈكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىپ خېلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. غەرىبى خىلمۇ خىل مەجۇن - مەلھەم دورىلارنى ياساپ، شىشە-قۇتىلارغا قاچىلاپ تەييارلاپ قويۇپ، دورا سوراپ كەلگەن پۇقرا بىمارلارغا ھەقسىز بەرگەن....

غەرىبى تەيجىلىقتا ئۈستۈرۈلۈپ ئۆزۈن ئۆتمەي شا مەخسۇت ۋاڭنى ياخشىلىقتا دالالەت قىلغان ھەم زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىش نەتىجىسىدە شا مەخسۇت ۋاڭنىڭ چارۋا رايونلىرىدىكى «تۆمۈر ساناق» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چارۋا - ماللارنى ھەقسىز سانى بويىچە باشقىدىن تىزىملاپ پۇقراغا كۆپ پايدا يەتكۈزگەن. غەرىبى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا خوجا ھاپىز شىرازىنىڭ:

ئاسايىشى دۇكىيتى، تەپسىرىئىن دۇ ھەرپەست،
بادوستان مۇرۇۋۋەت، بادۇشمەنان مەردارا، دېگەن ئىككى مىسرا

شېئىرىنى نەسىھەت ئورنىدا كۆپ تەكىتلەيتتى. ئۇنىڭ مەنىسى: «ئىككى جاھان راھىتىنىڭ ئىزاھى ئىككى ھەرپتۇر، يەنى دوستلارغا ياخشىلىق قىلماق، دۇشمەن بىلەن مادارا» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. غەرىبى زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئادالەتنى يولغا قويۇشقا تىرىشقان. پۇقراغا كۆيۈمچان بولۇپ، ھەممە ئىشتا ھەقنى سۆزلەشنى ئادەت قىلغان. ئۇ ئەل - يۇرتىنىڭ تىنچ ۋە ئاۋاتلىقىنى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. پۇقرالار ئۇنى تارىختىكى يۇرتنى ئادىل سورىغان نوشىرۋان تەيجىگە ئوخشىتاتتى.

يۇسۇپ تەيجى ياشلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. ئۇ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازغان. شائىر ئۆزىنىڭ تۇنجى ئايالى ۋاپات بولغاندا 10 نەچچە كۆپلېت بىر مەرسىيە يېزىپ، ئەينەك جاھازىغا سېلىپ، قەبرە گۈمبىزىنىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويغان. كېيىن قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابىدا بۇ مەرسىيە يوقىلىپ كەتكەن.

غەرىبى 1937 - يىلنىڭ يانۋار ئايلىرىدا ھەرەمگە سەپەر قىلدۇ. مۇشۇ يىلنىڭ ئاپرېل ئايلىرىدا ھاجى بولۇپ ھەرەمدىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى، گرېتسىيە، تۈركىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، لىۋان، پەلەستىن، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنى بېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ دۆلەتلەرنىڭ پايتەخت ھەم مەشھۇر شەھەرلىرىنى كۆرىدۇ، بۇ ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ زور تەسىرىگە ئۇچراپ شائىرنىڭ ھېسسىي بىلىمى كۆپىيىپ، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

غەرىبى ھەرەمدىن قايتىپ كېلىپ تۇرپان قاراغوجا كارىزدا بىر قانچە ۋاقىت تۇرۇپ قالىدۇ. 1938 - يىلنىڭ باشلىرىدا جاللات شېڭ شىسەي شائىرنىڭ بىرىنچى ئوغلى — مەۋۇپ بەگنى تۇتۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شائىرمۇ قۇمۇلغا قايتمايدۇ. كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مەنىسىز، قايغۇلۇق ئۆتىدۇ. شائىر جانىجان ئوغلىنى ئەسلەپ، سېغىنىپ «ۋاھ دەرىخ»، «نە كېرەك» قاتارلىق چوڭقۇر لىرىكىلىق غەزەللەرنى ۋە «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن يەنە بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ جاھالەتلىك تۈزۈمگە قارىتا ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى، زاماندىن بىزار ئىكەنلىكىنى

ئىپادىلەيدۇ. شائىر ئوغلىنىڭ دەردى ـ پىراقىدا ھىجران قايغۇسى بىلەن 1940 ـ يىلىنىڭ سېنتەبىر ئايلىرىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ ۋە تۇرپان قاراغوجا كارىزدا دەپنە قىلىنىدۇ.

شائىر يۇسۇپ ھاجى غەرىبى ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۆزىنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىغا ئۆز ئىسمىنى، بەزى شېئىرلىرىغا ئۆز دىيارىنىڭ نامىنى قوشۇپ قويىدۇ. كۆپ قىسىم شېئىرلىرىنى بولسا، «غەرىبى» دېگەن ئەدەبىي تەخەللۇسى بىلەن يازىدۇ. ئەپسۇسكى، شائىرنىڭ قول يازمىلىرى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا تامامەن كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. مەن قېزىپ چىققان ئوندىن ئارتۇق شېئىرنىڭ بىر قىسمى شائىرنىڭ نەۋرىسى ـــ ئۇۋەيس ھاجى① يادلىۋالغان شېئىرلار، يەنە بىر قىسمى تاشقا چېكىلگەن تاش پۈتۈكلەردۇر.

غەرىبىنىڭ شېئىرلىرى ئۆزىگە خاس سىياسىي خاھىش ۋە بەدىئىي ئۇسلۇبقا ئىگە. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بىر قانچە خىل تۈر ۋە نەمۇنىلىرىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەلۇمكى، شائىر غەرىبى قەلىمى پىشقان شائىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ تارىختا ئۆتكەن باشقا ئەدىبلەرگە ئوخشاش سىنىپىي چەكلىمىدىن، دەۋر چەكلىمىسىدىن، تونۇش چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ئۇ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرسىمۇ، ئەمما فېئوداللىق تۈزۈمگە ئۈزۈل ـ كېسىل قارشى روھتا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا تەقدىرچىلىك، ئۈمىدسىزلىك ۋە چىقىش يولى تاپالماسلىقتەك ئىدىيىۋى خاھىش مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل ئىللەتلەر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئەكس ئەتمەي قالمىدى. لېكىن شائىر يۇسۇپ تەيجى غەرىبى ئۆزى ياشىغان ئاشۇ جاھالەت مۇھىتىدا خەلققە كۆيۈمچان ۋە ئاجىزلارغا مايىل ئىدى. ئۇ خەلق تەرەپتە تۇرۇپ كۆپلىگەن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. شائىر ئۆزىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى، جۈملىدىن ئىجادىي مېھنىتى ئارقىلىق پۇقرالارغا پايدا يەتكۈزدى ھەم جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۆھپە قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، تارىختا ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئېرىشتى.

شائىر غەرىبىنىڭ شېئىرلىرى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تارىخىدىكى بىر نامايەندە ھەم بىر دۇردانىدۇر. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ خەلق ئىچىدە مەڭگۈ ھايات!

## غەرىبى شېئىرلىرىدىن

### تاش پۈتۈكلەر

**سېغىنىش①**

بۇ غەرىبلىق شەھرىنىڭ جەننەت مىسالىق باغىدە،
يۈرسە گەر بۇلبۇلغا ئوخشاش بەرگى گۇل ياپراغىدە.

① سېغىنىش ـ پېچىمىڭ يېغىلۋانىدە تاشقا پۈتۈلگەن.

ئوخشماس ئۆز يۇرتىغا، كەتمەس خىيالدىن ئۆز ۋەتەن،
ئۆز دىياردا ئەگەر بولسا قەدەم تۇپراغىدە.
يەتسە بىر كۈن بۇ غەرىبنىڭ دوستى - ياردىن بىرى،
ياد قىلسۇن بۇ غەرىب كەلمىش كىچىكلىك چاغىدە.
قالمىسۇن مەخفى ئۇنىڭ ئىسمى يۇسۇپتۇر قۇمۇلى،
كۆز يېشى دەريايى تۈگگەندۇر جۇدالىق داغىدە.

## يا هاپىز①

جاھان بىر بىزغە مېھمانخانىدۇر بۇ، كى ھىجرەتتىن ھەزار ئۈچيۈر قىرىقدە،
كى قالماس بىزگە دۇنيا، پانىيدۇر بۇ. كى يىلغا ئات ماھى زۇلقەئدىدۇر بۇ.
يۇسۇپ تەيجى نىشان قالغاي كېيىن دەپ، كېيىن بىزدىن ساناقچى ئۆتسە بەگلەر،
كى تاشقە نەقش قىلغان نامىدۇر بۇ. ئوقۇپ ئۆتمەككە بىر يادنامىدۇر بۇ.

بۇ شېئىرنىڭ تارقىلىپ يۈرگەن يەنە بىر ۋارىيانتى:

بۇ دۇنيا پانىيدۇر يوقتۇر بەقائى، كى تارىخ بىر مىڭ ئۈچيۈز قىرىقدە،
كېتەرمىز ئۆمرىنىڭ يوقتۇر ۋەفائى. كى يىلغا ئات ئىرۇر زۇلقەرە ماھى.
يۇسۇپ تەيجى چېكىپ تاشقە بۇ خەتنى، بىزدىن كېيىن ساناق قىلغان بېگىملەر،
كېيىن يادنامە قالماق مۇددىئايى. ئوقۇپ ئۆتسۇن تۇرۇپ خۇشياقسا گاھى.

### مۇئەممالاردىن

ئاجايىپ جانىۋار كۆردۈم قاناتى بار ئۇچالمايدۇ،
پۇتىغە ھەر نېچۇك تەپسە، چوقۇيدۇ دان يۇتالمايدۇ.

*　　　　*

جانىۋار كۆردۈم ئۇچار ھەر كۈندە ئۇ سۇبھى - ساماھ
بەھرىمەندۇر نۇرىدىنكىم جۇملەئى شاھۇ - گادا.

*　　　　*

ئول نەدۇركى لازىم ئەرمىش خاھى قېرى، خاھى ياش،
باشى ئەللىك، تېنى بىردۇر، ئايىغى مانەند باش.

*　　　　*

باشى يەتمىش، يۈز ئاياق، ئۈچيۈز بەدەنىنىڭ قوش كېلىپ،
تەن تۈزىدە ھۆرغى جان، ھەيد گەتمىشنى كۆردۈم بۇ كۈن.

① بۇ شېئىر خوتۇنتام ئەگلەر غولىنىڭ غەربىدىكى بىر قارا خادا تاشقا پۈتۈلگەن.

بىر قارا قۇش شۇل زامان ئۇچقاندا گۇلزار ئۈستىدىن،
ئىككى ئاھۇ سەھنە گۇلدە تۇرمىشىن كۆردۈم بۈگۈن.
يەتتە باش، سەكسەن ئاياق، ئۈچيۈز بەدەنلىك مارسىياھ،
خەم بولۇپ كۆك ئۈستىدىن تەلپۈنمىش كۆردۈم بۈگۈن.

## غەزەللەر

### ۋاھ دەرىغ

ئەي پەلەك، چەرخىڭ ئەجەپ چۆرگۈلدى سوليان، ۋادەرىغ،
كاج رەۋىش ئايلانغىنىڭغا ئەقلىم ھەيران، ۋادەرىغ.

كىمكى دانا رەنج ـ مىھنەت بىرلە كۆلپەت چەكتى ئۆل،
ئەيشى ـ ئىشرەت بىرلە خۇش ھەر كىمكى نادان ۋادەرىغ.

باشىمىزغا چۈشتى قاتتىق كۈن ئەجەپ غەم ـ قايغۇلۇق،
تۈشتى تەفرىق زىلزىلىگە ئەھلى سىنزان ① ۋادەرىغ.

ياخشىلاردىن قالمىدي زىندانغا تۈشمەي ھېچ كىشى،
بۇ نىچۈك بىمېھرىلىك، ئەي چەرخى گەردان، ۋادەرىغ.

سەنمۇ، ئەي بىردان ئوغۇل زىندانغا تۈشتۈڭ ئەل بىلەن،
ئانچە كۆپ قايغۇرمىغىل تەقدىرى سۇبھان، ۋادەرىغ.

ياخشىلارگە ھەمنىشىن ـ ھەمدەرد بولۇپ زىنداندا سەن،
ھېچ كېرەك يوق ئەيلىسەڭ جانىڭنى قۇربان، ۋادەرىغ.

لېك كەتتى ئىست ئۆمرۈڭ بەندىلىكنى تەرك ئېتىپ،
قايتا باشتىن كەلمىگەي ھەرگىزمۇ ئىمكان، ۋادەرىغ.

* *

نەۋ باھار كۆكلۈكنى باغىغە تېگىپ بادى خەزان،
خۇش باھار فەسلىڭ كېتىپ بولدى زىمىستان ۋاھدەرىغ.

* *

قەبزى رۇھ قىلماي تۇرۇپ ئۆل قابزۇل ـ ئەرۋاھ سېنى،
قاپقارا زىندان ساڭا بولدى گۆرىستان، ۋادەرىغ.

---

① سىنزان ـ ئىسىنجاڭ دېگەن مەنىدە.

ئەرچەمەن يەتتى ئەزىز ئوغلۇم سېنى مەن ياد ئېتىپ،
توختىماي ئاقتى كۆزۈمدىن قىپقىزىل قان ۋادەرىغ!

1938 - يىل تۇرپان.

### لـە كېرەك

### (مەرسىيە)

ئەي ئوغۇل! سەنسىز ماڭا مۇنداق جاھانلار نە كېرەك،
ئايرىلىپ سەندىن ئاتاڭ يۈرگەن زامانلار نە كېرەك.

جاندىن ئەزىز بىر ئوغۇل كۆڭۈل خوشۇمۇ سەن ئىدىڭ،
سەندىن ئۆزگە ماڭا ئالتۇن كۆكۈلانلار نە كېرەك.

مەقسىتىم ئۆلسەم بىرىپ ياتسام بالامنىڭ يانىدە،
ياتمىسام يانىڭدە ئۆزگە كۆرىستانلار نە كېرەك.

1939 - يىل تۇرپان.

* *

بۇ مۇھەببەت ئوتى مەندىن كەتمىدى،
قول سۇنۇپ لەئلى لېۋىڭگە يەتمىدى.
ناگەھان يەتتى لېۋىڭگە بۇ لېۋىم،
تاتلىقى ھەرگىز تىلىمدىن كەتمىدى.

### چەت ئەلدە

غېرىبلىق شەھرىگە كەلدىم، تۆكۈلدى بۇ مېنىڭ ياشىم،
ئۆزۈم مۇنداق تۇرۇپ دۇرمەن قايان قالدى قېرىنداشىم.
ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەلدىم — ئاتامدىن ئايرىلىپ كەلدىم،
ئۆزۈمنىڭ تەقدىرى شۇنداق غېرىبلىق شەھرىدە قالدىم.

1937 - يىل. دەمەشق

### ئەي زەبان

ئەي زەبان، سەن مەھرەمى ئەرمەس ماڭا،
ئېيتمادىم سىرىمنى ھەرگىز مەن ساڭا

ئەي ۋەتەن، بەرنى دېسەم، ئوتتۇز قىلىپ،
ئېيتىسەن ئەغيارلەرگە يۈز قىلىپ.
بۇ مېنىڭ پەندىمنى ھېچكىم ئاڭلىماس،
قاغىنى ھېچكىم قەپەزدە ساقلىماس.
تۇتىيۇ بۇلبۇل قەپەزدە مۇپتىلا،
بولدى بۇ قۇشلارغە گويالىق بالا.

*　　　*

ئۇشۇل كۈن دۇنيىغا كەلدىمكى بولدۇم غەم بىلەن ھەمدەم،
زەمان ئۇلتۇرمۇدۇم خۇشلاپ كۆڭۈلنى بىردەمى بىغەم.

گەھى يالغۇز كىرىپ ئۆيگە ئۆزۈم ھالىمغە يىغلارمەن،
كۆلەر زاھىرەن ئەلگە لېك كۆڭلۈم ئەمەس خۇررەم.

شۇنچە يۈردۈم بۇ جاھاندا كۆرمۇدۇم دىلجەمئىنى
بىلەلمەسمەن نېچۈك ئادەم كېتەر بۇ دۇنيىدىن بىغەم؟!

*

## مۇخەممەس

بىئەدەد ھەمدىلەر ئېيتاي كەرەملىك قادىرۇ سۇبھان،
كەرەم ئەيلەپ ئاتا قىل جۇملە ئاجىز دەردىگە دەرمان.
شەفائەت قىل رەسۇلۇللاھ جىمى مۇشكىللەرىم ئاسان،
بىھەققى شاھى مەردان ھەم ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان.
ئەزىز ئەيلەپ ئىلاھىم جۇملە ئاجىز قىلماغىل ھەيران.

ئىلاھا، بۇ جەھاندا مەن كەبى ئاسىي قۇلۇڭ يوقتۇر،
گۇنا يالچىقىغا چۆككەن مېنىڭدەك خاكسار يوقتۇر.
زەمىندە ھەر دىياردا مەن يەتىمدەك بىنەۋا يوقتۇر،
كى يالغۇز، ئاجىز، غەرىپ ھەم مېنىڭدەك غەمگادا يوقتۇر،
كېچىرگەيسەن گۇناھىمنى كەرەملىك باكەرەم سۇلتان.

ئىلاھا، پادىشاھا، مەن يەتىمگە سەن پانا ئەيلە،
داۋاسىز دەردكە ئۇچراپمەن بۇ دەردىمگە داۋا ئەيلە،
كى شەيتان شەررىدىن ساقلاپ نىجادلىقنى ئەتا ئەيلە،

غەفۇر ئىسمىڭ بىرلە، يا رەب، گۇناھىمنى ئادا ئەيلە،
سەبۇك ئەيلە گۇناھىمنى تارازۇ ۋاقتىدا مىزان.

ئەي يۇسۇپ، سەن خەيرى قىل، يۈرمە يەنە غەفلەت بىلەن،
خابى غەفلەتنى قويۇپ، بول سۇبھى-شام تائەت بىلەن،
يىغلاغىل يادى خۇدا بىرلەن بولۇپ ھەسرەت بىلەن،
بولما مەغرۇر ئانچىنان ئۆتسەڭ ئەگەر ئىززەت بىلەن،
جاۋىدان بولماس ئەگەر ھېچكىمگە بۇ فانى جەھان.

## بېيتلەر

ئىمچام سىرىق، غۇنچام سىرىق يارىمنىڭ كويىمكىن،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ يارىمنىڭ بويىمكىن.

ئېگىز تەختتە سەن ياتساڭ ئاياغىڭدا ياتاي مەشۇق،
توپايىڭ توزۇپ قالسا، تۇتىيا قىلاي مەشۇق.

* *

كۆككىنە كەپتەر كېلىپ قوندى بېھىشنىڭ تالىغا،
ھېچ كىشى قىلماس ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا.
ھەر كىشى قىلسا ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا،
كىرپىكى ئوقتەك بېرىپ، مىختەك قادالسۇن جانىغا.

* *

يۇقىرى بېقىپ ئاينى كۆردۈم چەرخى-پەلەكتە،
تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم مەخمەل توشەكتە.

* *

يارغىنەم ئىسەنمۇدۇر گۈل غۇنچىسىدەك بويلىرى،
خۇش مېنى كۆيدۈردۇ قىلغان چىرايلىق خۇيلىرى.
ئىنىلىسام① قانماس ئاۋارزىم② گۈلدىنمۇ ئىنىلىق بويلىرى،
تەلۋە قىلدى مەن غەرىبنى سالغان جۇدالىق كويلىرى.

* *

ئىشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم، قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
تۆردە بىز ئاي ئولتۇرۇر، كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.

① ئىنىلماق - پۇرىماق.
② ئاۋارزىم - ئارزۇيۇم.

**قوشاقلار**

زۇركىگە چىقىۋىدىم،
كۆرۈندى يارىنىڭ باغلىرى.
ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام،
سىيرىلدى سەرۋەك تاغلىرى.

تاغمۇ - تاغلاردىن ئېگىز،
باغداش دېگەننىڭ تاغلىرى،
ئۈستىدە قار ياغادۇ،
ئاستىنىدا باغلىرى.

دازىگو - سەرۋەك ئارا،
تىزدا يېغىپتۇ قارلار.
بىزنىمۇ يادلاندىمىكىن،
ئارقىدا قالغان يارلار.

قاراقاش ئولتۇرىدۇ،
باغدا ئېچىلغان گۈلدەك،

مېنىڭ ئىچىم كۆيىدۇ،
قەپەستىكى بۇلبۇلدەك.

ئىچىمگە كۈلگۈن كىيىپتۇ،
ئېشىغا ئاھۇ پەلەك.
بېشىغا قاشىنى قىسىپتۇ،
كۆيدى - ئۆرتەندى يۈرەك.

ئاردۇۋىدىم ئۆلگىلى،
يارىم كېلىپتۇ كۆرگىلى.
قوپقىچە يوقتۇر ماجالىم،
يارغا تەزىم قىلغىلى.

ئارىتامنى تاغ دېمەڭلەر،
ئارىتام بېھىش ئىكەن.
ئۈستىنىدە قار ياغادۇ،
ئاستىنى كىشمىش ئىكەن.

*

(بېشى 192 - بەتتە)

بۇرۇنقى ئېرى بىلەن قايتا يارىشىپ ئەر-خوتۇن بولۇشۇپتۇ. بۇ پادىشاھ (قىز) نىڭ شۇنچىلىك ئادىل، مەرد، كەڭقورساق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن شەھەر خەلقى چەكسىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۇرۇپ، بارىكاللا ئوقۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئىناۋىتى ھەسسىلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپتۇ. ئۇ لەشكەر تارتىپ ئېرىنىڭ ئەسلىدىكى ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئېرىنىڭ شەھىرىگە قاراپ ھەربىي يۈرۈش قىپتۇ. شاھزادىنى سۈرگۈن قىلىپ ۋارىسلىق ھوقۇقىنى تارتىۋالغان شاھ بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكىنىدىن شەھەرنى تاشلاپ، ئورمانلىققا قاراپ قېچىپتۇ. توغرا يولدا ماڭمىغان بۇ ئازغۇننى بىرنەچچە كۈنگە قالمايلا ئورماندىكى يىرتقۇچ ھايۋانلار يەپ كېتىپتۇ. ئىشنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەن ساراي ئەھلى، ساراي ئەمەلدارلىرى، خىزمەتكارلار ئۆزىنىڭ ھەقىقىي پادىشاھ ۋارىسىنى قارشى ئېلىپ، پوللارغا رەڭدار گىلەملەردىن پايانداز ساپتۇ. ۋارىسلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىپ، شاھلىق تاجىنى كىيگەن شاھزادىمۇ خەلققە كەڭ قوللۇق بىلەن كۆپ غەمخورلۇق كۆرسىتىپتۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئاسايىشلىقتا ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خەلق ئارىسىدا «ھەر كىم قىلسا يامانلىق، قالماس ئۆزىگە ئامانلىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە، قەدىمدىن ھازىرغىچە تارقىلىپ كەلمەكتە ئىكەن.

سۆزلەپ بەرگۈچى: ئەمەت سىدىق. رەتلىگۈچى: توختاجى روزى.

# كامال خوجەندىي شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

كامال خوجەندىي 14 - ئەسىر تاجىك - پارس ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى خوجەندتە ئۆتكەن، (تۇغۇلغان يىلى نامەلۇم)، سەمەرقەندتە ئوقۇغان، كېيىن تەبرىزدە يەرلىك ھۆكۈمدارلار ئوردىسىدا ئىشلىگەن. ئالتۇن ئوردا خانلىقى تەبرىزگە تاجاۋۇز قىلغاندا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۇزاق ۋاقىت زىنداندا سولانغان. 1390 - يىلى (بەزى ماتېرىياللاردا 1405 - يىلى) تەبرىزدە ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئۆز ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان مۇھەببەت ناھايىتى يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك: ئەزەلدىن خان - پادىشاھلار ھەققىدە مەدھىيە شېئىرلىرىنى يازمىغان. ئۇنىڭ لىرىكىلىق غەزەللىرىدە مۇھەببەت، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت ئۇلۇغلىنىپ، ئادالەتسىزلىك ۋە ناچار ئىللەتلەرگە ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئاتاقلىق غەزەلچىلەردىن بىرى بولۇپ، غەزەللىرى مۇزىكا خاراكتېرلىك، ئىنتوناتسىيىسى كۈچلۈك، قاپىيىلىرى كېلىشكەن، مەردانە روھقا ئىگە. كامال خوجەندى شېئىرلىرى ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## غەزەللەر

ئۇشبۇ كۈندىن ئاشكارا دوست تۇتقۇمدۇر سېنى،
مەخپى تۇتماستىن، نىگارا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.
ھەرنە باردۇر بارلىقىم سۆيگەي سېنى باشتىن ئاياغ،
چۈنكى، ئەي سەرۋى دىلئارا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.
خاھى دىل ئۆيىندە، خاھى جان ئارا تاپسالىق قارار،
ئۇندا ھەم يا بۇندا، جانا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.
باقماغايمەن سەرۋ ئىلە گۈلگە چىمەندە ئار ئېتىپ،
قەددۇ رۇخسارىڭدۇر ئەلا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.

كۆزۈ دىل ھەرقايسى باشقا ـ باشقا سۆيگەيلەر سېنى،
ئۇيلىما مەن بۇندا تەنھا دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.
گەر مېنى سەن سۆيمىسەڭ، مەن سېنى سۆيگۇمدۇر مۇدام،
قىلماي ئۇمىدۇ تەماننا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.
«ئەي كامال، قانىڭ تۆكەي، تاكى مېنى ياۋ بىل» دېدىڭ،
جان تەسەددۇق، سۆزى بۇررا، دوست تۇتقۇمدۇر سېنى.

*　　*

مېنى تاشلاپ يەنە ئۇل دىلبەرى جانان قايان كەتتى؟
ۋافا ئەھلىدىن ئەيلەپ ئۆزىنى پىنھان قايان كەتتى؟
زەئىپۇ ناتىۋانلار جانىغە مەلھەم بولۇپ قالماي،
يەنە تاڭنىڭ شامالىدەك ئېسىپ ھەريان قايان كەتتى؟
دىلىم دەردىن شىپاسىغا بىشارەت بەرمەيىن بىر دەم،
ئۇ لەبلەردىنكى بەرگەي مۇردەلەرگە جان، قايان كەتتى؟
ئۇ بولغاچ پادىشاھ، كۆڭلۈم ئىدى مەخسۇس ئۇنىڭ تەختى.
گادايىنىڭ كۇلبەسىدىن ئۇ شاھى دەۋران قايان كەتتى؟
كۆڭۈللەر سەيدىگە لاچىن كەبى پەرۋازلار قىلدى،
ئۆزىگە بەند ئېتىپ دىللارنى بىئارمان، قايان كەتتى؟
سېنى دەپ تەرك ئېتىپ مەسجىدنى دىل، مەيخانەگە يۈردى،
ئۇنى كۆرگىنكى، قايدىن چىقتىيۇ سەرسان، قايان كەتتى؟
كامالدىن خالىدۇر مەيخانەيۇ تائەت ئۆيى، لېكىن،
يەنە سەندىن دۇئاغا زارلىنىپ نالان، قايان كەتتى؟

*

ۋاپادارلىقنى بىلمەيدۇ مېنىڭ نامېھرىبان يارىم،
راۋا كۆرمەس جاپادىن ئۆزگىنى دائىم ستەمكارىم.
قولىغا دىلنى تاپشۇرسام، ئۇ قىلدى يەر بىلەن يەكسان.
بىلەي قايدىن، كۆڭۈل ئاسراشنى بىلمەسكەن ئۇ دىلدارىم.
تېۋىپ ئالدىدا ئۆز دەردىمنى ئىزھار ئەيلىدىم، ئەمما،
تۇمەن ئەپسۇس، ئۇ بىلمەسكەن ئىلاجى ھالى بىمارىم.
ئۇ دەرگاھقا جاپاكەشلەر پىغانى قىلمىغاي تەسىر،
غەرىبلەر ھالىنى قايدىن بىلەر شاھى دىلئازارىم.
گويا مۇتلەق خەۋەرسىزدەك، تۇتار ئۆزىنى بىپەرۋا،
ھەقىقەتتە، بىلەر ياخشى مېنىڭ مەقسۇدۇ ئاھ ـ زارىم.
مېنىڭدەك خەستىنىڭ مەقسەت ـ مۇرادىدۇر ئاشۇنداق لەۋ،
شېكەرنى ياخشى كۆرگەن تۇتىدەك بىر قەلبى ئەپكارىم.
نەزەرۋازلىقنى ئەلدىن سىر تۇتالمايدۇ كامال، چۈنكى،
ئۇ بىر مەستانە، زاھىدتەك بولالماس تۇلكە ـ مەككارىم.

*

مەن دېسەم: «ئاتىلق نېمە؟» دەر «ماھى ئابالدىن سورا»،
«لەۋلىرىلق نېدۇر؟» دېدىم، دېدى: «بۇنى جاندىن سورا.»

مەن دېدىم: «بىر يولى ئاغزىڭدىن ماڭا كۆرسەت نىشان»
جىلمىيىپ دېدى: «بۇنى كۆل بەركى خەنداندىن سورا.»

مەن دېدىم: «تۈن بويى دىلنى كىم ئۇغۇرلار شام بىلەن؟»
خالۇ خەتنى كۆرسىتىپ دېدى: «بۇنى ئاندىن سورا.»

مەن دېدىم كۆز ھەرىكىتىڭدە ئەيلىمدىڭ قەلبىم ئەسىر.»
دېدى: «تۈركىستان ئېلى بىلگەي ئوشۇل ياندىن سورا».

مەن دېدىم: «نېچۈن بېشىم يولۇڭدا بۇنداق تەلپۈنۇر؟»
دېدى: «سەن زۇلپۇمغا ئېيت، يەنى ئۇ چەۋگاندىنسورا.»

*

دېدىڭ: «بىزنىڭكى دىل»، ئەمما بۇ جانۇ ناتەۋان كىمدىن؟
قىيا باق بىز تاماشا قىلغانسەن، يارا كىمدىن، نىشان كىمدىن؟
سېنىڭ يولۇڭدا جىسمىم بولدىلار تۇپراق، ئۇنى كۆرسە،
دېمەسلەر ھېچ كىشى: «يول ئۈستىدە بۇ ئۇستىخان كىمدىن؟»
مېنىڭ جانىمغۇ كۆيدى ھەسرەتۇ دەردىڭ بىلەن، ئەي يار،
سېنىڭ بۇ بىداۋا دەردىڭ بولار ئارامى جان كىمدىن؟
مۇبادا زار جېنىم سۆيمەك مەھەلىدە ھالاك بولسا،
شۇنىڭچۈن لەۋلىرىدىن سورمىغىن: «بۇ ئاستان كىمدىن؟»
دېدىم: «جان پۇلىنى خەجلەپ، غېمىڭنى سېتىۋالغۇمدۇر»
دېدى: «ئويلاپ كۆر، ئەي پىنخسىق، كېلۇر بۇنداق زىيان كىمدىن؟»
ماڭا دەشنام قىلارسەن، دەممۇ دەم، بىلمەيسەن، ئەمما ھېچ،
قۇلاقىمغا يېتەر جان لەززىتى رۇھى راۋان كىمدىن؟
سورايسەن: «ئەي كامال كىمنىڭكىسەن؟» دەپ مەندىن، ئەي جانان،
ئاھاتكى، بىلمىسەڭ ئۆزۈڭكى، بۇ قۇل ناتەۋان كىمدىن؟

*

ئەلگە ئېيتىڭ، ياخشى بىلسۇن، يارى دىلدارىم شۇدۇر،
دىلرەبا مەشۇقەيۇ شوخى جاپاكارىم شۇدۇر.
سۆيگىنىم، جانىم، مادارىم، ھەر نەپەستە ھەمدەمىم،
قان - قېرىنداشىم شۇدۇر، پەيۋەندى جان يارىم شۇدۇر.
يولدىكى تۇپراق ئېرۇرمەن، بەلكى ئۇندىنمۇ تۆۋەن،
يارىم ئالدىدا باھايىم، قەدرى مىقدارىم شۇدۇر.
قايتا بىر ئوقنى ۋاۋال كۆرمەيدۇ ئۆزى قۇربانىغا،
غەمزەسىنىڭ دەستىدىن فەريادۇ ئازارىم شۇدۇر.

ئۆز تېۋىپىم شاد بولغاي دىلدا دەردىمنى بىلىپ،
خەستە دىل دەردىمگە دەرمانۇ مەدەدكارىم شۇدۇر.
تۈن بويى ھىند كەلتۈرۈر دىلدار زۇلفىدىن سەبا،
ھەمنەپەسلەردىن مېنىڭ يارۇ ۋاپارىم شۇدۇر.
سىز دېگەيسىز: «قانچىلىك جانىن پىدا ئەتكەي، كامال؟»
تاكى جانىم بار تېنىمدە، دائىما كارىم شۇدۇر.

* *

دىلىمدىن كەتمىدى ئەسلا ئۇنىڭ غەم شورى - سەۋداسى،
باشىمدىن ئۇل پەرىۋەشنىڭ خىيالى ھەم تەمەنناسى.
دىلىمدا بولمىسا گەر يارنىڭ ئىشقى، نە كېرەكدۇر دىل،
تېنىمگە باش نە لازىم، بولمىسا دىلدار شەيداسى.
نىگارىم دەستىدىن بىچارە كۆڭلۈم كۆپ جاپا چەكتى،
ۋە لېكىن كەتمىدى ئۇندىن مۇھەببەتنىڭ تەقەززاسى.
ئەگەرچە گۈلشەن ئىچرە گۈل ئېچىلدى رەڭمۇرەڭ زىبا،
بىراق، يار كويى بولغان جايدا ياقماس گۈل تاماشاسى.
نەپەسنىڭ ئەلچىسى ساگا تىرىكلىكىدىن خەۋەر بەرگەي،
ئۆبرۇر دىلدارنىڭ ئەزمىدە ئۇنىڭكى ھەر بىر ئەنپاسى:
كامال مىسكىن، مۇھەببەت غەلۋىسى ئىچرە ھالاك بولدى،
بىرەر باش يوقكى ئاندا بولمىغان ھېچ سۆيگۈ غەۋغاسى.

* *

تالىڭ شامىلى ئېسىپ، ئەيلىدى زۇلفىڭنى پەرىشان،
ئىشق ئەھلى پىدا قىلدى ئاياغىڭ ئۆزە يۈز جان.
دىل دەردى تېۋىپىگە دىل رەنجىنى ئەرز ئەتسەم،
ئاھ چەكتىيۇ، بىچارە ئاققۇزدى كۆزىدىن قان.
كىمنىڭ كۆزى تەگدى يەنە بۇ شاد كۆڭۈلگە،
كىرپىك ئوقىنىڭ زەربى بىلەن بولدى ئۇ نالان؟
قوزغالدى دىلىم كەتكىلى، جان كەتتى ئىزىدىن،
تا بولدى جامالىڭ نەزەرىمدە يەنە پىنھان.
ھەر ئۆيىنى كويۇڭدا خاراپ ئەيلىسە* يامغۇر،
يىغلاڭغۇ كۆزۈم ھەممىسىگە بەرگۈسى تاۋان.
بىر كېچىسى كۆردۈك ئۇ تولۇن ئاينى تولۇنىراق،
ئاي بولدى يۈزۈڭ ئالدىدا شەرمەندەۋۇ ھەيران.
ئېيتايتى كامال: تۇۋا قىلاي بادە ئىچىشتىن،
ساقىنى كۆرۈپ، ئۆز سۆزىدىن بولدى پۇشايمان.

* *

دىلىم سۆھبەت قۇرۇشقا باشقا بىر دىلدار ئىستەيدۇ،
مېنىڭ تەبئىم يەنە بىرا قەتلە ئۆزگە يار ئىستەيدۇ.

ۋافاسىز يارىمىكىن ئاشىقلىرىغا بولمىدى غەمخور،
شۇ بائىسىدىن ئۇ ئاشىق يىگى بىر غەمخار ئىستەيدۇ.
تېۋىپكە مەن باراي نېچۈنكى دەردىمنى بىلىپ، ئەمما
بۇ كۆڭلۈم دەمۇ دەم ئازار ئۇستىگە ئازار ئىستەيدۇ.
مۇناسىپ ياردىن يارغا ئىبغىرراق ھەر جەفا كەلسە،
ئەگەر ئۇ قانچىلىك ئىبغىر بولسىمۇ تەكرار ئىستەيدۇ.
دىلىم تۇرلۇك تۆمەن گەپلەر ۋە سۆزلەردىن مەلۇل بولدى،
شېكەرلىك تار ئىبغىزدىن بولسىلار ھەر بار ئىستەيدۇ.
سەرۋ قەدلەر گۆزەر گاھىدا زىيرەك كىمسەنىڭ كۆزى،
بۇ تۇن ئەمدى بۆلەك قامەت، بۆلەك رەفتار ئىستەيدۇ.
كامال بۇلبۇل كەبى تارتار تىكەنلىك گۇل ئازابىنى،
شۇنىڭچۈن باشقىراق گۇل باشقىراق گۇلزار ئىستەيدۇ.

*   *

كۆز ئۆيى دائىم جامالىڭ نۇرىدىن رەۋشەن ئېرۇر،
بەيتۇلئەھزانىم يۈزۈڭ فەيزى ئىلە گۇلشەن ئېرۇر.
سەرۋ ئەگەرچەندىكى بوستان ئىچرە بولمىش سەرفەراز،
لېكىن ئۇ شەرمەندە ئالدىڭدا بۇ قامەتدىن ئېرۇر.
ھەر تۇتۇنكى ئاي يۈزۈڭ ئايىنەسىدىن قوزغۇلۇر،
مەن كەبى كۆيگەن جىگەرلەر ئاھىدىن خىرمەن ئېرۇر.
ئالمىغايمەن تىلغا جەننەت نامىنى مەھشەرگىچە،
دەرگەھىڭ تۇپراغى، جانان، گەر ماڭا مەسكەن ئېرۇر.
ئاشىقىڭنى قوللاغىل چۈنكى بۇ دەۋاگەر كىشى،
ياخشى بىلسۇنكى ھەقىقەت مەن بىلەن يەكتەن ئېرۇر.
«مېنىڭ سەن يار ئەيلەسەڭ، مەن ئار قىلمايمەن» دېدىڭ،
بولسا شۇنداق، نېمە غەمكى تەئنىئى دۇشمەن ئېرۇر.
خۇددى بىر بىنخانۇمان قۇشدۇر كامالنىڭ قەلبىكىم،
يار كويى ئاڭا ھەمىشە مەنزىلۇ مەسكەن ئېرۇر.

*   *

ھىدىڭكىم تاڭ ئېلىنىڭ ھەمدەمى، ۋاقتى سەھەر بولغاي،
پەرىشان چاچلىرىڭدىن بۇ دىلىم ھالى بەتەر بولغاي.
ئۆزىنىڭ ئەقلۇ ھۇشىن ئەتمىگۈچە ئەقل ئېلى بەرباد،
ئەمەس مۇمكىنكى ئاغزىڭ نۇكتەسىدىن باخەبەر بولغاي.
لېۋىڭ شىرىنلىقىنىڭ مەدھىيەسى گەر قەلەم يازسا،
تىلى ۋەسفىڭ تۇپەيلى مۇتلەقا بىر نەيشەكەر بولغاي.
جامالىڭ ئەكسىنى مەي كاسەسى ئۆزرە نامايىش قىل،
گۆزەل گۇل تۇرسا گەر سۇ ئىچرە ھۆسنى مۆتىۋ بولغاي.
تەشەككۇرلەر بىلەن مەن سەجدە ئەيلەي ئاستانەڭدە،

مۇيەسسەر ئاڭا يەتمەكلىك بۇ ئاجىزغا ئەگەر بولغاي.
سىنىڭ زۇلفىڭ مۇئەتتەر ئەيلىدى كۆڭلۈمنى راستىنلا،
نەسىمى مۇشكۇ ئەنبەر ماڭا ھەتتا دەردىسەر بولغاي.
نىچە سوزساڭ كامال، ئول زۇلف تەرىفى تۈگىمەيدۇ،
ئېغىزنى يىغ، ئەنە شۇندا قىسسە مۇختەسەر بولغاي.

* *

ئاھۇ زارىم ئاڭلىمايسەن، ئەي نىگار،
ساڭا كار قىلمايدۇ ئەسلا ئاھۇزار.
تىلنى تەييارلاپسە دەشنامغا راۋان،
نېمىگە تۇتتۇڭ، ئەزىزىم، قۇلنى خار؟
زۇلفى سارى تۈندە گەر چىقساڭ، شامال،
ساڭا ئەرز ئەتكى، بولۇپمەن بىقارار.
مىڭ قېتىم جان ئۆزرە چەكتىم زەخمىتىڭ،

بىر قېتىممۇ بەرمىدىڭ سەن ئېتىبار.
ئىككى دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزدۈم بىراق،
لۇتفۇ ئېھسانىڭغا بولدۇم ئۈمىدۋار.
ھەشىردە شايەد كەچۈرگەي ئەيىبىمىز،
بىزنى كۆرگەندە بۇ يەڭلىغ شەرمىسار.
يار ئىتىنىڭ ھەممەتىن كۆرگىن، كامال،
بىز بىلەن ھەمدەم بولۇشقا قىلدى ئار.

* *

ئىشقىڭ غەمى دىلنى ئەيلىگەي شاد،
زۇلمىڭ بۇ خارابنى ئەتكەي ئاباد.
ئۆرگەتمە جەفانى جادۇ كۆزگە،
بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئۆزىدۇر ئۇستاد.
سەن سەرۋى چەمەننى بەندى دېدىڭ،

بۇندىن شادلىنىپ دېگەي «مەن ئازاد»
كور بولغاي ئۇ كۆزكى قامەتىڭنىڭ
ئالدىدا كۆرەلمىسە سەرۋۇ شەمشاد.
دەردىڭنىڭ، كامال، داۋاسى لەبدۇر،
شىرىنگە نە غەم، قىينالسا فەرھاد؟

قىتئەلەر

*

قولۇڭغا تۇشسە گەر كامال دىۋانى،
بەزىسىن كۆچۈرگىل، تاشلابان نىگاھ.
نازۇك خىياللىرى، لەتىف سۆزلىرى،
مەنىسىدىن سەنمۇ بولۇرسەن ئاگاھ.
پەقەت قەلەم كەبى يۈزەكى ئۆتمە،
تېگىگە سىڭىپ كۆر مىسالى سىياھ.

*

كامال، سىنىڭ تەئبىڭ كىمىيادۇر، كىمىيا،
شۇنىڭچۈن سۆزلىرىڭ ئالتۇنۇ گەۋھەر.

*

بۇ جاھاندا ئىككى كامالدۇر مەشھۇر،
بىرىنىڭ يۇرتى خوجەند، بىرى ئىسفىھان.
بىرى غەزەل ئەيتار ھېچ تەڭدىشى يوق،
ئىككىنچىسى ماھىر زور قەسىدەخان.
مەسەل بۇكى ئىككى كامالار ئارا،
قىلىچمۇ فەرق يوق دېسەم، سەن ئىشەن.

*

كىچە دىۋانىڭنى ئوقۇردى بىراۋ،
كۆردۈمكى، دەھانى بولدى پۈرشەكەر.
غايەت سىراپلىقتۇ سەرلۇتفلىغىڭدىن
ئۆرتەنمەس ھەسەدچى بولسىمۇ ئەگەر.

ئەي ھافىزى، بۇلبۇل نەۋا،
ياھەڭلىرىڭ تۇتمىش فەزا.
ئاسماندا زوھرە چالسا ئۇد،
سەن يەردە چاڭ چال، دىلرەبا.

* *

دەفتىرىم چېتىدە ھاشىيەلەر كۆپ،
ئۇنى كۆرۈپ، نەھال دەپ ئويلىما سەن.
شېئىرىم مىسلى دەريا، چېتىدە،
ھەر دايىم ئۆسۈدۇ مايسا، ئۆت-ئۆلەن.

## رۇبائىيلار

پىستەڭ شىرىنلىغى شەكەردىن ئۆتەر،
سۇنبۇلى مۇشكىنىڭ ئەنبەردىن ئۆتەر.
ئاغزىڭ تارلىغىدىن ھىچ نەرسە يوقتەك،
يوقلۇقتىن بۇ تاۋۇش خەبەردىن ئۆتەر.

* *

دېدىم: «نەتامىدۇ لەبدىن؟» دېدى: «قەند».
دېدىم: «بۇ ساچمۇ يە؟» دېدىكى: «كەمەند»،
دېدىم: «فەرمان بەرگىل» دېدىكى: «جىم بول»،
دېدىم: «شەكەر خەند قىل»، دەر: «كۈلمە ھەرچەند».

* *

چىدالمىدىم زۇلفىڭ ئۇچى ئىچۈك ھەم،
قولۇم دال كەبىدۇر، توغرىدۇر قەلەم.
قاشلىرىڭ نۇن كەبى، ئاغزىڭ مىسلى مىم،
ئۇلارنىڭ يادىدا كۆزلىرىمدە نەم.

* *

تاكى پىكرىم قىلدى سۆزۈمنى بۇنىيادە،
تىلىمدىن سۆز مۇلكى بولدى كۆپ ئاباد.
ئەقلىم ئىلە سۇخەن دادىغا يەتتىم،
دىتسىزلەر دەستىدىن سۆز ئەتكەنتى داد.

* *

كىچە ئۈستىدىن، ئەي خانەپەرۋەر،
يىقىلغاندىڭ، بۇڭا ئەيىبلىك ئېگەر.
سەن گۈل بەرگىسەن، ئېتىڭ تاڭ شامىلى،
بەرگىنى شامال ئۇچۇرسا، تۇپراقا چۈشەر.

* *

كىشى سەندىن ياخشى جاھاندا كىم بار؟
ئىشى سەندىن ياخشى جاھاندا كىم بار؟
گۈزەللەر ئادىتى دىلغا نىش سانچىش؛
نىشى سەندىن ياخشى جاھاندا كىم بار؟

* *

ئەي يارى لەتىفۇ نازۇك دىلىستان،
قايماق، ھەسەل كەلتۈر ۋە بىرەر ئاق نان.
قايماقنى سۈتتەك ئاق يۈزۈڭدىن كەلتۈر،
نان ۋە ئەسەل نازۇك لەۋ بىلە دەھان.

* *

ئەي شېئىردا مەشھۇر، ئەي شىرىن سۇخەن،
رۇبائىي نەقدىدىن ئۆلۈش ئېلىپسەن.
رۇبائىيلىرىڭنى بۇ بەكىر كۆرسە،
دەر ئىدى: «مەن سەنمەن، سەن بولۇپسەن مەن».

# ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

ئىسمايىل تۆمۈرى

ئۇيغۇر خەلقى ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىغا باي خەلق. ئۇلار قەدىمكى زامانلاردىن
تارتىپلا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى مول تەسەۋۋۇرلىرى،
تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ھاسىل قىلغان چۆچەكلىرىدىن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ھەر-
قايسى تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى بېيىتىپ بارغان. ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى
ئەنە شۇ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختا پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، يۈكسىلىش جەر-
يانلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يېقىندىن ھەمراھ بولغان مۇھىم
مەنىۋى بايلىقىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئېغىز ئىجادىيىتى سۈپىتىدە ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئېغىزدىن-
ئېغىزغا، نەسلىدىن - نەسلىگە، دەۋردىن - دەۋرگە مىراس بولۇپ داۋاملىشىپ، ئۆ-
زىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ بارغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنىڭ
ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۆسۈپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساسىي مەنبە بولغان، ناخشا - قوشاقلار،
ئەپسانە - رىۋايەتلەر، نورۇزنامىلەر، چۆچەكلەر، ماقال - تەمسىللەر، بېيىتلار، قەسىدىلەر،
تېپىشماقلار، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ «ئوغۇزنامە»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇ
بىلىگ» تەك شاھ ئەسەرلەردە كۆپلەپ «ئىستېمال قىلىنىشى — خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى-
نىڭ يازما ئەدەبىياتقا «سۈت ئانىسى» بولىدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. ھالبۇكى،
ئىدىقۇت دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىمۇ بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەستۇر.

ئۇرخۇن ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي مەركىزىنى مىلادى 840 - يىل-
لاردىن كېيىن ھازىرقى شىنجاڭ رايونىغا يۆتكىگەندە، بىر قىسىم ئۇيغۇر ئەجدادلىرى
بېشبالىق ۋە ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان شەرقىي شىنجاڭ رايونىغا ماكانلاشقان ھەم
بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ئۇلار بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، دىنىي
دەستۇرلەردىكى، نوملاردىكى ۋە ھەر خىل دىنىي ئەسەرلەردىكى بۇددا دىنى رى-
ۋايەتلىرى بىلەن ناھايىتى كەڭرى ئۇچراشقانىدى. شۇنىڭدەك، بۇنداق دىن بىلەن
باغلىق بولغان رىۋايەتلەرنى قوبۇل قىلىپ - ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنى رەسساملىق سەن-
ئىتى ئارقىلىق مىڭ بۇددا ئۆيلىرى (بېزەك ئۆيلەر) دىكى رەسىملەردە ئەكس ئەت-
تۈردى. بۇددا دىنى بىلەن باغلىق بولغان بۇ خىلدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىلەن
ئۇلارنىڭ ئۆز مۇھىتىدا ئەجدادلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان مىللىي يەرلىك سىيۇژەت-
تىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر بىرلىشىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ

ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى قىسمىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە بېيىتقانىدى. (٢)

ئىدىقۇت ئەدەبىياتىنىڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى قىسمىغا يەرلىك سىيۇژىتتىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر، بۇددا رىۋايەتلىرى ھېكايە - چۆچەكلىرى؛ ماقال - تەمسىللەر؛ تىلەك قوشاقلىرى، جەڭگە ئائىت قوشاقلار كىرىدۇ.

## 1. يەرلىك سىيۇژىتتىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر

ئەپسانە - رىۋايەتلەر ئاساسەن ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرلىرىدىن توقۇپ چىقىرىلغان. ئەجدادلار، ئەڭ بۇرۇنقى زامانلاردا ئۆزلىرىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى يېشەلمىگەن چاغلىرىدا، شۇ مەسىلىلەرگە قارىتا قىياسەن تەسەۋۋۇرلارنى ئويدۇرۇپ چىقارغانىدى. ھالبۇكى، مانا مۇشۇ تەقلىدتە بارلىققا كەلتۈرۈلگەن ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا يىراق قەدىمدىن ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقانلىرىدىن «ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدىكى رىۋايەت»، «مىڭ بۇددا ئۆيىنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدا رىۋايەت»، «كۆچ رىۋايىتى»، «قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت رىۋايىتى»، «ئىدىقۇت تېغى نېمە ئۈچۈن قىزىل رەڭدە؟»، «ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز جىلغا قانداق پەيدا بولغان؟»، «يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى رىۋايىتى»، «تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا»، «يەتتە قىز ۋە يەتتە يىگىت رىۋايىتى»، «چەشتاغ رىۋايىتى»، «توقسۇن دېگەن نام قانداق قويۇلغان»، «قۇمۇل ۋە قۇمۇل قوغۇنى ھەققىدە»، «چىقتىم دېگەن نام توغرىسىدا»... قاتارلىق مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلارغا باغلىنىدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر بار.

تۆۋەندە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان يەرلىك سىيۇژىتتىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن بىرنەچچىنى مىسال ئۈچۈن كۆرسىتىمىز:

### (1) «قۇدۇق قازغان پادىچى يىگىت» رىۋايىتى

ئۆتمۈش زامانلاردىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇغدا تېغىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر پادىچى يىگىتنىڭ بىر توپ قويلىرى يوقىلىپ كېتىپتۇ. يىگىت قويلىرىنى ئىزدەپ تۇرپانغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ قويلىرىنى ئىزدەپ ئىسسىقتا كۆپ ئازاب چېكىپتۇ، پۇتلىرى قىلزىق قۇمدا كۆيۈپتۇ، چاڭقاپ لەۋلىرى چاك - چاك يېرىلىپتۇ. ئۇ ئاخىرى قويلىرىنى بىر قۇمۇشلۇقتىن تېپىپتۇ. بۇ چاغدا يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ، قويلىرىمۇ قاتتىق ئۇسساپ كەتكەنىكەن، يىگىت ئەتراپنى شۇنچە ئايلىنىپمۇ بىزەر تامچە سۇ تاپالماپتۇ. ئاخىرى بىر چىملىقتا قۇدۇق كولاشقا باشلاپتۇ. كۈن پېتىپ ئاي چىقىپتۇ، ئاي ئولتۇرۇپ كۈنمۇ چىقىپتۇ، پادىچى كولىغان قۇدۇقتىن ئاخىرى سۈپسۈزۈك مەرۋايىتتەك سۇ چىقىپتۇ. بۇ سۇنى پادىچىنىڭ قويلىرى ھەم پادىچى ئۆزى ئىچىپ، تەشنالىقىنى قاندۇرۇپتۇ. كېيىنچە ئادەملەر پادىچى يىگىتنى دوراپ قۇدۇق كولاپتۇ، ۋە قۇدۇقلارنى يەر ئاستىدىن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، سۇنى يەر يۈزىگە باشلاپ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تېرىقچىلىق قىلىشقا باشلاپتۇ.

**(2) ئمدىقوُت تېغمدىكى توققوُز ئارشاڭنىڭ پەيدا بولوُشى ھەققىدىكى ئەپسانە**

توُرپان دىيارى قەدىمكى زامانلاردا ناھايىتى باي ـ باياشات، ئاسايىشلىق بىر
ئەل ئىكەن. بىر كوُنلەر كېلىپ بوُغدا تېغىدا بىر ئەجدىھا پەيدا بولوُپ قاپتوُ. ئوُ
ئەجدىھا ھەر يىلى ئەتىيازدا بوُغدا تېغىدىن توُرپانغا چوُشوُپ چارۋا ـ مال، باغ ـ
ۋاران، زىرائەتلەرنىلا نابوُت قىلىپ قالماي، بەلكى تىنچ ياشاۋاتقان پوُقرالارنىمىوُ
يەپ ـ يوُتوُپ، يوُرتقا دەھشەت سېلىپ، مىسلىسىز چوڭ ئاپەت بولوُپ قاپتوُ. يوُرت-
نىڭ خاقانى ئەجدىھانى يوقىتىشقا نوُرغوُنلىغان مەردوُ ـ مەردان، باتوُرلارنى ئەۋەت-
كەن بولسىموُ، ئوُلار ئەجدىھانى يوقىتىش توُگوُل، ئوُزلىرى ئوُلوُپ توُگەپتوُ. پوُتكوُل
توُرپان دىيارى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئاپەت ئىسكەنجىسىگە چوُشوُپ قالغان كوُنلەر-
دە، بوُ يوُرتتىن ئاجايىپ كوُچتوُڭگوُر بىر پالۋان چىقىپتوُ. ئوُ خاقاندىن ئەجدىھانى
يوقىتىشقا ئاتلىنىشقا ئىجازەت سوراپتوُ. خاقان پالۋان يىگىتنىڭ مەردانە جاسارىتى-
دىن سوُيوُنوُپ، ئەگەر ئەجدىھانى يوقىتىپ قايتىپ كەلسە، قىزىنى بېرىپ ئوُزىگە كوُيئوُ-
غوُل قىلىۋالىدىغانلىقىنى ۋە چەكسىز مول ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتوُ. يىگىت
ئوُزىگە ھېچقانداق ئىلتىپاتنىڭ كېرىكى يوقلوُقىنى، پەقەت ئەل ـ يوُرتنى دەھشەتلىك
ئاپەتتىن خالاس قىلىپ، خاتىرجەم ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىسىلا، بوُنىڭدىن
چوڭ ئىنئام يوقلوُقىنى ئېيتىپ، جەڭگە تەييارلىق قىپتوُ.

پالۋان يىگىت ئالتە ئاي جەڭگە تەييارلىق قىپتوُ. قىش ئوُتوُپ ئەتىياز كېلىپ،
ئەجدىھانىڭ بوُغدا تېغىدىن چوُشىدىغان ۋاقتى بولوُپ قاپتوُ. يىگىت مىسران قىلىچىنى
ئېلىپ، دوُلدوُل ئېتىغا مىنىپ، جەڭگە ئاتلىنىپتوُ....

پالۋان يىگىت ئېتىنى ئوُتلاققا قويوُۋېتىپ، ئەجدىھانىڭ يولىنى توسوُپ، بىر قى-
يا تاشنىڭ كەينىگە موُكوُپ يېتىپ ئوُخلاپ قاپتوُ. بىرھازادىن كېيىن پالۋان يى-
گىتنىڭ ئېتى قاتتىق كىشنەپتوُ. پالۋان يىگىت ئويغىنىپ قارىسا، ئەجدىھا كېلىۋاتقوُدەك،
ئوُ مىسران قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ ئەجدىھانىڭ يولىنى توسوُپ جەڭگە چوُشوُپتوُ. ئەج-
دىھا ئاغزىدىن ئوت چاچرىتىپ، پالۋان يىگىتكە ھوُجوُم قىپتوُ. پالۋان يىگىت مىس-
ران قىلىچىنى كوُتوُروُپ قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئەجدىھاغا ئېتىلىپتوُ. ئوُ ئىككىسىنىڭ
ئېلىشىشىدىن يەر ـ زېمىن تىترەپ لەرزىگە كەپتوُ، توزىغان توپا ـ چاڭدىن قوُياش نوُ-
رى توسوُلوُپ، ئاسمان خىرەلىشىپ، ئالەمنى قاراڭغوُلوُق قاپلاپتوُ. ئەنە شوُنداق قات-
تىق ئېلىشىش ئوُچ كېچە ـ كوُندوُز داۋاملىشىپتوُ. پالۋان يىگىت ئوُسساپ، قورسىقى
ئېچىپ ھالىدىن كېتىشكە باشلىغاندا، ئوُنىڭ ئەقىللىق، ۋاپادار ئېتى ئىچىشكە
ئوُسسوُزلوُق، يېيىشكە ئوُزوُقلوُق ئەكېلىپ بېرىپتوُ. بوُنىڭ بىلەن پالۋان يىگىت كوُچ-
قوُدرەتكە تولوُپ، ئەجدىھاغا قاراپ مىسران قىلىچىنى ئوُنىڭ ئاغزىغا توغرىلاپ ئېتى-
لىپتوُ. ئەجدىھا پالۋان يىگىتنى دەم تارتىپ سوُمىروُشكە باشلاپتوُ ـ دە، پالۋان يى-
گىتنىڭ مىسران قىلىچى ئوُنى چىڭ ئوُتتوُرىدىن تىلىپ تاشلاپتوُ. ئەجدىھا ئوُلگىنىگە
تەن بەرمەي تولغانغانىكەن، پالۋان يىگىت ئوُنىڭ قوُيروُق تەرىپىدىن چىقىپ يەرگە
چوُشوُپتوُ ـ دە، مىسران قىلىچىنى ئېگىز كوُتوُروُپ ئەجدىھانى توغراپ چېپىشقا باش-

لاپتۇ. پالۋان يىگىت توققۇز قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا، ئەجدىھا ئون پارچە بولۇپ ئېتىنى چىقىپ ئۆلۈپتۇ. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئەجدىھانىڭ تېنى تاغقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ. ئىدىقۇت تېغى ئەنە شۇنداق پەيدا بولغانمىش. ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز ئېغىز جىلغا ئەجدىھانى چاپقاندا پارچىلانغان ئاراشلاردىن پەيدا بولغانىكەن.

* *

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس بولغان ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ يەرلىك سىيۇژىتىغا يارىتىلغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر تۈرىدىن بۇ يەردە بىر قانچىسىنىڭ ئىسمىنى① مىسال كەلتۈرگەندىن باشقا، پەقەت مىسال تەرىقىسىدە ئىككى پارچىسىنىلا يەردۇق. مانا مۇشۇ مىسالغا ئېلىنغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردىن بىز ئەجدادلارنىڭ ئەينى تارىخىي دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي هايات سەرگۈزەشتىلىرى، ئارزۇ - تىلەكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، قەھرىمانلىق ۋە خەلقپەرۋەرلىك روھى، ئەدەب - ئەخلاق پەزىلەتلىرى، شەيئىلەر توغرىسىدىكى قىسمەت چۈشەنچىلىرى، ئېتنوگرافىيىسى... ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز.

ماركس: «خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى ئەينى تارىخىي ھۆججەت بولمىغان بىلەن، ئۇ خەلقلەر تارىخىنى پۈتۈنلۈك جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەمگەكچىلەرنىڭ جەۋرى-جاپالىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەرلەردىن (ئەلۋەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا) تارىخىي ئېتنوگرافىيىلىك ماتېرىيال سۈپىتىدە پايدىلىنىش كېرەك» دەپ كۆرسىتىدۇ (ماركسنىڭ «رسىياسىي ئىقتىساد تەنقىدى»گە رەددىيە» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ). ماركسنىڭ مۇشۇ نەزەرىيىۋى شەرھىسى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدا مىسالغا كەلتۈرۈلگەن «ئىدىقۇت شەھىرىنىڭ بىنا بولۇشى» ھەققىدىكى رىۋايەتتىن بىز ئىدىقۇتتا ياشىغان ئەجدادلارنىڭ شەھەر بىنا قىلىپ، شەھەرلەردە مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، تېرىقچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز؛ «قودۇق قازغان پادىچى يىگىت» ھەققىدىكى رىۋايەتتىن ئىككى نۇقتىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ: بىرى، جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن، شۇ يەرلىك خەلقلەرنىڭ چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا كۆچۈش ئىزناسىنى، يەنە بىرى، ئەمگەكچان، پاراسەتلىك ئەجدادلارنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى داۋامىدا تەبىئەتنى تەدرىجىي تونۇپ ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى پەرەز قىلىپ يېتەلەيمىز.

«يالغۇز ئوغۇل ئېرىقى» رىۋايىتى بىلەن «ئىدىقۇت تېغىدىكى توققۇز ئارشاڭنىڭ پەيدا بولۇشى» ھەققىدىكى ئەپسانىدىن بىز ئەجدادلارنىڭ خەلقپەرۋەرلىك، قەھرىمانلىق روھىنى، ئەدەب - ئەخلاق چۈشەنچىسى، شۇنىڭدەك ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىقنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى چۈشىنىشكە ئىمكان تاپساق، «تاشقا ئايلانغان ئەۋلىيا رىۋايىتى» بىلەن

① يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر «بۇلاق»نىڭ ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىدە ۋە باشقا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان.

«مىڭ بۇددا ئۆيىنىڭ بىنا قىلىنىشى ھەققىدىكى رىۋايەت» لەردىن ئەجدادلارنىڭ بۇددا مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ تارىخىي شولىلىرىنى كۆرىمىز.

ئىدىقۇت ئەپسانە - رىۋايەتلىرىدە يارىتىلغان جانلىق ئوبرازلار، مول مەزمۇنلۇق رومانتىك تەسەۋۋۇرلار، گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرلەر، ھەرخىل ئەجايىپ مەزمۇنلار ۋە بۇلاردا ئىپادىلەنگەن قىممەتلىك ئېتنوگرافىك ئامىللار ھەم شۇنىڭدەك بەدىئىي سەنئەتكە خاس ماھارەت جىلۋىلىرى بۇنداق يەرلىك سېيۈژىتتىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى يازما ئەدەبىياتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندۇرغانىدى. شۇنداقلا بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەر بۇددا دىنى ئەدەبىياتى بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مول مەزمۇنغا ئىگە قىلغانىدى.

## 2. بۇددا دىنىغا خاس ھېكايە، چۆچەكلەر

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قىسمىدا بۇددا دىنىغا دائىر ھېكايە، چۆچەكلەرمۇ سالماقلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىدىن زور بىر تۈركۈمى ئىدىقۇتقا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورخۇن بويىدىكى دۆلەت دىنى — شامان دىنىنى قىسمەن ساقلاپ قالغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپچىلىك ئاۋام بۇددا دىنىي ئېتىقادىغا كۆچكەنىدى، شۇنداقلا بۇددا دىنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە دۆلەت دىنى مەۋقەئىگە كۆتۈرۈلگەنىدى، بۇ ۋەجىدىن، مەزكۇر خانلىق تېررىتورىيىسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر قاتارلىق خەلقلەر بۇددا دىنى بىلەن ناھايىتى كەڭرى ئۇچرىشىش ئىمكانىيەتلىرىگە ئىگە بولۇشقان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، بۇددا دىنى بىر ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئىجتىمائىي ئالدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان. بۇددىستلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي مەشغۇلاتلىرى ئۈچۈن ئىبادەتخانىلارنى سالسا، بۇددالار سىمۋولى ھېسابىدا مۇنارلارنى قاتۇرۇشتى؛ ئىستىقامەتگاھ قىلىش ۋە بۇددا تەلىماتلىرىنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن تەرغىب قىلىش ئېھتىياجىدىن يارداشلىقلارغا غار ئۆيلەرنى قازدى ۋە ئۇلارنى بېزىدى؛ ھىندى تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن (جۈملىدىن توخار تىلىدىن) بۇددا نوملىرى، دىنىي رىسالە، ئەدەبىي ئەسەر ۋە دەستۇرلارنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىشتى....

بۇددىزمنىڭ ئىدىقۇت تېررىتورىيىسىدە XI ئەسىردىن كېيىن يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىدا بۇددىزم سەنئىتى (ئەدەبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن تەرغىبات شەكلى) ۋاستىسى بىلەن مەدداھ راھىبلارنىڭ ۋەز ئېيتىشلىرى ئالاھىدە ئۈنۈملۈك رول ئوينىغانىدى. بۇنىڭدا بولۇپمۇ بېزەكلىك ئۆيلەردىكى تىزما سۈرەتلىك تەسۋىرىي تەرغىبات مۇھىم ئورۇن تۇتاتتى.

بېزەك ئۆي سەنئىتىدە، ئاساسەن، بۇددا دىنىنى تەرغىب قىلىش يۈزىسىدىن تو-

قولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، بۇددىزم نەزەرىيە ـ تەلىماتلىرى تىزما سۈرەت ئۇسۇلى بىـ
لەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەنىدى. بۇنداق تىزما سۈرەتنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ
بولۇپ، ئۇنىڭدا ساكيامونىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە ـ تەلىماتلىـ
رى، بۇددا تەڭرىلىرى (بۇددىزم نەزەرىيىسىدە «دىۋا» دەپ ئاتىلىدۇ)، مىڭ بۇددا،
«نىرۋانا»غا يېتىش چۈشەنچىلىرى، مايترىيا بۇددانىڭ بۇ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى
ھەققىدىكى نەزەرىيە ۋە ھېكايىلار، دوزاخ ۋە ئالۋاستىلار، بۇددالارنىڭ يارالمىشى
ھەققىدىكى چۆچەكلەر... تەسۋىرىي رەسىملەر بىلەن ئەكس ئەتتۇرۇلگەن.

ئەسلىدە، بۇددا دىنىنىڭ ئىجادچىسى ساكيامونىنىڭ «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى»
توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرى بولغان. ساكيامونىنىڭ مۇرىتلىرى ۋە كېيىنـ
كى بۇددىزم تەرغىباتچىلىرى ساكيامونىنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش يولىدا،
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى (ئاساسەن قەدىمكى ھىندى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى) رىۋايەت ـ
چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىدىغان قەھرىمانلارنىڭ ياخشى ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى، ئىش ـ
ئىزلىرىنى ساكيامونىي ئوبرازىغا جەملىگەن. ئەنە شۇ تەرغىباتچىلارنىڭ سۆزى بويىچە
ئېيتقاندا، ساكيامونىنىڭ «جېنى» خىلمۇ خىل قۇش، ھايۋانلار ۋە ھەر خىل يۇقىرى ـ
تۆۋەن مەنسەپ، تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن. يەنى ساكيامونى
نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەن. ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەندە ھامان ياخشى
ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. مانا مۇشۇنىڭغا دائىر ھېكايىلار بۇددا دىنى تەرغىباتىدا
تىزما سۈرەتلىك ھېكايە شەكلى بىلەن ئىپادە قىلىنىپ، كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈنـ
دەشتە ساكيامونىدىن ئىبارەت «ئۇلۇغ سىما» نىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئاممىۋى دىنىي پائالىيەتـ
لەر ـ بۇت كۆچۈرۈش مۇراسىمى (بۇت سەيرىسى)، بۇددا ئۆلىمالىرىنىڭ
نوم نوملاشلىرىغا ئىشتىراك قىلىش، بۇددىستلارنىڭ رىۋايەت ـ ھېكايىلارنى مەدداھـ
لىق سەنئىتى بىلەن ئېيتىشلىرىغا قاتنىشىش، ئىبادەتخانا سەينالىرى ۋە «گۈلـ
لۈك كېمىلىر» ـ بېزەكلىك ئۆيلەر سەينالىرىدا ئاۋازسىز تىياترلارنى كۆرۈش؛ بايـ
رام كۈنلىرىدە تېۋىنغۇچىلار ئىبادەتخانىلارغا كېلىپ تۆۋە ـ ئىستىغپار ئوقۇپ، دىـ
نىي ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش... قاتارلىق پائالىيەتلەر ئەۋج ئالغانىدى. مانا مۇشۇ
خىلدىكى يىغىلىشلاردا دىنىي ئەھكاملارنى تەكرارلاش بىلەن بىرگە بۇددىستلار
كەڭ ئاۋامغا ئاساسەن بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ھېكايە ـ چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ، بۇددا
دىنىنى كەڭرى تەشۋىق قىلىشاتتى.

ئەنە شۇ يۇقىرىقىدەك پائالىيەت سورۇنلىرىدا بۇددا دىنىدىكى مەشھۇر ھېكايە ـ
چۆچەكلەردىن «ئالتۇن يارۇق» تىكى قىسسەلەر، ئىككى تېكىن ھېكايىسي، چوڭ
مايمۇن پاتمارال ھەققىدە ھېكايە، «چاشتانى ئىلىگ بەگ» قىسسىسى، ياغاچچى
بىلەن رەسسام ھېكايىسى، مايترىنىڭ ئۇچرىشىشى، ساكيامونى رىۋايەتلىرى، بۇددا ـ
لارنىڭ يارالمىشى، ھەققىدىكى قىزىقارلىق چۆچەكلەر، دوزاخ ۋە ئالۋاستىلار توغـ
رىسىدىكى دەھشەتلىك ھېكايىلار... ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلىنەتتى.

بۇنداق ھېكايە ـ چۆچەكلەر ئەسلىدە ھىندى خەلق چۆچەكلىرى ياكى قەدىمكى ھىندى رىۋايەتلىرى ئاساسىدا دىنىي تۈس بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، بۇددا نوملىرى دەستۇرلىرىغا كىرگۈزۈلگەن. ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنى ئەسەرلىرىنى خەنـ زۇچىدىن (بۇددا دىنى دەسلەپ غەربتىن ـ شەرققە يەنى غەربىي دىيار ئارقىلىق ئوتـ تۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان، ئىدىقۇت خانلىقى قۇرۇلغاندا بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭـ لىكتە بۇددا دىنى ناھايىتى گۈللەنگەن. شۇ ۋەجىدىن، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى كۆپـ لىگەن دىنىي ئەسەرلەرنى خەنزۇ تىلىدىن ھەم تەرجىمە قىلغان) كۆپرەك تەرجىمە قىلغانىدى. بۇنداق تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنى رىۋايەتلىرى كېيىنچە ئۇيغۇرلارـ نىڭ جۈملىدىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا سىڭىشىپ كەتـ كەن، ھەتتا بەزى بۇددا رىۋايەت ـ ھېكايىلىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

## 3. ئىدىقۇت ئەل ئەدەبىياتىدا ماقال ـ تەمسىللەر

ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ماقال ـ تەمسىللەر مول ۋە چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە. ماقال ـ تەمسىللەر خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى دۇنيا قارىشىنى، پەزىلەتلىرىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ۋە مىجەز-خۇلقىنى مەلۇم جەـ ھەتتىن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇ خەلقىنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھـ مىيەتكە ئىگە.

ئىدىقۇت ئەدەبىياتىنىڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدا ماقال ـ تەمسىللەرمۇ خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ماقال ـ تەمسىللەرمۇ تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردىن ھاسىل بولغان تەجرـ بىلەرنىڭ خۇلاسە قىلىنىشىدىن مەيدانغا كەلگەن. ماقال ۋە تەمسىللەردە خەلقنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرى، دانىشمەنلىكى ۋە ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى ئىزھار قىلىنىدۇ، كىشىلەرنى ۋىجدان، نومۇس ۋە ئادەمگەرچىلىك بىلەن ياشاشقا، بىلىم، ئەقىل، چىدام، غەيرەت ۋە ياخشى خۇلق ئىگىسى بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

ئىدىقۇت ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەنتىقىلىقى كۈچلۈك بولغان بىرمۇنچە ماقال ـ تەمسىللەر ئۇچرايدۇ، مەسىلەن:

(1) ئەسلىسى: ئەردەملىك كىشى ئەردەنى بىرلە تۈز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئەتۈك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول.

تەرجىمىسى: پەزىلەتلىك كىشى خۇددى گۆھەردەك،
پەزىلەتسىز كىشى پېتەكتەك.

(2) ئەسلىسى: بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلار بىرلە تۈز ئول،
بۇيانسىز كىشى بۇق باقىر بىرلە تۈز ئول.

تەرجىمىسى: ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخان بىلەن تەڭ تۇرىدۇ، (٥)
ساۋابلىق ئىش قىلمايدىغانلار تاشلاندۇق مىسقا ئوخشاشتۇر.

يۇقىرىقى ئىككى ماقال-تەمسىلدە سېلىشتۇرما قىلىش بىلەن جانلىق ئوخشىتىش تەڭ قوللىنىلىپ، پىكىر ناھايىتى ئىخچام، شۇنىڭدەك مەنتىقىلىقى كۈچلۈك ھالدا ئىپچىپ بېرىلگەن. شۇنى ئېيتىش زۆرۈركى، بۇ ماقال-تەمسىللەر دەل ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي تۇيغۇسى بىلەنمۇ زىچ باغلانغان بولۇپ، ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخان دەرىجىسىدە ئۇلۇغلانغان.

(3) ئەسلىسى: يەنەبەزى ماقال-تەمسىللەر چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنغا ئىگىدۇر:
بەگمىسنىمە يوق بەگ بولۇرسا بەلتىرسايۇ بەرگە سالۇر،
ئاتاقمىسنىمايۇق ئاتىغ بۇلسار ئارت سايۇ مايا‌قا يۇر.

تەرجىمىسى: ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا، ھەر دوقمۇشقا قامچا قويۇر،
ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا، ھەر داۋانغا بەلگە سالۇر.

بۇ ماقال-تەمسىلدە ئەمەلپەرەستلىك، زالىملىق، شۆھرەتپەرەستلىك خاراكتېرىدىكى ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك خۇلق-مىجەزى قاتتىق قامچىلىنىپ، ئىجتىمائىي ھاياتقا، جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان ئىش-ھەرىكەت ۋە خۇلق تەنقىدلەنگەن. بۇنداق ماقال-تەمسىللەر ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى مەلۇم جەھەتتىن قىسمەن چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

بەزى ماقال-تەمسىللەردە چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن ئىپچىپ بېرىلگەن:

(4) ئەسلىسى: كىمىنىڭ تامىرى يوغۇن بولسار قانىغى يىگىل،

تەرجىمىسى: يوغان تومۇرنىڭ قانىمىقى ئاسان.

(5) ئەسلىسى: ئىت قارى بولسار ياتىپ ئۇرۇر،

تەرجىمىسى: ئىت قېرىسا يېتىپ ھاۋشۇر.

---

ئىدىقۇت ماقال-تەمسىللىرىنىڭ بەزىلىرىدە بوشاڭلىق، ئىرادىسىزلىكنى قامچىلايدىغان، بۇ خىلدىكى سەلبىي ئامىللارغا قارىتىلغان تەنبىھلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندەيدىغان پىكىرلەر ھەم گەۋدىلىكتۇر:

(6) ئەسلىسى: قاشقىسىز كىشى تاشىغ تانچۇلاغالى،
قاناتسىز قۇش كۆككە ئۇچغالى.

تەرجىمىسى: ئىرادىسىز كىشى تاشنى پارچىلالماس①.
قاناتسىز قۇش كۆككە ئۆرلىيەلمەس

مەزمۇن جەھەتتىن مۇشۇ ماقال-تەمسىلگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان ماقال تەمسىللەرمۇ ئۇچرايدۇكى، بۇلاردا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ياكى قۇدرىتىگە يارىشا ئىش كۆرمەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۈلكىلىك ھەرىكەتلىرىمۇ ساتىرىك ئۇسۇلدا تەنقىدلىنىدۇ:

(7) ئەسلىسى: چىپىن تالۇيۇغ سۇغۇرغالى،
چۈمەلى تاغىغ يۈدگەلى قىلىنۇرىنچا.

تەرجىمىسى: چىۋىن دېڭىزنى سۈمۈرىمەن،
چۈمۈلە تاغنى يۆتكەيمەن دەپ زورىقىدۇ.

ئىدىقۇت ماقال-تەمسىللىرىدە يەنە سەگەكلىك، ھوشيارلىقنى ئۈستۈرۈش ھەققىدە يامانلاردىن ھەر دائىم ھەزەر ئەيلەش، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىش توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۈگۈت-نەسىھەتلىك پىكىرلەرمۇ خېلى گەۋدىلىك:

(8) ئەسلىسى: ياغمۇر ياغسا قاپۇغ بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك،
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك.

تەرجىمىسى: يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاك بولسا، يېپىنغۇال،
ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ماقال-تەمسىللەر بولۇپ، ئۇلاردا ھەرخىل ھايۋانلار، ئۇچار-قانات ۋە ھەر تۈرلۈك جانىۋارلارنىڭ ھەرىكەت، خاراكتېرلىرى ئادەملەرگە تەققاسلىنىپ، پىكىرلەر جانلىق، كونكرېت، ئوبرازلىق ھەم ئىخچام بايان قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىقۇت ماقال-تەمسىللىرىدىكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي، رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلار ھەرگىز قۇرۇقتىن-قۇرۇق ئىپادە ئېتىلگەن بولماستىن، بەلكى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئالاھىدىلىك بىلەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بىرىنچىدىن، ماقال-تەمسىللەر كۆپىنچە ئىككى مىسرادىن، باش ھەم ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرىي مىسرالار بىلەن تۈزۈلگەن. ئىككىنچىدىن، سىلىقلاشتۇرۇش، ئوخشىتىش،

① بۇ ماقال-تەمسىللەر پېتەر زىمە يازغان «ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىدىن خالى ئەدەبىياتى توغرىسىدا قىسقىچە سۆز»گە قارالسۇن. بۇ ماتېرىيال ئىستانبول ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تەرىپىدىن 1985-يىلى تۈركچە بېسىلغان.

② بۇ ماقال-تەمسىلنىڭ بىرىنچى ئىزاھاتى ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

جانلاندۇرۇش، تەققاسلاش قاتارلىق ئۇستىلىستىك ۋاستىلەر قوللىنىلىپ، پىكىر ـ مەزمۇن ئوبرازلىق ھەم كونكرېت ئېچىپ بېرىلگەن. بۇ ماقال ـ تەمسىللەر ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىدىقۇت ئەدەبىياتىنىڭ مول مەزمۇنلۇقىنى نامايان قىلىدۇ.

## 4. ئىدىقۇت ئەل ئەدەبىياتىدىكى ھەرخىل قوشاقلار

ئىدىقۇت ئەل ئەدەبىياتى تەركىبىدە يەرلىك سىيوژىتلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، بۇددا ھېكايە ـ چۆچەكلىرى ۋە ماقال ـ تەمسىللەردىن باشقا يەنە بىر مۇھىم تۈر خەلق قوشاقلىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردە «خەيىرلىك دۇئالىرى» «ئېرسالنامە» خاراكتېردىكى قوشاقلار، جەڭگە ئائىت قوشاقلار ۋە باشقا بىر مۇنچە قوشاقلار دىققەتكە سازاۋەردۇر.

1) ئىدىقۇت ئەل ئەدەبىياتىدا كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن بىرمۇنچە «خەيىرلىك دۇئالىرى» ساقلانغان. بۇ تۈرگە مەنسۇپ قوشاقتىن بىر مىسال:

(1) تەرجىمىسى: قىسارى ئارسلان تەگ سىكرىيۇ.
قىرغىنى قىرمىش بۇغرا تەگ كۆكرەيۇ.

ئاچمىش بارس تەگ ئالىقۇ،
ئاۋتاقى كەيىك تەگ يۈگۈرۈ.

كۈمۈش ـ لوگ تاغ تەگ كۆركلەنۈ،
كۆمۈت شۇ ـ ئا تەگ ئاچىلۇ.

بۈرك تەگ كەدىلۈ،
بىچەك تەگ ساپىلۇ.

قۇم (تەگ) يىغىلۇ،
قۇرۇم قايا تەگ يىمىرىلۇ.

تەرجىمىسى: كۈرس كىرگەن ئارسلاندەك سەكرەيلى،
بۇرغىغا كىرگەن بۇغرىدەك ھۆكرەيلى.

ئاچ يولۋاستەك ئالغۇر بولايلى،
ئوۋ كىيىگىدەك يۈگۈرەيلى.

كۈمۈش تاغدەك كۆركەملىشەيلى،
كۈمۈت (بىرخىل دەرەخ) چېچەكىدەك ئېچىلايلى.

بۇكتەك كىيدلـەيلى،
پىچاقتەك ئۆتـكۈرلىشەيلى.

قۇمدەك تـوپلىنايلى،
قىيادەك كـۆمـرىـلەيلى①

بۇ قوشاقنى گېرمانىيىلىك پېتىر زېمە تۇرپاننىڭ «قـۇرۇتقـا» دېگـەن يېرىدىن تېپىلغانلىقىنى، خرىستىئان دىنىغا (يەنى خرىستىئان دىنىنىڭ نېستۇرىئان مـەزھىپىگـە ئېتىقـاد قىلغـان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا خاس ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. بۇ خىلدىـكى قوشاقلار ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى خۇشال - خۇراملىق بىلەن كۈتۈۋالغان پەيتلىرىدە (بۇنداق پەيتلەردە مۇراسىملار ئۆتكۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن) ياخشىلىقنى، باياشاتلىقنى، ئامان - ئېسەنلىكنى، قۇت كېلىشىنى تىلـەپ ۋقۇغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

باش قاپىيىلىك جۈپ مىسرادىن تۈزۈلگەن بۇ قوشاقتا ئارسلان، بۇغرا، يـولۋاس، كېيىك قـاتارلىق هايۋانلار تىلغا ئېلىنىپ، «هـايۋان ئىستىلى» سىمۋولـلاشتۇرۇلغان، يەنى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى يىرتقۇچ ۋە جـەسۇر هايۋانلارنىڭ هـەرىكىتى بىلـەن ئوخشىتىش ئارقىلىق جاسارەتلىك بولۇش، شۇنىڭدەك قۇمدەك بىر يەرگە تـوپـلىنىش، قىيادەك گۈمۈرۈلۈش قاتارلىق بەهەيۋەت هەرىكەتلەر تەسۋىرلىنىپ، جەسۇرلۇق، قەهرىمانلىق، ئۈملۈك ئىدىيىۋى روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

دەرۋەقە، دىندىن تامامەن خالى سۆز - ئىبۇقۇملار بىلەن تۈزۈلگەن بۇ قوشاق كىشىـلەرنى جەسۇرلۇق، قەيسەرلىك، كوللېكتىپلىق روھقا ئۈندەپ، ئـۇلارنى ئـۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ خىلدىكى قوشاقلار ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىدىن تاشقىرى، شەكىلدىكى ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ ئىدىقۇت ئەل ئېغىز ئـەدەبىياتىنى رەڭدارلىققا ئىگە قىلغان.

2) ئىدىقۇت ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ قوشاقلار تۈرىدە يەنە ئېرسالنامە خاراكتېرىنى ئـالغان قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ:

(2) ئەسلىسى:

قاشغالاق باشلىغ قاشى،
قالقانا ساينىڭ تاشى.
قاداشقا ئـۇرۇغقا ياغـى،
قارنى تولا ئاغۇ.

تەرجىمىسى:

قـاشغالاق② باشلىق هەم قىشى،

---

① بىرىنچى ئىزاھتىكى ماتېرىيالغا قارالسۇن.
② قاشغالاق — بىرخىل قۇش، قاشقالداق.

قالغىنى سايىنىڭ تېشى،
قەۋم-قېرىنداشقا يېغى،
قارىندا كۆپتۈر ئوغى.

(3) ئەسلىسى: قىلمىش ئىشى قىيىق،
قىلىقى كەندۇ سىيۇق.
قىرقىرىپ قاچار قىرىىق،
قىردىشى ئەسكى چارۇق.

تەرجىمىسى: قىلغان ئىشلىرى قىيىق،
قىلىقى ھەم ئۆزى بۇزۇق.
قاچىدۇ قىردىن-قىرغا،
قىياپىتى ئەسكى چورۇق①

بۇ قوشاقتا بىر كىملەر «قاشغالاق» قا ئوخشىتىلىپ، كۆرۈنۈشى چىرايلىق، لىب-كىن خۇي - پەيلى يامان ئادەملەر قامچىلانغان. ساتىرىك، ھەجۋىي خاراكتېرلىك بۇ قوشاقتا كىشلەردىكى يامان ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنىپ، تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال ئادەملەر ھەجۋىي قىلىنغان. ستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ توقۇلغان بۇ ئىككى كۇپلېت قوشاق ئۆزىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىدىقۇت ئەل ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ خەلق قوشاقلىرى تۈرىنى كۆپ خىللىققا ئىگە قىلغان.

3) ئىدىقۇت قوشاقلىرى تۈرىدە يەنە جەڭگە ئائىت توقۇلغان قوشاقلارمۇ ئۇچرايدۇ:

(4) ئەسلىسى: تۇملىپ قىرىپ توقشىماق،
تۇرۇم ئارا يوق قىلماق.

ئۆكۈنۈپ تەگىپ ئەر تۇتماق،
ئۆكۈش تەلىمىڭ قورقىتماق.

يارىقلانىپ سىكرىتمەك،
ياغۇيۇ تەگىپ ئوقلاماق.

① يۇقىرىقى ئىزاھتىكى ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

بۇ قوشاقنى پېتىر زىمە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى چىڭگىزخان ئىمپېراتورلىقىغا تەۋە بولغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. 1 - ئىزاھتىكى ئەسەرگە قاراڭ.

كەد گىرىپ تەگىپ سىكرىتمەك،
كەدىن كەچەنىن ئۆيۈ ئادماق.

ئات ئارقاسىنتا ئاتلاماق،
ياغا بويۇنتا ياتلاماق.

ئۈرۈق سالماق ئۇرۇغۇ ئۇچۇرۇغ ياتماق،
ئۇلۇغ ئۇلۇغ ئىلەرىگ ئۇلۇشلارىغ ئالماق①

تەرجىمىسى: سالماق بىلەن (جەڭگە) كىرىپ توقۇنۇشايلى،
هامان (دۈشمەننى) يوقىتايلى.

ئۈملىشىپ هۇجۇم قىلىپ ئەسىر تۇتايلى،
كۆپلىكىمىز بىلەن دۈشمەنلەرنى قورقىتايلى.

يىغىنلاپ بىرىپ ئوق ئاتايلى،
ئالدىغا ئاتلىنىپ زەربە بىرەيلى.

ئارقا تەرەپتىن، كىچىدە ئۆيقۇدا باسايلى،
ئات ئارقىسىدىن ئات سالايلى.

يەل بويىندا ئولتۇرۇپ هۇجۇم قىلايلى،
سىرتماق تاشلاپ، بايراق ۋە تۇغ لەپىلدىتەيلى.

ئۇلۇغ ئەللەرنى ۋە خەلقلەرنى ئېلىپ،
ئۆزىمىزگە بويسۇندۇرايلى.

بۇ قوشاقتا هەر خىل جەڭ تاكتىكىسى تىلغا ئېلىنغان. بۇنداق مەزمۇندىكى قوشاقلار «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىگ» تىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ قوشاقمۇ ئىككى مىسرا بىرخىل باش قاپىيىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، ئىپادىلەنگەن مەزمۇن جۇشقۇن ۋە جەڭگىۋار روهنى نامايان قىلىدۇ.

* *

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئەدەبىيات ناهايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنىدى. ئىدىقۇت ئەدەبىياتىدا خەنزۇ ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى (شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمهالى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، هىندى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى (بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە هېكايە - چۆچەكلىرى نەزەرگە ئېلىن

① بۇ قوشاقمۇ يۇقىرىقى ئىزاهتىكى ماتېرىيالدىن ئېلىندى.

نىدۇ) ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ بەزى قەدىمىي نەمۇنىلىرىنىڭ تەسىرى (ئىزوپ مەسەللىرى ۋە خرىستىئان دىنى بىلەن بىرگە كىرگەن بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ھەم ساقلانغان. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تۈپكى خۇسۇسىيىتى، شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا ئەنئەنە بىلەن چەتتىن قوبۇل قىلىنغان شەكىل ۋە مەزمۇن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تىل جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئاساس قىلغان، مەزمۇن جەھەتتىن رېئالىي ۋە دىنىي مەزمۇن بىرلەشتۈرۈلگەن مول مەزمۇنلۇق ئۇيغۇر بۇددا ئەدەبىياتى يارىتىلغاندۇر.

قىسقىسى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى ئۆزىدە ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى باشلانما يازما ئەدەبىياتىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئەنئەنىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساسىدا راۋاجلىنىپ، گۈللەنگەن بولسا، ئۇ ئۆزىدە يەنە كېيىنكى دەۋر ئەدەبىياتى ئۈچۈنمۇ ياخشى نەمۇنىلەرنى، ئاساسلارنى ياراتقاندى.

شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس بولغان ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ھالبۇكى، بىزدە يېزىلىۋاتقان ئەدەبىيات تارىخىدا (ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا)، جۈملىدىن ئىدىقۇت ئەدەبىياتى توغرىسىدا يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلەردە بۇ دەۋرگە ئېتىبارسىز قارالدى. بولۇپمۇ ئىدىقۇت دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئەل ئېغىز ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئەڭ ئەقەللىي ساۋاتلارمۇ تىلغا ئېلىنمىدى.

مەن مانا مۇشۇ ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا، قولۇمدا بار بولغان ماتېرىياللارغا تايىنىپ تۇرۇپ، مەزكۇر ماقالىنى يازدىم. مەقسەت، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇ مەسىلىگە ئازدۇر - كۆپتۇر جەلپ قىلىشتىن ئىبارەت، خالاس.

ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كەسپداشلار شۇنى ئەستىن چىقارماسلىقلىرى كېرەككى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتىنىڭ سۈت ئانىسىدۇر. بۇ قانۇنىيەتتىن چەتنەشكە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئىدىقۇت دەۋرىگە سەل قارالسا، ئۇ ھالدا، ئەدەبىيات تارىخىمىز ھەم مۇكەممەل يېزىلمىغان بولىدۇ.



# ئەل مۇتەنەببى

قۇتلۇق قادىر

ئۆزىنىڭ ئاجايىپ جەڭگىۋار شېئىرلىرى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئۆلمەس تۆھپە قوشقان مەشھۇر شائىر — ئەبۇ تەييىب - ئىبنى ئەل ھۇسەيىن ئەل - مۇتەنەببى 915 - يىلى ئىراقتىكى كۇفە رايونىنىڭ ئەل - كىندە كەنتىدە بىر كۆچمەن چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە يەمەنلىك بولۇپ، كېيىنكى يىللاردا ئىراققا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شۇڭا شائىر جەنۇبىي ئەرەب تىل شېۋىسىدە سۆزلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە زېرەك تىرىشچانلىقى بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، قەدىمكى ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە تارىخ، پەلسەپە ئىلىملىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. شائىر ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى كۆچمەن چاۋىچىلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن. ئەينى ۋاقىتتا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ زومىگەرلىكىگە يەنى ئابباسىيلار ھاكىمىيىتىگە قارشى بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ، شائىرنىڭ جەڭگىۋار شېئىرىي ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭدىن كېيىن خەلقنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. ئۇنىڭ بىۋاسىتە يېتەكچىلىكىدە ساماۋارا يونىدا بىر قېتىملىق قوزغىلاڭ پارتلىغان قوزغىلاڭ باستۇرۇلۇپ، شائىر قولغا ئېلىنغان. شائىر بۇ جەرياندا نۇرغۇنلىغان ھەجۋىي شېئىرلارنى يېزىپ، كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. ئۇ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ سۇرىيە، مىسىر قاتارلىق ئەللەردە زىيارەتتە بولغان. شائىرنىڭ قەدىمكى ئەرەب شېئىرىيىتى بويىچە ئىجاد قىلىشتەك شېئىرىي ئىستېداتىغا قايىل بولغان سەيفۇد - دەۋلە مۇتەنەببىنى ئۆز ئوردىسىغا تەكلىپ قىلغان. شائىر ئوردىدا توققۇز يىل تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئوردىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ھەسەتخورلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزى جىمجىتلا دەمەشققە كېتىپ قالغان. شائىر دەمەشقتە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن مىسىرغا قايتىپ، ئۇ يەردە نۇرغۇنلىغان ھەجۋىي شېئىرلارنى يازغان. كېيىن مىسىردىن ئىراققا قايتىپ كەلگەن ۋە ئىبنى ئەل ئەمىرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنىشىغا ئېرىشىپ سۇۋسىنادا تۇرغان. 941 - يىلى شىرازغا ئەبدۇد - دەۋلەنىڭ تەكلىپى بىلەن بېرىپ تۆت يىل تۇرۇپ، خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، يەرلىك خەلقنىڭ قىزغىن ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شائىر 965 - يىلى شىرازدىن باغداتقا كېتىۋېتىپ يول ئۈستىدە بەختكە قارشى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئالەمدىن ئۆتكەن. شائىرنىڭ ئۆلمەس قەسىدىلىرى، لىرىك شېئىرلىرى ئەرەب شېئىرىيىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇپلا قالماستىن بەلكى تا ھازىرغا قەدەر ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىمۇ بەلگىلىك ئورۇن تۇتۇپ كەلدى. ئۇنىڭ «دىۋانى مۇتەنەببىي» ناملىق ئەسىرى مەدرىسلەردە ئوقۇتۇلۇپ كەلگەن. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن تەجەللى ۋە ئابدۇجېلىل ھاجى قاتارلىقلار مۇتەنەببىي ئەسەرلىرىگە نەزىرەلەر يازغان. شائىر مۇتەنەببى يالغۇز شېئىرىيەتتىلا ئەمەس، بەلكى پەلسەپە پەنلىرىدىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ھازىرغىچە «ئەۋلىيا» دەپ ئاتىشىدۇ. بەزىبىر دىنىي مۇراسىملاردا مۇتەنەببىنىڭ قەسىدىلىرىنى زوق - شوق بىلەن ئوقۇيدۇ.

# غېرىپ ـ سەنەم

(داستان)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئابدۇراخمان

ئۆتكەن زەماندا شاھ مەھمۇد دېگەن بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىبردى. ئۇنىڭ مىرزا ھەسەن ۋە مىرزا ھۇسەن ئاتلىغ ئىككى ئوغلى بار ئىبردى. شاھ مەھمۇد ۋەفات بولغاندىن كېيىن، مىرزا ھەسەن ئۇكىسى مىرزا ھۇسەننى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى ۋەزىر بولدى. بىر كۈنى مىرزا ھۇسەن ئەمىر ـ ئەكابىرلىرىنى يىغىپ:

— ئەي ئەئيانى مەملىكەتلىرىم، بىر تۇغقان ئاكام مىرزا ھەسەننىڭ مەسلىھىتى نەدۇر؟ — دەپ، ئەركان دۆلەتلىرىگە قاراپ نىمە دەيدۇ قېنى:

بۈگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار،
ئاغام ماڭا بۈگۈن دۈشمەن بولۇپتۇ.
ئەرزىم ئىشتىڭ ئۆلىماۋۇ بەگلەرىم،
بۈگۈن ئاغام ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇر.

قەبا فەلەك ئىقبالىمنى پەست ئەتمىش
شۇڭا رەقىبلەر بۇ ھالىمغا قەست ئەتمىش
ئۆلتۈرمەككە كۆپ مەسلىھەت تۈزەتمىش،
قېرىنداشىم ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇر.

دۈشمەنلەرگە خۇدا بەرگەي زەۋالە،
دوستلارىمغا ئىبگەم بەرگەي كەمالە.
بۇ كۆڭلۈمگە ئەجەب تۈشتى خەيالە،
دوستلار ماڭا بۈگۈن دۈشمەن بولۇپتۇر.

بۇ باشىمغە تۈشتى قايغۇ ـ تۇمانە،
فەلەك سالدى ماڭا ئاخىر زەمانە،
قىلغان ئىبادەتىم بولدى ۋەيرانە،
بۈگۈن ماڭا ئاخىر زەمان بولۇپتۇر.

ئەسىر ئوقى ئۆتتى يۈرەك باغرىمدىن،
دۈشمەن قەست ئەيلەدى ئۆز ئاياغىمدىن،
بۇلبۇل ئۇچۇپ ئۆتتى بەھار باغىمدىن،
تېز ئاچىلغان گۇللار خەزان بولۇپتۇر.

مەھمۇت شاھ دەر يوقتۇر مېنىڭ سىر-
داشىم،
ئەرز ئايتۇرغە يوقتۇر مېنىڭ يولداشىم،
غەمدىن قۇتۇلماغان مېھنەتلىك باشىم،
سىرداشلارىم ماڭا دۈشمەن بولۇپتۇر.

ئەلقىسسە، ئەمىر ـ ئەكابىرلار ئايدىكىم:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ھەسەن ۋەزىر شەھەر سارى يانىپ كەلگۈنچە ئۇنىڭ ئالدىدىن چىقىپ تۇتۇپ ئالغايمىز. شۇندا ياخشى بولۇر، — دەپ ھەرقايسىسى بىر ئازدىن لاپ ئۇردىلەر. پادىشاھگە

بۇ سۆز مەئقۇل بولدى. بىر مۇنچە لاۋۇ-لەشكەرلەر تەييار بولۇپ پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئالىم ھەسەننى تۇتماققا ئاتلاندىلار.

بۇ ۋەقە مىرزا ھەسەنگە يەتتى. ھەسەن ۋەزىر بۇنى ئىشتىپ، يىگىرمە مىڭ لەشكىرىنى جەم قىلىپ ئايتتىلاركىم:

— ئەزىم مۇھەممەد دېگەن ئاردا دۇشمەنلىك قىلىپ كۆپ لەشكەر تارتىپ كەلگەنمىش. ئىنىم بىز بىلەن ئۇرۇش قىلغىلى نىيەت قىلغانمىش. شول سەۋەبىن ئۆزگە شەھەرگە كۆچۈپ كەتكەيمىز. خوپ بولۇرمۇ؟

يىگىتلەر ئېيتتىلاركىم:

— مەھمۇد پادىشاھ بىلەن ئۇرۇشقايمىز. ئاندىن مىرزا ھەسەن ۋەزىر:

— سەۋرى قىلىڭلار. خۇداي تەئالانىڭ بىر ئىرادىسى باردۇر، — دەپ يىگىتلەرگە ئۇلۇغلاردىن تەمسىل كەلتۈرۈپ، دەرد ۋە ئەفسۇس بىلەن ئاھ تارتىپ:

دۇئا قىلىڭ نەۋكەرلەرىم،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.
بىللە يۈرگەن يىگىتلەرىم:
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

ئەردىڭىزلەر قەدىردانىم،
جاندىن ئەزىز مېھرىبانىم،
يۈرەكتە كۆپ دەرد-ئارمانىم،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

فەلەك قىلدى بىزنى ناشاد،
گىلاھىمگە ئەيلەيىن داد،
دۇشمەنلەردىن قىلىڭ ئازاد،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

جەۋاب بەردىم مەن سىزلەرگە،
رۇخسەت بېرىڭ سىز بىزلەرگە،
سالام ئايتىڭ كەنىزلەرگە،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

كۆزدىن ئاقار قانلىق ياشىم،
ئول بىۋاپا قېرىنداشىم،
سىزلەر بولۇڭلار يولداشىم،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

ھەسەن ۋەزىر دادىن ئېيتار،
ھەركىمدىن دەۋران كېتەر.
قازا ئوقى بىر كۈن يېتەر،
خوش ئەمدى جانلار خوش ئەمدى.

دەپ مۇناجات ئايتتى. يىگىتلەرى ئايتتىلاركىم:

— ئەي بېگىم، بىز سىلىدىن ئايرىلىپ بۇ دۇنيادا نېچۈك تىرىكلىك قىلغايمىز، — دەپ ھەممىلىرى ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئارقىلىرىغا كىرىپ بىللە كەتتىلەر. ھەسەن ۋەزىر يىگىرمە مىڭ يىگىتى بىلەن يولغا رەۋان بولدى. شۇ يۈرگەنلەرىچە نەچچە ئاي، نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر خۇش ھاۋا يەرگە يېتىپ كەلدىلەر. كۆردىلەركىم، سۇلار ھەر تەرەپكە جارى بولۇپتۇر. دەل-دەرەخلەر ناھايىتى تولا. گۈلزارلىقتا بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرۇپتۇ. ھەسەن ۋەزىر باشلىق ھەممە لاۋۇ-لەشكەرلەر بۇ يەرنى ناھايىتى خۇش ھاۋا كۆرۈپ شۇ جايغە چۈشتىلەر. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىپ، بىر شەھەر بىنا قىلماققا مەشغۇل بولدى. بىر نەچچە كۈندە

بۇ شەھەرنى پۈتكۈزۈپ، ھەسەن ۋەزىر باشلىق تامامى لەشكەرلەر كىرىپ ئولتۇراقلىشىپ، بۇ شەھەرلەرگە «ھەلەف شىرۋان» دەپ ئات قويدىلار. بۇ يىگىرمە مىڭ يىگىتلەر ئاراسىدىكى ھۈنەرۋەنلەر ھەممىسى ئۆز ھۈنەرىگە مەشغۇل بولدىلار، دېھقانلار دېھقانچىلىققا كىرىشتىلەر. بۇ سۆز مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇرسۇن.

دىيارى بەكرى دېگەن شەھەردە بىر پادىشاھ بار ئەردى. ئاتى شاھى ئابباسخان ئەردى. ناھايىتى ئۇلۇغ، ئادىل پادىشاھ ئەردى. تۆت يۈز شەھەرگە ھۆكمى يېتەر ئەردى. ئەمما ئادالەت بابىدا بىنەزىر ئەردى. كېچە ـ كۈندۈز، خاھى قىش خاھى ياز ئالدىدا يۈزمىڭ لەك لەشكەر بەرقارار، پەرمانبەردار تۇرار ئەردى. ئول پادىشاھنىڭ بىر ۋەزىرى بار ئەردى.

كۈنلەردىن بىر كۈن سودىگەرلەر پادىشاھى ئاببىاسخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ئەرز قىلدىكى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سىزنىڭ بۇ قەبىلىڭىزگە بىر پادىشاھ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن كېلىپ بىر شەھەر بىنا قىلىپتۇر. ئول شەھەرگە ھەلەف شىرۋان دەپ ئات قويۇپتۇ. ئول شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمى مىرزا ھەسەن ئىمىش. ئاخىرى بۇ شەھرىڭىزگە بىرەر زەرەر يەتكۈزمەگەي، شۇنچىلىك ۋاقىتتا بىر ئەلچى ئىبەرتكىنىڭىز ياخشى بولۇرمىكىن، ـ دېدى. بۇ سۆز پادىشاھقىمۇ مەقۇل كەلدى ۋە قىرىق سەركەردىسىنى ئىلغاپ، بىر مۇنچە تارتۇق ـ پىشكەشلەرنى ھازىرلاپ، نامە يازىپ ئەلچىلىككە بۇيرىدىلار.

ئەلچىلەر بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ، ھەلەف شىرۋانغە يەتتىلەر. بۇلار ئوردىغا كىرىپ، مىرزا ھەسەنگە كۆرۈنۈش قىلىپ، نامەنى تۇتۇپ بەردىلەر. مىرزا ھەسەن نامەنى قولغا ئالىپ، پادىشاھى ئاببىاسخان تەرەپكە بېقىپ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئەلچىنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تەختكە ئولتۇرغۇزۇپ ئىنئام ـ ئېھسان بەردىلەر، نامەنى ئوقۇپ پادىشاھ مىرزا ھەسەن باشلىق ھەممە ئەركانى دەۋلەتلەرى، يىگىرمە مىڭ يىگىتنىڭ ھەممەلىرىنىڭ ۋاقىتلىرى ناھايىتى خۇش بولۇپ قالدىلار. مىرزا ھەسەن يىگىتلەرىگە قاراپ بىر مەسلىھەت بېرىڭلار دەپ بۇ نەزمىنى ئايتتى:

قۇلاق سېلىپ ئەرزىمنى ئىشتىڭ يارانلار،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار.
بويى غۇنچە، ھۆسنى نازۇك يىگىتلەر،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار.

شاھى ئاببىاس ئەۋەتىپتۇ سەلامىن،
نامە بىرلە يېزىپ ياخشى پەيامىن،
سىزلەر قىلىڭ ئەمدى يول سەرەنجامىن،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار.

يىگىتلىرىم سىزلەر بېرىڭ مەسلىھەت،
ھەقتىن يېزىلمىشتۇر بىزگە بۇ قىسمەت،
ئەمدى كەلدى بىزگە ئەيىامى دەۋلەت،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار.

بىز بەندىنى خۇدا قىلسا سەرەفراز،
راھەت تاپار ھەر سائەتتە قىشۇ ياز،
يۈرۈك يىگىتلىرىم بارىپ پىشباز،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلىھەت بېرىڭلار.

بۇگۈن كەلمىش بەختىمىزنىڭ ئەختەرى،
يېزىلىپتۇ بۇگۈن شادلىق دەپتەرى،

ئاچىلمىشدۇر غەرىب كۆڭلۈم شوھۇرى،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلەھەت بېرىڭلار.

دۇئايىمنى خۇدا قىلىپ ئىجابەت،
شاھى مەردان پىرىم قىلدى كەرامەت،
مۇرادىمنى ئىگەم قىلدى كىفايەت،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلەھەت بېرىڭلار.

ھەر بەندەگە خۇدا ئۆزى يار بولسۇن،
شۇم رەقىبلەر ئاياغىمدا خار بولسۇن،
رەسۇلىللاھ بىزگە مەدەتكار بولسۇن،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلەھەت بېرىڭلار.

ھەسەن دەرلەر: جانىمنى ئەيلەيىن قۇربان،
فىدا بولسۇن سىلەرگە جانۇ جەھان،
خۇدا قىلسۇن رىزقىڭلارنى فەراۋان،
بۇگۈن ماڭا بىر مەسلەھەت بېرىڭلار.

يىگىتلەر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭۈللەرى ئويناپ ئەندىشە قىلىپ ئايتىتىلاركىم:

— ئەي پادىشاھىم، ھەر نەچۇككىم بولسا بارغانىمىز ياخشى بولۇر، — دەپ مەسلەھەت سالدى. پادىشاھ مەقۇل بولدى. ئاندىن قىرىق سەركەردەگە شاھانە سەۋپايلار بېرىپ، تولا ئىنئام-ئىھسانلار بىلەن «بىزلەر ئارقادىن يېتىپ بارۇرمىز» دەپ يولغا سالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يول جابدۇقلارىنى راستلاپ، ئىككى مىڭ مەھرەم يىگىتلەرى بىلەن ئاتلانىپ يولغا رەۋان بولدىلار. نەچچە كۈن مەنزىل-مەراھىللەرنى تەي قىلىپ، دەريالارنى قەتئ ئەيلەپ، يىگىرمە بىر كۈندە دىيارى بەكرى ۋىلايەتىگە يېتىپ باردىلار. شاھى ئاببباسخان بۇلارنىڭ كەلگەنىدىن خەبەر تاپىپ، جەمئىي ئۆزىگە تەۋە سەركەردەلەرى بىلەن پېشىباز چىقىپ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئوردىغە تۈشۈردىلەر، بۇ كەلگەن ئىككى مىڭ يىگىتكە كۆپ ئىنئام-ئىھسانلار قىلىپ مېھمانلارغا قەرار-بەقەرار قىلدىلار. ئاندىن بۇ ئىككى پادىشاھ بىر-بىرى بىلەن سىرداشتى. شاھى ئاببباسخان مىرزا ھەسەندىن سوئال سورغانى، مىرزا ھەسەننىڭ جەۋاپ بەرگەنى:

شاھى ئاببباس:

ئەرزىم ئىشىت، ئەزىز مېھمانىم،
سۆزلە ھالى فەرىشانىڭ.
سەن ئېرۇرسەن كۆڭۈل خۇش كاھىم،
سۆزلە ھالى فەرىشانىڭ.

مىرزا ھەسەن:

ئەرزىمنى ئىشىت، ئەي سۇلتانىم،
بۇدۇر ھالى فەرىشانىم.
سەن-سەن مېنىڭ مېھرىبانىم،
بۇدۇر ھالى فەرىشانىم.

شاھى ئاببباس:

شاھ نەسەبدىن ئەدا بولدۇڭ؟
ئەل-خەلقىڭدىن جۇدا بولدۇڭ؟
نىگە بەختىڭ قارا بولدۇڭ؟
نەدۇر ھالى فەرىشانىڭ؟

ھەسەن ۋەزىر:

يۇرەر يولۇمدىن ئايرىلدىم،
قاناتلارىمدىن قايرىلدىم،
ئۆز يۇرتۇمدىن مەن ئايرىلدىم،
بۇدۇر ھالى فەرىشانىم.

شاھى ئاببباس:

ئىشىت مېنىڭ بۇ فەريادىم،
يېتەرمىكىن ساڭا دادىم،
بەيان قىل پادىشاھ زادىم،
نەدۇر ھالى فەرىشانىڭ؟

مىرزا ھەسەن:
ياخشى كۆنلەر بولدى زەھەن،
خەزان بولدى باغۇ گۈلشەن،
ئاغام بولدى ماڭا دۈشمەن،
بۇدۇر ھالى فەرىشانىم.

شاھى ئابباس:
شاھ ئابباس دەر: بولدۇم خەراب،
ئىزلارىڭنى قىلسام تەۋاف،
راستى بىلەن بەرگىن جەۋاب،
نەدۇر ھالى فەرىشانىڭ؟

مىرزا ھەسەن:
ھەسەن ۋەزىر ئەرزىم ئايتاي،
جەۋاب بىرىڭ يۇرتقا قايتاي،
سۇئالىڭغا جەۋاب ئايتاي،
بۇدۇر ھالى فەرىشانىم.

بۇ سۆزنى ئىشتىپ شاھى ئابباسخان:

— ئەي ئەزىزىم، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزگە ئىلتىفات قىلسىلا، — دەپ تولا ئىلتىجا قىلدىلار. مىرزا ھەسەن ئايتتىكى:

— ئەي پادىشاھىم، ھەلەف شىرۋان دىگەن شەھىرىمىزدە ئون سەككىز مىڭ يىگىتىم بار، ئۇلار مىنى دەپ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، خاتۇنلارىنى تۇل، بالا-چاقلارىنى يىتىم قىلىپ كىلىپ ئەردى. مەن ئۇلارنى ئاندا قويۇپ، ئۆزۈم بۇ شەھەردە تۇرالماسمەن.

شاھى ئابباسخان:

— ئەگەر ئانداغ بولسا بۇ شەھەردىن ئون سەككىز مىڭ كىشىنى كۆچمەن قىلىپ ئىسىنەرتەي. ئۇلارنى بولسا بۇ يەرگە ئالىپ كەلگەيمىز، — دىدى. بۇ سۆز مىرزا ھەسەنگە خۇش كەلدى. شاھى ئاببасخان ھەممە ئەمىر-ئەكابىرلارىنى يىغىپ:

— يۇرت-يۇرتلارىنىڭ سەھرالارىدىن ئون سەككىز مىڭ ئۆيلۈك ئادەم تەييارلاپ كۆچمەنگە تەييارلاڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى.

بۇ سۆز بىلەن بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا كۆچمەنگە ئون سەككىز مىڭ ئادەم تەييارلاپ پادىشاھغە مەلۇم قىلدى. شاھى ئابباسخان بۇلارنىڭ ھەرقايىسىغا ئەھۋالىغا يارىشا سەرۇ پائىنئام-ئىھسان قىلدى. ئاندىن بۇلارغە ئايبىك دىگەن سەركەردىنى سەردار قىلىپ ھەلەف شىرۋانغە ماڭدۇردىلار. يەنە مىرزا ھەسەن بىر نامە يازىپ، ئۆز مۆھۆرىنى باسىپ ئايبىككە بەردىلەر. ئايبىك بۇ ئادەملەرنى ئالىپ ھەلەف شىرۋانغە يۈردىلەر. شۇ يۈرگەنلەرىچە مەنزىللەرنى بىسىپ، يىگىرمە بىر كۈندە ھەلەف شىرۋانغە كەلدىلەر.

ئەلقىسسە، مىرزا ھەسەننىڭ ھەلەف شىرۋاندىكى قالغان سەركەردەلەرى دىيارى بەكرىدىن كەلگەن خەلايىقلارىنىڭ ئالدىغە پىشباز چىقىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئورداغە چۈشۈردىلەر. ئايبىك مىرزا ھەسەننىڭ نامەسىنى بەردىلەر. ھەلەف-شىرۋاندىكىلەر بۇ نامەنى ئىشتىپ ناھايىتى خۇش بولۇپ، يول جابدۇقلارىنى راستلاپ يولغە چىقتى. ئايبىك بۇ يىگىتلەرگە قاراپ خۇن جىگەردىن چىقارىپ نىمە دەيدۇ قىنى:

كىتەر بولساڭ دىيار بەكرى شەھرىگە،
شاھى ئابباسخانغە سەلام دىگەيمەن،

ئەللاھ سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
مىرزا ھەسەن ئاغامغە سەلام دېگەيسەن.

خۇدايىمغە يېتەر بەندىنىڭ دادى،
مىرزا ھەسەن خۇدا سۆيگەن بەگزادى.
خۇدا قىلغاي بەندەلەرنى ئازادى،
جۇملە يارانلارغە سەلام دېگەيسەن.

مۇندا كەلدۇق بىزلەر ئېسەن ئەمانە،
باشىمىزدىن كەتتى قايغۇ تۇمانە،
يۇرەكىمدە كۆپتۇر داغى ھىجرانە،
بىزنى سورغانلارغە سەلام دېگەيسەن.

خىزمەت ئۇچۇن بېلىن مەھكەم باغلاغان،
ھەق يولىدا سىنەسىنى داغلاغان،
ئايىبېك دەرلەر زارۇ گىريان يىغلاغان،
ئەھلى قۇرداشلارغە سەلام دېگەيسەن.

ئەلقىسسە، بۇلار بىر-بىرلىرى بىلەن ۋەسىيەتلەشىپ يولغە رەۋان بولدىلار. شۇ يۇرگەنلەرىچە نەچچە كۈن يول يۇرۇپ، دىيارى بەكرى شەھرىگە يەتتىلەر. شاھى ئابباسخان، مىرزا ھەسەن ھەم بۇلارنىڭ كېلەدۇرغان خەبەرىنى ئىشىتىپ جەمئىي تابىئە-سەركەردەلەرنى ئۇلارنىڭ ئالدىغە چىقارىپ، ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئورداسىغە ئالىپ كېلىپ تۇشۇردىلەر. بۇلار شاھى ئابباسخان، مىرزا ھەسەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، خۇداۋەندى تەئالاغە نەچچە مىڭ شۇكرىگۇزارلىق قىلىشتىلار. ئاندىن شاھى ئابباسجان ۋە مىرزاھەسەن بۇ كەلگەن يىگىتلەرگە نەچچە كۈن مەجلىسى شاھانە قىلىپ بەردىلەر. ئاندىن شاھى ئابباسخان مىرزاھەسەننى ئۆزىگە ۋەزىر قىلدىلار. ھەلەق شىرۋاندىن كەلگەن 18 مىڭ يىگىتنىڭ ھەربىرىنى ئۆزىگە لايىق ئىشقا قويدىلار.

شاھى ئابباسخانىنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئەردى. ئۇ ناھايىتى ساھىبجەمال سەنەم ئەردى. يۇرتنىڭ ھەممەسىنى چاقىرىپ، 40 كېچە-كۈندۈز توي تەماشا قىلىپ بۇ قىزنى ئەھدى نىكاھ بىلەن ھەسەن ۋەزىرگە بەردىلەر. شۇنداق قىلىپ بىر قانچە زەمانلار ئۆتتى. بۇ دىيارى بەكرى شەھرىنىڭ سىپەلى يوق ئەردى. بىر كۈنى شاھى ئابباسخان مىرزا ھەسەننى قىچقارتىپ:

— ئەي ھەمدەمىم، بىر شەھەر بىنا قىلساق، — دەپ مەسلىھەت سالدى. مىرزا ھەسەن:

— خوش، بولغاي، — دەپ مەسلىھەتنى قەبۇل قىلىپ، ئوردانىڭ تاشىدا بىر سەھرا تۈزگە چىقىپ بىر شەھەر بىنا قىلدىلار. ئاندىن شاھى ئابباسخان بۇ شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردى.

بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ فەرزەندى يوق ئەردى. بۇ ئىككى پادشاھ: «بىز شۇنداق پادشاھ تۇرساق، بىزدە بىرەۋ فەرزەند بولماسا، ئەگەر بىز ئالەمدىن ئۆتسەك، تەختى-بەختىمىز كىملەرگە قالغۇسدۇر؟ نامىمىز ئۆچۈپ كەتكۇدەك» دەپ ئىككىلەن بېشىنى سەجدىگە قويۇپ، خۇدايى تەئالا ئىگەمغە قاتتىق سېغىنىپ، ئۆز ھالىغە زار-زار يىغلاپ، خۇن جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ ئېيملەرنى دېدى:

بارچەنى خەلق ئەتكەن قۇدرەتلىك جەببار،
رەھم ئەيلەپ بىر فەرزەند ئەتا ئەيلەگىن.
سەن كەرەمسەن، بىزدە ھېچ يوق ئىختىيار،
مەدەد قىلىپ بىر فەرزەند ئەتا ئەيلەگىن.

ئەتا قىلغىل بۇگۈن بىزگە بىر فەرزەند،
غەرىبلەرنىڭ كۆڭلىدىن ئەيلەگىل رەۋشەند،
بولۇپتۇرمىز بىر فەرزەندگە ئارزۇمەند،
بىر ئوغۇل فەرزەندە ئەتا ئەيلەگىن.

دەرگاھىڭغە كەلدۇك بۇگۈن كۆز تۇتۇپ،
مۇناجات ئەيلەدۇك ساڭا يۈز تۇتۇپ.
بىز غەرىبلەر كېچە - كۈندۈز قان يۇتۇپ،
بىمارلار دەردىگە دەۋا ئەيلەگىن.

ئاسىي - ئاجىز، دەرگاھىڭغە ساغىندىم،
فەرزەندىنىڭ دامىغە بۇگۈن ئىلىندىم،
ساڭا يىغلاپ بىر فەرزەندگە قوۋاندىم،
قەبۇل ئەيلەپ بىر فەرزەند ئەتا ئەيلەگىن.

غەرىبلەرنى شادۇ خەندان ئەيلەگىل،
مۇشكىلىمنى ماڭا ئاسان ئەيلەگىل.
مەدەدكارى فەخرى جەھان ئەيلەگىل،
رەھم ئەيلەپ بىر فەرزەند ئەتا ئەيلەگىل.

قۇدرەتىڭ ئۇلۇغدۇر ياراتقان سۇبھان،
بىزنى بۇ غەم بىلە قىلما سەرگەردان.
مەدەد بېرىڭ بىزلەرگە يا شاھى مەردان،
بىر ئوغۇل فەرزەندە ئەتا ئەيلەگىل.

شاھ ئەبباس دەر: بۇدۇر ساڭا ئەھۋالىم،
يوقتى بار ئەيلەگەن ئىگەم، جەببارىم.
بارچەنى ياراتقان، يا زۇلجەلالىم،
بىزگە بىر ئەرجۇمەند ئەتا ئەيلەگىل.

بۇمۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن خۇدايى تەئالا بۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ مەلىكىسى ھامىلدار بولدى. ئاندىن يەنە سەككىز ئاي ئۆتتى. شاھى ئابباسخان بىلەن ھەسەن ۋەزىر ناھايىتى مۇھەببەتلىك، ئامراق ئەردى. بىر كۈنى شاھى ئاببباسخان ھەسەن ۋەزىر بىلەن قىرىق مىڭ نەۋكەر، قۇش - قارچىغا، شۇڭقارلارنى بىسيار ئالىپ ئۈچ كۈنلۈك قەرار بىلەن شىكارغا چىقتى. نەچچە مەنزىل - مەراھىللەرنى بېسىپ، سەھرالارنى كېزىپ يۈرۈر ئەردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغە ھېچ نەرسە ئۇچرىمادى. ئاخىرى پادىشاھ بىر تەرەپكە، ۋەزىر بىر تەرەپكە ئايرىلىپ جاڭگاللارنى كېزىپ يۈردىلەر. بىر كۈنى شاھى ئاباسخان چېدىر - بارگاھلارنى بىر خۇش ھەۋالىق يەرگە تىكتۇرۇپ، چېدىرنىڭ ئالدىدا تەھارەت ئېلىپ ئولتۇرغانىدا تەقدىر ئىلاھى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغە بىر توشقان (يەنە بىر رىۋايەتتە بىر كىيىك) بادى سەر - سەردەك ئويناپ چىقىپ كەلدى. پادىشاھنىڭ كۆزى توشقانغا چۈشتى. ئاتماقنى ئىختىيار ئەيلەپ، قولىغا ئوقيانى ئېلىپ كۆردىلەركىم، بۇ توشقان ھامىلدار ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ پادشاھ خەيالىغا چۈشتىكى: «ئەگەر بۇ توشقاننى ئاتسام قورساقىدا بالىسى بار ئىكەن، مېنىڭ بىر مەلىكەم ھامىلدار ئەردى، ئۇنىڭ قىساسى بولماسۇن» دەپ بۇ توشقاننى ئاتماي چېدىرغا كەلدى. ئول توشقان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ جاڭگالغە قاچىپ كەتتى.

ھەسەن ۋەزىرمۇ ئۆزىنىڭ نەۋكەرلەرى بىلەن شىكارغا بارار ئەردى. بەناگاھ ھېلىقى توشقان ھەسەن ۋەزىرگىمۇ ئۇچرادى. ھەسەن ۋەزىر قولىغە تىيرەكەمان ئالىپ، ئاتماقنى ئىختىيار ئەيلەپ قوغلادى. توشقانغا يېتىپ كۆردىلەركىم، ھامىلدار توشقان ئىكەن. ھەسەن ۋەزىر ئۆيىدە

كى هاملدار خاتۇننى يادىغە ئالىپ، ئېيتـ
تىلاركىم: قىساسى بولماسۇن، دەپ ئاتماي
يانىپ ئۆز نەۋكەرلـەرىگە يەتتى. پادىشاھ
ئاببىاسخانمۇ ھەسەن ۋەزىرنـىڭ ئارقاسـ
دىن يېتىپ كەلدى. ھەسەن ۋەزىر پادىـ
شاھغە كۆرۈنـۈش قىلىپ بىر- بىرلەرىدىن
ھال- ئەھۋال سوراشتىلار. پادىشاھ:

— ئەي ھەسـەن ۋەزىـر، ئالدىـڭغە
بىر توشقان ئۇچراغانـدۇر، نېمە ئۈچـۈن
ئاتمادىڭ؟ — دەپ سورىدى. ھەسەن ۋەـ
زىر راستىنى ئېيتماسلـىقتىن بۆلەك چارە
تاپمادى.

— ئەي پادىشاھىم، بەنـاگاھ شىكار
قىلىپ يۈرەر ئەردىم. ئالدىمغە بىر توشـ
قان چىقتى. قوغلاپ بارىپ ئاتاي دېسەم
هاملدار ئىكەن. خەيالىمـغا توشتىـكىم،
ئۆيدە خاتۇنۇم هاملـدار قالغان ئەردى.
ئۇنىڭغا قىساسى بولماسۇن، دەپ ئاتماي
كېلىشىم، — دېدى. پادىـشاھ بۇ سۆزنى
ئىشتىپ:

— بۈگۈن ئىككىمىزنىڭ نىيىتى بىر
كېلىپتۇر. ھەر ئىككىمىز ۋەدە قىلشايلى،
خاتۇنىڭىز ئوغۇل تۇغسا، مېنىڭ خاتۇنۇم
قىز تۇغسا، مەن قىزىمنى سىزنـىڭ ئوغـ
لىڭىزغا بېرەي. ئىكەۋلەن روزىگارچىلىق
قىلىپ كۆن كەچۈرسۈن. ئەگەر سىزنـىڭ
خاتۇنىڭىز قىز تۇغـسا، مېنـىڭ خاتۇنۇم
ئوغۇل تۇغـسا، سىز قىزىڭـىزنى مېنـىڭ
ئوغلۇمغا بېرىـڭ. ئەگەر ھەر ئىككىلـىسى
ئوغۇل تۇغسا پادىشاھلىقنى باراۋەر قىلىپ،
يۈرتنى تەڭ سورىسۇن، — دېدىلار. ئانـ
دىن ھەسەن ۋەزىر:

— ئەي پادىشاھىم، بۇنى بەك ئوبـ
دان دېدىلە. ئانداغ بولۇر بولسا، خەت
توختىاتىپ ئۆز مۆھۈرىمىزنى بېسىشىپ قوـ
يايلى، ئەھدىمىز كېيىنكى كۈندە خىلاف
بولماسۇن، — دەپ ئەردى، پادىشاھ ئابـ
باسخان مىرزاسىنى قىچقارتىپ خەت قىلـ
دۇرۇپ مۆھۈرىنى بېسىپ، ھەسەن ۋەزىرـ
نىڭ قولىغە بەردى.

بۇلار بىرنەچچە كۈن شىكار ئويـ
ناپ قايتىپ كېلۇر ئەردى. ئىككى مەھـ
رەم شاھنىڭ ئالدىغە نامە ئالىپ چىقىپ
نامەنى ئۇتـتى. شاھى ئاببىاسخان نامەنى
ئوقۇتتى:

قۇلاق سالىپ ئەرزىم ئىشت پادىشاھىم،
تۇغۇلغان فەرزەندىـڭگە مۇبارەك بولسۇن.
ئاچىلىپتۇر سېنىڭ بەختى سىياھىڭ،
تۇغولغان فەرزەندىـڭگە مۇبارەك بولسۇن.

ئـاچىلىپتۇر سېنىڭ بۈگۈن بىر گۈلۈڭ،
سايراشىپتۇ باغىڭ ئىچرە بۇلبۇلۇڭ.
رەھىم ئەيلەپ خۇدا بىلەن رۇسۇلۇڭ،
ئاچىلغان گۈلۈڭگە مۇبارەك بولسۇن.

دىللارىڭدىن كەتتى گەردى غۇبارىڭ،
تېز ئاچىلدى سېنىڭ پەسلى بەھارىڭ.
ئەگەر ئۆلسەڭ غەرىب بولماس مەزارىڭ،
تۈگمەس دەۋرانىغا مۇبارەك بولسۇن.

ساڭا كەلمىش ھەقتىن تۈگەنمەس دەۋران،
مۇشكىلىڭنى ئىگەم ئەيلەدى ئاسان.
كۆڭلۈڭدە قالمادى داغ ئىلە دەرمان،
كەرەملىك سۇلتانىڭغە مۇبارەك بولسۇن.

دەۋلەت قۇشى قوندى سېنىڭ باشىڭغە،
رەھىم ئەيلەدى كۆزدىن ئاققان ياشىڭغە.
خۇشنۇد پىرلەر بولدى قىلغان ئىشىڭغە،
ئالغۇن شۇڭقارىڭغە مۇبارەك بولسۇن.

ھەر بەندىگە خۇدا ئۆزى بولسا يار،
شاھى مەردان ئاڭا بولغاي مەدەدكار.
خەلق ئىچىندە ھەرگىز بولماس خارۇزار،
دۇشمەنلەرنىڭ ئاياغىدا خار بولسۇن.

فەرزەندلەرنى كۆرۈپ تولا قوۋاندىم،
سىنىڭكى بۇ فەرزەندىڭگە سۆيۈندۇم.
خۇشخەبەرگە نامە يازىپ ئىبەردىم،
كەلگەن دەۋلەتلەرىڭگە مۇبارەك بولسۇن.

شاھى ئاbباسخان بىلەن ھەسەن ۋەزىر نا-
ھايىتى خۇش بولۇپ، دەرھال لاۋۇ-
لەشكەرلەردىن ئىلگىرىلەپ، ئاتلارىنى
بادى سەرسەردەك ئويناتىپ يولغە راۋان
بولدىلار. شۇ يۇرگەنلەرىچە نەچچەن كۈن
يول يۇرۇپ، دىيارى بەكرى شەھرىگە
يېتىپ كەلگەندە تۇيۇقسىز قەزا يېتىپ،
ھەسەن ۋەزىرنىڭ ئېتى ئۈركۈپ، ھەسەن
ۋەزىر ئاتتىن يىقىلدى ۋە يەتتە قوۋۇر-
غاسى سۇندى. ھەسەن ۋەزىر كۆزىنى
ئەسلا ئاچماي ياتاتتى. پادىشاھى ئاbباس-
خان ناھايىتى غەمكىن بولۇپ ئاسمانغا
قاراپ، ھەزرەتى رەببىلئىززەت دەرگاھى-
غا كۆز تىكىپ مۇناجات ئەيلەپ يىغلاپ
ئايتتىكى، «خۇدايا، خۇداۋەندا، ئۇشبۇ
ھەسەن ۋەزىرنى ئۆزۈڭگە تاپشۇردۇم.
ئۆزۈڭ ساقلاغىن، ئىككىمىزگە بىردىن
فەرزەند ئەتا قىلغان ئەردىڭ. ھالا فەر-
زەندلەرىمىزنى كۆرمەدۇك. جەمالىنى بىر
كۆرگەلى نەسىب قىلغايسەن» دەپ ئەر-
دى، خۇدايى تەئالا پادىشاھنىڭ دۇئاسىنى
ئىجابەت قىلىپ، ھەسەن ۋەزىرگە ئازراق
ئۆمۈر ئەتا ئەيلەدى، ۋەزىر كۆزىنى ئاچ-
تى. پادىشاھ خۇرسەند بولۇپ، ھەسەن
ۋەزىرنى مەھرەملەرىگە كۆتەرتىپ شەھەر
ئىچىگە ئالدۇرۇپ كىرىپ، ۋەزىرنىڭ ئۆز
ھويلاسىغە تۈشۈردىلار. پادىشاھ ھەسەن
ۋەزىرنىڭ فەرزەندىنى كۆردىلەركىم، ساچ-
لارى پەتىلە - پەتىلە ئۆسۈپ بەلمەرىگە
چۈشكەن، كۆزلەرى قارا بەقەمگە ئوخشاش
بىر ئوغۇل تۇغۇلۇپتۇ. بۇ بالىنىڭ پېشا-
نەسىدىن ئاشىقلىق زاھىر بولۇپ تۇرغى-
دەك. پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ قارىسا
خاتۇنى بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىزنىڭ
ھۆسن - جەمالى مىسالى ئافتاپ، ئايىنى
خىجىل قىلغىدەك خۇش سۇرەت ئەردى.
پادىشاھ بۇ بالىلانى كۆرۈپ ناھايىتى
خۇرسەند بولدىلار.

ئەلقىسسە، پادىشاھ پۈتۈن شەھەردى-
كى ئۇلۇغ - ئۇششاق خەلايىقنى چاقىرىپ
يەتتە كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بەردى.
پادىشاھ ئاbباسخاننىڭ قىزىنىڭ ئاتىنى
شاھ سەنەمجان قويدىلار ۋە يەنە ھەسەن
ۋەزىرنىڭ ئوغلىغا «شاھ غېرىپ» ئات
قويدىلار.

ئەلقىسسە، بۇ فەرزەندلەرنى ياخشى
پەرۋەرىشلەر قىلىپ باقارلار ئەردى. پادىشاھ
ئاbباسخان ھەركۈنى تەبەق - تەبەق
ئالتۇن - كۈمۈش، لەئل - جاۋاھىراتلارىنى
بۇ ئىككى بالىنىڭ باشىدىن ئۆرۈپ سە-
دىقە قىلۇر ئەردى. بۇلارنىڭ ھەققىدە
فەقىر - پۇقرا ۋە خەلايىقلار سۇبھى شام
دۇئا قىلۇر ئەردى.

بۇ بالىلار تۇغۇلۇپ يىگىرمە كۈن-
دىن كېيىن، ئاتتىن يىقىلغان زەربىدىن
ھەسەن ۋەزىر ئالەم پانىيدىن ئاخىرەت
باقىيغا رىھلەپ قىلدىلار. پادىشاھ ئاbباس-
خان ناھايىتى غەمكىن ۋە مەلال بولۇپ،
ھەسەن ۋەزىرنىڭ ھەققىدە كەڭ - كۇشادە
ئاش بېرىپ، لەھەدكە دەفن قىلدىلار.

شاھ غېرىپ ئاتاسىدىن ئايرىلىپ يېتىم
قالدى. ئايدىن ئاي، كۈندىن كۈن ئۆتتى.
بۇ باللار يەتتە ياشقا كىردى. بۇلارنى پا-
دىشاھ مەكتەپكە ئىبەردى. بۇلار ئوقۇ-
غىلى تۇردىلار. ئۇلار بىر-بىرلىرىگە
مېھرىبان ئەردىلەر. بىر سائەت بىر-
بىرىدىن جۇدا بولغالى تاقەتلەرى يوق
ئەردى. بۇ ئىككى فەرزەند سەككىز ياشقا كى-
رىپ ئاندىن توققۇز ياشقا قەدەم قويدىلار. بۇ
ئىككىلەن مەكتەپكە بارۇر بولسا، بىر-
بىرلىرىنىڭ بويۇنلارىغە قوللارىنى سا-
لىپ، ھەشقىپېچەك تالغا چىرماشقاندەك
چىرماشىپ كېتەر ئەردى، بۇ ئىككى فەر-
زەندنىڭ دەردى-پىراقلارى ۋە ئاتەش
ئىشتىياقى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولۇر
ئەردى. مەكتەپخانىگە كىرسەلەر بىر-
بىرىگە قاراپ ئولتۇرار ئەزدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى غېرىپ ئىلگى-
رى مەكتەپكە باردى. شاھ سەنەم قىرىق
كېنىزەكلەرى بىلەن مەكتەپكە بارىپ
غېرىپ بىلەن كۆرۈشتىلەر. كۈن كەچ
بولغاندا موللىسى باللارنى ئازاد قىلدى.
بۇلار قول تۇتۇشۇپ ئوردىغا ياندىلەر.
ئۇلار كېتىۋېتىپ بىر دەربەندىگە كەل-
گەندە شاھ سەنەم:

— ئەي غېرىپ، ئۇشبۇ دەربەن-
دىگە قايسىمىز ئىلگەرى كەلسەك، كېيىن
كەلگىنىمىزدىن تۇققۇز بۇسە، توققۇز گۆھەر
ئۇتۇپ ئالالى، كېيىن قالغانغە
توققۇز كاچات بېرەلى، — دەپ ۋەدە
قىلىشىپ ئۆز ئويلەرىگە ياندىلار،

ئەلقىسسە، شاھي ئاباسخاننىڭ
بىر سەركەر دەسى بار ئەردى.
ئۇنىڭ خاتۇنىنىڭ شاھ سەنەم بىلەن
غېرىبنىڭ ھەر ئىشىدىن خەۋىرى بار
ئەردى. بىر كۈنى ئول خاتۇن شاھ
سەنەمنىڭ ئاناسى قاشىغە كىرىپ:

— ئەي مەلىكەم، شاھ سەنەم
بىلەن غېرىپ كىچىك تۇرۇپ ئەدەبسىز
ئىشلارنى قىلىپ، كوچىلاردا بىر-
بىرلىرىنىڭ بويۇنلارىغە قوللارىنى
سالىشىپ، بۇسە ئالىشىپ يۈرۈپتۇ. شاھ
سەنەم پادىشاھزادە تۇرسا، خەلقى
ئالەم مەلامەت قىلماسۇن، — دېدى. بۇ
سۆز مەلىكىگە تەسىر قىلدى. ئەتىنى
شاھ سەنەمجان مەكتەپكە ماڭىدىغان
چاغدا شاھ سەنەمنىڭ ئانىسى
مەكتەپكە بارىدىغان كېنىزەكلەرنى
ئالدىغا قىچقارتىپ:

— ئەي قىزلار، شاھ سەنەم
بىلەن غېرىپنى بىر-بىرىگە ئۇچراش-
تۇرماي، خەبەردار بولۇپ ئېلىپ
كېلىڭلار، — دېدى. بۇ قىزلار «خوش،
بولغاي» دەپ سەنەم بىلەن مەكتەپكە
راۋان بولدىلەر. سەنەم مەكتەپكە
بارغۇچە قىزلاردىن بۇ سۆزلەرنى
ئىشتىپ، زار-زار چۇن ئەبرى
نەۋبەھار يىغلاپ، ئول مەھبۇبى
بىلەن ۋەئدە قىلىشقان دەربەندگە
كېلىپ كۆردىكىم غېرىپ كەلمەپتۇر.
شاھ سەنەم غېرىپنىڭ يولىغە قاراپ
ئىنتىزار بولۇپ غېرىپنى ساقلاپ تۇرار
ئەردى. بىر زەماندىن كېيىن غېرىپ
كەلدى. سەنەم ئانىسىنىڭ كەنىزەك-
لەرگە دېگەن سۆزىنى غېرىپقا بىرمۇ-
بىر بەيان قىلدى. كەنىزەك قىزلار
سەنەمجاننى مەكتەپكە مېڭىشقا
ئالدىراتتى. شاھ سەنەم بىر مۇنچە
لەئل-جاۋاھىراتلار ۋە ئۈنچە-مارجانلار-

نى غېرىپجاننىڭ باشىدىن نىسار
قىلىپ قىزلارنىڭ تەرىپىگە ساچتىلار.
قىزلار لەيلى جاۋاھىراتلارنى تەرمەككە
مەشغۇل بولدى. شاھ سەنەم:
— ئەي غېرىپ، بۇ شەھەردىن
چىقىپ بىر تەرەپكە كېتەيلى، — دەپ
غېرىپنىڭ بوينىغە قول سالىپ
توققۇز بۇسە، توققۇز گۆھەرنى ئۇتۇپ
ئالدى.

سەنەمجان بىلەن غېرىپجان
مەكتەپكە راۋان بولدىلار. بۇلار
مەكتەپتە قۇرئاننى ئوقۇپ ياد ئالدى.
كەچقۇرۇن مەكتەپتىن ئازاد بولۇپ
ئۆيلىرىگە رەۋان بولدىلار. يولدا
كېتىۋېتىپ سەنەمجان دېدىكى:
— ئەي غېرىپ، ئىككىمىزنىڭ
قايسىمىز مەكتەپكە بۇرۇن كەلسەك
ئىككى بۇسە ئالايلى، قايسىمىز كېيىن
قالساق توققۇزدىن گەۋھەر بېرەيلى.

شول كۈنى سەنەمجان سەھەر
تۇرۇپ مەكتەپكە كەلدى، غېرىپجان
كېچىكىپ قالدى، غېرىپ مەكتەپتىن
يانىپ ئۆيگە كېلىپ ئاناسىغە:
— باشمالتاقىمنى كېسىپ، تۇز
سېپىپ قويۇڭ. موللام سەھەر كەلمەسەڭ
ئۇرىمەن دەيدۇ، — دېدى، ئانىسى:
— ئەي بالام، سىز ئۇخلاڭ، مەن
سەھەردە ئويغىتىپ قوياي، — دېدى.
غېرىپجان يەنە كېچىكىپ قالىپ
سەنەمجانغا ئۇتتۇردى. ئۇ مەكتەپكە
كىرىپ ئولتۇردى. ئەمما ئوقۇشقا مەيل
قىلمادىلار. موللائى مۇئەللىم بۇ ھالنى
كۆرۈپ، «نېمىشقا ئوقۇمايسەن» دەپ
غېرىپنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇردى،
غېرىپقا يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولدى.
غېرىپ بېچارىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ،
سەنەم ئۆزىنىڭغا قاراپ زار-زار يىغلا-
دى ۋاقتىكى، كۈن كەچ بولدى. مۇئەل-
لىم باللارنى ئازاد قىلدى. غېرىپ
بىلەن سەنەم ئۆيلەرىگە قايتىپ كەلدى-
لەر، غېرىپنىڭ ئاناسى غېرىپنى بۇ
ھالدا كۆرۈپ:
— ئەي فەرزەندىم، ساڭا نېمە
ئەلەم يەتتى؟ چېھرىڭنى فەراموش
كۆردۈم، — دېدى. غېرىپ ئاناسىغە
«موللام ئۇردى» دېمەي «شاھ سەنەمنىڭ
پىراقىدا چىرايىم شۇنداق بولدى» دەپ
ئۆتكەن ۋاقىئەنى بىرمۇ-بىر بەيان
قىلدى. ئاناسى:
— ئەي بالام، ئىلگەرى ئاتاڭ
ھەسەن ۋەزىر شاھي ئابباسخان بىلەن
ۋەئدە قىلىشىپ، خەت توختاتىپ مۆھۈرنى
باسىپ بەرگەن ئىكەن. ھازىر ئول
خەت مۆھۈر مېنىڭ قولۇمدا باردۇر، —
دەپ ئول خەت مۆھۈرنى ئالىپ
غېرىپنىڭ قولىغە بەردى. غېرىپ ئول
خەت مۆھۈرنى كۆرۈپ تولا خۇرسەن
بولدى. ئۇ ئاناسىغە:
— ئەي ئانا، مېنى سەھەر
ئويغاتىپ قويۇڭ، ئەتىگەن مەكتەپكە
بارىمەن، — دەپ ياتىپ ئۇيقۇغا مايىل
بولدى. ئانداغ بىر چۈش كۆردىكىم،
چۈشىدە ھەزرەتى رەسۇلىللاھ ئەلەيھىس-
سەلام چەھاريار باسەفالەر جەمئى بول-
لۇپ، بىر مەجلىستە مەيى مۇھەببەت
ئىچەر ئەردىلەر، ھەزرەتى رەسۇلىللاھ
ئەلەيھىسسەلام غېرىپنى ئۆز يانىغا
چاقىرىپ، سەنەمجان بىلەن بىر يەردە
ئولتۇرغۇزۇپ ئەھدە نىكاھ قىلدىلار.
ئاندىن ھەزرەتى رەسۇل ئەلەيھىسسالام

بىر قىيالەگە مەيى مۇھەببەتنى توشقۇزۇپ غېرىپقا بەردىلەر. غېرىپ ئۇ مەينى ئىچىپ ئاھ تارتىپ چاچراپ ئورنىدىن قوپتى. ئاناسى:

— ئەي غېرىپ، نېمە ئۈچۈن قورقۇپ ئويغاندىڭىز؟ — دېدى. غېرىپ:

— ئەي مېھرىبان ئانام، قورقۇنىم يوق، — دەپ چۈشىدە كۆرگەن ۋاقىئەلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ، خۇن جىگەرىدىن ئاھ تارتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئەرزىمنى ئايتاي ئىشىتىڭ مېھرىبان ئانام،
ئىككى دۇنيانىڭ بارىنى كۆردۈم.
قولىدا پىيالە ياندا شارابلار مۇدام،
قىرىق بىر چىھىلتەنلەر بارىنى كۆردۈم.

بىر كاسە مەي قۇيۇپ تۇتتى رەۋانە،
ئانى ئىچكەن زەمان بولدۇم مەستانە.
بىر نەزەر ئەيلەدىم باقىپ ئاسمانە،
يەتتە قات ئاسماننىڭ بارىنى كۆردۈم.

ئىككىنچى ئاسماندا تولا فەرىشتە،
ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ئەقلى سەرىشتە،
ھەم تۇبى دەرەختنى كۆردۈم بېھىشتە،
ئاندا بۇلبۇللارنىڭ زارىنى كۆردۈم.

دوستلارىم دۇنيانىڭ يوقتۇر ۋەفاسى،
غەنىمەتدۇرلار ئانىڭ زەۋقى سەفاسى،
ھەزرەتى مۇسانىڭ قولىدا ئەساسى،
مۇناجات ئەيلەگەن تاغىنى كۆردۈم.

تۆرتىنچى ئاسماندا ھەزرەتى ئىيسا،
بەشىنچى ئاسماندا مەسجىدىلئەقسا،
ئول مەقامدا تۇرۇرلار جۈملە ئەنبىيا،
جۈملە پەيغەمبەرنىڭ روھىنى كۆردۈم.

بىر كاسەدە مەي قۇيۇپ تۇتتى دىگەرگۈن،
كۆتەردى فەردەنى ئالدىمدىن شول كۈن،
ئىبراھىم خەلىلنى ھەم كۆرمەك ئۈچۈن،
نەمرۇدنىڭ ياندۇرغان ئوتىنى كۆردۈم.

شەيخ مەنسۇرنى موللىلار دارغا ئاستىلەر،
دار ئاستىدىن «ئەنەلھەق» دەپ ئاۋاز
كەلدىلەر،
ئاخىر بولماي كۈلىنى كۆككە ئاتتىلەر،
مەنسۇرنىڭ ئاسىلغان دارىنى كۆردۈم.

كەراماتى ھەقدۇر بارچە ۋەلىنىڭ،
بىر خۇداغە ئاشىق بولغان قۇلىنىڭ،
خانىقاھ ئىچرە ئول ھەزرەتى ئەلىنىڭ،
ئون ئىككى ئىمامنىڭ بارىنى كۆردۈم.

غەرىب دەرلەر: ئەرزىم بايان ئەيلەسەم،
كۆرگەنىمنى بىر-بىر بايان ئەيلەسەم،
زارى يىغلاپ ئاھۇ-ئەفغان ئەيلەسەم،
ھەقنىڭ دەرگاھىدا بارىنى كۆردۈم.

غېرىپ مەكتەپكە رەۋان بولدىلار. ئاگغىچە سەنەمجان سەھەر قوپۇپ مەكتەپكە كەلدى. مەكتەپنىڭ ئىچى قاراڭغۇ تۇرۇپتۇر. غېرىپ كەلمەپتۇر. سەنەمجان غېرىپنى ئەسلەپ ئۇنىڭ دەردى-فىراقىدا ۋە ئاتەش ئىشتىياقىدا زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كېلەي دەپ ۋەئدەلەر ئەيلەپ،
كەلمەدى ئول ۋەئدە يالغانىم،

ۋەفاغە ئەھدەلەر ئەيلەپ،
تۇرمادى سەرۋى خىرامانىم.

مېنىڭ ھالىم بەتەر بولدى،
ئىچ ئەزايىم غەمگە تولدى،
يارىم قولدىن كېتەر بولدى،
كەلمەدى ئۇل سۆزى يالغانىم.

گۈل ئاچىلىپ بەھار بولدى،
بۈگۈن گۈلۈم ئاچىلمادى،
گۈل غۇنچەلەر خەزان بولدى،
كەلمەدى ۋەئدە يالغانىم.

شاھ سەنەم كەلدى بۇ سائەت،
يارىم كەلمەدى بۇ فۇرسەت،
ھېچ قالمادى مەندە تاقەت،
كەلمەدى يارى مېھرىبانىم.

سەنەمجان ئورنىدىن قوپۇپ غېرىپنىڭ كېلىدىغان يولىغا چىقىپ ماراپ تۇرغان ئەردى. غېرىپجان سەنەمجاننى كۆرمەي مەكتەپكە ئالدىراپ كىرىپ كەتتى. بىرئاز ئولتۇرۇپ سەنەمجاننى يادلاپ زار-زار يىغلاپ قايسى بېيىتنى ئوقۇدىلار:

ئەي يارانلەر مۇسۇلمانلار،
ئۆلەر بولدۇم يار دەردىدىن،
ئىشتىكىل ئەي بەرادەرلەر،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.

كۆندۈزلەرى تاقەتىم يوق،
كېچەلەردە فەراغەت يوق،
بۇ جانىمغە ھېچ راھەت يوق،
كۆيەر بولدۇم يار دەردىدىن.

مېنىڭ كۆڭلۈم يارىم سىزگە،
سىنىڭ كۆڭلۈڭ بۆلەك يەرگە،
كۆڭۈل قايىتتى بىر غەيرىگە،
كۆيدۈم ياندىم يار دەردىدىن.

شاھ غېرىپ دەر: مۇندا يىغلاپ،
ھەجر ئوتىغا سىنەم داغلاپ،
سەن كەلمەسەڭ مېنى ئىزلەپ،
كېتەر بولدۇم يار دەردىدىن.

ئەلقىسسە، سەنەمجان ئىشىكتىن قارىسا غېرىپ كۆز ياشلارىنى تۆكۈپ بېيىت ئوقۇپ ئولتۇرۇپتۇر. سەنەمجان مەكتەپكە كىرىپ غېرىپجان بىلەن كۆرۈشۈپ خۇرسەند بولدىلار. ئۇ كۈنى سەنەم بىلەن غېرىپنى موللاسى ئازاد قىلدىلار. بۇلار بىر خىلۋەتكە بارىپ دەرد مۇڭلارىنى تۆكۈشتى. ئەتىسى يەنە سەھەر قوپۇپ مەكتەپكە رەۋان بولدىلار.

كۈنلەردە بىر كۈن سەنەمجاننىڭ ئانىسى شاھى ئابباسخانىغە قاراپ:

— ئەمدى قىزىمىز سەنەمجان بالىغ بولۇپتۇر، مەكتەپكە ئىبەرتىش ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. خەلقى ئالەم مەلامەت قىلۇر، — دېدى ۋە سەنەمجاننى مەكتەپدىن قايتۇرۇپ كەلدى، پادىشاھ:

— ئەگەر ئانداغ بولسا سەنەمنى غېرىپقا بېرۇرمىز، — دەپ ئەردى، مەلىكىسى:

— ۋادەرىغ، بۇ نىچۈك نومۇس، — دېدى،— ئۇل غېرىپنىڭ ئاتاسى بولماسا، بىر يېتىم بولسا، ئاڭا بىز قىزىمىزنى

بىرۇرمىزمۇ؟ — پادىشاھ ئابباسخان:

— ئاتاسى ھەسەن ۋەزىر بىلەن ۋەدە قىلىشقان ئىدۇق. ئۈز مۇھۇرىمنى بىسپخەت بەرگەن ئىدىم، قىلغان ۋەدىگە خىلاپلىق قىلماق مۇسۇلمانچىلىق جۇملەسىدىن بولمايدۇ. سەنەمنى غېرىپقا بىرۇرمىز، — دېدى. مەلىكە ئايتتى:

— ئول خەت نەلەردە قالغانكىن، مېنىڭ خەبەرىم يوق ئىدى» دەپ خەتنى يوقىتىپ ئەتىسلە، — دېگەن ھىيلە-مىكىر سۆزلەر بىلەن پادىشاھنى ئالدىدى، شاھ سەنەم ئىچكەرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ بۇ سۆزنى ئىشتىپ «ۋادەرىغ، ئەمدى ئىش ئۆزگەچە بولدى» دەپ زار-زار خۇن جىگەردىن ئاھ ئۇرۇپ، دەرد بىلەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدىلار:

قەبا فەلەك زۇلمۇڭ بىلەن،
بىزنى غەيرى يارە سالدىڭ.
ئىبراھىمدەك ئوتقا تاشلاپ،
جەفا بىرلە نارە سالدىڭ.

بەلكى مېنى بۇلبۇل ئېتىپ،
كۆز ياشمنى جەيھۇن ئېتىپ،
لەيلى بىرلەن مەجنۇن ئېتىپ،
قىزلىقىم بازارە سالدىڭ.

كۆتەردى كۆڭۈل ئىشقىنى،
بۇزدۇردى گۇلخەن دەشتىنى،
ئۈزدۇردى مۇھەببەت رىشتىنى،
مېنى يالغۇز زارە سالدىڭ.

ھېچ قويمادىڭ ئەھۋالىمە،
يارىمغۇ يەتمەس ھالىمە،
يەتكۈزمەسلەر ۋىسالىمە،
ھەجرى ئوتىدا پارە سالدىڭ.

فەلەك بۇزدى ئىقبالىمىز،
مۇشكىل بولدى بۇ ھالىمىز.
مۇنەججىم كۆردى فالىمىز،
بىزنى بەختى قارە سالدىڭ.

سەنەم ئىستەر رەفىقىنى،
ھېچكىم بىلمەس دىرەكىنى،
ماڭا سالىپ دەرد تىغىنى،
ئۇرۇپ باغرىم پارە سالدىڭ.

ئەلقىسسە، سەنەمنى ئېمىتكەن ئىنىڭ ئاناسى بار ئېردى. ئاتىنى گۇلنىھال ئايىم دەر ئېردى. شاھ ئول ئىنەكەنى ئاقچى دەر ئېردى. ئاقچى ئىنىڭ ئانا سەنەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئايتتىكى:

— ئەي پەرزەندىم، ساڭا نېمە ئەلەم يەتتى؟ ئەھۋالىڭنى ماڭا بەيان قىلغايسەن، ئۇنىڭ ئىلاجىسىنى قىلاي، — شاھ سەنەم غېرىپ بىلەن ئاشىق بولغانىنى بىر-بىرلەپ بەيان قىلىپ:

— بىز ئۈزۈندىن بۇيان ۋەئدە قىلىشىپ مەن توققۇز بۇسە، توققۇز گۆھەر ئۆتۈپ ئالغان ئېردىم. بۈگۈن نەۋبەت غېرىپنىڭ ئېردى. ئۇنىڭ ئەھۋالى نېچۈك بولۇر ئىكىن، — دەپ بىتاقەت بولدى. ئاقچى ئانا بۇ سۆزنى ئىشىتىپ رەھمى كەلدى. ئۇ:

— ئۇنداق بولسا ئاتاڭ قاشىغە كىرىپ «ئەي ئاتا، مەن بۈگۈن مەكتەپكە بارىپ ئەمدى مېنى مەكتەپكە ئىبەرتمەس بولدى، دەپ موللامدىن ئىجازەت سوراپ

كېلەي» دېگىن. ئاندىن ئاتاڭ رۇخسەت بېرۇر. شۇ بەھانە بىلەن بېرىپ غېرىپنى كۆرەرسەن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان سەنەم ناھايىتى خۇش بولۇپ ئاتاسى قاشىغا كىرىپ:

— ئەي ئاتا، مەن بۈگۈن مەكتەپكە بارىپ، موللامدىن ئىجازەت تىلەپ، دۇئاسىنى ئالىپ كېلەي، — دېدى. ئاتاسى بۇ سۆزنى توغرا تاپىپ ئاقچىنى قىچقارىپ ئۇنىڭغا مىڭ تەڭگە پۇل بەردى. ئاندىن:

— سەنەمنى سىز بىسمىللە ئالىپ بارىپ، موللاسىدىن دۇئا ئالىپ كېلىڭ، — دېدى.

ئاقچى ئانا شاھ سەنەمنى بىر خالىي كوچا بىلەن مەكتەپخانەگە ئالىپ كەلدى. شاھ سەنەم مەكتەپنىڭ كۆنگرەسىدىن قاراسا، غېرىپ بىچارە سەنەمنى يادلاپ پەرىشان ھالدا ئولتۇرۇپتۇر. شاھ سەنەم كىرەي دېسە موللاسى بار. غېرىپقا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشىتمەك كېرەك غېرىپتىن، غېرىپ ئول كۈنى شاھ سەنەمگە ئون سەككىز بۇسە بىلەن ئون سەككىز گۆھەرنى ئۇتتۇرغىنىغا ناھايىتى پەرىشان بولۇپ، ئۇخلاماي ياتار ئەردى. ئاناسى غېرىپقا:

— ئەي ئوغلۇم، ئۈچ كۈننىڭ بويانىدا ئۇخلاماي يىغلايسەن. بىر كىم ئىنزا قىلدىمۇ ياكى ئاخۇنۇم ئۇردىمۇ ياكى يېتىملىك ئەسەر قىلدىمۇ؟ زادى نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى. غېرىپ:

— ھېچ نېمە بولمىدى، — دېدى. ئاناسى:

— ئەي جان فەرزەندىم، ھەر نېمە مۇرادى مەقسەدىڭ بولسا ماڭا راستلىق بىلەن بەيان قىلغىل، — دېدى. غېرىپ:

— پادىشاھى ئاباسخاننىڭ قىزى بىلەن ۋەدە قىلىپ ئېردىم. قايسىمىز ئىلگەرى كەلسەك كېيىن كەلگەنىمىزدىن توققۇز بۇسە، توققۇز گۆھەر ئۇتۇپ ئالغايمىز دەپ، سەھەر ۋاقتىدا ئۇيقىلاپ قالىپمەن. مېنى ھېچكىم ئويغاتىپ قويمايدۇر. ئىككى كۈننىڭ ئىچىدە ئون سەككىز بۇسە، ئون سەككىز گۆھەر ئۇتتۇردۇم. ئانىڭ ئۈچۈن پەرىشان بولدۇم، — دېدى. ئاناسى:

— ئەي ئوغلۇم، سەنەم سەندىن ئون سەككىز بۇسە، ئون سەككىز گۆھەر ئۇتۇپ ئالغان بولسا قايان بارۇر؟ بۇ سېنىڭ بەختىڭدۇر. ئاخىرى ئەمانەت سېنىڭ قولۇڭغا يېتۇر، — دېدى. ئاناسى غېرىپنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرماق ئۈچۈن دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ، بىر مۆھۈرلىغ خەتنى ئالىپ غېرىپنىڭ قولىغا بەردى. غېرىپ ئول خەتنى ئوقۇپ باقسە، غېرىپنىڭ ئاتاسى ھەسەن ۋەزىر بىلەن پادىشاھ ئاباسخان شىكارغا چىققان يەردە ۋەئدە قىلىشىپ مۆھۈرنى باسقان خەت ئىكەن. غېرىپ دەرھال بۇ خەتنى قوينىغا تىقتى. تاڭ ئاتىشى ھامان مەكتەپكە رەۋان بولدى. سەنەم بىلەن ۋەئدىلەشكەن يەرگە كەلسە شاھ سەنەم كەلمەپتۇر. ئىككى كۈندىن بويان ئۇتتۇرغان ئون سەككىز بۇسە بىلەن ئون سەككىز گۆھەرنى بۈگۈن ئۇتۇپ ئالىدىغان بولدۇم، دەپ ساقلاپ كۈن چاشكا ۋاقتى بولدى. شاھ سەنەم كەلمەدى. غېرىپ مەكتەپكە باراي دېسە، شاھ سەنەم بىلەن قىلغان ۋەئدە يالغان بولادۇر. بارماي

دېسە موللىسىدىن قورقادۇر. نائىلاج مەكتەپكە باردى. كىتابنى ئاچىپ ساۋاقلارنى كۆرسە ئەسلا يادىدا يوق. غېرىپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يارىم نېمىشقا كەلمەيدۇر، — دەپخۇن جىگەرىدىن ئاھ ئۇرۇپ، بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي يارانلەر مۇسۇلمانلار،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.
ئىشق ئوتىدا كۆيدى جانلار،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

كېلەي دەپ ۋەئدەلەر قىلدى،
كېلەر مۇددەتىدىن ئۆتتى.
ئەرتەدىن چاشكاغا يەتتى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

يا بىرەۋنىڭ پەندىدىن ئالدى،
يا بىر يامان دەردكە قالدى،
يا بىر غەيرى بىلەن بولدى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

ئۆمرۇم شۇنداق ئۆتەر بولدى،
يۈرەك باغرىم پارە بولدى.
مەن بىلمەدىم نەلەر بولدى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

يارىم بىزنى ئۇنۇتتىمۇ،
كۆز ياشىنى قۇرۇتتىمۇ،
كۆڭلىنى بىزدىن تارتتىمۇ،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

ھەركىم سورار مەھبۇبىنى،
كېسەل ئىستەر تەبىبىنى،
يار يىغلاتتى مەن غېرىپنى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

غېرىپ دەرلەر شول ئاتىمنى،
كىمگە ئېيتاي مەن دادىمنى،
ئاللا بەرسۇن مۇرادىمنى،
نە بولدى يارىم كەلمەدى.

ئەلقىسسە، موللاسى غېرىپقا نەزەر سالدى. غېرىپ سەبەقنى ئوقۇماي، مەكتەپنىڭ ئىشكىدىن بۆلەك يەرگە قارامايدۇر. موللاسى غېرىپنى نېمىشقا ئوقۇمايسەن؟ بىمەنە گەپ قىلدىغان جايمۇ بۇ، دەپ ئىگەكىمگە تۆرت كاچات سالدى. تەستەكنىڭ زەربىدىن غېرىپنىڭ كۆزىدىن ئوتلار چىقىپ كەتتى. بىچارە غېرىپ موللاسىغە باقىپ زار-زار يىغلاپ:

— ئەي ئاخۇنۇم، مەن كىتابىدا كۆرۈپ ئىدىم، بىر بەندەگە غەزەب قىلماق هارامدۇر. يارىم سەنەمجاننىڭ جەمالىنى كۆرمەي فەرىشان ئولتۇرسام ماڭا غەزەبلىنىپ تەستەكىمگە سالدىلا، — دېدى.

ئەلقىسسە، سەنەم تاشقارىدا تۇرۇپ غېرىپدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ تولىمۇ بىتاقەت بولدى. ھېچ ئىلاج تاپالمادىكىم، غېرىپنىڭ قاشىغە باراي دېسە موللاسى بار ئەردى. نە چارە؟ سەنەم تاشقارىدا تۇرۇپ موللاسىغە ئەرز ئەھۋال ئايتىپ، بۇ سۆزنى ئايتتى:

بۇلبۇلى بىچارەسەن گۇل ئىشقىدا فەرياد قىل،
ئاشىقى سەرگەشتە بولساڭ ئويقۇنى بىدار قىل،
تىنمايىن شامۇ سەھەرلەر يىغلايۇ فەرياد قىل،
بۇ بۇزۇلغان دىل ئۆيىنى سەن كېلىپ ئاباد قىل،
جانىم موللام، بىر زەمان گۇل يارىمى ئازاد قىل.

ھەركىمشى مۇنداغ بەلالار بىرلە بولسا بىشۇمار،
قالماغايلار تەندە دەرمان زەررە يەگلىغ ئىختىيار،
تىترەشۇر رۇھى سىمابدەك تەندە جانى بىقەرار،
يار ئۆيەردە زار يىغلار، مەن بۇيەردە ئىنتىزار،
جانىم موللام، بىر زەمان گۈل يارنى ئازاد قىل.

قويمادى ئۆز ھالىمە گەردۇنى بىگەردانىمەن،
ھەجر دەشتىدە قويۇندەك زارۇ سەرگەردانىمەن،
جانىم ئالدى بۇ تېنىمدىن قىلدى بىدەرمانىمەن،
ئاشىقى شەيدا بولۇپ بەسرەدە مەن سۇلتانىمەن،
جانىم موللام، بىر زەمان گۈل يارىمى ئازاد قىل.

تىغى بىدادى فەلەك يەرگە ئاقۇزدى قانىمە،
بىلمەدىم ھىجران غەمىدە سۇد بىلە نۇقسانىمە،
يىغلاشۇر كۆكتە مەلەكلەر ئىشتىپ ئەفغانىمە،
جانىم چىقماستىن بۇرۇن بارىپ كۆرەي شول يارىمە،
جانىم موللام، بىر زەمان گۈل يارىمى ئازاد قىل.

ئەۋۋەلا مەكتەب ئۆيىگە كىرمەس ئەردىم كاشكى،
بۇغىنە ۋەيران كۆگۈلنى بەرمەس ئەردىم كاشكى،
ۋەئدە ئېتىپ ئول بۇسەلەرنى ئالماس ئەردىم كاشكى،
مەنكى مۇنداغ دەردۇ غەمدە قالماس ئەردىم كاشكى،
جانىم موللام، بىر زەمان گۈل يارنى ئازاد قىل.

بىر مۇئەللىمسەن زەمانە شۆھرەتىدىن باكەرەم،
دەرگەھىڭغە باش قويۇپ دائىم ۋىسالىڭ ئىستەرەم،
مەي ئورنىغە ماڭا مىڭ ئاغۇ ئىچۈردى دەردۇ غەم،
تەلمۇرۇپ دائىم گەدادەك يارنى ئىستەر شاھ سەنەم،
جانىم موللام، بىر زەمان گۈل يارىمى ئازاد قىل.

شاھ سەنەمدىن موللاسى بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئايتتىكىم: «ۋادەرىغ، مۇنداغ ئىش ئىكەن ـ دە،» دەپ ئۆلارغە رەھمى كەلدى ۋە بولارنى كۆرۈشتۈرەي دەپ مەكتەپ باللارىنى ئازاد قىلدى. غېرىپنى چىققالى قويمادى. موللاسى ئايتتى:

— ئەي غېرىپ، سەن ئۈچ كۈندىن بېرى نە ئۈچۈن سەبەقىڭنى بىلمەدىڭ؟ — دېدى. غېرىپ ھېچ سۆز قىلمادى. موللاسى ئېيتتى:

— مەن سۆزلەسەم مېنىڭ سۆزۈمگە پىسەنت قىلماسمۇسەن، دەپ غېرىپنى مەكتەپخانەگە سولاپ ئىشىكنى مەھكەم ئېتىپ قويىدى. غېرىپ ئايتتىكى: «تەڭرىم غەزەپ قىلغان بەندەنى ئەساسى بىلەن ئۇرار ئەرمىش، دەپ ئىشتىپ ئەردىم. بۇ سۆز راست ئىكەن» دەپ موللاسىغە ئەرز - ئەھۋالىنى ئايتىپ يالۋۇرۇپ، زارىزار چۇن ئەبرى نەۋبەھار يىغلاپ بۇ سۆزنى ئايتتى:

ئەرزىم شولدۇر سىزگە موللام،
يارىمنى بىر كۆرسەم كاشكى،
ھېچ بولماسا بۇ خاسۇ ئام،
بىر سۆسەم ئەردىم كاشكى.

بامداتدىن كېيىن چاي ۋەقتى،
ئاندىن سوڭ بولۇر ئاش ۋەقتى،
يارنى سۆيمەكنىڭ خۇپ ۋەقتى،
بۇ ئۆيدىن چىقسام كاشكى.

چاشتكاھدىن كېيىن تۇش بولۇر،
يارىمنىڭ كۆڭلى خۇش بولۇر،
يار كەلەسە نە ئىش بولۇر،
بىر بارسام ئېردىم كاشكى.

تۇشدىن نارى بولۇر پىشىن،
يارىمنىڭ كۆڭلى ئەبرىشىم،
ئەبرىشىمدەك بەلك رىڭە،
چىرماشىپ ئۆلسەم كاشكى.

پىشىندىن سوڭ بولۇر دىگەر،
يار ئىشقىدا كۆيدى جىگەر،
يار كەلمەسە مۇندا ئەگەر،
بىر بارسام ئېردىم كاشكى.

دىگەردىن كېيىن شام بولۇر،
يارىمنىڭ كۆڭلى غەم بولۇر،
غەمدە قالغان ئول كۆڭلىنى،
بىر ئالسام ئەردىم كاشكى.

شامدىن نارى بولۇر خۇفتەن،
ئاشىق - مەشۇق بولۇر جۇفتەن،
مەن يىغلارمەن مۇندا يەكتەن،
بىر كۆرسەم ئەردىم كاشكى.

ئاندىن كېيىن نىم شەب بولۇر،
يارىم مېنى ئىستەپ كېلۇر،
غېرىپقا بىر گۇل ئاچىلۇر،
بىر كۆرسەم ئەردىم كاشكى.

بەگ ئورداسى بولدى خالى،
مەن غېرىپنىڭ كەتتى ھالى،
يارىمنىڭ بار بىر خەيالى،
بىر كۆرسەم ئەردىم كاشكى.

ئەلقىسسە: موللاسى شاھ سەنەمگە قاراپ ئىشارەت قىلدى. سەنەمجان دەرھال مىڭ تەڭگە پۇلنى موللاسىنىڭ ئالدىغە قويىدى. موللاسى ئايتتىكى:

— ئەي شاھ سەنەم، بۇ تىللانى كىمگە ئالىپ كەلدىڭىز، — دېدى. شاھ سەنەم ئايتتىكى:

— ئەي ئاخۇنۇم، بۇ تىللانى ئۆزلىرىگە ئالىپ كەلدىم. تولادىن تولا ئۆزلىرىنى يەپ ئېدىم. ئاز خىزمەتلەرىنى قىلدىم. مەندە تولا ھەقىقياتلارى قالغاندۇر. ھەققىمگە دۇئا قىلىپ مەندىن رازى خۇشنۇد بولسالار، — دېدى. موللاسى شاھ سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ

سەنەمجاننىڭ ھەققىدە دۇئايى خەيرى قىلىپ ئايتتىكى:

— ئەي بالام، يولىڭىز ئاق بولسۇن، يولداشىڭىز ھەق بولسۇن. كۆل ئالسىڭىز كۈمۈش بولسۇن. تۇپراق ئالسىڭىز ئالتۇن بولسۇن، — دېدى. شاھ سەنەم موللاسى بىلەن خوشلىشىپ، مەكتەپتىن تاشقارى چىقتى. ئاخۇنۇم شاھ غېرىبنى چىقارىپ قويۇپ، پۇلنى ئېلىپ ئۆيىگە كەتتى. سەنەمجان مەكتەپنىڭ ئىشىكىنى ئاچىپ غېرىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي يارى مەھبۇبۇم، ئەمدى ئىش ئۆزگىچە بولدى. خۇدا ئۆزى قادىردۇر، — دەپ زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

سەنەم:

قۇلاق سالىپ ئىشىتىڭ مېنىڭ ئەرزىمنى،
سەندىن، مەندىن كەتتى دەۋران غېرىبىم،
بايان ئەيلەي ساڭا مېنىڭ دادىمنى،
ئىككىمىزدىن دەۋران كەتتى غېرىبىم.

غېرىب:

مەگەر ئاتام بىلسە دەپ غەمكىن بولماغىل،
مەن-مەن دەبان ئاخىرى زەۋالى باردۇر.
قىزىل گۈلدەك ئاچىلىبان سولماغىل،
سەبىر ئەيلەسەڭ ئاخىر كەمالى باردۇر.

سەنەم:

سەبىر ئەيلەسەڭ ئاخىر پۈتەر بۇ ئىشىڭ،
تەئبىر بىرەي تىرىك كۆردۈم بۇ چۈشۈڭ،
مۇنداتۇرساڭ غەم قايغۇدىن قۇتۇلماس باشىڭ،
كەلگەن دەۋلەت قۇشى ئۇچتى غېرىبىم.

غېرىب:

ئاشىق بولماس كىشى جاندىن كەچمەسە،
مەشۇق بولماس باغرىنى پارە قىلمەسە،
مەھبۇب بولماس يار ئۈچۈن مېھنەت
چەكمەسە،
ئۇشبۇ ئىشقىنىڭ ئاخىر ئىقبالى باردۇر.

سەنەم:

سېنى مېنى يەتكۈزمەسلەر ۋىسالە،
يۈز كېتەيلى مۇنداغ قىلما خەيالە،
بىزنى مۇندا يەتكۈزمەسە كەمالە،
فەلەك ئەمدى بىزدىن ئۆتتى غېرىبىم.

غېرىب:

قايغۇنى كۆپ يېسەڭ مېھنەتىڭ ئاشار،
يىراقلىقنىڭ خەنجەرى باغرىمنى يىرتار،
يالغاندۇر سۆزلەرىڭ تەقدىرى تارتار،
بىزگە بىر يازىلغان ئىقبالى باردۇر.

سەنەم:

سەنەم ئايتۇر دېگەن سۆزۈمگە كىرمەسەڭ،
بىر كېچەدە مېنى ئالىپ كەتمەسەڭ،
باشقا يەرگە بېرىپ ۋەتەن تۇتماساڭ،
پىنچاق ئۈستىخانغە يەتتى غېرىبىم.

غېرىب:

غېرىب ئايتۇر مۇنداغ سۆزنى ئايماغىل،
يۈرەكىمگە مۇنداغ دەردنى سالماغىل.
يىراقلىقتا غەم دەشتىدە قويماغىل،
ئەزەلدە بىر قىسمەت كەلگەنى باردۇر.

ئاندىن شاھ سەنەم:

— ئەي غېرىب، ساڭا توققۇز بۇسە، توققۇز گۆھەر ۋە ئىدە قىلىپ ئەردىم. بۇسەلەرىڭنى ئالغىل، — دېگەن ئەردى، غېرىب ئايتتىكى:

— ئەي سەنەم، ئەۋۋەلدە ئىشق مەجازى ئىدى. هازىر ئىشق ھەقىقىغە ئۆرۈلدى. ئەمدى بىر-بىرىمىزگە مۇنداغ ئىشق خۇپ ئەمەس. خۇدايى تەئالا مۇرادىمىزغا يەتكۈزسە، ئاندىن مۇھەببەت قىلايلى، — دەپ، پادىشاھ ئاببasخان بىلەن ھەسەن ۋەزىرنىڭ ۋەدە قىلىشقان خەت مۇھۇرىنى كۆرسەتتى. شاھ سەنەم مۇھۇرنى كۆرۈپ ۋەقتلەرى خۇش بولۇپ، مۇھۇرنى كىتابىنىڭ ئاراسىغە سالىپ قويدى. ئاندىن سەنەم غېرىپ بىلەن خوشلاشىپ ئورداغە ئاتاسى قاشىغە كىرىپ كەتتى. پادىشاھ ئاببasخان سەنەمنىڭ ئوقۇغان كىتابىنى قولىغە ئالىپ كۆردىكىم، ھەسەن ۋەزىر بىلەن ئىككىيلەن قىلىشقان مۇھىر ئىكەن. پادىشاھ خەت مۇھىرنى ئالىپ مەلىكەگە باشتىن ئاياغ بولغان ۋاقىئەنى بىر-بىر بەيان قىلىپ ئايتتىكى:

— ئەي زەئىفە، ئەمدى سەنەمنى غېرىپقا بىرەيلى، — دېدى. خاتۇنى ئايتتىكى:

— ئەمدى بۇ نېچۈك نامۇسلۇق ئىشتۇر. بىر ئاتاسى يوق يېتىم بالىغە شاھ قىزىنى بېرىپتۇر، دەپ خەلقى ئالەم مەلامەت قىلۇر، — دەپ پادىشاھنىڭ رايىنى ياندۇردى. شاھ خەت مۇھۇرنى يىرتىپ تاشلادى. غېرىپ بىلەن سەنەمنىڭ ئىشتىياقلارى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. غېرىپ بىچارە تاڭ ئاتقۇنچە ئوخلاماي مەزاردا يۈرۈر ئەردى. بۇ ۋاقىئەلەرنى شاھ ئاببasخان ئىشتىپ ئايتتىكى: «بۇ غېرىپ بىزلەرنى خەلق ئاراسىدا مەلامەتكە قويغىدەك.» دەپ، غېرىپنى ئاناسى ۋە سىڭلىسى گۈلجەمالنى بىر ئەرابىگە سالىپ بەغدادقا ئەۋەتكەن ھىسابىتا پالىماقچى بولدىلار. شاھ سەنەمجان ئۇلارنىڭ كېتەر خەبەرىنى ئاڭلاپ، تولا بىتاقەت بولۇپ، مەھافەكەشكە مىڭ تەڭگە پۇل بېرىپ، «ئەي مەھافەچى، سەن مەھافەنى رەۋاقنىڭ تېگى بىلەن ئاستا ئېلىپ ماڭغىن، بىر سائەت رەۋاق ئۈستىدە تۇرۇپ غېرىپنىڭ جەمالىغە قاراپ ئالاي» دېدى. مەئافەكەش خۇشال بولۇپ، «خوش، بولغاي» دەپ بەجانىدىل قەبۇل قىلدى. مەئافەگەش غېرىپنىڭ ھويلاسىغە بارىپ، ئۇلارنى مەئافەگە سالىپ رەۋاقنىڭ تېگى بىلەن ئاستا ئۆتۈپ بارار ئەردى. شاھ سەنەم رەۋاق ئۈستىدە تۇرۇپ زار-زار يىغلاپ غېرىپ بىلەن ئۆزئارا ئايتىشقان نەزمە:

سەنەم:
مۇندىن كېتەر بولساڭ باغداد شەھرىگە،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تافشۇردۇم.
ئەللاھ سالدى جۇدالىقنىڭ دەردىگە،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
مەن كېتەرمەن مۇندىن باغداد شەھرىگە،
كۆپ يىغلاماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.
ئىلاجىم يوق ئاببasخاننىڭ زۇلمىگە،
كۆپ يىغلاماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۇرمەن.

سەنەم:
مۇندىن كېتەر بولسىڭىز تاغلار تامانە،
جەمالىڭنى كۆرمەككە مەندە ئەرمانە،
بۇ جۇدالىق گوياكى ئاخىر زەمانە،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
سېنىڭدەك ياردىن جۇدا بولغۇنچە،
ئۆلگەنىم ياخشىدۇر تىرىك يۈرگۈنچە،
بىتاقەتلىك قىلماغىل قايتىپ كەلگۈنچە،
يىغلىماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:
نەچچە كۈن تارتۇرمەن سېنىڭ دەردىڭنى،
سەبرى قىلالمادىم داغى - ھەجرىڭنى،
رازى ئىدىم تەڭرىم ئالسا جانىمنى،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
مېنى كەتتىلەر دەبان يىغلاپ ئولتۇرمە،
قىزىل گۈلدەك رەڭگى روييۈڭ سولدۇرمە،
دوست بىلسۇن دۈشمەنلەرگە بىلدۇرمە،
كۆپ يىغلىماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:
مەن يىغلاماي نەيلەيىن سەندىن ئايرىلدىم.
مالۇ مۈلكۈم خانىماندىن ئايرىلدىم.
يۈرەك باغرىم مەدارىمدىن ئايرىلدىم.
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
مېنىڭ كۆڭلۈم بولدىلار يۈز پارە - زىدە،
سەنسىز تىرىكلىكىم يوقتۇر دۇنيادە،
ئۆلمەسەم كېلورمەن يەنە ئۈچ ئايدە،
يىغلىماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:
كېلورمەن دەپ ئەقلى ھوشۇم ئالۇرسەن،
كېتەرمەن دەپ جانىمغە ئوتنى سالۇرسەن،
ھالا بۇندىن كەتسەڭ قاچان كېلۈرسەن،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
ئىلاجىم يوق مېنىڭ يۇرتتا قالماققا،
شۇم فەلەك چۆرگۈلدى جۇدا قىلماققا،
كېچە - كۈندۈز يىغلاپ قانلار يۇتماققا،
كۆپ يىغلىماڭ سەنەمجان كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:
سەنەم ئايتۇر سېنىڭ بىلەن ئەھدەم بار،
ئۈچ ئايغىچە كەلسەڭ ئاڭا سەبرەم بار،
ئۈچ ئايغىچە كەلمەسەڭ ماڭا ئۆلۈم بار،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

غېرىپ:
غېرىپ ئايتۇر رەقىب ئۆزگە بولماسا،
ئەجەل يېتىپ شۇم پەيمانەم تولماسا،
جانىم چىقىپ باشىم يولدا قالماسا،
خوش ئەمدى، ئەي يارىم، كەتسەم كېلۈرمەن.

سەنەم:
مەن يىغلاماي نەيلەيىن كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
مۇھەببەتنىڭ رىشتەسى جاندىن ئۈزۈلدى،
پىشانەمگە بۇ قىسمەتلەر يازىلدى،
غېرىپ سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، غېرىپجان شاھسەنەم بىلەن ۋىدائلاشىپ يولغا رەۋان بولدىلار. شاھ سەنەم رەۋاق ئۈستىدە خۇن جىگەردىن ئاھ تارتىپ زار-زار يىغلاپ قالدى. غېرىپ شول يۈرگەنلەرىچە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بەغداد شەھرىگە يەتتى. بەغداد پادىشاھى بۇلارنىڭ ئالدىغە كىشى چىقارىپ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن شەھەرگە ئالىپ كىرىپ بىر خۇش ھاۋا ھويلا - ھەرەمنى بۇيرۇپ بەردى. ئاندا چۈشۈپ ئورۇنلاشتىلار. بىر نەچچە كۈن بەغداد شەھرىدە تۇرۇپ ئويناپ يۈردىلەر.

غېرىپنىڭ ئاتاسى ھەسەن ۋەزىر
ئەتتۇرۇپ بەرگەن بىر ئالتۇن سەقاسى
بار ئەردى، بىر كۈنى ئۇنى كوچىدا ئوييناپ
يۈرگەندە قولىدىن چىقىپ بىر قېرى
رەمبالنىڭ ئالدىغە چۈشتى. ئۇ رەمبال
سەقانى قولىغە ئالىپ تۇرۇپ:
— ئەي يىگىت، سىزدە بىر نېمەرسە-
نىڭ ئەسەرى زاھىر بولادۇر، سىز ئۈچۈن
بىر پال باقاي، — دېدى. غېرىپ ئايتتىكى:
— ئەگەر سىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى
تاپىپ ئايتىپ بەرسىڭىز شۇ ئالتۇن سە-
قانى سىزگە نەزىر-نىياز قىلاي.
غېرىپ رەمبالغا دەردى-ئەھۋالىنى
بىر-بىر بايان قىلىپ، زارىزار يىغلاپ
بۇ بەيتنى ئوقۇدىلار:

ئەي موما يولدىن ئازىقتىم،
كەل مېنى بىر يولغا سالغىن.
مەجنۇن كەبى ھەددىن ئاشتىم،
لەيلى كەبى يولغا سالغىن.

مېنىڭ يارىم ئاندا قالدى،
گۈلزاردا بۇلبۇللار قالدى،
قىسمەت مېنى چۆلگە سالدى،
يارىم ئۈچۈن قۇرئە سالغىن.

يار ئۈچۈن ئوتتا كۆيەرمەن،
گاھ تۇتاشىپ گاھ يانارمەن،
سەھرادا قالغان تۇرنامەن،
مۇرغىزارلىق كۆلگە سالغىن.

ساڭا ئايتاي كۆڭۈل داغىن،
يېقىن ئەتكىل يول يىراغىن،
كۆرسەتكىل بۇلبۇللۇق باغىن،
تېز ئاچىلغان گۈلگە سالغىن.

ئەرزىم ئايتاي موما سىزگە،
قاچان قوشۇلۇر يارىم بىزگە،
كارۋانىم كۆچتى چۆلگە،
مېنى بىر مەنزىلگە سالغىن.

غېرىپجان دەرلەر ئاتىمنى،
ئىزھار ئەيلەي بۇ دەردىمنى،
ئىشتىكىل ئەرزى ھالىمنى،
غېرىپنى بىر يولغا سالغىن.

موماي قۇرئە سالىپ دېدىكى:
— ئەي غېرىپ ئوغلۇم، سېنىڭ دەر-
دىڭ تولا ئىكەن. سەن ھوشيار، دانا
بولغىنىكى، مەن قۇرئى كىتابىدىن چىققان
سۆزنى راستلىق بىلەن ساڭا ئايتىپ
بىرەي. ئەي ئوغلۇم، سەن دىيارى بەكرى
شەھرىنىڭ پادىشاھى شاھى ئاببا سخانىنىڭ
قىزى مەلىكە شاھ سەنەمگە ئاشىق ئىكەن-
سەن. سېنىڭ ئاشىقلىقىڭدىن يۈز ھەسسە
شاھ سەنەم ساڭا ئاشىق ئىكەن. سېنىڭ
ئوقۇشۇڭنىڭ شارافەتىدىن شاھ سەنەم
سېنىڭ خاتىرەڭدىن چىقمىپتۇر. سەن باغ-
دات شەھرىگە ماڭغىنچە سەنەمجان رەۋاق-
نىڭ ئۈستىدە يىقىلىپ قالغانىنىڭ بۇيانى-
دا بىخۇد ياتادۇر. پادىشاھى ئاببا سخان
قىزى شاھ سەنەمنىڭ كېسەل بولغانىنى
كۆرۈپ بىر مىڭ ئۆلىما، تۆرت يۈز
ھۆكۈمالارنى ۋە مۇنەججىم ئاخۇنۇملارنى
يىغىپ ئايتتىكى: «ئەي ياخشى ئاخۇنلا-
رىم، قىزىمغە جىن-شەيتان، دىۋە-ئالۋاس-
تى ئەسەر قىلىپدۇرمۇ؟ ياكى بۆلەك
كېسەل بولۇپدۇرمۇ؟ دەۋا قىلىڭلار»
دەپ ئەردى. مۇنەججىم ھۆكۈمالار قۇئەر،
سالىپ باقسالار، سەنەمنىڭ ھېچ بىر يېرىدە
كېسەلنىڭ ئەسەرى يوق. پادىشاھقا ئانداغ

دېيەلمەي ئائىلاج بولۇپ، غېرىپكە ئاشىق
ئىكەن دېيەلمەي «بىر چەھار باغ بىنا
قىلدۇرسالار. رەڭگارەڭ گۈللار ئاچىلـ
سەلار، بۇلبۇللار سايراشىپ تۇرسالار،
شاھ سەنەمنى ئول باغدا قويسەلەر، شۇـ
لارنى كۆرسە ئاندىن كېسەللەرى سەھەت
تاپارمىكىن، بولماسا ئانىڭدىن بۆلەك
ئىلاج يوق» دېدى. پادشاھ بۇ سۆزنى
ئاڭلاپ قىرىق خەزىنە پۇل ـ مالنى سەرف
قىلىپ بىر چەھار باغ بىناقىلدىلار. بۇباغ
ئانداغ خۇش ھەۋالىق بولدىكى، سۇلارى ئاتـ
لىق، بۇلبۇللار سايراشۇر، رەڭگارەڭ گۈللار
ئاچىلىپ تۇرار. ئەمدى قىرىق غۇلام
ئالىڭلار دەپ ئەمرى قىلدى. شەھەر ـ
شەھەرلەرگە مۇناسىب قۇل ئىستەپ كىشى
چىقىپ كەتتى. ئەي غېرىپ، سەن ئاندا
بارىپ بىر بەھانە بىلەن قۇللارنىڭ ئاراـ
سىدا تۇرۇپ باغبان بولۇپ ئۆزۈڭنى
شۇل چەھارباغقا ئالساڭ، چەھارباغقا
چىققان سەنەمجان يارىڭ بىلەن شۇندا
كۆرەشۇرسەن.

غېرىپ مومايدىن بۇسۆزنى ئىشتىپ ئالـ
تۇن سەقاسىنى قۇرئەنداز مومايغا بەردى.
موماي ئۆرە تۇرۇپ، غېرىپنىڭ ھەققىدە
دۇئايى خەيرى قىلدى. غېرىپ «ھازىرلا
شۇبۇ جايدىن ماڭغانچە دىيارى بەكرىگە
كېتەي» دەپ ئويلادى. ئەمما ئاناسى
يادىغا يەتتى، ئانام ئىستەپ قالماسۇن،
ئانامدىن ئىجازەت ئالىپ باراي دەپ
ئاناسىنىڭ قاشىغە كىردى:

— ئەي ئانا، مېھرىبانىم، مېنى سىز
توققۇز ئاي، توققۇز كۈن ئېغىر قورساق
كۆتەرىپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغۇپ
ئىدىڭىز، ھالالا مەندىن رازى بولۇڭ.
ماڭا رۇخسەت بېرىڭ. مەن دىيارى بەكرىگە
كەتمەكچى بولدۇم، — دەپ ئەردى، ئاناسى:

— ئەي جانىم بالام، ئاتاڭدىن ئايـ
رىلىپ فەرىشان ئەردىم ۋە ھەر زەمان
سېنى كۆرسەم ئاتاڭنىڭ ئوت فىراقى
پەست بولۇر ئەردى. ئەمدى سەن مېنى
تاشلاپ كەتسەڭ، ئاناڭ نە كېتەر، — دەپ
غېرىپكە ئىجازەت بەرمەدى. غېـ
رىپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاناسىغە باقىپ
رۇخسەت تىلەپ، خۇن جىگەرىدىن چىقاـ
رىپ قايسى بېيىتنى ئوقۇدى قېنى:

قۇلاق سالغىل كەتبەم ئانام،
مەن بۇگۈن كەتمەكچى بولدۇم.
رۇخسەت بېرىڭ جانىم ئانام،
باشىم ئالىپ كەتمەكچى بولدۇم.

باش قويدۇم مەن پىر ئۇستازغە،
ئۆزۈمنى سالىپ مەن دەرياغە
قوشۇلۇپ مەن ئاشىق فەرھادغە،
شىرىن دەپ ئۆلمەكچى بولدۇم.

دۇئا قىلغىن سەن بۇ يەردە،
سەنەم سالدى مېنى دەردە،
يارىمنى دەپ يات يەرلەردە،
بىر ۋەتەن تۇتماقچى بولدۇم.

قالدىم جۇدالىق دەردىگە،
كېتەرمەن بەكرى شەھرىگە،
كۆزۈم يۇمۇپ غەم ھەجرىگە،
دەرد ئۇچۇن كەتمەكچى بولدۇم.

دەپ ئۆز تىلەكلەرىنى ئاناسىغا ئايتتى.
ئاناسى:

— ئەي جانىم بالام، ئاتاڭ ھەسەن
ۋەزىر ئالەمدىن كەتكەندىن بويانىدا ساـ

ئا يۆلىنىپ تۇرار ئەردىم. ئەمدى سەن-
دىن ئايرىلىپ نېچۇك تىرىكلىك قىلۇر-
مەن، — دەپ غېرىپقا پەندى - نەسىھەت-
لەر قىلدى. غېرىپقا تەسىر قىلمادى.
ئىلاجىسىزلىقتىن ئاناسى رۇخسەت بېرىپ،
فەرزەندىمىنى ئۆزۈڭگە ئەمانەت قىلدىم، —
دەپ خۇدايىتەئالاغە سېغىنىپ مۇناجات
ئايتتى:

نەيلەيىن جانىم بالام، كىملەرگە قويدۇڭ سەن مېنى،
تېنىم ئىچرە، جان بالام، سىنەمگە جا قىلدىم سېنى.
نەۋبەھارى قامەتىم جىسمىمگە جا قىلدىم سېنى،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئەللاھغە تاپشۇردۇم سېنى.

گۈلشەنى ئۆمرۈم باغىدا گۈل بەھارىم سەن ئىدىڭ،
ئول نايابى شەككەرى قەندۇ نەباتىم سەن ئىدىڭ،
ئەقلۇ ھوشۇم راھەتىم، جانۇ قەرارىم سەن ئىدىڭ،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئەللاھغە تاپشۇردۇم سېنى.

مەن نېچۇك تاقەت قىلاي ھەجرىڭدە دائىم، ئەي ئوغۇل،
يىغلاپ ئايتقان بۇ مۇناجاتىنى خۇدا قىلغاي قەبۇل،
ئول خۇدا بولسۇن رەفىقىڭ ئول مەدەتكارىڭ رەسۇل،
بارغىل ئەي جانىم بالام ئەللاھغە تاپشۇردۇم سېنى.

ھەر زەمان يادىڭدا مەن چاكى گىرىبان ئەيلەسەم،
سۇد قىلماس نەيلەيىن ھەردەم پۇشەيمان ئەيلەسەم.
ھەقتەئالاغە بۇ كۈن مەن دادۇ پەرياد ئەيلەسەم،
بارغىل، ئەي جانىم بالام، ئەللاھغە تاپشۇردۇم سېنى.

دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇغاندىن كېيىن با-
لىسىغە ئىچى ئاغرىپ يەنە نېمە دەيدۇ
قېنى:
ھەسەن ۋەزىر ئۆلدى دەپ ساڭا قوۋاندىم،
بالام، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.
بويۇك كۆرۈپ بىر نەچچە يىل قوۋاندىم،
بالام، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

بىر يار ئۈچۈن نۇرغۇن قاننى يۇتارسەن،
يات يەرلەرگە مېنى تاشلاپ كېتەرسەن،
غەۋۋاس بولۇپ ئىشق ئوتىغە چۆمەرسەن،
بالام، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

بالام، ئەمدى كېتەر بولدۇڭ يات يەرگە،
مۇرۇۋۋەت ئەيلەگىل ئاجىز قۇللارغە.
سۆيەر كېرەك بارغىن ئەلدىن ئەللەرگە.
بالام، سېنى بىر ئەللاھغە تاپشۇردۇم.

ئەلقىسسە، ئاناسى غېرىپقا باقىپ
ئايتتىكىم:

— ئەي بالام، يولۇڭ ئاق بولسۇن. يولداشلىق ھەق بولسۇن. كۆل ئالساڭ كۆمۈش بولسۇن. تۇپراق ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن، — دەپ يىغلاپ رۇخسەت بەردىلەر. غېرىپجان ئاناسىدىن رۇخسەت ئالىپ، ئاناسى بىلەن خوشلاشىپ رەمبال مومايىنىڭ ئايتقان چەھار باغىنى خەيال قىلىپ يولىغە رەۋان بولدىلار. غېرىپ كۆز يېتىم يەرگە بارغاندا ئاناسى قىچقارىپ:

— ئەي ئوغلۇم، توختاغىن، ساڭا ئىككى ئېغىز ۋەسىيەتىم بار، — دېدى. غېرىپ يانىپ كېلىپ ئەردى، ئاناسى:

— باغداد شەھرىنىڭ ئارىلىقىدا ئۈچ ئايلىق يول باردۇر. تەمامى چۆلدۇر. جەزىرەنىڭ ئىچىدە ئوغرى - قاراقچىلار بار ئىكەن. ئۇلار تەڭگە قەستىدە سېنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈپ ئاتادۇر. ناھەق ئۆلۈپ كېتەرسەن. بۇ پادىشاھلىق ئىگىن - ئاياغلىرىڭ بىلەن بارساڭ ھەرگىز مۇرادىڭغا يەتمەيسەن. پادىشاھانە سەرۇپايىلارىڭنى قەلەندەرنىڭ كۆلاھ ۋە جەندەسىگە ئالماشتۇرۇپ ئالىپ كىيسەڭ تىنىچ ئامان بېرىپ مۇرادىڭغا يېتەرسەن، — دېدى. غېرىپ ئاناسىدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شەھەرنىڭ بىر بۇرجەكىگە كېلىپ بىر قەلەندەرنى تاپىپ:

— ئەي قەلەندەر، سېنىڭ كەيمەيدۇرغان كۆلاھ ۋە جەندەلىرىڭ بولسا خۇدانىڭ يولىدا ماڭا بەرگىن، — دەپ ئەردى، ئول قەلەندەر كونا كۆلاھ جەندەسىنى ئالىپ چىقىپ غېرىپكە بەردى. غېرىپ قەلەندەرنىڭ كۆلاھ جەندەسىنى كىيىپ دىۋانە سۈرەتىدە بولۇپ، پادىشاھانە سەرۇپايىلارىنى قەلەندەرلەرگە ئۇلەشتۈرۈپ بېرىپ، دىۋانەلەر بىلەن خوشلاشىپ يولىغە رەۋان بولدى. بەغداد شەھرىنىڭ دەرۋازەسىدىن چىقىپ دىيارى بەكرىگە بارماقىنى خەيال قىلىپ كېتىپ بارۇر ئەردى. غېرىپنىڭ سىڭلىسى گۈلجەمال بىرنەچچە قىزلار بىلەن سەيلى - تەماشاغە چىقىپ ئەردى. ئاندا غېرىپنىڭ كېتىپ بارغانىنى كۆرۈپ، ئەي ئاكا، مېنى تاشلاپ قايان بارۇرسەن، دەپ زارى - زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

مېنىڭ گۈلۈم ئاچىلمايىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟
ئارادىن ھېچ سۆز ئۆتمەيىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

بىزلەرنى قىلما بىچارە،
باغرىمىزنى قىلما پارە.
يۈرىكىمگە سالما يارە،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

مەن كەچتىم ئۇشبۇ جەھاندىن،
ئەمدى كەچتىم مەن بۇ جاندىن.
ئۈمىدىم شولمىدى سەندىن،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

بىر نامەردىنىڭ پەندىن ئالىپ،
كېتەر بولدۇڭ مۇندىن قايتىپ.
بىزنى مۇندا ئوتقا سالىپ،
جان ئاكا قايان بارۇرسەن؟

گۈلجەمالنى زار يىغلاتىپ،
يۈرەكىنى ئوتقا داغلاتىپ.
بەختى قارانى يىغلاتىپ،
جان ئاكا، قايان بارۇرسەن؟

غېرىپجان سىڭلىسى گۈلجەمال بى-
لەن خوشلىشىپ يولغا رەۋان بولدى.
سىڭلىسى زار-زار يىغلاپ يول ئۈستىدە
بىھوش بولۇپ ياتىپ قالدى.

ئەلقىسسە، غېرىپ شۇ يۈرگىنىچە
مەنزىل مەراھىللەرنى تەي قىلىپ ۋە
بادىيەلەرنى قەتئ ئەيلەپ خۇدايى تەئالاغا
نالە - زار قىلىپ بىر تاغقا يەتتىلەر.
تاغدا ئۇ «بۇ تاغ ئىچىدە بىر ئېزىز
بار ئەرمىش» دەپ ئىشتكەنىدى.
غېرىپ بىچارە «ۋا ئەجەب سائادەتتۇركى،
شۇ ئېزىزنى ئىزدەپ بېرىپ زىيارەت
قىلىپ ئول بۇزرۇكنىڭ بىر دۇئاسىنى
ئالسام، ھەر كىشى پىرنىڭ دۇئاسىنى
ئالمىغىچە مۇراد-مەقسەدىگە يەتمەس
دەپتۇر. شايەدكى، ئول پىرى كاملنىڭ
دۇئاسى بىلەن مۇراد مەقسەدىمگە
يەتسەم ئەجەب ئەرمەس» دەپ غېرىپ
ئول ئېزىزنى ئىزدەپ يۈردىلەر. ئول
بۇزرۇكنىڭ ئاتلارىنى شەيخ جۇنەيد
باغدادى قۇددىسە سىررۇھۇ دەر ئەردى.
غېرىپ تاغلارنى ئارىلاپ ئىزدەپ كېتىپ
بارار ئەردى. بەناگاھ ئول بۇزرۇك
مەكان قىلغان غارنىڭ ئالدىغا كەلدى.
غېرىپ «ئىجازەتسىز كىرمەك ئەدەب
جۇملەسىدىن ئەمەسدۇر. جەۋاب مەرھەمەت
بولسا زىيارەت قىلسام» دەپ ئىنتىزار
بولۇپ تۇرۇپ ئەردى. بۇ ۋاقىتە شەيخ
جۇنەيد باغدادى رەھمەتۇللاھ ئەلەيھىغە
مەئلۇم بولدىكى، مۇنداق بىر ئوغۇل
كېلىپ غارنىڭ يېنىدا ئەدەب بىلەن
تۇرۇپتۇر. ھەزرەتى شەيخ جۇنەيد «ھەر-
كىشىنىڭ ئۆيىگە مېھمان كەلسە، ئۆي
ئىگەسى مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ
باشلاپ ئېلىپ كىرمەك لازىمدۇر» دەپ
ئويلاپ غېرىپنىڭ ئالدىغا چىقتى. كۆر-
دىكىم بىر ياخشى ئوغۇل تۇرۇپتۇر.
پېشانەسىدىن ئىشقى مۇھەببەت زاھىر
بولۇپ تۇرۇپتۇر. غېرىپ ھەزرەتى
شەيخ جۇنەيدنى كۆرۈپ سەلام ئەدەبانە
قىلىپ يۈگۈرۈپ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى.
ھەزرەتى شەيخ جۇنەيد جەۋاب سەلام
بېرىپ، «بۇ يىگىتتىن بىر مۇنچە سۆز
سوراي، جەۋاب بەرسە ھەقتەئالادىن
بۇ يىگىتنىڭ مۇراد-مەقسەدىنى تىلەپ
دۇئا قىلاي، كەمالەتكە يەتسۇن.» دەپ
غېرىپقا قاراپ سوئال سورغانى، غېرىپ
بىچارەنىڭ بىر-بىر جەۋاب بەرگەنى:

شەيخ جۇنەيدى:
ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم غېرىپ ئاشىقىم،
ھەقتەئالا رەسۇلنى قايدىن ياراتتى؟
رەسۇل ئۇچۇن نەچچە دەريا ياراتتى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
ۋەئەلەيكۇم ئەسسەلام شەيخ جۇنەيدى،
ھەقتەئالا رەسۇلنى نۇردىن ياراتتى.
رەسۇل ئۇچۇن يەتتە دەريا ياراتتى.
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شۇلدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
قايسى دەرەختۇر تېنىدىن سۇ ئىچەر؟
قايسى دەرەختىنىڭ شاخى ئالەمنى قۇچار؟
قايسى قۇشتۇر ھەر تەرەپكە سەيلانە ئۇچار؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
ئىمان بىر دەرەختۇر تېنىدىن سۇ ئىچەر.
كۆڭۈل بىر شاختۇر ئالەمنى قۇچار.

روھىمىز بىر قۇشتۇر سەيلانە ئۇچار،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
بۇ نىمەدۇر باقماي، تىكمەي باغ بولغان؟
ئۇل نىمەدۇر سىنەلەرى چاك بولغان؟
ئۇل نىمەدۇر بىر پەرزەندگە داغ بولغان؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
مازەندەران باقماي، تىكمەي باغ بولغان،
ئاشىقلاردۇر سىنەلەرى چاك بولغان،
ياقۇپ پەيغەمبەر پەرزەندگە داغ بولغان،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئۇلار كىمدۇر ئەرشكە قەدەم قويدىلار؟
ئۇلار كىمدۇر يېمەي - ئىچمەي تۇردىلار؟
ئۇلار كىمدۇر پەرزەندىنى سويدىلار؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
ھەق مۇستەفا ئەرشكە قەدەم قويدىلار،
خىزىر ئىلياس يېمەي - ئىچمەي تۇردىلار،
ئىبراھىم پەيغەمبەر پەرزەندىنى سويدىلار،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئۇلار كىمدۇر بېھىشتكە كىردى، چىقمادى
ئۇلار كىمدۇر ئاسمانغە چىقتى، تۇشمەدى؟
ئۇلار كىمدۇر تۇغۇلدى، ھەرگىز ئۆلمەدى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر،

غېرىپ:
ئىدرىس نەبى بېھىشتكە كىردى، چىقمادى،
ئەيسا نەبى ئاسمانغە چىقتى، تۇشمەدى،
خىزىر نەبى تۇغۇلدى، ھېچ ئۆلمەدى،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئۇل نىمەدۇر قانلار ھەرگىز ئېرىمەس؟
ئۇل كىملەردۇر ئۆلمەس، يېتمەس، قېرىماس؟
ئۇل نىمەدۇر تولۇپ تاشار، تۆكمەس؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
كەربەلادىن قانلار ھەرگىز ئېرىمەس،
بىر خۇدادۇر ئۆلمەس، يېتمەس، قېرىماس،
ھەق رەھمەتى تولۇپ تاشار، تۆكمەس.
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئۇل نىمەدۇر تەنەسى بار، جانى يوق؟
ئۇل نىمەدۇر قاناتىنىڭ سانى يوق؟
ئۇل نىمەدۇر ئىككى يۈزدە قانى يوق؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر-

غېرىپ:
قارا يەردۇر تەنەسى بار، جانى يوق،
جىبرەئىلنىڭ قاناتىنىڭ سانى يوق،
ئانت ئىچكەننىڭ ئىككى يۈزدە قانى يوق،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئۇل قايسىدۇر بۇ ئالەمنىڭ يورۇغى؟
ئۇل قايسىدۇر ئۈچيۈز ئاتمىش يافراغى؟
ئۇل قايسىدۇر ئەسەلدىن شاخى؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر.

غېرىپ:
ئاي بىلەن كۈن بولۇر ئالەم يورۇغى،
ئۈچيۈز ئاتمىش كۈن بولۇر ئانىڭ يافراغى،

رەمەزان ئايىدۇر ئەسەلدىن شاخى،
ماڭا ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئول نىمەدۇر ئاسمان سىرى يايىلغان؟
ئول نىمەدۇر كۆكتىن يەرگە تۆكۈلگەن؟
ئول نىمەدۇر قىزىل قانغە بويالغان؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولسالار ماڭاجەۋاب بەر.

غىرىپ:
بۇلۇت بولۇر ئاسمان سىرى يايىلغان،
يامغۇر بولۇر كۆكتىن يەرگە تۆكۈلگەن،
شەھىد بولۇر قىزىل قانغە بويالغان،
ماڭا ئۇستاز بولسالار جەۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
ئول نەيەر دەۋراننىڭ ئىچى شەھرىدۇر؟
ئول شەھەردە ئاندا ئىككى سۇلتاندۇر؟
ئول ئىكەۋلەن بىر - بىرىگە دۇشمەندۇر؟
ئوغلۇم، ئاشىق بولساڭىز ماڭا جەۋاب بەر

غىرىپ:
ئادەمدۇر، ئىچى ئانىڭ شەھرىدۇر،
نەفس بىلەن ئىمان، ئاڭا سۇلتاندۇر.
بۇ ئىكەۋلەن بىر - بىرىگە دۇشمەندۇر.
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جاۋابىم شولدۇر.

شەيخ جۇنەيدى:
جۇنەيدى دەرقايسى كۈن زۇلمەت بولادۇر؟
قايسى كۈنى دەججال تاغدىن چىقادۇر؟
قايسى كۈنى ئاخىر زەمان بولادۇر؟
ئوغلۇم ئاشىق بولساڭىز ماڭا جاۋاب بەر.

غىرىپ:
غىرىپ ئايتۇر دۇشەنبە كۈن زۇلمەت بولادۇر،
سەيشەنبە كۈن دەججال تاغدىن چىقادۇر،
جۇمە كۈنى ئاخىر زەمان بولادۇر،
پىرىم، ئۇستاز بولساڭىز جەۋابىم شولدۇر.

ئەلقىسسە، ھەزرەتى شەيخ جۇنەيد بەغدادى رەھمەتۇللاھئەلەيھى غىرىپتىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ غىرىپجاننىڭ ھەققىدە كۆزلەرىنى كۆككە تىكىپ خۇدايىتەئالاغە مۇناجات قىلىپ ئېيتىدۇرلاركىم:

— ئەي باراخۇدايا، شۇبۇ غىرىپ بىچارە بەندەڭنى مۇراد - مەقسەدىگە بىر يەتكۈزگىل، — دەپ دۇئاغە قوللارىنى كۆتەرىپ يىغلاپ ئىدىلار. ھەقتەئالا شەيخ جۇنەيدىنىڭ دۇئاسىنى دەرگاھىدا قەبۇل قىلىپ، غىرىپجان بىچارەنى ئاشىقلار زۇمرەسىدە قىلدىلار. دۇئادىن فارىغ بولۇپ:

— ئەي بالام، يولۇڭ ئاق بولسۇن، يولداشىڭ ھەق بولسۇن. سەن ماڭا قىيامەتلىك مۇرىد بولدۇڭ. مەن ساڭا قىيامەتلىك پىر بولدۇم. سەن ئاشىق ئىكەنسەن. بارغىل بالام، مۇرادىڭغا يەتكىل، — دېدى. غىرىپ بىچارە شەيخ جۇنەيد باغداددىن رۇخسەت تىلەدىلەر. ھەزرەتى شەيخ ئىجازەت بىرىپ:

— بارغىل بالام، سېنى خۇدايىتەئالاغە تاپشۇردۇم، — دېدى. غىرىپ شۇبۇ يەردىن دىيارى بەكرىگە بارماقنى ئىختىيار قىلىپ، شەيخ بىلەن خوشلاشىپ يولغە راۋان بولدىلار، چۆللەرنى تەي ئەيلەپ، بادىيەلەرنى قەتئ ئەيلەپ، نەچچە كۈن يول يۈرۈپ، بىر نەچچە كۈندە بىر جەزىرەگە يەتتىلەر. بىناگاھ ئول جەزىرەنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە قاراقچىلارنىڭ مەكانى بار ئەردى. ئۇ قاراقچىلارغا يولۇقۇپ قالدى. قاراقچىلار

«قايان تەرەفدىن سودىگەر كېلىۋر ئىكىن» دەپ قاراۋۇلخانىلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قاراپ تۇرار ئەردى. غېرىپنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆز يېتىم يەردىن كۆرۈپ سەردارىغە چىقىپ خەۋەر قىلىپ قويىدى. قاراقچىلارنىڭ سەردارى بۇيرىدىكىم:

— بارىپ، ئول ئادەمنى تۇتۇپ ئالىپ كېلىڭلار، — دېدى. قىرىق قاراقچى ئاتىغا سەۋارى بولۇپ، دەرھال غېرىپنى تۇتۇپ باغلاپ، سەردارىنىڭ ئالدىغە ئالىپ كەلدى. سەردار «ئىگىن ئاياغلارىنى سالدۇرۇپ ئاختۇرۇڭلار» دېدى. غېرىپنى چەندان ئاختارىپ بىر دەرھەم تاپالمادى. بىر قاراقچى:

— بۇ ئوغۇلدىن ھېچبىر مەنفەئەت كۆرمەدۇق، — دەپ ئىدى، يەنە بىرى ئايتتىكى:

— مۇنى ئۆلتۈرەيلى يەنە بىرى ئايتتىكى:

— مۇنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلۇرمىز؟ يەنە بىرى ئايتتىكى:

— مۇنى ئۆلتۈرۈپ قىلىچىمىزنى قان قىلساق، كەيىندىن سودىگەر كېلۇر. قانلىغ قىلىچىمىزنى كۆرسە بىزدىن قاچار. پۇل، مالنى ئاسان بۇلاپ ئالۇرمىز، — دەپ شاھ غېرىپنى ئۆلتۈرگەلى قەست قىلىشتىلار. غېرىپ بىچارە بۇ قاراقچىلارنىڭ سۆزلەرىنى ئىشتىپ خەيال قىلدىكىم: «مەن ئەمدى مۇراد - مەقسەدىمگە يېتەلمەي، يارىمنىڭ جامالىنىمۇ كۆرەلمەي ئۆلەدۇرغانغا ئوخشايمەن» دەپ سەنەمجاننى ياد ئېتىپ كۆزىگە ياش ئالىپ تۇرۇپ ئىدى. قاراقچىلار قولىغە قىلىچ ئالىپ شاھ غېرىپنى ئۆلتۈرگەلى راست بولدى. غېرىپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يارىمنىڭ جەمالىنى كۆرمەي ئۆلەرمەنمۇ؟ دەپ زار - زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

دادۇ فەرياد شۇم فەلەكنىڭ دەستىدىن،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.
ئىلاجىم يوق قاراقچىلار دەستىدىن،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

بۇ جانىمغە قەسد قىلدى قاراقچى ئافەت،
مېنىڭ مۇندىن قۇتۇلماغىم يوقتۇر سەلامەت.
گويا بولدى ماڭا روزى قىيامەت،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

ياقامنى چاك ئېتىپ ئەيلەسەم فەرياد،
بۇزۇلسۇن، يىقىلسۇن بۇ دەۋرى ناشاد،
قاراقچىلار قولىدا قىلىپ مەن فەرياد.
يارجەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

مەن نەيلەيىن نازۇك قولۇم باغلاندى،
ھەجر ئوتىدا يۈرەك - باغرىم داغلاندى.
شۇم رەقىبلەر ئۆلتۈرگەلى چاغلاندى،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

ئاشىق بولۇپ مۇرادىمغە يەتمەدىم،
بۇلبۇل بولۇپ گۇلىستانىم كەزمەدىم،
باغبان بولۇپ ئالما - ئانار ئۈزمەدىم،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

مەن يارىمدىن جۇدا بولدۇم نەيلەيىن.
ئىشق يولىدا ئەدا بولدۇم نەيلەيىن،
ئاچىلماغان گۈلدەك سولدۇم نەيلەيىن،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

غېرىپجاننىڭ پىرى جۇنەيد باغدادى،
ئانىڭ ئۈچۈن ساڭا قىلدىم فەريادى.

قاراقچىلار ئۆلكىدىن قىلغىل ئازادى،
يار جەمالىن كۆرمەي ئۆلۈر ئوخشايمەن.

ئەلقىسسە، قـاراقچىلارنىڭ ئاراسىدا
بىر موللا قاراقچى بار ئەردى. غېرىبنىڭ
ئوقۇغان بېيىتىنىڭ مەنىسىگە يېتىپ ئايتـ
تىكى: «بۇئوغۇل بىر كىشىگەئاشىق بولغانى
مەئلۇم بولۇر، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتمە-
سۇن. ئـامال تاپىپ ئۆلۈمدىن قۇتقازىپ
ئالاي» دەپ، قالغان قاراقچىلارنىڭ قا
شىغە بارىپ:

— توختاڭلار، مېنىڭ بىر مەسلەھە-
تىم بار، — دېدى.

— نېمەمەسلەھەتىڭ بار، ئايتقىل، —
دېدى قاراقچىلار. موللا قاراقچى ئايتتىكى:

— بۇ ئوغۇلنىڭ پېشانەسىگە قارـ
ـسام ئىشقى-مۇھەببەت زاھىر بولۇپ
تـۇرادۇر. بۇ ئوغۇلنى ئـۆلتۈرگەنىمىز
بىلەن بىر قاشۇق قانىغە قىلچىمىز ھەم
تويماس، بىزگىمۇ ھېچ مەنفەئەت ھاسىل
بولماس ئىكەن. ئـۆلتۈرگەنىمىزدىن نېمە
پايدا تاپارمىز؟ ئۆلتۈرۈپ تـارتىپ ئالـ
غالى پۇلى بولمـاسا، مۇنـى ئـۆلتۈرمـەي
شەھەرگە ئالىپ بارىپ ساتىپ، پۇلنى ئۈلەشىپ
ئالساق ياخشى بولۇرمىكىن، — دەپ ئەردى.
قاراقچىلارغا بۇ سۆز مەقۇل ئىشتىلدى.
ئۇلار غېرىبنىڭ قاشىغە كېلىپ:

— ئەي ئوغۇل، سېنى ئۆلتۈرەيلىـ
مۇ؟ ياكى ئۆزىمىزنىڭ خىزمەتكارى دەپ
بىر يەرگە ئالىپ بارىپ ساتايلىمۇ؟ — دەپ
ئەردى. غېرىب ئايتتىكى:

— مېنى ئۆلتۈرگەنىڭلاردىن ساتساڭـ
لار يۈز ھەسسە ياخشى بولۇر. مەن سىز-
لەرنىڭ خانەزادە قۇلۇڭلار، — دېدى. يېـ
قىندا بىر شـەھەر بـار ئەردى. ئـانىڭ

ئاتىنى ھەلەب شىرۋان دەر ئەردى. قاراقـ
چىلار غېرىـبنىڭ قول-پۇتىنى مـەھكەم
تۇتۇپ باغلاپ ئالىپ يۈردى. شۇبۇ يۈر-
گـەنلەرىچە غېرىبنىڭ ئـاتاسى ھـەسەن
ۋەزىـر بىنا قىلغان ھەلەب شىرۋانغە ئا-
لىپ كەلدى، غېرىب ئەمدى قۇل بازارىدا
تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەلقىسسە، سەنەمجاندىن سۆز ئىشتـ
مەك كېرەك. شاھ سەنەم غېرىبتىن ئايـ
رىلىپ، غېرىـبنىڭ دەردى-فىراقـى ۋە
ئـاتەش ئىشتىيـاقىدا دەردى كـۈندىن-
كۈنگە ئـۇلغايىپ، دەردى ئىچىگە ئۆتۈپ
كېتىپ، چىرايى زەئفىراندەك سارغايىپ،
ئۆز ئىچىدىـن سىزىپ كەتتى. ئەمما ھېچـ
كىم غېرىب توغراسىدا بىرەرسۆز ئـېيتمـا-
دى. سەنـەمجـان ئىشق-مۇھەببـەتىنىڭ
دەردىدىن كېسەل بولۇپ قـالدى. ئاش-
تەئامدىن قـالدى. پـادىشاھ ئـابباسخان
قىزى سەنەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ تەبىب،
ھـۆكەمـا-مـۇنەججىملـەرنـى يىغدۇرۇپ
ئايتتىكى:

ئەي مۇنەججىملەر، كىتاب كـۆرۈپ
بىر قۇرئە تـاشلاپ باقىڭلار. سـەنـەمگە
نېمە دەۋا بولـۇر؟ نېمە پايدا قىلۇر؟—
دېدى. قۇرئەندازلار قۇرئە باقىپ دېدىكى:

— ئەي پـادىشـاھ، شاھ سەنـەمدە
ئىشق ئـوتىنىڭ ئەسـرى زاھـىر دۇر.
سەنەمنىڭ بەدەنىنىڭ قىزىغـانلىقى ئىشقـ
نىڭ ئىستىماسىدۇر. ئەگـەر بىر ئېگىز
شاماللىغ يەر بولسا، بىر چەھارباغ بىنا
قىلىپ شاھ سەنـەمنى بىر مـۇنچـە قىزلار
بىلەن شۇ جايغا ئالىپ چىقىپ، خۇش ھەۋا
يەردە دارى قىلساق، ھەقتەئالا شىفالىق
ئەتا قىلسا، سېھەت تاپۇرمىكىن، — دېدىـ
لار. پـادىشاھ ئابباسخانغا بۇ سۆز خۇش

كېلىپ، دەرھال ئەمىر ـ ئۇمەرا، ۋەزىر ـ
ۋۇزەرا، كاتتالارنى قىچقارىپ ئايتتى:
ــ ئەي ئەركانىدەۋلەتلەرىم، ھەق ـ
تەئالادىن بىر پەرزەنت تىلەپ ئەردىم.
دۇنيالىقتا بىر قىز بېرىپ ئەردى.
ھالا ئول قىزىم كېسەل بولۇپ قالدى.
ھۆكەما تەبىبلەر دەفئى دارۇ قىلشتى،
فائىدە قىلمادى. ئاندىن مۇنەججىم قۇر ـ
ئەندازلارنى يىغدۇرۇپ كىتاب كۆردۇر ـ
سەم، قۇرئەندازلار ئايتۇركى، شاھ سەنەمـ
گە بىر ئېگىز شاماللىغ يەرگە بىر چە ـ
ھارباغ بىنا قىلساق، شۇ جايدا قىزلار
بىلەن ئالىپ چىقىپ دەفئى دارۇ قىلسا
شايەدكى سىھەت تاپۇرمىكىن، دەيدۇر، ــ
دېگەنىدى. ھەممە ئەركانى دۆلەتلەر
ئايتتى:
ــ ئانداغ بولسا ئاز كۈن ئىچىدە
كىشى سالىپ ئىشلەتىپ بىر چەھارباغ
بىنا قىلايلى، دەپ ھەممەئەكابىرسەركەردەلەر
تولا مەسلەھەت بىلەن بىر ئېگىز خۇش
ھەۋا يەردە بىر چەھارباغ بىنا قىلدىلار.
بۇ باغنىڭ ئىچىگە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك ئىـ
مارەتلەرنى ياسادىلار. ئاز كۈندە باغـ
نى تەييار قىلىپ، شاھانە بىسات ـ تۆشەكـ
لەرنى سالدى. ئاندىن پادىشاھقە مەلۇم
قىلدىلار. پادىشاھ ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، ئۆز مەھرەملىرى
بىلەن ئاتلىنىپ چەھارباغقە چۈشتىلەر.
باغقە قاراسالار رەڭگارەڭ گۈللەر ئاچىلىپتۇر. پۈرىقى ئالەمنى مۇئەتتەر قىلىپتۇر. گۈلزارلىقتا تۈرلۈك ـ تۈمەن نازۇ ـ
نېئمەتلەرنى تەييارلاپ داستىخانغا تىزىپتۇر. ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلىپتۇر.
ئۇنىڭ ئالدىدىكى شاھ سۇپا ئۈستىگە
تەخت قويۇلۇپتۇر. ئېرىقلاردا سۇ ئۈرنىـ
دا شىرنە ـ شەربەت ئاقىپتۇر. پادىشاھ
بۇ باغنى كۆرۈپ ئەقلى ھەيران بولۇپ:
ــ باغۋەنلىككە بىر ياخشى ئاقىل
مەزلۇم كىشى تېپىڭلار. مەن ئۇ مەزلۇمگە
ھەددى ـ ھېسابسىز پۇل ـ مال بېرىمەن.
سۇلارنى ياقىلاپ، باغنى سۈپۈرۈپ، دەرۋازـ
لارنى توسۇپ، باغدا ئىشلەشكە شەھەر ـ
شەھەرلەردىن خۇش رۇي، خۇش سۈرەت،
سەككىز ياشتىن ئون ئىككى ياشقىچە
كىچىك غۇلاملاردىن قىرىقنى ئالىپ كېـ
لىپ باغبانغە تاپشۇرۇپ بېرىڭـ
لار، ــ دەپ پادىشاھ ئورداسىغە ياندى.
ئەمىر ـ ئەكابىرلەر ئايتتىلاركىم: «پادىشاھ
دېگەنىدەك غۇلاملارنى ئالۇر بولساق بۇ
غۇلام بەچچەلەرنى ھەلەب شىرۋاندىن
تاپىپ ئالىپ كەلگەيمىز» دەپ ئاقىل
بىر كىشىنى ھەلەب شىرۋانغە بۇيرۇدىلار.
ئۇ كىشى يىگىرمە بىر كۈندە ھەلەب
شىرۋانغە يېتىپ باردى.
ئەلقىسسە، غېرىپنى تۇتۇپ ئالغان
قاراقچىلار ئۇنى ساتقالى بازارغا ئالىپ
چىققاندا، غۇلام ئالغالى كەلگەن ۋەزىر
غېرىپنى كۆرۈپ قاراقچىلاردىن:
ــ بۇ نېمە ئوغۇل، ــ دەپ سورادى.
قاراقچىلار:
ــ خىزمەتكارىمىز، بەھاسىغە يەتسە
ساتارمىز، ــ دېدى. ۋەزىر:
ــ نەچچە پۇلغا ساتارسىزلەر، ــ دېگەن
ئەردى قاراقچىلار:
ــ مىڭ تەڭگىگە ساتارمىز، ــ دېدى.
ۋەزىر مىڭ تەڭگە پۇل بېرىپ غېرىپنى
ساتىپ ئالدى.
ۋەزىر ھەلەب شىرۋاندىن قىرق نەفەر
غۇلامنى ئالىپ دىيارى بەكرى شەھەرىـ
گە ياندى ۋە غۇلاملارنى پادىشاھ ئاپـ

باسخانىنىڭ ئالدىغە ئالىپ كەلدى. پادىشاھ غېرىپنى تانۇر ئەردى، خۇدايى تەئالا غېرىپنى تانۇتمادى. پادشاھقە غېرىپ مەقبۇل بولدى. پادشاھ:

— بىر كەم قىرىق غۇلامنى ئالىپ كېلىڭلار، — دېدى. قالغان غۇلاملارنى پادشاھنىڭ ئالدىغە ئالىپ كەلدى. پادىشاھ غېرىپنى بىر كەم قىرىق غۇلامغا قوشۇپ گۈلنىھال موماينى قىچقارىپ ئايتتىكى:

— موما، بۇغۇلاملارنى قايتىدىن كۆرۈپ قىلىپ، ئۆز لايىقىدا خىزمەت تەئيىن قىلغىن. بۇلارنى ئالىپ چىقىپ شاھ سەنەمنىڭ چەھارباغىغە ئالىپ بارىپ خىزمەتكە سال، ئۇلارنىڭ خىزمەتى ئۇل بولسۇنكىم، ئېرىقلارنى ئوبدان چاپتۇرۇپ، گۈللەرنىڭ توۋىنى ئوتاپ، سۇ ساچىپ، زىلچە-بىساتلارنى ئاراستە قىلسۇن. قىزىم شاھ سەنەم چەھار باغقە چىقىپ سەيلى-تاماشا قىلادۇر، — دېدى. گۈلنىھال موماي پادىشاھدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ، قىرىق غۇلامنى ئارقاسىغە سالىپ چەھار باغقە رەۋان بولدى. چەھار باغقە يېتىپ كېلىپ موماي غۇلاملارنى بىر قاتار تىزدى. قايسىسى كەتمەنگە لايىق، قايسىسى زەمبىلگە لايىق ھەرقايسىسىنى ئۆز لايىقىدا خىزمەتكە سالاي، دەپ نەزەر قىلسالار غېرىپ مومايىنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈندى. موماي:

— ئەي ئوغلۇم، سەن گۆدەك بالا ئىكەنسەن، ماڭا فەرزەند بولغىل. مەن ساڭا ئۆز فەرزەندىم دەپ پەرۋىش قىلاي، — دېدى. غېرىپ:

— ئەي ئانا، سىز مېنى فەرزەندىم دېسەڭىز مەن سىزنىڭ قىيامەتلىك فەرزەندىڭىز بولۇپ، خىزمەتىڭىزنى جان-دىل بىلەن قەبۇل قىلاي. ئانامدەك كۆرۈپ خىزمەتىڭىزنى قىلۇرمەن، — دېدى. ئاندىن ئۇل باغبان غېرىپنى ئۆز پەرزەندلەرىدىن زىيادە پەرۋىش قىلا باشلادى. ئۇ:

— ئەي بالام، ئاتىڭىز نېمە، — دەپ ئەردى. غېرىپ كۆڭلىدە: «شاھ سەنەم بىلەن تونۇشماغۇنچە مېنى كىشى قاراپ تونۇماسۇن» دەپ ئاتىنى يۆتكەپ مېنىڭ ئاتىم «گۇل» دېدى. موماي ئايتتىكى:

— مېنىڭ ئاتىم گۈلنىھال ئىدى. سېنىڭ ئاتىڭ گۇل بولسا ئىككىمىزنىڭ ئاتى ئوبدان كېلىشتى. سەن مېنىڭ راستىنلا فەرزەندىم ئىكەنسەن، — موماي جان دىلى بىلەن غېرىپنى يېڭىباشتىن پەرزەند قىلىپ ئالدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن چەھارباغ ئاراستە بولدى. سۇلار ئاقتى. بۇلبۇللار سايرادى. موماي پادشاھ ئاباسخانىنىڭ قاشىغە كىرىپ:

— ئەي پادشاھى ئالەم، گۈللار ئاچىلدى، بۇلبۇللار سايرادى. سۇلار جارى بولۇپ ئاقتى. سەنەمجان چىقىپ سەيلى تەماشا قىلسۇنلار، — دېدى. پادشاھ ئايتتىكى:

— شاھ سەنەمگە خەۋەر بەرگىل. چىقىپ سەيلى-تەماشا قىلىپ كىرسۇن. موماي دەرھال شاھ سەنەمنىڭ قاشىغە كەلدى:

— ئەي شاھ سەنەم، سىز ئۈچۈن پادشاھ بىر چەھار باغ بىنا قىلدۇردى، چىقىپ سەيلى-تەماشا قىلسۇنلار، — دېدى. شاھ سەنەم بۇ سۆزگە پىسەند قىلمادى. موماي يېقىن كېلىپ باغنىڭ تەئرىپ-تەۋسىفىنى بەيان قىلدى. شاھ

سەنەم باش كۆتەرمەدى، موماي ئائىلاج
چىقىپ يولىغە رەۋان بولدى، ئارادىن
بىرلەچچە كۈن ئۆتتى. موماي يەنە كېلىپ
پادىشاھقە ئەرز قىلىپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، باغ خەزان
بولۇپ كېتەدۇرغان قاراسى يەتتى. بۇگۈن
چىقىپ سەيلى - تەماشا قىلىپ كىرمەسەڭىز،
باغ بىنا قىلىنىپ بىر مەراتىبە سەيلە-
ھوزۇر قىلىپ كىرمەسىڭىز نە بولۇر؟ باغ-
نىڭ نە فائىدەسى بار، — دېدى. پادىشاھ
ئايتتىكىم:
— شاھ سەنەمگە خەبەر قىل دېمە-
دىمەۋ؟ موماي ئايتتىكىم:
— شاھ سەنەمگە باغنىڭ يۈز مىڭ
مەراتىبە تەئرىفىنى بەيان قىلدىم. ئەسلا
باشىنى كۆتەرمەيدۇر. پادىشاھ
ئايتتىكى:
— شاھ سەنەم باغقا چىققالى ئۇناماسا،
بالدۇر ئاچىلغان گۈلدىن، بالدۇر پىشقان
مېۋەلەردىن ئالىپ كېلىپ شاھ سەنەم
ياتادۇرغان ئۆيدە شىرە ئۈستىدە قويغىل،
گۈللەرنى كۆرۈپ، مېۋەلەرنى يەپ ئاندىن
باغقا چىقماقنى ئىختىيار قىلۇر.
موماي يانىپ چىقىپ ھەر كۈنى باغداكى
يېڭى ئاچىلغان گۈللەردىن، يېڭى پىشقان
مېۋەلەردىن ئالىپ كېلىپ شاھ سەنەم
ياتادۇرغان مېھمانخانەدەكى شىرەلەردە
رەڭگا-رەڭ گۈللارنى شىشە - لوڭقىلارغا
چىلاپ تىزىپ قويۇپ ۋە مېۋەلەرنى ھەم
تەخسەلەرگە سالىپ تىزىپ قويىدى. شاھ
سەنەم ئەسلا نەزەر سالمادى، موماي
مېھمانخانەنىڭ ئىشىكىنى ياپىپ قويۇپ
چەھار باغقە رەۋان بولدى، موماي ھەر
كۈنى قىرىق قۇل بىلەن باغداكى
يېڭى ئاچىلغان رەڭگا رەڭ گۈللارنىڭ
ھەرقايسىسىدىن، بىر تەخسەدىن مېۋەلەرنى
ئالىپ كېلىپ شاھ سەنەمنىڭ مېھمانخانە-
سىدە لوڭقىلاردا ۋە تەخسەلەردە قويۇپ
ياندى، سەنەم ئەسلا نەزەر قىلمايدۇر ۋە
ھېچ قايسىسىغا قول ئۇزارتمايدۇر. گۈل ۋە
مېۋەلەر بۇزۇلۇپ قالىپتۇر. موماي تەئەج-
جۇپ قىلىپ ئايتتىكىم «ۋادەرىغا! سەنەمگە
نېمە بولغاندۇر. شۇنچە ياخشى گۈل ۋە
مېۋەلەرنى ئالدىغە ئالىپ كەلسەم ئەسلا
باۋەر قىلمايدۇر ۋە گۈل مېۋەلەرنىڭ ۋە-
بالىغە قالىپتۇر. مەن ئالىپ كەلمەي دېسەم
پادىشاھنىڭ ھۆكمىنى تۇتارمەن. ئالىپ
كەلسەم گۈل مېۋەلەر خارلىقتا قالىپدۇر.
ئەمدى ھەرقانداق بولسە پادىشاھنىڭ
ھۆكمىنى تۇتاي، مەندە گۇناھ يوقتۇر».
ئارادىن بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتتى.
شاھ غېرىپ مومايىنىڭ ئالدىغە كېلىپ
ئايتتىكى:
— ئەي ئانا، ھەر كۈنى شەھەرگە
گۈل مېۋەلەرنى توشۇرسىز. بىر كىشىگە
بىرمەسىز ياكى پۇلغە ساتامسىز.
موماي:
— ئەي بالام، پادىشاھ ئابباسخان-
نىڭ شاھ سەنەم دەپ بىر قىزى بار.
ئانىڭ غېرىپ ئاتلىق بىر مەھبۇبى بار
ئەردى، ئول غېرىپ دېگەن مەھبۇبىنى
پادىشاھ ئابباسخان پالىدى. ئانىڭ ئىشقى
دەردىدىن شاھ سەنەم كېسەل بولدى.
سەنەمنىڭ كېسەل بولغانىنى پادىشاھ
ئابباسخان كۆرۈپ بۇ باغنى سەنەمنىڭ
رەنجىدىن خالاس تاپماقىغا بىنا قىلدۇرۇپ
ئەردى. قىرىق غۇلامنى ھەم ئانىڭ ئۈچۈن
ئالدۇردى، — دەپ سۆزىنى تامام قىلدى.
غېرىپ بۇ سۆزنى ئىشتىپ ناھايىتى
خوش بولدى. مېنىڭ ئىشىم ئوڭغا كېلىپتۇر،

دەپ، دەرھال باغىنىڭ بىر بۇرجەكىگە كەلدى. بىر پىنھانغە .كىرىپ بىر پارچە قەغەز تاپىپ، كۆز ياشىدا سىياھ ئېزىپ ۋە كىرپىكىدە قەلەم قىلىپ، دەرد ـ ئەھۋالىنى بەيان ئەيلەپ بىر نامە پۈتۈپ، ئۇل نامەنى بىر باغ گۇلىنىڭ ئاراسىغە چېكىپ بىر مەخفى جايدا قويدى. ئەرتەسى موماي:

ـــ ئەي قۇللار، ھەرقايسىڭلار ياخشى ئاچىلغان گۇللەردىن ۋە يېڭى پىشقان مېۋەلەردىن ئالىپ كېلىڭلار، ـــ دېدى. گۇللەر ۋە مېۋەلەر تەييار بولدى، شۇ چاغدا شاھ غېرىپ بىر قۇچاق گۇلنىڭ ئاراسىغە نامە يازىپ قوشۇپ مومايغە بەردى. موماي شاھ سەنەمنىڭ مېھمانخانەسىگە قاراسالار، ئەسلا باشىنى كۆتەرمەيدۇر. گۇل ۋە يېمىشنى قوياي دېسە بىكار يەر يوق. موماي قاراپ تۇرۇپ ئەردى، مومايىنىڭ ئالىپ كەلگەن گۇلىنىڭ ئاراسىدىن بىر ھىد چىقىپ شاھ سەنەمنىڭ دىماغىغە كىردى. سەنەم ئىتتىك باشىنى كۆتەردى، «دىماغىمغە غېرىپنىڭ ھىدى كىلەدۇر، غېرىپ كەلدىمىكىن» دەپ دەرھال نەزەر قىلسالار غېرىپ يوق. موماي بىر قۇچاق گۇلنى تۇتۇپ تۇرادۇر. ئۇل گۇلنى كۆرۈپ يۈرەكىگە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى. سەنەم: «بۇ گۇلنى غېرىپ بەرگەنگە ئوخشايدۇر» دەپ مومايغا باقىپ:

ـــ ئەي ئانا، بۇ گۇلنى بىر كىشى ئىبەردىمۇ يا باغدىن ئالىپ كەلدىڭىزمۇ؟ يا پۇلغا ساتىپ ئالدىڭىزمۇ؟ ـــ دەپ باغبان مومايدىن سەنەمجان سوئال سوراپ نېمە دەيدۇر قېنى:

سەنەم:
چەمەنلەرنىڭ ئىچىندە نازۇك چەمەن بار،
بەيان قىلغىل،جان ئانا، گۇلنى كىم تىزدى؟
راستىن ئايغىل، مەندىن ساڭا ئىنئام بار.
ئەيان قىلغىل، ئەي ئانا، گۇلنى كىم تىزدى؟

باغبان:
بۇ چەمەننى بالام مەندىن سورارسەن،
ئۆزۈم تىزدىم بارىنى بەيان ئەيلەيىن.
بىر مۇھەببەت بىرلە ماڭا قارارسەن،
ئۆزۈم تىزدىم بارىنى ئەيان ئەيلەيىن.

سەنەم:
ھېچ ۋاقتىدا تىزماس ئېردىڭ مۇنداق چەمەننى،
راستىن دېگىل، ئەي ئانا، قىينىما جاننى،
ئۆلمىسەم مۇرادىڭغە يەتكۈزەي سېنى،
بەيان قىلغىل، جان ئانا، گۇلنى كىم تىزدى.

باغبان:
كۈندەيۈزىمىڭ خەيالدا چەمەن باغلارمەن،
ئاشىقلارنىڭ سىنەسىنى داغلارمەن،
كۆرۈشتۈرمەك مەتائىنى چاغلارمەن،
ئۆزۈم تىزدىم، بارىنى بەيان ئەيلەيىن.

سەنەم:
مېھرىبانىم سورغىل مېنىڭ ھالىمنى،
غەم بىلەن ئۆتكۈزدۈم ماھۇ سالىمنى.
ئاڭا فىدا ئەيلەيىن خەستە جانىمنى،
راستىن دېگىل، ئەي ئانا، گۇلنى كىم تىزدى.

باغبان:
ھەر سەباھدا ئاچىلۇر قىرمىزى گۇللار،
گۇللار ئۈزرە جان بېرۇر خۇشھال بۇلبۇللار،
بىر ناتەۋان مۇسافىر غېرىپ ئوغلۇم بار،
ئانىڭ تىزغانىدۇر ئەيان ئەيلەيىن.

سەنەم:
سەنەم ئايتۇر: كۆرسەت غېرىپ ئوغلۇڭنى،
فىدا قىلاي ئاڭا دۇنيا ـ مالىمنى،
قۇربان قىلاي تەندە ئېزىز جانىمنى،
ئەقلۇ ھوشۇم ئالدى، گۈلنى كىم تىزدى.

باغبان:
باغبان ئايتۇر: سۆزۈمنى سەن يالغان دېمە،
غېرىپ ئوغلۇم ئۆيدە بار ھەرگىز غەم يېمە،
ئىلاجىنى قىلۇرمەن كىشىگە دېمە،
راستىن دېسەم غېرىپ تىزدى، ساڭا ئايتايىن.

ئەلقىسسە، سەنەمجان مومايدىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ:

ــ ئەي ئانا، سېنىڭ پەرزەندىڭ يوق ئەردى. ئوغلۇم تىزدى دەيسىز، قايسى ئوغلىڭىزدۇر، ــ دەپ ئىدى. موماي ئايتتىكىم:

ــ ئەي بالام، سېنىڭ ئۈچۈن چەھار باغىڭغە باغۋەن بولغالى دادىڭىز پادىشاھ ئابباسخان قىرىق غۇلام ئالىپ ئىدى. غۇلاملارنىڭ ئاراسىدىن بىر چىرايلىق ساھىبجەمال قۇل بار ئىكەن. بالاچىلاپ باقىپ ئېردىم. گۈلنى شول ئوغلۇم تىزدى.

سەنەم:

ــ ئەرتە كەلسەڭ شول ئوغلۇڭنى ئالغاچ كەلگىل، ــ دېدى. موماي چىقىپ يولغە رەۋان بولدى. موماي كېتىپ بولغاندا سەنەم:

ــ غېرىپنىڭ تىزغان گۈلى بولسا بىر نىشانى باردۇر، ــ دەپ گۈللارنىڭ باغىنى يېشىپ باقاي دەپ گۈللارنىڭ ئاراسىنى يېشىپ كۆرسەلەر بىر دەستە گۈلنى ۋەتۆرت غۇنچەنى بىر باغ قىلىپ چېگىپتۇر. باقسا غېرىپنىڭ ياسىغان گۈلى ئىكەن. گۈلنى بۇرنىغا تۇتۇپ ھىدلار ئەردى. ناگاھ ئول گۈللارنىڭ ئاراسىدىن غېرىپنىڭ ياساغان چەمەنى قولىغە چىقتى. كۆردىكى ئاراسىدا بىر لىپاپە، سەنەمجان ئالىپ خەتنى ئوقۇغۇدەك بولسا غېرىپ كۆز ياشىنى سىياھ قىلىپ، كىرپىكىدە خەت يېزىپ ئەرز ئەھۋالى بىلەن دەردىنى بەيان قىلىپ كىرگۈزۈپدۇر. نامەسىنى شاھ سەنەم مۇتالىئە قىلىپ ئەردى. نامەنىڭ مەزمۇنى بۇ ئىكەن. غېرىپ نىمە دەيدۇر قېنى ئىشتەيلى:

قۇلاق سالىپ ئىشتىكىل مېنىڭ دادىمنى،
كېچىدىن ـ كېچىگە بەتەر بولدۇم دەردىڭدىن،
تولا چەكتىم فىراق بىرلە ھەجرىڭنى،
قانلار يىغلاپ ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

مېھنەت بىلەن باغبان ئىشىنى قىلۇرمەن.
بىلمەدىم مۇرادىمغە قاچان يېتۇرمەن.
بۇ دەرد بىرلە باشىم ئالىپ كېتۇرمەن،
ئۆز ۋەتەندىن جۇدا بولدۇم دەردىڭدىن.

سېنى دەپ دۇنيادىن مەن يۈز ئۆرۈدۈم،
دەۋلەت چىراغىنى ئۇرۇپ سۇندۇردۇم.
چەمەن باغلاپ، نامە يېزىپ كىرگۈزدۈم،
يېگانەلىق ئىستەر بولدۇم دەردىڭدىن.

بۇ مېھنەتتىن ئاغۇ چۈشتى ئاشىمە،
رەھم ئەتمەدىڭ كۆزدىن ئاققان ياشىمە،
ئەجەل ياستۇقىغە قويدۇم باشىمە،
ئاھ سەنەم، دەپ ئۆلەر بولدۇم دەردىڭدىن.

ئەرمان بىلەن يارىم سەندىن ئايرىلدىم،
جەمالىڭنى بىر كۆرمەككە زار بولدۇم.
قاراقچىغا تۇتۇلۇپ، قۇل دەپ ساتىلدىم،
چەھار باغدا ئىشلەر بولدۇم دەردىڭدىن.

بۇ دۇنيادىن يارى - يار دەپ ئۆتەرمەن،
بىر ئاھ ئۇرۇپ ئۆز هالىمدىن كېتەرمەن.
سېنى كۆرسەم مۇرادىمغە يېتەرمەن،
نامە قىلىپ پۈتتۈم سېنىڭ دەردىڭدىن.

يېمەك - ئىچمەك رايىم مېنىڭ غەم بولۇپ،
فىراقىڭدا يىغلاپ كۆزۈم نەم بولۇپ،
هەربىر كۈنۈم ئۆتەر دائىم يىل بولۇپ،
دائىم يىغلاپ ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

شاھ غېرىپجان قويدىلار مېنىڭ ئاتىمنى،
بۇ جايلاردا هېچكىم بىلمەس زاتىمنى،
سەندىن ئۆزگە كىمگە ئېيتاي ئەرزىمنى،
بۇ ئالەمدىن ئۆتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

ئەي سەنەمجان، خەبەر ئالغىل هالىمدىن،
فەلەك تىترەر ئاهۇ - فىغان نالىمدىن،
سۈرەتىڭ كەتمەدى هېچ خەيالىمدىن،
باشىم ئالىپ كېتەر بولدۇم دەردىڭدىن.

غېرىپنىڭ بۇ نامەسىنى كۆرۈپ سەنەم:

— راست غېرىپ بىچارە مەندىن جۇدا بولغانىنىڭ بۇيانىدا مېنىڭ ئىشقى فىراقىمدىن كۆرمەگەن كۈنى قالماپتۇر. نەچچەند ۋاقىتنىڭ بۇيانىدا مۇنىڭ هالى ئەهۋالىدىن خەبەر ئالماپدۇرمەن، — دەپ بىر ئاھ ئۇرۇپ هوشىدىن كەتتى. ئۇ كەبۇتەرگە ئوخشاش مۇئەللەق ئۇرۇپ ياتار ئەردى. ئەرتەسى چاشكا ۋاقتى بولغاندا موماي يەنە بىر قۇچاق گۈلنى كۆتەرىپ سەنەمنىڭ مېهمانخانەسىگە كىرىپ كەلدى. شاھ سەنەم ئويلادىكى «موماي ئوغلىنى ئالغاچ كەلگەنمىكىن» دەپ دەرهال ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي ئانا، ئوغلۇڭنى ئالغاچ كەل-

دىڭمۇ؟ — دەپ ئېردى، موماي:

— پادىشاهدىن بىئىجازەت سېنىڭ قاشىڭغە ئوغۇل بالا تۇگۇل قىز بالا هەم ئالىپ كەلگەلى بولمايدۇر، — دېدى. سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يارىمنىڭ نامەسى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى. ئەمدى قانداق چارە بىلەن چەهار باغقە بېرىپ، غېرىپنى كۆرەرمەن دەپ خەيال قىلىپ باقتىلار. ئۇردا ئىچىدە بىر ئېگىز رەۋاق بار ئەردى. سەنەم شۇ رەۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ چەهار باغقە كۆزى چۈشتى. بۇ دەل باهار ۋەقتى ئېردى. شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يارى غېرىپنى ساغىنىپ، ياد ئېتىپ هېچ ئىلاج قىلالماي بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

بەهار بولدى گۈل ئاچىلدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلمادى.
بۇلبۇلنىڭ قانى ساچىلدى،
مېنىڭ قانىم ساچىلمادى.

ئەمدى مەندىن دەۋلەت كەتتى،
نەۋبەت رەقىبلەرگە يەتتى.
خەبەرىم يوق بەهار كەتتى،
كەرەم يولى ئاچىلمادى.

يارىم يۈرگەن يوللار قالدى،
يۈرەكىمدە داغلار قالدى.
ساقى ئەجەل مەينى ئالدى،
كەفەن تونۇم پىچىلمادى.

سۆيەر يارىم غەيرە بولدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم خىرە بولدى.
ئىشق دەردىدىن تىيرە بولدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلمادى.

چەمەنلەردە گۈل ئاچىلدى،
غېرىبىم ماڭا زار بولدى.
مېنىڭ يارىم غېرىپ بولدى،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئاچىلمادى.

شاھ سەنەم دەر ھىجران بالى،
ئاچىلدى باغلارنىڭ گۈلى.
كەلدى مانا يارىم بۇيى،
مېنىڭ گۈلۈم ئاچىلمادى.

— ئەلقىسسە، سەنەمنىڭ دەردى-فىراقى، ئاتەش ئىشتىياقى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولۇپ كەتتى. ئاقچى ئانا سەنەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— سىزگە نېمە دەرد - ئەلەم يەتتى؟ ئەرز ئەھۋالىڭىز بولسا ماڭا بەيان قىلىڭ. مەن ئۇنىڭ بىر ئىلاجىسىنى قىلۇرمەن، — دېدى. ئاندىن شاھ سەنەم «يارىم غېرىپنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى» دەپ ئاقچى ئاناغا قاراپ زارىزار يىغلاپ ئەرز ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك بەيان قىلدى:

ئاقچى ساڭا ھالىمنى بەيان ئەيلەيىن،
يارنىڭ گۈلى كەلدى ئۆزى كەلمەدى.
بۇ جانىمنى ساڭا قۇربان ئەيلەيىن،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى.

تەقدىر بىرلە بىزنى ياردىن ئايرۇرمىش،
فەلەك ئىشرەت نىھالىنى قايرۇرمىش:
ھەقتەئالا يارنى كىمگە بۇيرۇرمىش،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى.

قەبا فەلەك بىزنى قىلدى غەمخانە،
ئۆزى كەلمەي، گۈلى كەلدى غايىبانە.
مېنىڭ ئۈچۈن يارىم بولدى باغبانە،
يارنىڭ گۈلى، كەلدى ئۆزى كەلمەدى.

مېنىڭ يارىم ھەسەن ۋەزىر ئوغلىدۇر،
مۇھەببەتنىڭ چەمەنىنى باغلايدۇر.
مېنىڭ ئۈچۈن يۈرەكىنى داغلايدۇر،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى.

ئاشىق بىرلە مەئشۇق ئىشى بىر كېرەك،
جايى جەننەت ھۇسنى خۇلقى خۇي كېرەك.
ۋەئدەسىنىڭ ۋەفاسى يوق بىكىرەك،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى.

شاھ سەنەمخان دەرلەر مېنىڭ ئاتىمە،
بىر ئاھ ئۇرسام ئالەم كۆيەر ئوتىمە،
ياراتقان زۇلجەلال يەتكىل دادىمە،
يارنىڭ گۈلى كەلدى، ئۆزى كەلمەدى.

ئاقچى ئانا سەنەمدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ:

— ئەي بالام، مەن ساڭا مەسلەھەت كۆرسىتەي، سەن شۇنى قىلغىل. ھېلى شاھى ئاببasخاننىڭ قاشىغە كىرىپ «بۇ كۈنلەردە كېسەلىم يامان بولۇپ قالدى. چەھار باغقە بېرىپ كەلسەم كېسەلىم بىر ئاز ئوڭشۇلارمىكىن» دەپ يۆتىلىپ ئىنجىقلاپ قويساڭ ئاتاڭ رۇخسەت بېرۇر. شول باھانە بىلەن بېرىپ يارىڭنى كۆرەرسەن. تولا يىغلاپ مېنى بىتاقەت قىلماغىل. دەرھال ئاتاڭ قاشىغە كىرىپ ئىجازەت سوراغىل، — دەپ ئەردى، شاھ سەنەم دەست ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھنىڭ ئورداسىغە كىردى، پادىشاھ تەخت ئۈستىدە ئەركانى دەۋلەتلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ئەردى. ئالدىغە قىزى شاھ سەنەم كىرىپ كېلەدۇر. پادىشاھ سەنەمنى كۆرۈپ ئايتتىلاركىم:

— ۋاھ، ئەجەبا ئەي بالام، نەچچە

ۋاقتىنىڭ بويانىدا مەن سىزنى ئەمدى كېسەلدىن ساقايمادى، دەپ ئۈمىدسىمنى ئۈزۈپ ئولتۇرار ئەردىم. ساقايىپ كىرگۈنچە بولۇپسىز. خان دەرھال تەختتىن سەكرەپ چۈشۈپ سەنەمنى قۇچاغىغا ئالىپ تەخت ئۈستىگە ئالىپ چىقتى:

— ئەي جانىم بالام، مەن سىزنى بۇگۈن جان ئۈزەرمىكىن، ئەتە جان ئۈزەرمىكىن دەپ ئۈمىدىمنى ئۈزگەن ئىدىم. ۋۇدايىتەئالا قايتىدىن سىزنى ماڭا بېرىپتۇر. بىمە ئىشنى كۆڭلىڭىز خاھلايدۇ، ئويۇن-تەماشا قىلدۇرۇپ بېرەيلىمۇ، بىرەر قانداق غىزا خاھلامسىز؟ قىلدۇرۇپ بېرەيلىمۇ، — دەپ ئەردى. سەنەم:

— ئەي ئاتا، مەن نەچچە كۈننىڭ ئىچىدە كېسەل ياتىپ زېرىكىپدۇرمەن. دەرۋازا تاشىغە چىقىپ دەرەخلەرنىڭ يېشىللىقىنى كۆرۈپ سەيلى-تەماشا قىلغۇم بار، — دەپ ئەردى. پادىشاھ:

— دەرۋازا تاشىغە چىقىپ سەيلى-تەماشا قىلغۇڭىز بولسا، دەرۋاز تاشىدە سىز ئۈچۈن قىرىق خەزىنە پۇل-مال سەرپ قىلىپ بىر چەھارباغ بىنا قىلدۇردۇم. سۇلار جارى بولۇپ ئاقادۇر. گۈللەر ئاچىلىپدۇر. بۇلبۇللار سايراشىپ تۇرادۇر. چەھارباغقە چىقىپ سەيلى-تەماشا قىلىپ كېلىڭ، — دەپ قىرىق كۈنلۈك ئىجازەت بەردى. ئاتاسىدىن ئىجازەت ئالىپ، كىيمەكەن ئىگىنلەرنى، ئاياغ لىباسلارنى كىيىپ، ئۈزىگە زىبۇ-زىننەت، ياخشى ئارايىشلارنى بېرىپ، فەرەڭ پادىشاھنىڭ قىزى مەلىكە تاۋۇسدەك ياسىنىپ جابدۇنۇپ تەييار بولدى. پادىشاھ ئاباسخان:

— شاھ سەنەمنىڭ تىللا مەھافەسىنى تەييار قىلغىل، — دەپ ئەمىر قىلدى. دەرھال تەييار قىلدى. شاھ سەنەم تىللا مەھافەسىگە كىردى. پادىشاھ ئاباسخان ساھىبجەمال قىزلاردىن قىرىق كەنىزەك قىزنى شاھ سەنەمنىڭ ئارقاسىغە سالىپ قويدى. سەنەم قىرىق قىزنى گاھى ئارقاسىغە، گاھى ئالدىغە سالىپ چەھارباغقە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، سۆز ئىشتىمەك كېرەك باغبان مومايدىن، موماي سەنەمنىڭ كېلەدۇرغان خۇش خەبەرىنى ئالىپ چاھارباغقە كەلدى. غۇلاملارنى قىچقارىپ ئۇلارغە:

— ئەي قۇللار، ھوشيار بولۇڭلاركى، پادىشاھ ئاباسخاننىڭ قىزى كېلەدۇر. باغنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپىپ ئارەستە-پىراستە قىلىڭلار. شاھ سەنەمجان قىرىق كۈنلۈك چەھارباغقە تەماشاغە كېلەدۇر، — دەپ ئېدىلار، قۇللار يۈگۈرۈپ يۈرۈپ باغنى ئاراستە قىلدى. غېرىپ كېلىپ قاراسا قۇللارنىڭ ئاياغلارى بىر-بىرىسىگە تېگىشمەي قالىپدۇر. غېرىپ قۇللارغە باقىپ:

— نېمە ۋاقىئە بولۇپدۇر، نېمە ئۈچۈن ئالدىراپ يۈرۈيسىلەر، — دېدى. قۇللار:

— پادىشاھنىڭ قىزى كېلۇر ئەرمىش، — دېدى. غېرىپ قۇللاردىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ دەرھال يۈگۈرۈپ ئاناسىنىڭ قاشىغە كىردى.:

— ئەي ئانا، مېنىڭ يارىم شاھ سەنەم بىلەن ھەر نېچە ئىش ئۆتسە كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سالغىل، — دەپ مومايغا باقىپ سۆيۈنچلىكىدىن جانى ئىچىگە پاتماي بۇ بېيىتتەنېمە ئوقۇدى قېنى:

باغ ئىگەسى باغنى سەيرى قىلماقچە،
باغنى سەيلى قىلماقچە يارىم كېلۇر.
بۇلبۇل كەبى شاخلار ئۈزرە قونماقچە،
باغنى سەيرى قىلماقچە يارىم كېلۇر.

نەرگەس كۆزۈك ئاچىپ قىيا باقماغىل،
سەرۋۇ شەمشاد كەبى قەددىك راستلاغىل،
لالە ھىجران بىلەن باغرىك يارماغىل،
شاھ سەنەمجان باغقا سەيرىگە كېلۇر.

بىنەفشەدەك بويۇك ئېگىپ يىغلاما،
شاھ تۇتىدەك ئۆزۈڭنى سۆزلۈك چاغلاما،
سۇمبۇل كەبى ساچىڭنى تازا چاغلاما،
باغنى سەيرى قىلماقچە يارىم كېلۇر.

غېرىپ ئاشىق بۇگۇن بەندەلىك قىلىپ،
يىراقلىقنىڭ خەنجەرىدە باغرىنى تىلىپ،
ئاشىق قۇلىنىڭ يېتىم بولغانىن بىلىپ،
شاھ سەنەم قىز بۇگۇن سەيلىگە كېلۇر.

ئەلقىسسە، غېرىپ چەھارباغنىڭ ئىشكىگە چىقتى. سەنەم كۆرۈنمەيدۇ، دەپ سەنەمنىڭ كېلەدۇرغان يولىغا قارىغۇدەك بولسا، كۆز يېتىم يەردىن شاھ سەنەمنىڭ ئىككى كەنىزەكى ئىككى قولىغە بىردىن ئىككى ياساۋۇل تاياقىنى ئالىپ دۇر. يولدا كېتىپ بارغان خەلايىقلارنى «پوش ـ پوش، قاچ ـ قاچ، پادىشاھ ئابباسخاننىڭ قىزى شاھ سەنەم كېلەدۇر، يوللارنى بىكار قىلىپ تۇرۇش»، دەپ كېلىۋېتىپتۇر. غېرىپ ئىككى كەنىزەكنى كۆرۈپ شاھ سەنەمنىڭ كېنىزەكلىرىمىكىن، مېنى سىنىماق ئۈچۈن كېنىزەكلەرنى تىللا مەفىسكە كىرگۈزۈپ ئۆزى كەنىزەك سۇرىتىدە بولۇپ ئالدىمغە كېلىپمىدىكىن، دەپ كەلگەن كەنىزەكلەرگە باقىپ دەرد سوز بىلەن بۇ بېيىتنى ئېيتە ئوقۇر:

باغقە ئىككى پەرى كېلۇر ئەجەب سەيلانە ـ سەيلانە،
ئاشىقلارنىڭ يولىن ئالىپ ئەجەب سەيلانە ـ سەيلانە،
باغقە كېلۇر قولىن سالىپ ئاشىقلار كەبى تولغانىپ،
بىزنى مۇندا ئوتقا سالىپ ئەجەب سەيلانە ـ سەيلانە.

ئىككى جانان ھەمدەم بولۇپ بىر ـ بىرىسىگە مەھرەم بولۇپ،
قىيا باقىپ قولىن سالىپ كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.
بىرى گۇلدۇر بىرى غۇنچە ھىچ قايسىسى يوق سەنەمچە،
تەماشاغە كېلۇر بارچە كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

غېرىپ يىغلاپ ئۇشبۇ سائەت تەنىمدە قالمادى تاقەت،
يار كەلسە ئەييامى دۆلەت كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.
غېرىپ قۇلىنىڭ ئەرز ھالىنى خۇدا يەرسە مۇرادىنى،
يار كۆرسەتىپ جەمالىنى كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

ئەلقىسسە، غېرىپ قاراپ تۇرار ئەردى. سەنەمجان كەنىزەكلەرى بىلەن دەبدەبە - ئەسئەسە بىلەن چەھارباغقە كەلدىلەر. سەنەمجاننىڭ كەلگەنىنى كۆرۈپ غېرىپنىڭ قورساقىغە جىن كىردى. غېرىپ ئويلادىكى «سەنەمدىن ئايرىلغالى سەككىز ئاي بولۇپتۇر. سەككىز ئاينىڭ بويانىغە چۆللەردە دەشتمۇ دەشت، چۆلمۇ چۆل يۈرۈپ ھېچ تارتمىغان مىھنەتلەر قالمادى، قاراقچىلارغا تۇتۇپ، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ، چەھارباغقە ئاتىلدىم، قۇللارنىڭ قاتارىدا چەھارباغ ئىچىندە شاھ سەنەمنىڭ خىزمەتىنى قىلدىم. شاھ سەنەم مەندىن جۇدا بولغاننىڭ بويانىدا ئۆزگە يارنىڭ قولىنى تۇتۇپدۇرمۇ، نىيەت ئەھۋالىنى سىناپ باقاي» دەپ شاھ سەنەمنى سىناماق ئۈچۈن چەھارباغنىڭ ئىچىگە كىرىپ، مۆكۈنۈپ ئالغالى پىنھان تاپالماي كۆلنىڭ يانىدا بىر توپ چىنار دەرەختى بار ئەردى، غېرىپ چىنارنىڭ تۆپەسىگە چىقىپ يوشۇرۇنۇپ ئولتۇردى. سەنەم كەلگەنىچە تىللا مەفەسىدىن چوشۇپ بىسات زىلچەلەرگە نەزەر سالماي، ئالتۇن كۈرسىلەرگە، كەنىزەك، غۇلاملەرگە قاراماي ئاۋۋال غېرىپنى ئىستەپ چەھارباغقە كىردى. شاھ سەنەمجان قىزلار بىلەن چەھارباغنى توققۇز مەراتىبە چۆرگۈلۈپ غېرىپنى ئىستەدى. چەھارباغ ئىچىندە غېرىپنى كۆرمەدى ۋە ھېچ يەردىن دېرەكىنى ئالالمادى. كەنىزەكلەرگە قاراپ سەنەمجان:

— ئەي قىزلار، غېرىپنى ئىستەپ تاپىڭلار، — دېدى. بۇ قىزلار ئىستەپ يۈرۈپ چەھارباغنى ئاختارىپ چىقىپ كۆردى. ھېچ تەرەپتىن غېرىپنىڭ خەبەرىنى ئالالمادى. سەنەمجان ھەيران بولۇپ، ئىشقى جوش ئۇرۇپ موماينىڭ ئالدىغە كېلىپ زارىزار يىغلاپ:

— ئەي ئانا، مەن غېرىپنى ئىستەپ كەلسەم ھېچ يەردىن تاپالمادىم، — دەپ دەرد بىلەن بۇ بېيىتتە لىمە ئوقۇر قىلىنى:

قاچتى مەندىن دەۋلەت قۇشى،
ھېچ يەرلەردە دېرەكى يوق.
ئاختۇردۇم مەن يازۇ قىشى،
يەر يۈزىدە قەرارى يوق.

ئۈچۈردۇم شۇڭقار قۇشۇمنى،
ھېچكىم بىلمەيدۇ كىشىمنى.
بىلمەس ھېچكىم بۇ ئىشىمنى،
تاپماغۇنچە قارارى يوق.

مەن ئىستەرمەن يارىم بولسە،
كېلىپ غەمكىن كۆڭلۈم ئالسە.
شۇم رەقىبلەر تۇيار بولسە،
ئىككىمىزنى قويارى يوق.

بىزگە بارچە ئالەم ياغى،
كىمگە ئېيتاي كۆڭلۈم داغى،
خەزان بولسۇن مۇنداغ باغى،
مۇھەببەتنىڭ بارارى يوق.

بىر سائەت مۇھەببەت يولىن،
بىر تۇتسام يارىم قولىن،
يارىم ئۈچۈن كەزسەم چۆلىن،
بۇ كۆڭلۈمنىڭ مەدارى يوق.

شاھ سەنەم ئايتۇر مېھرىبان،
ئۆمرىمىزگە سالماك تالان،
سەندىن تىلەي دەردكە دەرمان،
كۆڭلىمىزنىڭ قەرارى يوق.

شاھ سەنەم چەھارباغدا غېرىپنى ئۆزى ئىزدەپ، چەرخ ئۇرۇپ پەرۋانە مەسەللىك يۈرۈر ئىدى. كاكۇللارىنى دەستە ـ دەستە يۇلۇپ، باشىغا تۇفراق ساچىپ، كۆزلەرىدىن ياشلار ئورنىغا قان ئاققۇزۇپ «ئاھ غېرىپجان» دەر ئىدى. ئول ۋاقتىدا ئاقچى ئانا باغقا كېلىپ، سەنەمنى بۇ ھالدا كۆرۈپ:

— نېمە ئۈچۈن پەرياد چېكىپ يىغلاپ يۈرۈرسەن بالام، — دېدى. شاھسەنەم ئاقچى ئاناغا قاراپ زارىزار يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ئاقچى كېلىنىڭ، غەمسىز باشىم،
غەمخانە بولدى نەيلەيىن.
بىر سۆز بىرلە ئاشنا يارىم،
بېگانە بولدى نەيلەيىن.

مەن كەلدىم ئانى سوراقلاپ،
يار قاچتى مەندىن يامانلاپ.
يۈرەكىمنى ئوتقا داغلاپ،
پىنھانە بولدى نەيلەيىن.

تاتلىغدۇر ئاغزىنىڭ بالى،
تەگدى يىراغلىق شامالى،
بىلمەيمەن نەدۇر خەيالى،
گۇمانە بولدى نەيلەيىن.

تاپمادىم، كۆڭلۈم بۇزۇلدى،
كۆڭلۈم گۈلى خەزان ئولدى،
ئۈمىدىم ئاندىن ئۈزۈلدى،
پەيمانە تولدى نەيلەيىن.

ئەمدى تۇرماسمەن بىر سائەت،
مەندە ھېچ قالمادى تاقەت.
مېھنەت بىلە سالغان ئىمارەت،
ۋەيرانە بولدى نەيلەيىن.

غېرىپ بىلەن ۋەئدە قىلىپ،
يارنى ئىزدەپ مۇندا كېلىپ،
بىۋاپاغە ئاشنا بولۇپ،
پەيمانە تولدى نەيلەيىن.

شاھ سەنەم قىز تۇشتى يەرگە،
ھەم كىم ئۆز بەختىن كۆرەرگە.
يارنىڭ كۆڭلى بۆلەك يەرگە،
گۇمانەبولدى نەيلەيىن.

غېرىپ چىنارنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شاھ سەنەمنى تازا بىر ئىمتىھان قىلىپ ئاندىن ئۆزىنى ئاشكارا قىلماق بولۇپ ئاۋازىنى چىقاردى. سەنەم دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئىككىيلەن كۆرۈشتىلەر. يىغلاشىپ ئەرز ئەھۋالىنى بەيان قىلىشىپ ھەرقايسىسى ئۆزلەرىنىڭ باشىغە كەلگەن ۋاقىئەلەرنى دېدىلار. بىرنەچچە كۈن غېرىپ بىلەن سەنەم مۇھەببەت قىلاشىپ ئويناديلار. شاھ سۇپەنىڭ ئۈستىگە رەڭگارەڭ بىساتلار سالىنىپ بىر ئالتۇن كۈرسى، بىركۈمۈش كۈرسى قويۇپ ئاراستە قىلىغانىدى، ئالتۇن كۈرسىنىڭ ئۈستىگە غېرىپ چىقتى. كۈمۈش كۈرسىنىڭ ئۈستىگە سەنەم چىقتى. ئۆزلەرىنىڭ باشىغە كەلگەن ۋاقىئەلەرنى بىر ـ بىر بايان قىلىشتىلار. ئاندىن بىرنەچچە كۈن ئويناديلار. مۇھەببەت قىلاشىپ يۈرۈپ ئاندا غېرىپنىڭ ۋورسىقىغا بىر جىن كەلدىكىم، «سەنەمنى مەن تولا قاقشاتتىم. شاھ سەنەم ماڭا مەلامەت قىلماسۇن» دەپ

ئەلقىسسە، ئاندىن كېيىن سەنەم-
جان ئاتاسىنىڭ قاشىغا يانار بولدى.
غېرىپ سەنەمگە قاراپ شاھ سەنەم ئۈچۈن
مۇھەببەت مۇشەققەتلەرىنى تارتىپ شاھ
سەنەمنىڭ باغىدا باغبان بولغانلىقىنى
بەيان قىلىپ، خۇن جىگەرىدىن بۇ
بېيىتنى ئوقۇدى:

ەمالىڭدىن ئۆرگىلەي قاشلىغ نىگارىم،
ەمدى مەن نەيلەيىن يەنە كەلگۈنچە.
ەسەددۇقۇڭ بولاي چاچلىق نىگارىم،
يولۇڭغا باقۇرمەن يەنە كەلگۈنچە.

بويى غۇنچە لەبى شەكەر ئەي ماھى رەفتار،
نەچچە يىللار مەن ساڭا بولدۇم گىرىفتار.
مېنىڭ تارتقان دەردىمنى قىلايىن ئىزھار،
نەچۈك ئەيلەي مەن ئەمدى تاسەن كەلگۈنچە،

شۇم رەقىبلەر تۇتسەلەر بۇزار شەئنىمنى،
ئوتقا ياقتى ھىجران گەۋھەر كانىمنى.
رازى ئەردىم تەگرىم ئالسە جانىمنى،
باقىپ تۇراي يولۇڭغە يەنە كەلگۈنچە.

ئاقچى ئانا سىزگە ئىنەگە مېھرىبان،
ئالدىڭدىكى قىرىق قىزلار مانەندى رىزۋان.
يولۇڭدا فىدا قىلاي جانىمنى قۇربان،
ئۆلسەم ياخشى سەندىن جۇدا بولغۇنچە.

كۆزلەرىم قانغۇچە كۆرسەم يۈيۈگنى،
نىقاب ياپىپ پىنھان قىلىپ ئۆزۈگنى.
مەجنۇن كەبى چۆلگە سالىپ يولۇمنى،
تاپسام سىنى تەندىن جانىم چىققۇنچە.

غېرىپ ئاشىق يىغلاپ يولۇڭ ئۈستىدە،
شۇم رەقىبلەر سېنىڭ، مېنىڭ قەسدىمدە
كېچە-كۈندۈز ئارام يوق سېنىڭ دەردىڭدە،
قۇرۇتماسمەن كۆز ياشىم تا سەن كەلگۈنچە.

ئەلقىسسە، شاھ سەنەم ئارقاسىغا
قارا-قارا ئاقچى ئانا بىلەن شەھەرگە
كەلدىلەر. ئارادىن بىر نەچچە كۈن
ئۆتتى. يەنە بىر كۈن شاھ سەنەم غېرىپ-
نى يادلاپ ئاقچى ئانا ۋە بىرمۇنچە قىز-
لار بىلەن چەھار باغقە سەيلەگە رەۋان
بولدىلار. غېرىپجان بىچارە بولارنىڭ
كېلۇر خەبەرىنى ئاڭلاپ سەنەم كېلى-
دىغان يول تەرەپكە قاراپ تەلمۈرۈپ
تۇرار ئەردى. بىر تاش يەتكۈدەك يەر-
دىن سەنەمنىڭ بويى مۇھەببەتى غېرىپ-
نىڭ دىماغىغە يەتتى. ئۇ يىغلاپ تۇر-
غاندا سەنەم، ئاقچى باشلىق كېنىزەك-
لەر بىلەن يېتىپ كەلدى. غېرىپ بۇ-
لارنى كۆرۈپ دەرد فىراقى ۋە ئاتەش
ئىشتىياقى زىيادە بولۇپ، تاقەت قىلال-
ماي بۇ سۆزنى ئايتقانى:

كۆردۇم، ئىككى پەرى كېلۇر،
ئەجەپ سەيلانە-سەيلانە.
ئاشىقلارنىڭ جانىن ئالۇر،
كېلۇر سەيلانە-سەيلانە.

بىرى كېلۇر قىزىل گۈلدەك،
سۆزلەر سۆزىدۇر بۇلبۇلدەك.
بويى ئۇنىڭ ئۇد-ئەنبەردەك،
ئەجەپ سەيلانە-سەيلانە.

ئون تۆرت كۈنلۈك ئايغە ئوخشاش،
ھۇسنى دەۋلەت بايغە ئوخشاش.
رەۋشەنلىغىنە كۈنگە ئوخشاش،
كېلۇر سەيلانە-سەيلانە.

ئىككى پەرى ھەمدەم بولۇپ،
بىر ـ بىردىن نۇسخە ئالىپ.
قىيا باقىپ قولىن سالىپ،
كېلۇر سەيلانە ـ سەيلانە.

بىرى گۇلدۇر بىرى غۇنچە،
ھېچ قايىسى يوق شاھ سەنەمچە.
تەماشاغە كېلۇر بارچە،
ئەجەپ سەيلانە ـ سەيلانە.

شاھ سەنەم يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىر ـ بىردىن ھال ـ ئەھۋال سوراشىپ، قول تۇتۇشۇپ چەھارباغقە كىردىلەر ۋە باغ ئىچىدە ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار. سەنەمجاننىڭ دەردى ـ فىراقى ۋە ئاتەش ئىشتىياقى بارغانسىرى زىيادە بولۇپ ئېردى. غېرىپ شاھ سەنەمنىڭ جەمالىغە قاراپ ئىشق ـ مۇھەببەتى جوش ئۇرۇپ تاقەت قىلالماي بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

باغىڭ ئىچرە قۇلۇڭ بولسام،
سۇرسەم شەكەر لەبلەرىڭنى.
باغىڭ ئىچرە باغبان بولسام،
ئۈزسەم نازۇك گۇللەرىڭنى.

ساغىنىپ تۇردۇم مەن سىزلەرگە،
رەھىم قىلىڭ سىز بىزلەرگە.
خىزمەت قىلىپ باغبانلەرگە،
كۆرەلمەدىم ۋىسالىڭنى.

كېچە ـ كۇندۇز ھەمدەم بولسام،
ئىچ باغرىڭغا مەلھەم بولسام.
قىزىل گۇلدەك بىر ئاچىلسام،
قۇچسام نازۇك بەللەرىڭنى.

مېنى قويدۇڭ دەردۇ داغدا،
ھالىم سورساڭ ئۇشبۇ ھالدا.
ئۆزۈم غەمدە كۆزۈم يولدا،
تەرسەم تازا گۇللەرىڭنى.

گۇل يۈزۈڭ ئەسلى لالەدۇر،
بىر باقىشىڭ جان ئالادۇر.
ئاغزىڭ ئالتۇن پىيالەدۇر،
شورسام شېرىن تىللارىڭنى.

سەھەر تۇرۇپ ساچىڭ تارا،
ئاق يۈزۈڭگە رومال ئورا.
رەقىپ يۈزى بولسۇن قارا،
بىلىپ يۈرسەڭ يوللارىڭنى.

غېرىپ دەرلەر ئاشىق بولغىل،
گۇناھىڭغە تەۋبە قىلغىل.
تىلىم دىلىم ئوقۇر تەھلىل،
ئاي يۈزۈڭدە خاللارىڭنى.

شاھ سەنەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاپ مۇنداق دېدى:

— ئەي يار مەھبۇب، ئاشىق ـ مەئشۇق ئىشىنى پىنھان ساقلىماق ياخشى. مېنىڭ ھەم سەندىن بىر سائەت ئايرىلىشقە تاقەتىم يوق. ئاتامنىڭ ئاچچىقى يامان‌دۇر، — دەپ بىر مۇنچە تەسەللى خاتىر بېرىپ، غېرىپنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، قول تۇتۇشۇپ چەھارباغنىڭ ئىچىدە سەيلى ـ تەماشا قىلىپ يۈرۈشتى. بىناگاھ غېرىپنىڭ ئاناسى، سىڭلىسى يادىغە كېلىپ كۆزىگە جىق ياش ئالدى. سەنەم بۇنى كۆرۈپ:

— ئەي غېرىپ! سېنىڭ مەندىن بۆلەك يارىڭ بارغا ئوخشايدۇر. نېمە ئۇ-

چۈن خۇن جىگەرىمدىن چىقارىپ ئاھ
تارتاسەن، — دېدى. غېرىپ بۇ
سۆزنى ئاڭلاپ:
— ئەي يارى مەھبۇپ، ئانام ۋە
سىڭلىم باغداد شەھىرىدە مۇسافىر بولۇپ
قالدى. مەن ئۇلارنىڭ خىزمەتىنى قىلىپ
ھال-ئەھۋاللىرىدىن خەبەر ئالالمادىم.
ئۇلارنىڭ ئەھۋالى نېچۈك بولدى ئىكىن؟!
مەن دەردۇ فىراقىڭدا ئۇلارنى مۇسافىر-
چىلىق يۇرتىدا قويۇپ، مۇندا
كەلدىم. مېھرىبان ئانام ۋە سىڭلىم يادىم-
غە تۇشۇپ ئاھ ئۇردۇم. مېنىڭ سەندىن
بۆلەك نېچۈك يارىم بولسۇن. ئاتاڭ مېنى
بۇ شەھەردىن سېنىڭ ئۈچۈن قوغلاپ چى-
قاردى. باغداد شەھەرىدە ئانام بىلەن
سىڭلىمنى تاشلاپ نەچچە ئايلىق يەر-
دىن سېنى دەپ پىيادە يۈرۈپ، ئاياغلا-
رىم تېشىلىپ ئاخىرى قاراقچىلارغا يولۇ-
قۇپ، سېنىڭ ئۈچۈن خىزمەتكار قۇل
بولۇپ ساتىلىپتۇرمەن. يەنە بۇ يەرگە
كېلىپ نەچچە ئاي، نەچچە زەماننىڭ
بويانىدا سېنىڭ جەمالىڭغە مۇنتەزىر بولۇپ،
كۈندۈزلىرى فەراغەت يوق، كېچىلەردە
ھالاۋەت يوق يۈرۈرمەن، — دەپ شاھ سە-
نەمنىڭ بوينىغە قولىنى سالىپ تۇرۇپ
نېمە دەيدۇر، قېنى:

سېنى مېنى قويسا بۇ باغ ئىچىندە،
سەيلە قىلساق ئىشزنىڭ بىلەن سەنەمجان.
باغۇ-بوستان سەيىر ئېتىپ گۈللۈك ئىچىندە،
قىزىل گۈلدەك ئاچىلىپ يۈرسەك، سەنەمجان.

قۇربان بولاي قاشىڭ بىرلە كۆزۈڭگە،
ھەيران بولاي بويۇڭ بىرلە يۈزۈڭگە،
مەن ئاشىقمەن سۆزلەر شىرىن سۆزۈڭگە.
مۇنتەزىرمەن نەچچە ئايدىن، سەنەمجان.

ئاشىقلارنىڭ ئېچىپ تۇرار يۈرەكى،
مۇستەجابتۇر قىز-ئوغۇلنىڭ تىلەكى.
كىرسەم قوينۇڭ، سالسام بوينۇڭ بىلەكىم،
تىلەكىمنى ھەقتىن تىلە، سەنەمجان.

غېرىپتۇرلار يول ئۈستىدە خار ئەتكەن
ئاشىق ئەمەس خەلق ئىچرە ئاھ ئەتكەن.
ھەق ئۆزىدۇر يوقتىن بىزنى بار ئەتكەن،
ئۈمىد بىرلە مەھكەم تۇردۇم، سەنەمجان.

ئەلقىسسە، سەنەمجان نەچچە ۋاقىت-
نىڭ بويانىدا غېرىپنىڭ ھالىدىن خە-
بەر ئالماغانىغە خىجالەتمەند بولۇپ
يەردىن ئۈستۈن قارامادى. غېرىپ
ھەم سەنەمنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماغانى-
غە خەفا بولۇپ يەرگە قاراپ ئولتۇردى.
سەنەم ئويلادىكى «غېرىپ مېنى باغقە
تەكلىپ قىلۇرمىكىن» دەپ غېرىپتىن
ئۈمىد قىلدى. غېرىپ «سەنەم مېنى باغ-
قە تەكلىپ قىلۇرمىكىن» دەپ سەنەمدىن
ئۈمىد قىلدى. ئاخىرى بىر-بىرلىرىدىن
ئۈمىد قىلىشىپ ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن
قىرىق كۈن، قىرىق كېچە ئۆتتى. ئاخى-
رى سەنەم تاقەت قىلالماي تەخت ئۈستى-
دىن ساچراپ تۇشۇپ غېرىپنىڭ قولىدىن
تۇتۇپ:
— ئاتامدىن قىرىق كۈن ئىجازەت
ئالىپ چىقىپ ئەردىم. قىرىق كۈن تەمام
بولدى. بۈگۈن چەھار-باغقە كىرىپ تەما-
شا قىلىپ چىقايلى، — دەپ غېرىپنىڭ
قولىنى تۇتۇپ باغقە تەكلىپ قىلدى.
باغدا پەنجىرەلەرى تىللادىن قىلىنغان بىر
رەۋاق بار ئىردى. ئۇلار شۇ جايدا ئەي-
ش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدىلار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




## ھەركىم قىلسا يامانلىق، بولماس ئۆزىگە ئامانلىق

زامانلارنىڭ زامانىدا، كۈنچىقىش تامانىدا چىن ئېلىنىڭ ماكانىدا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. بۇ پادىشاھ 40 خوتۇنلۇق بولۇپ، زادىلا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئاللادىن پەرزەنت تىلەيدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تەلىپى ئىجاۋەت بولۇپ، خوتۇنلاردىن بىرى ھامىلدار بولۇپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. ۋاقىت-سائىتى توشۇپ ئايال سالامەت يەڭگىپتۇ، دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ يېڭى مېھمان ئوغۇل بالا بولۇپ، مۇلازىملار، خىزمەتكارلار بۇ خەۋەرنى پادىشاھقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىپتۇ. ئۆز ۋارىسىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان پادىشاھ كۆڭلى سۆيۈنۈپ، ئانا-بالىغا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. شاھزادە چوڭ بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ، شاھزادە 15 ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. داۋالىنىپ ساقىيىشقا كۆزى يەتمىگەن پادىشاھ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئۆز ۋەسىيىتىنى بايان قىپتۇ. ئۇ ۋەسىيىتىدە ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، بىردىنبىر يالغۇز ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تاجۇ-تەختىنى ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى، شاھزادە تېخى گۆدەك بولغانلىقتىن، ئۇ چوڭ بولغىچە پادىشاھنىڭ ئىنىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، قاچانكى شاھزادە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك بولغاندا، ئىنىسىنىڭ شاھزادىگە ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى قەيت قىپتۇ ۋە چاكارچىنى چاقىرىپ، بۇ ۋەسىيەتنى پۈتۈن يۇرت-مەھەللىگە يەتكۈزۈپ، ھەممە كىشىنى خەۋەردار قىلىشنى بۇيرۇپتۇ.

ئۇزاق ئۆتمەي پادىشاھمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئىنىسى تەختكە ئولتۇرۇپتۇ، ئەنەشۇيوسۇندا، كۈنلەر، ئايلار، يىللار كەينى-كەينىدىن ئۆتۈۋېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە بالاغەتكە يېتىپ، ئەل-جامائەت ئارىسىدا شاھزادىنىڭ ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسى غۇلغۇلا بوپتۇ. بۇ خەۋەر ۋاقىتلىق پادىشاھقىمۇ يېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ كۆڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى شاھ كۆڭلى يېقىن كىشىلىرىنى يىغىپ، بۇ ئىشنى كېڭەشكە ساپتۇ. ئۇلار شاھ ئىجازەت بەرسىلا ئۆزلىرىدە چارىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى دەپتۇ. شاھ رۇخسەت قىپتۇ. شاھ ئۈچۈن خىزمەت كۆرسىتىش پۇرسىتى

كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋەزىرلەر مەسلىھەت
كۆرسىتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر
ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

«بىزلەردىن ئىشىتىڭكى شۇنداق بىر ئەقىل،
بۇ ئىشنى ئورۇندايدۇ كەمىنە پەقىر.
شەھىرىمىزدە نامى چىققان دەللال
قېرى بار،
ئىلىم-ھېكمەت، ھىيلە-نەيرەڭ ھەر-
دەم ئاڭا يار.
دەرھال بېرىپ كەمپىرنى ئىزدەپ
تاپايلى،
ئۆزىمىزنىڭ ئىشى ئۈچۈن قۇش قىلىپ
سالايلى.»

— ئۇنى قانداق ئىشقا سالىمىز؟ — دەپ سوراپتۇ قاراپ تۇرغانلار.

— ئۇ دەللال قېرى شەھىرىمىزنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدىن ئۆي تۇتسۇن. بىر كۈنلەردە شاھزادە ئۇ دوقمۇشتىن ئۆتكەندە «بالامدىن كەلگەن مەكتۇبنى ئوقۇپ بېرىڭ» دەپ ئۆيىگە چاقىرسۇن. شاھزادە ئۆيىگە كىرىشىگىلا ئۇنى قۇچاقلاپ بېسىۋېلىپ «ۋايجان، بۇھارىمى ماڭا يامان نىيەتتە بولدى!» دەپ ۋارقىرىسۇن. ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۆكەرلەر دەرھال شاھزادىنى تۇتۇپ باغلاپ، ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلسۇن. ئاندىن بىز ئۇنىڭغا ھۆكۈم ئېلان قىلايلى، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت ھەممىسىگە ياراپ كېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى قېرى دەللال ئۆتۈپ كېتىۋاتقان شاھزادىنى «بالامدىن كەلگەن مەكتۇپنى ئوقۇپ بەرسىڭىز» دەپ ئۆيىگە چاقىرىپ كىرىپتۇ. شاھزادە ئۆيىگە كىرگەن ھامان دەللال ئۇنى قۇچاقلىۋېلىپ ۋارقىراپتۇ. ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۆكەرلەر يۈگۈرۈپ كىرىپ شاھزادىنى چەمبەرچەس باغلاپ، شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېپتۇ. شاھ پۈتۈن شەھەر ئەھلىنى يىغىپ، ئۇلارغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي خالايىق، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى بولغۇسى شاھىمىز ئۆزىنىڭ مومىسىغا ئوخشاش ئاق چاچلىق مومايغا يامان نىيەتتە بولدى. نۆكەرلەر بولسا ئۇنى تۇتۇپ كەلدى، مەن بۇنىڭغا قانداق چارە كۆرۈشنى سىلەرنىڭ ئىختىيارىڭلارغا تاپشۇردۇم.

ئالدانغان خەلق بۇنىڭدىن ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلىنىپتۇدە، شاھزادىنى ئۇچەت-بۇچېتى بىلەن ئالتە ئايلىق مۇساپە كېلىدىغان چۆل-جەزىرىگە پالاشنى تەكلىپ قىپتۇ. شاھزادە پەقەت 40 كۈنلۈك ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن ئەنە شۇ يىراق چۆلگە پالىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلايلى.

ئەنە شۇ زامانلاردا يەنە بىر شەھەردە بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭمۇ 40 خوتۇنى بار ئىكەن. بىراق بىرمۇ پەرزەنت كۆرمىگەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ خوتۇنلارنىڭ بىرسى ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. كۈنلەر، ئايلار كەينى-كەينىدىن ئۆتۈپ، ۋاقتى-سائىتى توشقاندا پادىشاھنىڭ خوتۇنى چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر گۈزەل قىز تۇغۇپتۇ. بۇ قىز تۇغۇلۇش بىلەن تەڭ شۇ ئەتراپتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر دىۋىنىڭ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما ئۇنىڭ بالاغەتكە يېتىشىنى كۈتۈپ ئۆز يولىغا كېتىپ قاپتۇ.

كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. قىزمۇ بويىغا يېتىپ قاپتۇ. كۈن-

مەرنىڭ بىرىدە شاھ قىزىنىڭ تەقدىرىنى بىلمەكچى بولۇپ، قۇرئەندازلار (پالچى)نى يىغىپ قۇرئە ئاچقۇزۇپ كۆرۈپتۇ. قۇرئەچىلار پادىشاھقا قىزىنىڭ كەلگۈسىدە بىر دۆڭگە ياتلىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شاھ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي ئاخىرى تەقدىر - تەلەيدىن كۆرمەكچى بوپتۇ. شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن ئۆتمەي، قىزمۇ بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئۇياق - بۇياقتىن ئەلچىلەر كېلىپ شاھنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپتۇ. بۇنداق باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمىغان پادىشاھ ئاخىرى مۇنداق بىر ئەقىل تېپىپتۇ. پادىشاھ جاللاتنى چاقىرىپ، زىندانلاردىكى مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىدىن كەچۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ھەم شۇ مەھبۇسلار ئىچىدىن ياتقىلى 50 يىل بولغان بىر مەھبۇسنى ئايرىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا بىر دانە بۆرگە تۇتۇپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. مەھبۇس بۆرگىنى تۇتۇپ شاھقا بېرىپتۇ. شاھ ئۇنى ئېلىپ چىقىپ، قىزىغا ئامانەت قىلىپ، تاپشۇرۇپتۇ. قىز بولسا بۆرگىنى پەرۋىش قىلىپ بېقىپتۇ. دەسلەپتە بۆرگىنى كىچىك قۇتىغا ساپتۇ. كېيىن قەپەسكە ساپتۇ. بۆرگە يوغىناپ رەسمىي قوزىدەك بوپتۇ. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ ھېلىقى مەھبۇسنى چاقىرىپ كېلىپ، بۆرگىنى تولۇمچىلاپ سويدۇرۇپتۇ. تولۇمنىڭ ئىچىگە سامان تىقىپتۇ. ۋە شەھەرگە ئېلان چىقىرىپتۇ. ئېلاندا «كىمكى بۇ تېرىنىڭ نېمىنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى تاپالىسا قىزىم شۇنىڭ بولىدۇ»، — دېيىلگەنىكەن. نۇرغۇن شاھزادىلەر بەختەۋەزنى ئاڭلاپ، تۇشمۇ - تۇشتىن كېلىشىپ، ھېچقايسىسى تاپالماي قايتىپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن زېرىككەن قىز ھەر كۈنى راۋاقتا چىقىپ، تاقەتسىزلىك بىلەن يىگىتلەرنىڭ يولىغا قارايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ راۋاقتا تۇرۇپ



قەسىرگە يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۈتلاقتا مال بېقىۋاتقان بىر مالچىنىڭ بۇلاق سۈيىگە نان چىلاپ يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. سانسىزلىغان شاھزادىنىڭ ھەر كۈنى ئۇ تېرىنىڭ نېمىنىڭ تېرىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كېتىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تاقىتى تاق بولغان قىز:

— ئەگەر شۇ مالچىمۇ كېلىپ «بۇ بۆرگىنىڭ تېرىسى» دەپ ئۇنى تېپىۋالسا مېنى ئالسا نېمە بولاتتى، — دەپ شۇۋىرلاپتۇ. شامال بۇ گەپنى دەرھال مالچىنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزۈپتۇ. يوقسىزلىقىنىڭ دەردىدە غەمگە پاتقان مالچى دەرھال ئەتراپقا قارىسا ھېچكىم يوق بولۇپ، يىراقتىن شاھنىڭ راۋىقى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قىز كۆرۈنۈپتۇ. ھەمدە شاھنىڭ تېخى يېقىندىلا قىزى ھەققىدە چىقارغان ئېلانى ئېسىگە كەپتۇ. شامالنىڭ يەتكۈزگەن خەۋىرىدىن خۇشاللىقىغا چۆمگەن مالچى شاھ ئوردىسىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، ئاشۇ قىز تۇغۇلۇپ شۇ كۈنىلا ئۇنى كۆۋلىگە يۆكۈپ قويغان دىۋىگە يولۇقۇپ قاپتۇ. مالچىنىڭ خۇشاللىقىغا چۆمگەن ھالدا ئوردىسىغا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرگەن دىۋە سوراپتۇ:

— نەگە ماڭدىڭ؟ خۇشالغۇ سەن؟

— خوشالمەن، تەقسىر، مالدىن بىرى يوقاپ كەتكەنىدى، بىرسى تۇتۇپ قويۇپتۇ. شۇنى تاپشۇرۇۋالغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ مالچى. دىۋە ئىشەنمەپتۇ.

— راستىڭنى ئېيت، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، — دەپتۇ دىۋە مالچىنىڭ كالىپىدىن سىقىپ. قورقۇپ كەتكەن مالچى بولغان ئەھۋالنى ئەينەن دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان دىۋە مالچىنى تۇرغان ئورنىدىن ئالتە ئايلىق يىراق جايغا چۆرۈپ تاشلاپتۇ-دە، ئۆزى شاھ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئەلچىلەر بىر بەتبەشىرە سەت دىۋىنىڭ قىزغا خېرىدار بولۇپ كەلگەنلىكىنى شاھقا مەلۇم قىپتۇ. شاھ ئىلاجسىز ھالدا دىۋىنى قوبۇل قىپتۇ ۋە خۇددى باشقا شاھزادىلەرنى سىنىغانغا ئوخشاش سىناپ بېقىپتۇ. دىۋە تولۇمچىلاپ سويۇلۇپ، ئىچىگە سامان تىقىلغان بۇ نەرسىنىڭ بۆرگە تېرىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. شاھ ساراسىمىگە چۈشۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز دادىسىدىن ھېچقانداق ئەندىشە قىلماي ئۆزىنى دىۋىگە ياتلىق قىلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. شاھ ماقۇل بولۇپ، 40 كېچە-كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، قىزنى دىۋىگە نىكاھ قىلىپ بېرىپتۇ. ئەقىللىق قىز دىۋىدىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ، قېچىش ئۈچۈن ئاتخانىدىن ئات تاللاپتۇ. قىز ھايۋاناتلارنىڭ تىلىنى بىلىدىكەن. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ئاتخانىدىكى ئاتلاردىن بۇ شەھەردىن ئالتە ئاي مۇساپىلىق يىراق جايغا ئۆزىنى قانچىلىك ۋاقىتتا ئاپىرالايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. نۇرغۇن ئاتلار ئۇنى بىر نەچچە كۈندە يەتكۈزۈپ قويالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. پەقەت بىر ئورۇق يېغىر ئات ئۇنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يەتكۈزەلەيمەن، دەپ ۋەدە قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يېغىر ئاتنى تاللاپتۇ. ئات باقارلار «ئېخ خۇدا، ئايالالارنىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا، دېگەن شۇ ئوخشايدۇ، بولمىسا پادىشاھنىڭ ئاتخانىسىدا شۇنچە كۆپ ئۈچقۇر ئاتلار تۇرۇپ، ھېچقايسىسىنى تاللىماي، پەقەت قوتۇر بېسىپ كەتكەن ئورۇق، يېغىر ئاتنى تاللامدۇ؟» دەپتۇ. قىز دىۋىگە يەنە ئۈچ ئايلىق مۆھلەت بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دىۋە

ماقۇل بوپتۇ. ئات باقارلار ھېلىقى يىگىتنى ئۈچ ئايغىچە راسا بېقىپ داۋالاپتۇ. ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ ئات 10 كۈنلۈك يولنى بىر تاقلايدىغان ھالەتكە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ ماكانىغا قايتىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەپتۇ. شاھ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. دىۋە قىزنى، ئاتنى ۋە باشقا لازىمەتلىك بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى قوشۇپ بىرلا يۈدۈپ ئۇچقانىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆز ماكانىغا يېتىپ كەپتۇ. قىز قارىغۇدەك بولسا دىۋىلەر ماكانى ئادەملەر ماكانىغا قارىغاندا ئۆزگىچە بولۇپ، ھەيۋەتلىك ئىمارەت، گۈزەل چاھار باغ، قورقۇنچلۇق تىلسىماتلار تولۇپ كەتكەنىكەن. شۇ چاغقىچە ئۆزىنىڭ شەھۋانە ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن دىۋە ھەر كۈنى قىزنى گاھى ئالداپ، گاھىدا قورقىتىدىكەن. قىز بولسا دىۋىنى ئالداپ، ۋاقتىنى كەينىگە سۈرىدىكەن. ئۆزىنىڭ بىر ئادەمزاتقا ھەر كۈنى ئالدىنىۋاتقانلىقىنى سەزگەن دىۋە ئاچچىقى كېلىپ ئاخىرى قىزغا زورلۇق قىپتۇ. قىز يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن دىۋىنى ئالداپتۇ. بۇ قېتىم قىزمۇ ھەممە باھانە ـ سەۋەبلەر تۈگىگەنلىكتىن، پەقەت ئاخىرقى چارىسىنى ئىشقا ساپتۇ.

— ئەي دىۋە، — دەپتۇ قىز دىۋىگە قاراپ، — سېنىڭ بۇ ماكانىڭدا ئادەملەر ماكانىغا ئوخشاش ئاياللارغا كېرەكلىك ئەينەك، سۈزگۈچ، تاغاق قاتارلىق بۇيۇملار يوق ئىكەن. ماڭا ئادەملەر دۇنياسىدىن شۇ نەرسىنى ئەكىلىپ بەرسەڭ، بۇ مېنىڭ ئاخىرقى تەلىپىم، — دەپتۇ قىز دىۋىگە يېلىنىپ. دىۋە ماقۇل بولۇپ ئادەملەر دۇنياسىغا قاراپ يۈرۈپ كېتىپتۇ. دىۋىنىڭ خېلىلا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلغان قىز ھېلىقى يۈگۈرۈك ئۇچقۇر ئاتقا مىنىپتۇ ـ دە، دىۋە ـ پەرىلەر ماكانىدىن قېچىپتۇ. دىۋە تېخى ئادەمزات ماكانىغا يەتمەي تۇرۇپلا، بىر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ، دەرھال جاھاننەما ئەينىكىگە قاراپتۇ. ئۇ ئەينەكتىن قىزنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. دىۋە بۇنىڭ بىلەن ئۆز يولىدىن كەينىگە قايتىپ قىزنى قوغلاپتۇ. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قىزغا يېتىشىۋېلىپ ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ. دىۋە شۇنچىلىك ئاچچىقلىنىپتۇكى، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكىدىن بوران چىقىپ كېتىپتۇ. راسا كېلىشتۈرۈپ ئۇراي دېسە — ئادەم. بولۇپمۇ قىزلار دىۋىنىڭ تايىقىغا چىدىيالماي دەرھال ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۆزىنىڭ 20 يىل ساقلاپ چوڭ قىلىپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ ئالغان خوتۇنىدىن قۇرۇق قالىدۇ. ئۇرماي دېسە ئاچچىقى ئىنتايىن قاتتىق كەلگەن دىۋە ئاخىرى ئاچچىقىنى زورىغا بېسىپ، دىۋىلەرنىڭ پادىشاھىغا ئەرز قىپتۇ. دىۋىلەر شاھى ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، ھەر ئىككىلىسىگە ئۆز قانۇنى بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىپتۇ. ھۆكۈمدە دىۋە نەزەربەنت قىلىنىپ، مەڭگۈ ئادەملەر دۇنياسىغا بارمايدىغان، قىزنى بولسا ناھايىتى چوڭ بىر ساندۇق ياسىتىپ، دىۋىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن بىر قىسمىنى قىزغا بۆلۈپ بېرىپ، قىزنى، ئاتنى ۋە بارلىق مال ـ مۈلۈكنى پۈتۈنلەي ئاشۇ ساندۇققا سېلىپ، دەرياغا ئېقىتىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ ھەم شۇنداق قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىدىن ئاڭلايلى.

شاھزادە چۆلگە پالىنىپ 40 كۈنلۈك
ئوزۇقى بۇرۇنلا تۈگىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ
سەرسانلىقتا تاپالىسا غىزالىنىپ، تاپال-
مىسا ئاچ يۈرۈۋېرىپتۇ. ياشاشقا بولغان
ئىشەنچى تۈگەپ، بېشى قايغان، پۇتى
تايغان تەرەپكە قاراپ كېتىۋېرىپتۇ. ئاخىر
بىر دەرياغا دۇچ كېلىپ توسۇلۇپ قاپتۇ.
ئۇنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ كېتىشكە تېخى كۆزى
يەتمەي، ئاخىر سۇغا ئۆزىنى تاشلاپ
ئۆلۈۋالماقچى بوپتۇ. ئەمما ھاياتقا بولغان
مۇھەببىتى پۈتۈنلەي تۈگىمىگەنلىكتىن جان-
دىن كېچىشكە كۆزى قىيماي، قىرغاقتىكى
تاللارنىڭ دەرياغا ساڭگىلاپ تۇرغان شې-
خىغا ئېسىلىپ، بېلىگىچە سۇغا چۆكۈپ
ئۇزاق تۇرۇپتۇ. ئۇ نۇرغۇن ئويلاپ ئاخى-
رى شاخنى قويۇۋېتىپ ئۆزىنى ھالاك
قىلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشىغا دەريادا
لەيلەپ كېلىۋاتقان غايەت زور بىر سان-
دۇقنى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادە دەرھال
ساندۇققا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، بىر ئامال قىلىپ
ساندۇقنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. شاھزادە
ساندۇقنى شۇنداق ئاچقانىكەن، ئىچىدە
چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىشلىرى كىرىشىپ
كەتكەن، ناھايىتى گۈزەل بىر ساھىبجامال
قىز ياتقىدەك. بۇنى كۆرگەن شاھزادە
قورقۇپ ھوشىدىن كېتىپتۇ. قىز ساپ ھا-
ۋادىن نەپەس ئالغاندىن كېيىن ھوشىغا
كېلىپ، كۆزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى چېتى
كۆرۈنمەس بىر جاڭگاللىق ئىچىدە كۆرۈپ-
تۇ. قىز يېنىدا ھوشسىز ياتقان قەددى-
قامەتلىك يىگىتنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزغۇچى
ئىكەنلىكىگە جەزم قىلغاندىن كېيىن،
دەرھال يىگىتنىڭ بېشىنى يۆلەپ ئاغزىغا
سۇ تېمىتىپتۇ. يىگىت ھوشىغا كېلىپ
قارىغۇدەك بولسا ئالدىدىكى گۈزەل ساھىب-

جامال قىز يېنىدا پەرۋىش قىلىپ ئولتۇرغى-
دەك. كۈتۈلمىگەن بۇ بەخت - ئامەتتىن
قەلبى سۆيۈنگەن شاھزادە دەرھال ئور-
نىدىن تۇرۇپ قىزغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ.
قىز ھۆرمەتنى قىزغىنلىق بىلەن ئىلىك
ئاپتۇ. ئىككىسى سەرگۈزەشتىلىرىنى دې-
يىشىپ بىر - بىرىگە كۆڭۈللىرىنى ئىزھار
قىلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىگە
ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى گۇۋاھ قىلىشىپ، تاڭ
شامال‌لىرىنى مېھمان قىلىشىپ، ئۆز ئارا
بىر - بىرىگە نىكاھ قىلىشىپ، توي ئۆتكۈ-
زۈپتۇ. ئۇلار بىر جاينى ماكان تۇتۇپ
ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت ئوۋ
ئوۋلايدىكەن، قىز ئۆي ئىشلىرى بىلەن
مەشغۇل بولىدىكەن، كۈنلەر ئەنە شۇنداق
بىرخىلدا ئۆتۈۋېرىپتۇ. قىزنىڭ ئېرىگە
بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچىيىپ،
ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقى كۈندىن-
كۈنگە ئېشىۋېرىپتۇ. شۇڭا بىر كۈنى قىز
ئېرىگە ھازىر قولىدا بار ئالتۇن - كۈمۈشكە
تايىنىپ، مۇشۇ ئەتراپقا يېڭى شەكىلدىكى
شەھەر بەرپا قىلىپ، شۇ شەھەرگە شاھ
بولۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. يىگىت بۇ
مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۆز دادىسى-
دىن مىراس قالغان شەھەر ئەتراپىغا
يېقىندىن شەھەر بىنا قىلماقچى بوپتۇ.
ھەممە ئىش تەييار بولغاندىن كېيىن،
ئايالىغا، ھازىر ئۆزىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشقا
مەسئۇل بولسا ئەپلەشمەيدىغانلىقىنى،
شۇڭا ئايالى بېرىپ قۇرۇلۇشنى باشلىشى
كېرەكلىكىنى مەسلىھەت قىپتۇ. قىز بۇ-
نىڭغا رازى بوپتۇ. يىگىت ئۆزى بۇ ئىش-
لارغا ياردەم بېرىدۇ، دەپ پەرەز قىلغان
ئانىسى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ تۇرار جا-
يىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرىپ، ئايالىنى سە-

پەرگە ئۆزدتىپ قويۇپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىزدىن ئاڭلايلى.

قىز قولىدىكى مال ـ دۇنيانى ئېلىپ، ئېرىنىڭ ئېيتقىنى بويىچە، قېيىن ئانىسىنى ئىزدەپ تېپىپتۇ ۋە ئۆز پىلانلىرىنى ئېيتىپتۇ. ئانا بۇ پىلاننى ماقۇل كۆرۈپ، شەھەردىن داڭلىق ئۇستىلارنى چاقىرىپ كېلىپ، يېڭى قەسىر قۇرۇلۇشىنى باشلىۋېتىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى شىكارغا چىقىپ، دەل مۇشۇ يېڭى سېلىنىۋاتقان قەسىر ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. ئۇ قارىغۇدەك بولسا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئوردا ـ قەسىر قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقىدەك. شاھ ئوردىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بارلىق مەسلىھەتچىلىرى ۋە قۇرئەندازلارنى چاقىرىپ قۇرئى سالدۇرۇپتۇ. ئۇلار «ئۇ قۇرۇلۇشنىڭ خوجايىنى دەل سىزنىڭ ئاكىڭىزنىڭ ئوغلى، شاھلىق تاجۇ ـ تەختىڭىزنىڭ مىراسخورى، چۆلگە پالانغان شاھزادە» دەپ مەلۇمات بېرىپتۇ مەسلىھەتچىلەر:

ـــ ئۇ شاھزادىنىڭ بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدا يېقىن جايدا شەھەر قۇرۇلۇشى سېلىۋاتقانلىقى ـــ سىزنىڭ تاجۇ ـ تەختىڭىزگە كېلىۋاتقان بالايىئاپەت، ئۇنى دەرھال ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك، ـــ دەپ ئەقىل كۆرسىتىپ بۇ ھەقتە ئۇسۇل ـ چارە ئىزدەپتۇ. ئۇلار بۇ قېتىم ئاشكارا ھۇجۇم قىلىش پايدىسىز دەپ ھېسابلاپ، شاھزادىنىڭ ئانىسى نامىدىن بىر پارچە مەكتۇپ پۈتۈپ ئۇنى يوشۇرۇن ھالدا شاھزادىگە يەتكۈزۈپتۇ. شاھزادە مەكتۇپنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا ئۇنىڭغا مۇنداق سۆزلەر يېزىلغان ئىكەن: «قىممەتلىك ئوغلۇم، ئايالىڭ بېتىپ كەلدى. شەھەرنى پۈتتى. قەسىرنىڭ 40 ئىشىكى بولۇپ، سېنىڭ بۇزۇق خوتۇنۇڭ پاھىشىخانا ئېچىپ، ھەر كۈنى كىشىلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشتۇرماي 40 ئىشىكتىن يولغا سالماقتا. ئەمدى مېنىڭ يەنە ياشاشقا تاقىتىم قالمىدى، ۋىجدان مېنى ئازابلىماقتا».

يىگىت بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ ـ دە، خوتۇنىغا خەت يېزىپتۇ. ھېلىقى ئەلچى بولۇپ بارغان كىشى خەتنى ئېلىپ شەھەرگە قايتىپ كېلىپ قىزغا تاپشۇرۇپتۇ. قىز پۈتمىگەن قۇرۇلۇشنى تاشلاپ جاڭگالدىكى ماكانىغا جىددىي قايتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ قارىغۇدەك بولسا ئېرى روھىي جەھەتتىن ئازابلىنىپ، ئەسەبىيلەشكەن ھالدا تۇرغىدەك. قىز كۆيۈمچانلىق بىلەن ئەھۋال سوراپتۇ. ئەمما يىگىت جاۋاب بەرمەي دەرھال قىزغا قىلىچ ئۇرۇپتۇ ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قىغ دۆۋىسىگە ئاپىرىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي دەريا بويىغا يېقىن بىر يېزىدىكى دېھقان دەريا بويىدىن چىرىندى ئوغۇت ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ كېتىۋېتىپ، يول بويىدىكى ھېلىقى قىز كۆمۈلگەن قىغ دۆۋىسىگە كۆزى چۈشۈپ توختاپتۇ. دېھقان ھارۋىسىغا قىغنى ئۇسۇپ بىر چاغدا قارىسا قىغنىڭ ئاستىدا ئىنتايىن گۈزەل بىر قىزنىڭ جەسىتى ياتقىدەك. ئۇ دەرھال بىر دانە مەشۇت يېپىنى قىزنىڭ بۇرۇن تۆشۈكىگە تەڭلىگەنىكەن، يىپ مىدىرلاپتۇ. قىزدا تېخى جان بارلىقىنى پەملىگەن دېھقان ھارۋىدىكى قىغنى تۆكۈۋېتىپ، دەرھال قىزنى ھارۋىغا چىقىرىپ، ئۇنى داۋالىتىش ئۈچۈن يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ. دېھقان قىزنى ئۆيىگىمۇ ئېلىپ كەلمەي، ئۇدۇل شۇ

يېزىدىكى جوھۇد تېۋىپنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەپتۇ. تېۋىپ ئۇنى كۆرۈپ دېھقاندىن
500 سەر تەڭگە تەلەپ قىپتۇ. بۇ دېھقان-
نىڭ باپكارلىق ھۈنىرى بولۇپ، تۇرمۇشى
غۇربەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆمۈر
بويى تاپقان 500 تەڭگە پۇلى بولۇپ،
ئۇنى ئۆيلىنىش ئۈچۈن راسلىغانىكەن.
ئىلاجىسىزلىقتىن بېشى قاتقان دېھقان
خۇدا يولىدا بىر ياخشى ئىش قىلماقچى
بولۇپ، مەرتىلىك بىلەن ئاشۇ 500 تەڭگىنى
تېۋىپقا بېرىپتۇ. تېۋىپ بىرنەچچە ئاي
قېتىرقىنىپ ياخشى داۋالىغانلىقتىن قىز-
نىڭ سالامەتلىكى خېلىلا تۈزۈلۈشكە
باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆ-
تۈپتۇ. تېۋىپ دېھقانغا قىزنى ئۆيگە ئېلىپ
كېتىش، ئۇنى ياز پەسلىدە يايلاققا بېرىپ
ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، سۈت قاي-
ماقلار بىلەن ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇش ھەققىدە
مەسلىھەت بېرىپتۇ. شۇ چاغقىچە تاپقان-
تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى تېۋىپقا بېرىۋەت-
كەن دېھقانىنىڭ بەكمۇ بېشى قېتىپتۇ. بۇ
پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن تېۋىپ كۆڭلى-
گە بىر شۇملۇقنى پۈكۈپتۇ-دە، قىزنى
ئۆزى ئېلىپ بارماقچى بوپتۇ. ئاق كۆڭۈل
دېھقانمۇ، قىزمۇ بۇ ئىشقا ماقۇل بوپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن ئۇلار سەپەر تەييارلىقىنى
پۈتتۈرۈپ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن
يايلاققا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۇزاق
يول يۈرۈپ ناھايىتى گۈزەل بىر يايلاققا
يېتىپ كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چېدىر-
لىرىنى تىكىپ، كۈندۈزلىرى دورا، ئوت-
چۆپلەرنى يىغىپتۇ، كەچتە دالىدا قونۇپتۇ.
جوھۇد تېۋىپ بولسا ئەسلىدە بويتاق
بولۇپ، شۇ چاققىچە تۈزۈك بىرەر
خوتۇن بىلەن ئۈچرىشالماي يۈرگەنىكەن.

شۇڭا قىزنىڭ ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، گۈزەل
ئەخلاقى تېۋىپنىڭ قەلبىدە ئىشق تۇيغۇ-
سىنى پەيدا قىپتۇ. ئاخىرى جوھۇد تېۋىپ
قىزغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار
قىپتۇ. قىز تېۋىپنىڭ تەلىپىنى دەرھال
رەت قىپتۇ. تېۋىپمۇ ئۆز پىكرىدە چىڭ
تۇرۇۋاپتۇ. دەسلەپ ئالداپ، يۇمشاق
ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپتۇ، كېيىن زورلۇق قىپتۇ.
قىزمۇ قەتئىي قارشىلىق قىپتۇ. شۇ ھالەت-
تە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ھەم
قىزنىڭمۇ بۇنىڭدىن ئامان-ئېسەن قۇتۇ-
لۇشقا كۆزى يەتمەپتۇ. قىز بىر چارىنى
ئويلاپ تېپىپتۇ-دە، توي قىلىشقا ماقۇل
بوپتۇ. تېۋىپ خۇشاللىقىدىن خۇدىنى
يوقىتىپتۇ. قىز ئۆزلىرىنىڭ توي مەرىكە-
سىنى ئوبدان ئۆتكۈزمەك بولۇپ، ئىچىم-
لىكلەرنى تەييارلاپتۇ. ئۇلار تاماقتىن كې-
يىن ئىچىملىك ئىچىشنى باشلاپتۇ. قىز
رومكىغا لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ، زادىلا
ئىچمەپتۇ. تېۋىپ بولسا ئىچىۋېرىپتۇ.
قىزمۇ ئۇنىڭغا زورلاپ قۇيۇۋېرىپتۇ.
تېۋىپ ئاخىرى ھېچنەرسىنى سەزمەيدىغان
دەرىجىگە بېرىپ يېتىپتۇ. قىز دەرھال
تېۋىپنى بىر پارچە كىگىزگە ئوراپتۇ-دە،
ئارغامچا بىلەن پۇختا چېگىپ تاغدىن
پەسكە دومىلىتىۋېتىپتۇ. قىز بۇ ئورۇندىن
يۆتكىلىپ، سەپەرنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن بىر جاينى
تاللاپ قونالغۇ قىپتۇ ۋە ھارغىنلىق، يول
ئازابىدىن چارچاپ يېتىپلا ئۇخلاپ قاپتۇ.
ئۇ ئەسلىدە ئۇخلاشتىن بۇرۇن تېۋىپلار
كىيىدىغان ئاق بۆك ۋە ئاق خالاتلارنى
كىيىۋالغانىكەن؛ يولدا كېتىۋاتقان
ئىككى نەپەر جىن-شەيتان بۇنى كۆرۈپ
قاپتۇ. بۇ ئىككى جىننىڭ بىرسى، ئۇنىڭغا

چىقىرالمىشنى ئېيتىپتۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قاراپ:

— ئۇ دىلى پاك، بەدىنى ئاجىز ئىنسان ئىكەن، كېسەل ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. چىقىرالمايلى، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى جىن ئوتتۇرىسىدا ئادەملەر ئارىسىدىكى تىبابەتچىلىك ئىلمى ھەققىدىكى سېلىشتۇرۇش، تالاش - تارتىش باشلىنىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ غەۋغاسىدىن قىز ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ سەگەكلىك بىلەن ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپتۇ.

— ئاق خالات كىيىپ تېۋىپ مەن دېگەن بىلەن ئۇنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، — دەپتۇ بىرى.

— راست، — دەپتۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ يەنە بىرى، — ئۇلار مانا بۇ ئوت چۆپتىن مەجنۇن ياساپ قارغۇنىڭ كۆزىگە سۈرتسىلا ساقىيىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

— يالغۇز ئۇلار ئەمەس، — دەپتۇ يەنە بىر جىن گەپتىن قالماسلىق ئۈچۈن — ئاۋۇ ئوت - چۆپنىڭ يىلتىزىنى قاينىتىپ پار سۈيى ياساپ پالەچ كېسەلنىڭ بەدىنىگە سۈرتسە دەرھال ساقىيىدىغانلىقىنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ خاسىيىتىنى پەقەت بىزلا بىلىمىز، — دەپتۇ ماختىنىپ.

قىز ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى تولۇق ئاڭلاپ، ھېلىقى ئوت - چۆپلەرنى كۆرۈپ تونۇۋاپتۇ. جىنلار كەتكەندىن كېيىن ئۇلارغا بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ بىلەن تەڭلا ئوت - چۆپلەرنى يىغىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئاخىرى ئۆز ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان، كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر شەھەرگە كېلىپ توختاپتۇ. بۇ شەھەر ناھايىتى گۈزەل ھەم ئاۋات ئىكەن. قىز شەھەرنىڭ ئاۋات، ئادەم كۆپ بىر دوقمۇشىغا كېلىپ، دورا - دەرمەكلىرىنى يېيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بىر پۇلدار سودىگەر پالەچ بولغان بىر پۇتىنى داۋالىتىش ئۈچۈن كەپقاپتۇ. قىز ھېلىقى جىن - شاياتۇنلاردىن ئاڭلىۋالغان ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى داۋالىغان ئىكەن، دېگەندەك، ئۇنىڭ پۇتى دەرھال ساقىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ داڭقى بىر دەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە پۇر كېتىپتۇ. قىزغا كېسەل كۆرسىتىدىغانلار تۇشمۇ - تۇشتىن يېغىپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەر شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىغىمۇ دەرھال يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ شەھەرگە بۇنداق تەجرىبىلىك، ئۇستا تېۋىپنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىدىن بەكمۇ خۇشاللىنىپتۇ. چۈنكى پادىشاھنىڭ بىرلا يالغۇز قىزى بولۇپ، ئۇ قارغۇ ئىكەن. تا شۇ كەمگىچە ھېچقانداق تېۋىپ داۋالاپ ساقايتالمىغانىكەن. شۇڭا پادىشاھتا قىزىنى شۇ ئۇستا تېۋىپقا داۋالىتىپ بېقىش ھەۋىسى پەيدا بوپتۇ. ھەم ئۆزى ئىلگىرى چىقارغان — «كىمكى قىزىمنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتالىسا قىزىمنى ۋە تاج - تەختىمنى شۇنىڭغا تەقدىم قىلىمەن.» دېگەن پەرمانىنى يەنە قايتا ئېلان قىپتۇ ۋە ئادەم ئەۋەتىپ تېۋىپنى چاقىرىپ كەپتۇ. تېۋىپ ئوردىغا كېلىپ شاھنىڭ قىزىنى داۋالاشقا كىرىشىپتۇ. ئۇ يايلاقتا ھېلىقى جىنلاردىن ئاڭلىۋالغان ئۇسۇل بىلەن شىپايى مەلھەم ياساپ قىزنىڭ كۆزىگە شۇنداق سۈرتكەنىكەن، قىزنىڭ كۆزى دەرھال ساقىيىپ ئېچىلىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىنىڭ پەرمانىغا ئەمەل قىلىپ قىزىنى 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ،

تېۋىپقا قوشۇپ قويۇپتۇ. تېۋىپ ئەسلىدە
ئەرەنچە كىيىنىۋالغان ئايال بولغانلىقتىن،
بۇقىزنى نىكاھىغا ئېلىپ بىرنەچچە ئاي-
غىچە ئەدەب چېگرىسىدىن ئۆتەلمەپتۇ. شۇنىڭ
بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا سۆز-چۆچەكلەر
توقۇلۇشقا باشلاپتۇ. قارغۇ قىزنى ساقايتىپ
ئەمدىلا پادىشاھلىق تاجۇ-تەختكە ئولتۇر-
ان ئايال تېۋىپ ئۆزىنىڭ يۈز ئابرويىنىڭ
ـارغانىبىرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتـ
ىنلىقىنى، بۇ ناچار ھالەتنى تېزدىن
ئۆزگەرتمىسە، ھاكىمىيەتنى ئۇزاققىچە تۇتۇپ
تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ،
بىر كۈنى كېچىسى خوتۇنىنىڭ ئالدىدا
قىپيالىڭاچ بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوخشاشلا
ئايال ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممە سەرگۈزەشت-
لىرىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ.
خوتۇنىمۇ ئەقىللىق قىز ئىكەن. شۇڭا
ئۇمۇ بۇ مەسىلىگە قاتتىق باش قاتۇرۇپتۇ.
ئاخىرى ئىككىسى بۇ مەسىلىنى ھەل
قىلىشنىڭ ئۇسۇل-چارىسىنى بېكىتىپ
بولغاندىن كېيىن مەسىلە ھەل بولغىچە
ھېچكىمگە سىر بەرمەسلىككە ۋەدەقىلىشىپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۆزىنىڭ ئەسلىدـ
كى قىزچە كىيىملىرىنى كىيىپ، ناھايىتى
ئۇستا رەساملارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆ-
زىنىڭ بىر نەچچە پارچە رەسىمىنى سىز-
دۇرۇپتۇ-دە، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەر-
قايسى دوقمۇشلىرىغا رەسىملەرنى چاپلاشنى
بۇيرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاقىسىدىلا بىرنەچچە
كىشىنى رەسىمنى يوشۇرۇن ھالدا كۆزەت-
تىشنى، رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن روھىي
كەيپىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا
بولغانلارنى دەرھال خەۋەر قىلىشنى ئۇ-
رۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن
ئۆتمە-ئۆتمەيلا كوچىنىڭ ئاۋات دوقمۇشىـ

غا بىر نەپەر دەرۋىش سىياقىدىكى كىشى
كېلىپ رەسىمگە قاراپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.
ھېلىقى يوشۇرۇن كۆزەتچىلەر دەرھال
ھېلىقى دەرۋىش سىياقىدىكى كىشىنى
كۆتۈرۈپ ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ
(قىز) ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ دەسلەپكى
ئېرى ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ ۋە خىزمەتچى-
لەرگە ئۇنى ياخشى تاماقلار بىلەن ئوزۇق-
لاندۇرۇپ، ئوبدان كىيىندۈرۈشنى بۇي-
رۇپتۇ. ياخشى تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە
بولغان دەرۋىش تېزلا ئەسلى ھالىتىگە
قايتىپتۇ. بۇنى بىلگەن شاھ (قىز) ئۆزىنىڭ
ئەسلىدىكى قىزلىق كىيىملىرىنى كىيىپ،
دەرۋىش بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىپتۇ.
دەرۋىش شاھنىڭ ئەسلىدە ئۆزى بوغۇز-
لاپ تاشلىغان خوتۇنى ئىكەنلىكىنى
تونۇپتۇ. شاھزادە بىلەن مەلىكىنىڭ قايتا
ئۇچرىشىشى ئۇلارغا ھەم خۇشاللىق، ھەم
قايغۇ-ھەسرەت ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلار بىر-
بىرى بىلەن قايتا ئۇچراشقانلىرىغا خۇشال
بولسىمۇ، دۈشمەنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا
كىرىپ كېتىپ پەيدا بولغان ئەھۋالغا
چوڭقۇر ئېچىنىپتۇ. شاھزادە ئايالىدىن
ئەپۇ سوراپتۇ. گۇناھىغا تەۋۋا قىپتۇ. پا-
دىشاھ بۇ ۋەقەنى پۈتۈن ساراي ئەھلىگە
ۋە شەھەر خەلقىگە ئېلان قىپتۇ ھەمدە
ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان
باپكار دېھقاننى ئىزدەپ تېپىپ كېلىپ
ئۇنى شۇ شەھەرگە ۋارىس پادىشاھ قىلىپ
تەيىنلەپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئەسلىدىكى
پادىشاھىنىڭ يالغۇز قىزىنى ئۆزىگە دەس-
لەپ قىلىنغان نىكاھىنى ئەمەلدىن قالدۇ-
رۇپ باپكار دېھقانغا نىكاھلاپ بېرىپتۇ.
ھەم ئۇلارنىڭ شەرىپىگە 40 كېچە-كۈندۈز توي-مەرىـ
كىسى ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئۆزى بولسا

(ئاخىرى – 116 – بەتتە)

# رىۋايەتلەر

## كېيىكنىڭ تۇيىقى قاياقتايۇ، قۇلىقى قاياقتا؟

بىر كۈنى سارايدا ئۇۋچىلىق ھەققىدە گەپ بولۇپ، ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ ئۇۋلىرى، ئۆزى بىلەن بىللە قاتناشقان مەرگەنلەرنىڭ ئۇستىلىقلىرى توغرىسىدا سۆزلەپتۇ. شۇ چاغدا بىر ۋەزىرمۇ ئۆزىنىڭ مەرگەنلىكى ھەققىدە ماختىنىپ بىر قېتىم ئۇۋغا چىققاندا، بىر كىيىكنى بىر ئوق بىلەن قۇلىقىدىن ئېتىپ تۇيىقىدىن چىقارغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپتۇ. بۇنىڭدىن پادىشاھ غەزەپلىنىپ:

— ئەبلەخ، بۇ قانداق گەپ، كىيىكنىڭ قۇلىقى قاياقتايۇ، تۇيىقى قاياقتا؟ سەن بىر ئوق بىلەن قۇلىقىدىن تەگكۈزۈپ، تۇيىقىدىن چىقاردىم، دەۋاتىسەن. مېنىڭ سارىيىمدا ئەدەبسىز لاپچىنىڭ جازاسى ئۆلۈم، جاللات، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

شۇ چاغدا ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ۋەزىرگە رەھمى كەپتۇ-دە، پادىشاھقا قاراپ:

— يا ئەمىر! ۋەزىرنىڭ سۆزى توغرا، چۈنكى شۇ قېتىمقى ئۇۋدا مەنمۇ بىللە ئىدىم. ئۇ ئوقياسىنى تارتقان چاغدا، تاغ ئۈستىدە تۇرغان كىيىك تۇيىقى بىلەن قۇلىقىنى تاتىلاۋاتاتتى. ۋەزىرنىڭ ئاتقان ئوقى كىيىكنىڭ قۇلىقىدىن ئۆتۈپ، تۇيىقىدىن چىققىنى توغرا، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھ ئاچچىقىدىن يېنىپ، ۋەزىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتۇ.

## چېكىتنىڭ قۇدرىتى

ئەلىشىر نەۋائى ئۆزىنىڭ غەزەللىرىنى زامانىسىنىڭ ئەڭ زور بىلىمدان خەتتاتلىرىغا كۆچۈرتىدىكەن. بىر قېتىم مەخسۇس نەۋائىنىڭ شېئىرلىرىنى كۆچۈرىدىغان خەتتاتنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولماي قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولغان، ئۆزىنى مەشھۇر خەتتاتلاردىن دەپ يۈرگەن بىر ئادەم: «رازى بولسا، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ خىزمىتىنى جېنىم بىلەن بېجىرەتتىم» دەپتۇ.

شائىر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، شېئىرلىرىنى كۆچۈرتۈشكە بېرىپتۇ. بىر

چاغدا كاتتا بىر مۇشائىرىدە ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قۇلىقىغا: «شائىرلار شاھىنىڭ ئۆزى نۇقسان - قۇسۇرغا يول قويۇپتىمۇ، باشقىلاردىن نېمىسىمۇ كۇتكىلى بولۇر» دېگەن گەپ كىرىپ قاپتۇ.

نېمە ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزگەن شائىر تېخى بايىلا كۆچۈرتكۈزگەن غەزەللىرىنى ئېلىپ ئوقۇپتۇ. قارىسا، ئۆزى يازغان گەپ ئەمەسمىش. خەتتات شېئىرنى كۆچۈرگەندە «كۆز» سۆزىدىكى بىر چېكىتنى چۈشۈرۈپ قويغانلىقتىن، بۇ سۆز «كور» بولۇپ قېلىپ، شېئىرنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ ئەكسىچە بولۇپ قاپتۇ.

ئەلىشىر نەۋائى مەجلىس ئەھلىگە قاراپ:

— «كۆز»ۈمنى «كور» قىلغانلار كور بولسۇن! — دەپتۇ - دە، خەتتاتنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

## شائىرنىڭ ئات باقارى

ھەزرەت ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە» دېگەن كىتابىنى يېزىپ تۈگىتىپ، دوستى سۇلتان ھۇسەيىننىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە قولىدىكى تۈگۈنچەكنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— بۇ نېمە؟

— ئېچىڭ، ئاندىن نېمىلىكىنى بىلىسىز.

ھۇسەيىن بايقارا تۈگۈنچەكنى يېشىپتۇ. قارىسا كىتاب ئىكەن. شۇ چاغدا ئەلىشىر نەۋائى:

— «خەمسە» نىڭ ئاخىرقى سەھىپىسىگىچە ھازىرلاپ چېكىت قويدۇم - دە، ئەڭ ئالدى بىلەن قەدىردان دوستۇم كۆرسۇن دەپ، سۇلتانلارنىڭ سۇلتانى بولغان سىزگە ئەكىلىشكە جۈرئەت قىلدىم، — دەپتۇ.

قولىدىكى كىتاب بىلەن ئەلىشىر نەۋائىنىڭ سۆزلىرىدىن ھەيرەتكە چۈشكەن ھۇسەيىن بايقارا ھىراتتىكى ھۆكۈمايۇ ئۆلىما، شائىرۇ پازىل، سازەندە - يۇ ناخشىچىلارنى دۇنيادا تەڭدىشى يوق باغ — «باغىي ھۇسەيىنى» گە يىغىشنى ئەمىر قىپتۇ. «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دېيىشىدۇ. ھۇسەيىن بايقارانىڭ يۇلتۇزىنى كۆزلەيدىغان يوغان ئەرەب ئېتى بولۇپ، خەلق ئۇنى «سۇلتان ئات» دەپ ئاتايدىكەن. ئۆزىمۇ ئىنتايىن ئويناق بولۇپ، قامچا تېگەر - تەگمەيلا ئاسمانغا چاپچىيدىكەن. سۇلتاندىن باشقا ھېچكىمنى يېنىغا يولاتمايدىكەن. ئالدىدىن كەلگەننى چىشلەپ، كەينىدىن كەلگەننى تېپىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ئىگەر - توقۇم توقۇش، يەم - خەشەك بېرىشنى ھۇسەيىن بايقارا ئۆزى قىلىدىكەن. بىر چاغدا ھۇسەيىن بايقارا ئېغىلغا كىرىپ ئېتىنى ئىگەرلەپ چىقىپتۇ - دە، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بۇ ئاتقا مىنىڭ، — دەپتۇ. شائىر ئاتتا جىق ماڭغانىكەن، لېكىن بۇنداق ئاتنى مىنىپ باقمىغاچقا چۆچۈپتۇ.

— ياق، مىنمەيمەن، — دەپ سۇلتاننىڭ سۆزىنى رەت قىپتۇ.

ھۇسەيىن بايقارا يەنە:

— ئاتقا مىنىڭ، - دەپتۇ.

— مىنەلمەيمەن، ياۋاش ئاتلار ئۈستىدە ئارانلا ئولتۇرالايمەنۇ، بۇ ئاساۋ ئاتلار سۇلتانىغا ... ياق، بۇ ئاتقا مىنىشتىن مېنى خالاس قىلىڭ.

— مىنىسىز دېدىم، مىنىسىز، — كېيىپدە چىڭ تۇرۇۋاپتۇ ھۇسەيىن بايقارا.

ئاندىن ئەلىشىر نەۋائىينى ئاتقا مىندۈرۈشكە كۆندۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ باشقىچە يول تۇتۇپتۇ.

— مەۋلانا، — دەپتۇ دوستىغا قاراپ، — قېنى، ئېيتىڭا، شاھنىڭ ئەمرى نېمە؟ ماشايىخلار پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ دېگەنمۇ - يوق؟

— ھەئە، — دەپتۇ ئەلىشىر نەۋائىي.

— ئۇنداق بولسا، بولدى، ھۇسەيىن سىزگە نېمە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— دوستۇم ھۇسەيىن يۇرتىمىزغا سۇلتان.

— يۇرتقا سۇلتان ئىكەنمەن، ئۇنداقتا سىزمۇ ماڭا تەۋە پۇقرا. شۇنداق ئىكەن، سۇلتانىڭىزنىڭ ئەمرىنى بېجىرىشتىن باش تارتىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

گەپ شۇنداق داۋاملىشىۋەرسە قىزىرىشىپ قېلىپ، ئوتتۇرىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈپ قېلىشىغا كۆزى يەتكەن ئەلىشىر نەۋائىي: «تەۋەككۇل، نېمە بولسا بولار» دەپ ئويلاپتۇ - دە:

— مەيلى، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرەي، — دەپ سۇلتاننىڭ ئېتىغا مىنىشكە رازى بوپتۇ. ھۇسەيىن بايقارا دوستىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپتۇ - دە، بىر قولىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولىدا «خەمسە» سىنى كۆتۈرۈپ، «باغى ھۇسەيىنى» گە كىرىپ كەپتۇ. ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «سۇلتان ئات» ئۈستىدە، ھۇسەيىن بايقارانىڭ ئۇنىڭغا ئات باقار بولۇپ پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋەزىر-ئۆلىما ھەممە ئەھلى پۇقرا ھاڭ-تاڭ بولۇپ، تۇرغان جايلىرىدا قېتىپلا قاپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە، يەنى ئەلىشىر نەۋائىي ئاتنىڭ ئۈستىدە، ھۇسەيىن بايقارا ئۇنىڭغا ئات باقار بولۇپ، يىغىن مەيدانىنى ئايلىنىپ چىقىپتۇ. سۇلتان پىيادە مېڭىپ، تەخت ئورنىتىلغان جايغا بېرىپتۇ. پادىشاھ ئات باقار بولسۇنۇ، شائىر ئاتلىق يۈرسە - ھە. بۇ قانداق گەپ؟! نېمە بالا، خۇدا سۇلتاننى ئەقلىدىن ئازدۇرغانمۇ؟ تەختكە ئەلىشىر نەۋائىينى ئولتۇرغۇزماقچىمۇ؟ سۇلتاننىڭ بۇ ئىشىنى نېمە دېمەك كېرەك؟ دېگەن پىتنە - پاسات شىۋىر - شىۋىرلاشلار ئاڭلىنىشقا باشلاپتۇ.

— ئەھلى پۇقرا، سۇلتانلىق سۆزۈمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار. شائىرىمىز ئەلىشىر نەۋائىينى «سۇلتان ئات» قا مىندۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئات باقارلىق قىلغىنىمنىڭ سەۋەبىنى ئاڭلاپ قويۇڭلار، پادىشاھىمىزغا نېمە بولدىكىن، دەپ ھەيران بولماڭلار. دوستۇم ئەلىشىر ئۆزىنىڭ «خەمسە» سىنى يېزىپ تۈگىتىپ، بىزگە مەرھەمەت قىلىپ تەقدىم قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىزگە زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ، تولىمۇ خۇشال قىلدى! — دەپتۇ ھۇسەيىن بايقارا.

— ئاپىرىن! ئاپىرىن! شائىر ئەلىشىرنىڭ قوللىرىغا دەرد كەلمىسۇن! ئۆمرى ئۇزۇن، مەرتىۋىسى بۇنىڭدىنمۇ

زىيادە بولسۇن! — دېگەن خىتابلار
ياڭراپتۇ.
— مەن سىلەرگە كىم بولىمەن؟ —
تۇيۇقسىزدىنلا سوراپ قاپتۇ ھۇسەيىن
بايقارا ئولتۇرغانلاردىن.
— يۇرتىمىزنىڭ سۇلتانى، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ ئولتۇرغانلار.
— ئۇنداق بولسا سۇلتانلىق سۆ-
زۇمنى ئاڭلاڭلار. دېمەك، مەن ھازىر
لەرنىڭ سۇلتانىڭلار، مۇشۇ يۇرت،
مۇشۇ ئەلنىڭ پادىشاھىمەن. ئەمما ئۇدۇ-
لۇڭلاردا تۇرغان دوستۇم ئەلىشىر ئىلى-
مىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئەۋلاد - ئەجدادلى-
رىمۇ تەزىم قىلىدىغان سۇلتانىدۇر. مەن
مانا مۇشۇ غەزەل مۈلكىنىڭ سۇلتانى،
ئۇلۇغ شائىرغا ئات باقار بولالىغانلىقىم-
دىن تولىمۇ خۇشالمەن.
ھۇسەيىن بايقارا شۇنداق دەپتۇ-
دە، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئەلىشىر
نەۋائىنى چىڭ قۇچاقلاپتۇ.

## ئادىمىي بولساڭ

شائىر مىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ
يېشى بىر يەرگە يېتىپ قالغاندا، كۆڭلى
ھەجگە بېرىشنى تارتىپ قاپتۇ. ئۇ دوستى
سۇلتان ھۇسەيىن بايقارا بىلەن خوشلى-
شىپ مېڭىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا
كەپتۇ. پادىشاھ:
— سىز ھەجگە بېرىپ كەلگەن
ئادەملەردىنمۇ كۆپرەك ساۋابلىق ئىشلارنى
قىلغان مۆتىۋەر زاتسىز، — دەپ ئۇنىڭ
مېڭىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ. سۇلتانغا
نېمدەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلەلمەي
ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بېشى قېتىپتۇ...
ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپتۇ. مىر
ئەلىشىر يەنە ھەجگە بېرىش تەرەددۇتىغا
چۈشۈپتۇ. مېڭىش ئالدىدا دوستى سۇلتان
ھۇسەيىن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن
سارايغا كەپتۇ:
— سىز بىلەن خوشلىششقا كەلدىم، —
دەپتۇ ئۇ. ھۇسەيىن بايقارا يۇرتىنىڭ
تىنچسىزلىقى، ئۇلۇسلار ئارىسىدا نارازى-
لىقلار كۆچىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ:
— سىزنىڭسىز يۇرتنى باشقۇرۇش
قىيىن. ئەمەلدارلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ،
ئۇلار پېيىمنى قىرقىش كويىدا بولۇۋا-
تىدۇ. دوست دەپ بىلسىڭىز، مېنى
يالغۇز تاشلاپ ھېچ قاياققا كەتمەڭ، —
دەپ ئىلتىجا قىپتۇ.
ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائى نېمە
دېيىشنى بىلەلمەپتۇ. ھەجگە كېتىۋېرەي
دېسە، يۇرتىنىڭ سۇلتانى، كىچىكىدىن
بىللە ئۆسكەن دوستى بارماڭ دەپ يالۋۇ-
رۇۋاتسا، شائىر بۇ قېتىممۇ سەپەردىن
قاپتۇ. لېكىن «كېلەر يىلى نورۇز مەزگى-
لىدە جەزمەن سەپەرگە ئاتلىنىمەن» دەپ
كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. شۇ ئارىدا قىش
كېتىپ، باھار يېتىپ كەپتۇ. ھەممە ياقنى
نورۇز پەيزى ئىگىلەپتۇ. ئەلىشىر نەۋائى:
«سۇلتان ماقۇل دېسىمۇ، ماقۇل دېمىسىمۇ
چوقۇم ماڭىمەن» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنداق-
تىمۇ پادىشاھ خاپا بولۇپ قالمىسۇن،
دەپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.
— يولغا چىقىشىڭىز ئېنىقمۇ؟ —
دەپ سوراپ قاپتۇ ھۇسەيىن بايقارا.
— ھەئە، بۇ قېتىم مېنى سەپەردىن

هېچكىم قايتۇرالمايدۇ. ھەتتا سىزدەك ئەزىز دوستۇم ۋە يۇرت سۇلتانىمۇ.

— ئۇنداق بولسا، مەن رازى. مەيلى دوستۇم، ھەجگە بارسىڭىز بېرىڭ. مېنىڭ ئۈچۈنمۇ زىيارەت قىلىڭ. زىيارىتىڭىز قوبۇل بولسۇن، — دەپ يۈزىنى سىيلاپ دۇئا قىپتۇ، ئاندىن، — ماڭغىنىڭىزنى ھېچكىم بىلمىسۇن، كېچىدە يوشۇرۇنچە يولغا چىقىڭ، — دەپتۇ.

ئەلىشىر نەۋائى دوستى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، كوچىسىنىڭ بېشىغا يېتىپ باراي دېگەندە ئۇنىڭغا بىر يىگىت ھەمراھ بوپتۇ. بۇ يىگىت شائىرلارنىڭ شائىرىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كەمبەغەل يېتىم - يېسىرلارغا ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىقىنى جىق ئاڭلىغانىكەنۇ، ئەمما ئۆزىنى كۆرمىگەنىكەن. ئۇ شائىرغا سالام بەرگەچ:

— سىزمۇشۇياقىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— قەيەرنى دەيسىز؟

— قەيەر بولاتتى، ئەلىشىر نەۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆيىگە - دە، — دەپتۇ يىگىت، ئەمما گېپىنى توختاتماپتۇ، — مەن يېزىدا تۇرىمەن، ئوتۇن تېرىپ سېتىپ جان باقىمەن. ئاڭلىشىمچە، ئەلىشىر نەۋائى دېگەن كىشى مەشھۇر شائىر ۋە پادىشاھلىقىمىزنىڭ كاتىپى بولسىمۇ، بىزدەك غېرىب - بىچارىلەرگە كۆپ نەپ تەگكۈزۈپ تۇرىدىكەن. شۇ كىشىدىن پاناھ تىلەپ، بۇ يەرلەرگە كەلدىم. ئەمدى بىلسەم، بۇ يەرگە كېلىپ خاتا قىپتىمەن.

— نېمىشقا، — دەپ سوراپتۇ ھەزرەت.

— ھەي، سىز سورىماڭ، مەن ئېيتماي. تېخى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ شائىرىمىزنىڭ ھەجگە بارغۇسى كېلىپ قاپتۇ. بىلمىدىم، ئۇ يېقى نېمە بولاركىن؟

ئەلىشىر نەۋائى يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆيىگە كېلىپ قالغىنىنى سەزمەي قاپتۇ. شۇنداق قارىسا، ھويلىسىغا ئادەم تولۇپ كېتىپتۇ. بۇ يەردە شائىر - لار - ھاپىزلار، سازەندىلەر - خەتتاتلار، كىتاب يازغۇچىلار - تاشچىلار، نەققاشلار - تەنقىدچىلەر قاتارلىق دوستلىرىدىن باشقا، ناۋاي - ئاشپەزلەر، باغۋەن تۆمۈر - چىلەر، ھارۋىكەش - ھامماللار، قىسقىسى شائىرنى بىلىدىغان، تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ تۇرغۇدەك.

— مانا ھەزرەت ئۆزىمۇ كەلدى! — دەپ ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يول بېرىپتۇ. ھېلىقى يىگىت ھەمراھىنىڭ ئەلىشىر نەۋائى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەيران بولغىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ قاپتۇ.

ھەزرەت ھويلىسىغا توپلانغان ئادەملەرنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ - دە، شاگىرتلىرىدىن:

— تىنچلىقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— تىنچلىقمۇ تىنچلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىر شاگىرتى.

— ئۇنداق بولسا شۇنچىلىك كۆپ ئادەمنىڭ بۇ كۆلبىگە قەدەم تەشرىپ قىلىشىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ چىراي - لىرىدا تەشۋىش ئالامەتلىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ نەۋائى.

— بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن سوراڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاگىرتى.

بۇ سوئال - جاۋابلاردىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرغانلاردىن بىرى:

— بىزنى تاشلاپ سەپەرگە چىقماق - چى بولغانلىقىڭىز توغرىسىدىكى مىش -

مىش گەپلەر راستمۇ؟ — دەپ سوراپقاپتۇ.

شائىر ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەپتۇ. ھەئە، سەپەرگە چىقماقچىمەن، دەي دېسە، تۇرغان خالايىقتىن خىجالەت بوپتۇ، ياق دەي دېسە يالغان ئېيتىشتىن قورقۇپتۇ. ئۆيگە كەلگەنلەرگە قاراپ، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. شۇ چاغدا شاگىرتلىرىدىن بىرى:

— خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاڭلىمىغىنىڭلار بولسا ئاڭلاڭلار. ھەزرىتىم ئەتە تاڭ سەھەردە دوست - يارەنلىرىگىمۇ بىلدۈرمەي سەپەرگە ئاتلىنىدۇ، — دەپتۇ.

ھەرتەرەپتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ تۇرۇلۇپتۇ. بىرى:

— ھەزرىتىمنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش زىم. ئەلىشىر نەۋائىسىز ھالىمىز نېمە بولىدۇ؟ — دېسە، ئىككىنچىسى:

— نېمە بولاتتى، يۇرتىنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلۇپ، يەنە ناھەق قان تۆكۈلۈشلەر باشلىنىدۇ، — دەپتۇ. گەپكە شائىرنىڭ قېرى دوستى بەنائى ئارىلىشىپتۇ:

— ھەزرەت، سەپەر ئىختىيارىنى تەرك ئېتىڭ. سىز بولمىسىڭىز ھالىمىز خاراب بولىدۇ: ئېرىق - ئۆستەڭ قېزىش، ئۆي - ئىمارەت سېلىش ئىشلىرى توختاپ قالىدۇ. ئەلنىڭ بېشى ئىسيان، ئالتۇپېلاڭدىن نېرى بولالمايدۇ.

ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا بىرى بۆلۈۋېتىپتۇ.

— خەلق مەسچىت دېسە مەسچىت سالدۇردىڭىز، مەدرىس دېسە مەدرىس قۇردۇردىڭىز، سىز بىنا قىلدۇرغان مۇشۇ ھامماملار، كۆۋرۈكلەر، ئېرىق - ئۆستەڭلەر، كۆللەر، باغ - ۋارانلار، كۇتۇپخانىلار ساۋابىنىڭ ئورنىنى باسالمامدىكەن، — دەپتۇ قېرى تۆمۈرچى. يەنە بىرەيلەن:

— سىز يېتىملارغا ئاتا، ئۆيسىزلەرگە ئۆي، سۇسىزلارغا سۇ بەردىڭىز، سىزنىڭ رەھىم - شەپقەت، مۇرۇۋۋىتىڭىزدىن ئادەملەرلا ئەمەس، جان - جانىۋارلار، ھەتتا ھاشاراتلارمۇ بەھرىمەن بولدى. شۇنىڭ ئۆزى ساۋاب، — دەپتىكەن، تۆت تەرەپتىن:

— توغرا گەپ قىلدىڭىز، ئاتا! — دېگەن سۆزلەر يېغىپ كېتىپتۇ.

— دېھقان بوۋىمىز راست گەپ قىلدى. ئۆزىڭىزمۇ:

ئادەمىي بولساڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېگەن ئەمەسمىدىڭىز؟! سىز ئۆزىڭىزچە سەپەرگە چىقماقچى بولغان بولسىڭىز، خەلق بۇ سەپىرىڭىزنى كېچىكتۈرۈشنى ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى ئويلاپ - ئويلاپ، ھەجگە بېرىش نىيىتىنى كېچىكتۈرۈشكە قارار قىپتۇ. ئادەملەر بۇنى ئاڭلاپ، شادۇ خۇرام بولۇپ، ئۆي - ئۆيلىرىگە تارقىلىپتۇ. يېزىدىن كەلگەن ھېلىقى يىگىتنى ھەزرەت ئۆزىگە پەرزەنت قىلىۋاپتۇ.

1991- يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەل دېسە نەۋائىنى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ

## ئەپەندى ۋە پادىشاھ

بىر ئەخمەق پادىشاھ شائىر بولۇشنى ھەۋەس قىلىپ، بولار - بولماس سۆزلەردىن شېئىر توقۇپتۇ ۋە ماختىنىش ئۈمىدىدە ئۇنى ئەپەندىگە كۆرسىتىپتۇ:

— قانداق بولىدىكەن، نەمۇ؟

ئەپەندى شېئىرنى ئوقۇپ بېشىنى چايقاپ:

— سىز شېئىر يازمىسىڭىز كىمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پادىشاھلىقىڭىزنى قىلىۋەرسىڭىز بولمامدۇ! — دەپتۇ.

پادىشاھ ئەپەندىگە غەزەپلىنىپ:

— ئاچىقىڭلار بۇنى، ئاپىرىپ ئېشەكنىڭ يېنىغا باغلاڭلار! — دەپتۇ مۇلازىملىرىغا، — بۇ قانداقمۇ شېئىرنى چۈشەنسۇن!

ئەپەندى ئېشەككە بىر ھەپتە ھەمراھ بوپتۇ. بۇ ئارىلىقتا پادىشاھ يەنە نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپتۇ ۋە يازغان بۇ شېئىرلىرى ئۆزىگە ناھايىتى يېقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەپەندىنى چاقىرىپ كېلىپ:

— قېنى، ئەمدى بۇنى بىر ئوقۇپ باقە! — دەپ شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپتۇ.

ئەپەندى شېئىرلارنى ئوقۇپتۇيۇ، ئۈندىمەستىن ئېغىلغا قاراپ مېڭىپتۇ.

## قىرىق مېكىيانغا بىر خوراز

پادىشاھ ئەپەندىنى ئىزا تارتقۇزماقچى بولۇپ، قىرىق چاكىرىغا تاپىلاپتۇ:

— ھەممىڭلار ئىشتان بېغىڭلارنىڭ ئاستىغا بىردىن تۇخۇم قىستۇرۇپ كۆلگە شۇڭغۇڭلار، چىقىشىڭلاردا تۇخۇمنى قوللىرىڭلاردا كۆتۈرۈپ چىقىڭلار.

ئەپەندى قىرىق بىرىنچى بولۇپ كۆلگە چۈشۈپتۇ. قىرىق يىگىت بىردىن تۇخۇم كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئەپەندى بۇ غەرەزنى دەرھال سېزىپتۇ - دە، توپتوغرا پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىككى قولىنى قانات قىلىپ قېقىپ، خوراز بولۇپ چىللاپتۇ.

پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ سوراپتۇ.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئەپەندىم؟

— پادىشاھىم، توخۇ بېقىشنى بىلمەيدىكەنلا، قىرىق مېكىيانغا ھېچ بولمىغاندا بىر خوراز كېرەك ئەمەسمۇ؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## قانچىلىك لازىم بولسا...

ئەپەندىنىڭ دوستلىرىدىن بىرى ئەپەندىدىن پۇل قەرز سوراپ كەپتۇ.

پۇل بىرەلمەيمەن، ئەمما دوستۇم بولغىنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك ۋەدە بىرىشىم مۇمكىن، — دەپتۇ ئەپەندى.

## تاۋاق ئۆلدى

ئەپەندى بازاردىن تاۋاق سېتىۋېلىپ كېلىۋاتسا، يولدا بىر كىشى ئۇچراپ:

— قېنى، ئەقسىر، تاۋاقنى ماڭا بېرىڭ، كۆتۈرۈشۈپ بېرەي، — دەپتۇ-دە، ئەپەندىنىڭ قولىدىن تاۋاقنى ئاپتۇ.

ئۆيگە كەلگەندە ئەپەندى ئادەمگەرچىلىك ۋىزىسىدىن ئۇ كىشىنى مېھمان قىلىپ يولغاساپتۇ. بىراق ئۇ ھەر كۈنى كېلىپ، ئەپەندى بىلەن ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن:

— خوش، قانداق، تاۋاق ئامانمۇ؟ — دەپ سورايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئەھۋالنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋام ئېتىشى ئەپەندىنى ناھايىتى زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى كىشى يەنە كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ئەپەندى تاۋاقنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. ئۇ كىشى ئەپەندى بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ:

— خوش، قانداق، تاۋاق ئامانمۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، ئەپەندى تاۋاقنى يەرگە تاشلاپتۇ، تاۋاق يەرگە چۈشۈپ سۇنۇپتۇ.

— ھەي، تاۋاق شۇ چاغقىچە ئامان ئىدى، ھازىر كۆز ئالدىمىزدا جان بەردى. خەير ئامان بولۇڭ! — ئەپەندى شۇنداق دەپلا ئۆيىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

## كىمنىڭ يۈرىكى ئۆرتەنمىدۇ؟

ئەپەندى بىر خەسىس ئاغىنىسىنىڭكىگە بارسا، ئاغىنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى ئىسسىق نان بىلەن بىر پىيالە قېتىپ قالغان ھەسەلنى قويۇپتۇ، ئەپەندى ھەسەلنى پىچىقى بىلەن كېسىپ ئېلىپ، ناننىڭ ئارىسىغا قويۇپ يېيىشكە باشلاپتۇ. خەسىس ئاغىنىسى قارىسا، ئەپەندى ھەسەلنىڭ ھەممىسىنى يەپ قويىدىغاندەك كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئەپەندىمگە:

— ئەپەندىم، ھەسەلنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتسىلىمۇ مەيلى، بىراق ئىسسىق كېلىپ يۈرەكلىرىنى ئۆرتەندۈرۈۋەتمىسۇن دەيمەن، — دەپتۇ.

ئەپەندى پىچىقىنىڭ ئۇچىغا يوغان بىر پارچە ھەسەلنى سانجىپ ئېلىپ تۇرۇپ:

— توغرا ئېيتتىلا، ئەگەر بىرەر لىللا ئادەم بولغان بولسا، كىمنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنىۋاتقىنىنى ئېيتىپ بېرەر ئىدى، — دەپتۇ.

## روزا تۇتۇش ۋاقتى

بىر كۈنى ئەپەندى بىلەن ئالدار كۆسا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئەپەندى ئالدار كۆسىدىن روزا تۇتقان ئادەم قاچان ئىپتار قىلسا بولىدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، ئالدار كۆسا:

— ئاسمانغا تاش ئاتسا، ئۇ تاش كۆرۈنمىسە، شۇ ۋاقىتتا ئىپتار قىلسا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەپەندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ:

— ئۇنداقتا كۈپكۈندۈزدە ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، قاراڭغۇ يەردە ئىپتار قىلىپ چىقسىلا بولىۋېرىدىكەن-دە، — دەپتۇ.

### خەيرىيەت، كۆزۈڭ بار ئىكەن

ئەپەندى بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر باققالنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ قاپتۇ، قارىسا: ئۆرۈك قېقى، پىستە بادام، ئۈزۈم ۋە باشقا مېۋىلەر تولۇپ تۇرغىدەك، باققال قىمىر قىلماي ئولتۇرغىدەك. ئەپەندى ھاسىسىنىڭ ئۇچىنى باققالنىڭ كۆزىگە ئاپارغانىكەن، بۇنىڭدىن چۆچىگەن باققال:



— ھوي بەدبەخت، ھاسائىنى كۆزۈمگە تىقىماقچىمۇسەن! — دەپ كايىپتۇ.

ئەپەندى ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— سېنى كورمىكىن دېسەم كۆرىدىكەنغۇ، نېمىشقا مېۋىلەردىن يېمەي ئولتۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

### ئۆز ئېتىنى تېپىشنىڭ يولى

ئەپەندى بىر گۇرۇھ سودىگەرلەرگە ھەمراھ بولۇپ، ئاتلىق سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار بىر مەنزىلگە بارغاندا كەچ كىرىپ كېتىپ، شۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ. ئەتىسى يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئەپەندى ئۆز ئېتىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ. لېكىن باشقىلاردىن سوراشقا نومۇس قىلىپ، قولىغا مىلتىقىنى ئېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئاتلارنىڭ ئارىسىدا ئىگىسى يوق ئات بار ئوخشايدۇ، مەن ھازىر ئۇنى ئېتىپ گۆش قىلىمەن، — دەپ مىلتىقتا ئوق سېلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەرلەر ساراسىمىگە چۈشۈپ، يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ھەرقايسىلىرى ئۆز ئاتلىرىغا يېپىشىپتۇ، يالغۇز ئەپەندىنىڭ ئېتى ئايرىلىپ قاپتۇ. ئەپەندى دەرھال مىلتىقىنى تاشلاپ، ئېتىنى تۇتۇۋاپتۇ.

### ئۇچقۇر ئات

ئەپەندى پادىشاھتىن ئات سوراپتۇ.

— ئېشەك بولسىمۇ بولامدۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئېشەكتىن بەك زېرىكتىم، ئەمدى ئاتنى ھەۋەس قىلىپ قالدىم.

پادىشاھ مىراخورنى چاقىرىپ:

— ئەپەندىگە ئاتخانىدىكى ئاتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ چاپقۇرى بېرىلسۇن! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

ئەپەندى رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پادىشاھ مىراخورغا: «ئاتنىڭ ئەڭ ئورۇقىنى بېرىپباقە قېنى، نېمە دەيدىكىن» دەپ پىچىرلاپ قويۇپتۇ. مىراخور چىقىپ ئەپەندىگە ئۆلەيلا دەپ قالغان بىر ئاتنى تۇتقۇزۇپتۇ. ئاتنىڭ ھالى

بەكمۇ خاراب بولۇپ، ئەپەندى ئۇنى يېتىـ
لەپ ئارانلا ئۆيىگە ئەكىلىپتۇ. ئات ئۆيگە
كەپتۇ يۇ پىچاقتىمۇ ئۆلگۈرمەي جان بېرىپتۇ.
ئەپەندى ئەتىسى ئەتىگەندە پادىشاھـ
نىڭ ئالدىغا بېرىشىغا پادىشاھ:
— قانداق، ئەپەندىم، ئاتتىن خۇر-
سەن بولدۇڭمۇ، چاپقۇر ئاتىمىكەن؟ —
دەپتۇ.
— ھەئە، تەقسىر، چاپقۇر دېگەنەمۇ
كەپمۇ، ئۇچقۇر ئىكەن، ئۇچقۇر! ئۇچقۇر-
لىقىدىن بىر كېچىدە ئاخىرەتكە يەتتى.

### گەپنىڭ راستى

ئەپەندى ئۇسسۇزلۇق ساتقۇچىدىن
سوراپتۇ:
— يېرىم ئىستاكان سۇ بېرەمسىز؟
— نېمىشقا يېرىم ئىستاكان؟
— چۈنكى، سىز بەرىبىر يېرىم ئىسـ
تاكان قويىسىز- دە، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ ئەپەندى.

### ئۆيۈم قەيەردە

ئەپەندى بىر كېچىسى مەست بولۇپ
قېلىپ، ماگىزىن قاراۋۇلىدىن سوراپتۇ:
— بۇرادەر، نەسىرىدىن ئەپەندىنى
تونۇمسىز؟
— توۋا، — دەپتۇ قاراۋۇل، — بۇ
دەل ئۆزىڭىزغۇ، موللا نەسىرىدىن!
— ئەپەندىلىكىمنى ئۆزۈممۇ بىلـ
مەن، مەن سىزدىن ئۆيۈمنىڭ قەيەردە
ئىكەنلىكىنى سوراۋاتىمەن!

### تەقلىد قىلىش

ئەپەندى ياش چاغلىرىدا ئەسكەر-
لىككە ئېلىنغانىكەن. ياز كۈنلىرىنىڭ
بىردە يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر
مەشىق قىلىشقا باشلاپتۇ. مەيداندا نەيزىـ
ۋازلىق، قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كېتىپتۇ.
ئەسكەرلەر بىر- بىرىنىڭ قارنىغا يالغانـ
دىن نەيزە ئۇرۇپ، بوغۇزىغا پىچاق
سۈرۈشكە باشلاپتۇ...
ئەپەندى ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئاستا
تويىدۇرماي مەشىق مەيدانىدىن قېچىپ
چىقىپتۇ- دە، بىر قورۇق ئېرىقنىڭ
ئىچىگە چۈشۈپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. مەشىق
ئاياغلىشىپ ئەسكەرلەر سانالسا، بىر ئەسـ
كەر كەم. ئۇلار ئەپەندىنى ئىزدە- ئىزدە،
ئاخىر ھېلىقى ئېرىقتىن تېپىپتۇ. يۈز
بېشى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ:
— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ھە، قاچـ
قۇن؟! — دەپتۇ.
— يۈز بېشى جانابلىرى، مەن قاچـ
قۇن ئەمەس، مەن جەڭدە ئۆلگەنلەرنىڭ
تەقلىدىنى قىلىپ ياتقان.

### بىلمىدىغان «ئېشەك»

بىر كۈنى ئەپەندى پادىشاھتىن
بىلمەيدىغان بىر نەرسىنى سورىغانىكەن،
پادىشاھ تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئۇنى مازاق
قىلىشقا باشلاپتۇ:
— ئۇنىڭ بىلمەيدىغان نېمىسى
بار ئىكەن؟ شۇنداق گەپتان، ھازىر
جاۋاب بولۇپ تۇرۇقلۇق شۇنىمۇ بىلمەـ
سىز؟ ھەي، بۇنى ئېشەكمۇ بىلىدىغۇ!
— شۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن سوراپـ
دىم- دە، تەقسىر، — دەپتۇ ئەپەندى.

### بەرىبىر كېلىدۇ

بىر كۈنى ئەپەندىنىڭ چاپىنىنى
ئوغرى ئېلىپ قېچىپتۇ. ئەپەندى ئوغـ

رىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ئولتۇرماستىن، ئۇدۇل قەۋرىستانلىقىقا بېرىپ، بىر ئوچۇق گۆرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

بۇ ھادىسىدىن خەۋەردار بىر ئادەم ئەپەندىدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، چاپىنىڭىزنى ئالغان ئوغرى ئەنە ئۇياققا قاچتى، سىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟

— مەيلى ئۇ قاياققا قاچسۇن، بەرىبىر مۇشۇ يەرگە كېلىدۇ! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

### بېشىمغا ياستۇق قىلىمەن

ئەپەندى بازاردىن قايتىشىدا كەچ قېلىپ بىر ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە قونماقچى بوپتۇ. ئاغىنىسى ئەپەندىنىڭ ئاچلىقىدىن بىخەۋەر، چاي راسلاپ قويۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

ئەپەندى شۇنچە قىلسىمۇ قورسىقى كوركىراپ ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، ئاخىر چىدىيالماي، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپتۇ.

— نېمە كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ ساھىبخان.

— ئىككى نان سۇنۇۋېتىڭلار! — دەپتۇ ئەپەندى.

— قاراڭغۇدا ناننى نېمە قىلىسىز؟

— بېشىم پەسلىك قىلىپ ئويقۇم كەلمەيۋاتىدۇ. بېشىمغا ياستۇق قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

### كۆلۈپ ئۆلىسىز

كىتابپۇرۇش خېرىداردىن بىرسىگە «كۈلكىلىك ھېكايىلار» كىتابىنى ئۇزىتىپ:

— بۇ كىتاب ناھايىتى قىزىق ئىكەن ئوقۇسىڭىز، كۆلۈپ ئۆلۈپ قالىسىز — دەپتۇ.

— ئۇزىڭىز بۇ كىتابنى ئوقۇغانمۇ؟ — سوراپتۇ خېرىدار.

ئۇلارنىڭ كېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان ئەپەندى كىتابپۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ:

— ئوقۇغان بولسا، تىرىك قالامتى، — دەپتۇ.

### زالىم بىز

ئەمىر تۆمۈر بىر كۈنى ئادەملەرلى يىغىپ:

— مەن زالىم پادىشاھمۇ، ئادىل پادىشاھمۇ؟ — دېگەن سوئالنى قويۇپتۇ ۋە زالىم دېگەنلەرنىمۇ، ئادىل دېگەنلەرنىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. شۇندىن كېيىن ئەپەندى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— زالىم بىز، شۇڭا خۇدا بىزنى جازالىغىلى سىزنى ئەۋەتكەن، — دەپتۇ.

ئەمىر تۆمۈرگە بۇ جاۋاب يېقىپ كەتكەچكە كۆلۈپ كېتىپتۇ.

1989 - يىلى تاشكەنتتە نەشىر قىلىنغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۇمەرجان مۇھەممەت




## بېيىتلار

ئاي بىلەن كۈننى قېتىپ،
ئەلچى ئەۋەتتىم مەن ساڭا.
ئايمۇ ياندى، كۈنمۇ ياندى
ھېچ خەۋەر يوقتۇر ماڭا.

ئاقتىكەن گۈر - گۈر كۆيەدۇر،
كۆكتىكەنگە چارە يوق.
مەيلى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
مەيلى يوققا چارە يوق.

ئالتۇن بىلەن ئەتكەن ئۈزۈك
بىلەكىڭىزدە.
كاككۇك بولۇپ سايرىۋالاي تېرەك-
ڭىزدە.
بېلىق بولۇپ ئوينىۋالاي يۈرەكىڭىزدە.

ئاققىنادۇر ئۈزىڭىز،
تاتلىققىنادۇر سۆزىڭىز.
چاۋايگەن مۈشۈكتەك
تەلمۈرىدۇ كۆزىڭىز.

ئاسماندىن ئۇچۇپ كەلدى،
ئاق لەيلى بولۇپ.
تاغدىكى قىزىلگۈلنىڭ
ھەمرىيى بولۇپ.

تاغدىكى قىزىلگۈلنىڭ
شېخى ئەۋرىشىم.
مەن ساڭا نېمە قىلدىم
جان قېرىنداشىم؟!

ئاخشىمى قاراڭغۇدا
كۆرۈنەر چىراغ ئوتى.
ئاشىقلىق قىلاي دېسەم،
قورقىمەن، كىشى يۇرتى.

يارىمنى تولا ماختاپ
كېچە كۈندۈز سۆزلەيمەن.
مەندەك سۆز قىلالمايدۇ
شاھلار ئاسرىغان توتى.

ئەي، بۇلبۇل كەبى
لەۋلىرى غۇنچە.
غۇنچە گۈل ئەمەس
ئېچىلمىغۇنچە.

بولمايدۇ يىگىت
مۇرادى ھاسىل،

كۆڭۈلدىكى يارى
تېپىلمىغۇنچە.

ئەرز ئېيتاي خۇما كۆزگە،
خۇما كۆزنىڭ سۆزى ئۆزگە.
دەردىڭىزدە تولا يىغلاپ،
سالام ئېيتاي، جېنىم سىزگە.

بازاردىن ئالدىم ئانار،
يۈزلىرى گۈل - گۈل يانار.
لەۋلىرىڭگە سۆيىدۈرسەڭ،
ئۆلسەم ئارمىنىم قانار.

باغدا پىشقان ئالماڭنى
چىشلەپ يەيمەن ئۈزمەيمەن.
سېنىڭدەك گۈزەل ياردىن
ئۆلسەم، ئۈمىد ئۈزمەيمەن.

باغقا كىرمەكلىك ئاساندۇر،
شورا بولغاندىن كېيىن.
يارنى سۆيمەكلىك ئاساندۇر،
مەيلى بولغاندىن كېيىن

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
گۈل ئۈسەر شېخى بىلەن.
گۈل ئېچىلغاندا كېلىڭ
باغلاپ بېرەي تېگى بىلەن.

باغقا كىردىم گۈل ئۈزەي دەپ،
ئۆزمىدىم بىردانا دەپ.
سەن مېنى يار تۇتمىدىڭ.
ئەقلى كىچىك بالا دەپ.

باراي دېسەم، بارماڭ دەيدۇ،
مەيلىم ئۆزۈمنىڭ.

سەكسەن قامچا سوققان بىلەن،
يارىم ئۆزۈمنىڭ.

سەكسەن قامچا سوققان يارنى
كۆرستىڭ بىزگە.
ئاتا - ئانامدىن روخسەت ئېلىپ،
قۇل بولاي سىزگە.

بارغانلاردىن، كەلگەنلەردىن
سېنى سورايمۇ؟!
ھالىڭ سېنىڭ نە كەچتى دەپ،
ئۆزۈم بارايمۇ؟

بارسىلا كەلمەيدىلا،
ياغلىقلىرى قالسۇن ماڭا.
يىغلىسام ياشىمنى سۈرتەي،
ھەمراھ بولۇپ تۇرسۇن ماڭا.

بىگۇمان نازۇك بەدەن،
نازۇك بېلىڭدىن ئۆرگىلەي.
سىلكىنىپ چۈشكەن بېلىڭگە،
كوكۇلاڭدىن ئۆرگىلەي.

يېڭى ئايدەك قايرىلىپ
تۇرغان قېشىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەلمۈرۈپ تۇرغان كىيىكتەك،
كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

ئېشىك ئالدى تېرەك بوستان،
قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم.
قىزىلگۈل ئېچىلغاندا،
قايان باردىڭ تولۇن ئايىم؟
شۇ ئوتقا مېنى سالدىڭ،
خەۋەردار بولمىدىڭ يارىم

ئېشىكىڭنىڭ ئالدىدا
بىر توپ چىنارچە.

چىنارچىغا كېلىدۇ
كۆزى خۇمارچە.

قاتار ـ قاتار ئۆدەكلەر
چەمەنگە يېتىپ.
مەن يارىمغا چاي تۇتاي
ھالىمنى ئېيتىپ.

ئېچمىسە ئىچكۈزەرمەن
ھەسەلنى قېتىپ.
سۆيمىسە سۆيگۈزەرمەن
جانىمنى سېتىپ.

قاتار ـ قاتار تېرەكتىن
قۇرغۇي ئۆتەرمۇ؟
ئالا ـيېشىل يۇپۇرماقتىن
يامغۇر ئۆتەرمۇ؟
يامانلارغا كۆڭۈل بۆلسەك،
قەدرىڭ بىلەرمۇ؟

روماللىمنىڭ گۈلىسەن
كۆپ ئاشىقنىڭ بىرىسەن.
كۆپ ئاشىقنىڭ ئىچىدە
سەن كۆزۈمنىڭ نۇرىسەن.

سەكرىبان باغىڭغا چۈشتۈم
بىر قىزىل ئالما ئۈچۈن.
ئالمىنى ئۈزدۈم قولۇمغا
سەن قەلەمقاش يار ئۈچۈن،

سەن قەلەمقاش يار ئۈچـۈن.
زىندانغا سالدىلەر مېنى.
ئەزرائىل كەلمەي تۇرۇپ.
دوزاخقا سالدىلەر مېنى.

سەن مېنى ياراتمىساڭ
دۇنيادىن مەن يالغۇز ئۆتەي.

كۆيگىنىمنى بىلمەيسەن
يېرىپ يۈرەكنى كۆرسىتەي

كۆككىنە كەپتەر ئەمەسمىز
كۈندە، كۈندە كەلگىلى.
ئايدا، يىلدا بىر كېلەرمىز
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگىلى.

ئاي يۈزۈڭنىڭ شولىسى
چۈشتى چىنە ـ پىيالىڭغا.
رەھىمسى كەلمەيدىغۇ
بىز يېتىم بىچارىگە.

بىز يېتىم بىچارىلەر
تامدىن قاراپلا يانغىدەك.
چارىسىگە پارە يوق
بىر كۈندە مىڭ سارغايغىدەك.

ئاشىق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ،
كۆيدۈردىڭ مېنى.
جىلۋە قىلىپ، غەمگە سېلىپ،
ئۆلتۈردىڭ مېنى.

گۈل غونچىسى ئېچىلغاندەك
لەۋلىرىڭ سېنىڭ.
ئۆمرىم ئۆتتى لەۋلىرىڭنى
سۆيەلمەي مېنىڭ.

ئۇ ئۆگزىدىن بۇ ئۆگزىگە
يېمىش يېيىپسىز.
ئىككىمىزنى ئاشىق دەپ
ئەلگە يېيىپسىز.

ئاشىق بولساق، ئاشىقتۇ
قۇرۇق مالامەت.
ئىككىمىزنىڭ تېپىشمىقى
قىزىل قىيامەت.

ئۇلچىنى ـ مارجانغا تىزدۇق،
سىم ـ سىم ئاي بولغايمۇ دەپ!
چىن كۆڭۈلنى يارغا بەردۇق
مېھرىۋان بولغايمۇ دەپ!

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# قوشاقلار

تەلپىكىم سەككىز تالا،
تۆتى ئالا، تۆتى قارا.
سەككىز ئاي ئوتتۇڭدا كۆيدۈم،
بىلمىدىڭ كۆڭلى قارا.

دۆڭمۇ دۆڭ قۇمنى ساناپ،
ئالدىم قولۇمغا مەن راۋاب.
قايسى چۆللەردە يۈرەر،
مەڭزى قىزىل باغرى كاۋاپ.

ئۆيلىرى توگمەن بېشى،
ئاڭلىمايلا ناخشىنى.
ئۆزلىرى ئوبدان بالا،
تاللىمايلا ياخشىنى.

كېتىپ بارغان خانىمنى،
شەرەت بىلەن توختاتتىم.
بېشىدا چىمەن دوپپا،
سەن يارىمغا ئوخشاتتىم.

ئۆيقۇم كەلمەي كۆزۈمگە،
تۈندە يۇلتۇز سانايمەن.
كۆڭلۈمدىكى يارىمنى،
قاچان كۆرۈپ قانارمەن؟

مېنىڭ يارىم يىراقتا،
مەن كۆيۈمەن پىراقتا.
يار كۆزىنى ئوخشاتتىم،
تۈندە يانغان چىراغقا.

ئاي مەسەللىك يارىمسەن،
كۈن مەسەللىك يارىمسەن.
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەن،
ساق سالامەت بارمۇسەن؟

گۈلبېغىمنىڭ ئىچىدە،
ھەر يان قاراپ سايرايمەن.
سەن يارنى كۆرگۈم كەلسە،
ئاي، چولپانغا قارايمەن.

بۇغداي تېرىدىم تۈزگە،
تېڭى يازغى، تېڭى كۈزگە.
ئەجەپ كۆيدۈم مەن سىزگە،
چىقمايسىز تالا تۈزگە.

ئېرىقىڭنىڭ تېگىدىن،
تېرىۋالدىم مارجاننى.
ئايدا يىلدا كۆرۈنۈپ،
ئالاي دەمسەن بۇ جاننى؟

ئۇيانىدا يوللىرى،
بۇيانىدا يوللىرى.
ئەۋرىشىمگە ئوخشايدۇ،
شۇ يارىمنىڭ قوللىرى.

بىدىلىكچە مېڭىپسىز،
ماڭغان سىزنىڭ ئىزىڭىز.
مەن ئۆزۈمچە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرۈۋالغان ئۆزىڭىز.

ئۆينىڭ ئىچىدە ساندۇق،
ساندۇق ئىچىدە جابدۇق.
قانداق قىلىمىز ئەمدى،
كۆيۈك ئوتىدا قالدۇق.

باغقا كىردىم گۈل ئۈچۈن،
بىر گۈلگۈلنى ئۈزمىدىم.
ھەرقانچە خاپا قىلساڭ،
سەندىن ئۈمىد ئۈزمىدىم.

كەتمەكچى بولۇپ قالدۇق،
يانماقچى بولۇپ قالدۇق.
سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا،
دۇتارچى بولۇپ قالدۇق.

كەتمەككە خىيال ئەيلەپ،
باغچاڭ بىلەن يول ئالدۇق.
ئويۇننى تولا ئويناپ،
بار - يوقنى ئادا سالدۇق.

باشىڭدىكى ساچىڭدىن،
ئېلىۋالاي تۇمارلىق.
مەن ناگا كۆيۈپ قالدىم،
كۆرۈۋالاي خۇمالىق.

قەشقەرنىڭ بازارىدا،
ھاۋارەڭ تاۋارى بار.
ئايلىنىپ كېتەلمەيدۇ،
يارىنىڭ خۇمارى بار.

ئىشىك ئالدى ئېرىقىڭ،
شىلدىرلايدۇ بېلىقىڭ.
ھەرگىز يادىمدىن چىقماس،
ئاخشام قىلغان قىلىقىڭ.

يارىمنى يامان دەيدۇ،
بىلمەيمەن يامانلىقنى.
كۆڭلۈمدە يامانلىق يوق،
تىلەيمەن ئامانلىقنى.

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى،
بىر غېرىچ يىپى بىلەن.
يار مەندىن يامانلاپتۇ،
دۈشمەننىڭ گېپى بىلەن.

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە،
ئۇزۇن بولدى بۇ دەردكە.
ئېيتسامۇ توگىمەيدۇ،
ئورناپ كەتتى يۈرەككە.

مەن قاچان چوڭ بولىمەن،
يارىم بىلەن تەڭ بولىمەن.
سۆزىگە سۆز قايتۇرۇپ،
دەردىگە دەرمان بولىمەن.

راۋىبىمنىڭ تارىسىنى،
چوقۇۋالدى تومۇچۇق.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
سىز چىرايلىق، مەن ئۇچۇق.

سەھەر چىقتىم تالاغا،
قوينۇم تولدى ئانارغا.
جامالىڭنى بىر كۆرۈپ،
ئەمدى قالدىم بالاغا.

توپلاپ رەتلىگۈچى: مۇھەممەتتوختى ئەخمەت.













源　泉（布拉克）（维吾尔文）　总42期

**MAGAZINE OF BULAK**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

国内统一刊号：CN 65—1063/I
本刊代号：58—108　定价：2。60元
国外代号：Q 1118

بۇلاق (ئومۇمىي 42-سان) (پەسىللىك ژۇرنال)

(UIGHUR LANGUAGE) QUARTERLY

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى № 54)
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
ۋەكالەت نومۇرى: 56—108　باھاسى: 2,60
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q 1118